# نادىر ماقالىلەر توپلىمى

# (3)

**ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: تۇران**

**مەنبە: قۇتاد مۇنبىرى، مىسرانىم مۇنبىرى، باغداش مۇنبىرى،**

**ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى**

# مۇندەرىجە

1-كىتاب، ھېكمەت ۋە پەرەز ........................ يۇنۇس زۇننۇن 3

2-ۋىنگىرلار ۋە سېرىق ئۇيغۇرلار ........................ جۇڭ جىنۋېن 26

3-بابۇر مىرزىنىڭ ئۇستازلىرى ........................ خۇرشىد دەۋران 36

4-ئىسپىيلىك نەزىرىيىسى ھەققىدە ........................ 53

5-ئىككىنچى چاغاتاي تىلى دەۋرى كەلدىمۇ؟ ........................ ئابدۇرەشىد جەلىل 85

6-ھەدىس بىزگە نېمە دەيدۇ؟ ........................ مۇھەممەد سالىھ داموللا 96

7-قۇرئان كەرىمنى قانداق ئوقۇشىمىز كېرەك؟ ........................ ئەلى ئىززەتبېگوۋىچ 117

8-ماتتەي ۋە ئانارخان پاجىئەسى ........................ ئىمىر ھۈسيىن قازىھاجىم 122

9-بىر خەنىنىڭ سەپسەتىسى: ئەبەدىي مۇقۇملۇق ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنى پۈتۈن جۇڭگوغا

تارقاقلاشتۇرۇۋېتىش كېرەك ........................ ۋاڭ دا خاڭ 154

10-يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت ........................ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 168

11-چىن ۋە ماچىنىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئوقۇم

دائىرىسى........................ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 206

12- ئامېرىكا، قىزىم ۋە بىزنىڭ ئۇيغۇرلىرىمىز ........................ ئابدۇۋەلى ئايۇپ 215

13-ئەدەبىياتتا ئىسلام روھىي ........................ 229

14-تەنقىدمۇ ياكى تەھتىنمۇ؟ ........................ ئەدھەم ئىبراھىم 247

15-بوستانلىق مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قىسمىتى ........................ ئەسەت سۇلايمان 258

16-مۇسابايوۋ ۋە ئۇنىڭ سودا كارخانىسى ........................ شېرىپ خۇشتار 271

17-" ئىللەتلىك ئۇيغۇر" ئەپسانىسى ئامېرىكىدا ........................ ئابدۇۋەلى ئايۇپ 295

# 1ـكىتاب، ھېكمەت ۋە پەرەز




## يۇنۇس زۇننۇن

## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

## كىرىش

ئېپىستېمولوگىيە ئىلمىگە كۆرە ھەرقانداق بىر نەرسە مۇتلەق دەرىجىدە بىلىنمەيدۇ ياكى ھەرقانداق بىر نەرسىنى مۇتلەق دەرىجىدەبىلىش مۇمكىن ئەمەس.[1] بۇ قاراشنىڭ ئاساسىدا ياتقان تالاي نەزەرىيە ۋە دېيىملەردىن بىرى بولسا نىچېنىڭ«es denkt»(يەنى، ئۇ ئويلىنىۋاتىدۇ) دېگەن دېيىمدۇر. بۇ دېيىمنى يۇقارقى قاراشقا باغلىغان ھالدا تېخىمۇ ئاچساق شۇ بايانغا ئېرىشەلەيمىز: گەرچە مۇتلەق بىلىمگە ئېرىشىش مۇمكىن بولمىسىمۇ ئەمما بىلىمگە ئېرىشىش يولىدا ئويلىنىش مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ. ئېپىستېمولوگىيە ئىلمى بىلىم ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە بىزگە يەنە تۆۋەندىكى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: مۇتلەق بىلىمگە(توغرا بىلىمگە) ئېرىشى مۇمكىن ئەمەس(بىلىم1)؛ تەجرىبىلەر بىلەن بەزى نىسپى بولغان بىلىملەرگە ئېرىشىش مۇمكىن(بىلىم2)؛ ئەمما ھەربىر ئېرىشىلگەن بىلىم(بىلىم2) بەلگىلىك بىر خاسلىقتا ئىگە بولۇپ ئۇنى مەجبۇرىي ھالدا ھەر يەردە قوللانغىلى ۋە ئامىمغا زورلاپ تاڭغىلى بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلىمگە ئېرىشىش يولىدا توپلىغان ئۆز تەجرىبىلىرىمىزنى باشقىلارنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇش ۋە ئۇلاردىن ئۆگىنىش ئارقىلىق بىر قەدەر ئىشەنچلىك ۋە قوللىنىلىش

دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ بولغان بىلىمگە ئېرىشەلەيمىز (بىلىم3).[2]

تارىخچىلار ۋە باشقا ھەر ساھەدىكى ئالىملارغا ئوخشاش تېئولوگلارمۇ بىلىم1 گە ئېرىشەلمەيدى ـ غانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ ھاسىل قىلغان چۈشەنچىلىرىنىڭ شەخسىي چۈشەنچىلەر ئىكەنلىكىنى ۋە ئىجاد قىلغان، قوبۇل قىلغان ھەر سىستېمىنىڭ باشقا پۈتۈن سىستېمىلارغا ئوخشاش نىسپىي ۋە مۇقىمسىز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.[3]

تارىختىن بېرى پەيلاسوپلارنىڭ بىلىم ۋە ئۇنىڭغا ئېرىش ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ تۆرتكىسىدە تەرەققى قىلىپ بىر قەدەر مۇكەممەل سىستېما ھالىتىگە كەلتۈرگەن ئېپىستېمولوگىيە ئىلمىنىڭ يۇقارقى قاراشلىرى بىزگە بىلىم ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە بەزى ئىشەنچلىك پاكىتلارنى سۇنماقتا. ئۇبولسىمۇ ئېپىستېمولوگىيە ئىلمىنىڭ بىلىم1، بىلىم2 ۋە بىلىم3 ھەققىدىكى بايانىدۇر.

ئاللاھ تەئالا شۇنداق دەيدۇ:

عَلَّمَ الْإِنْسَانَ مَا لَمْ يَعْلَمْ.

«ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى.»سۈرە ئەلەق 5ـ ئايەت

بۇ ئايەتتىكى«لم» كەلىمىسى ئەرەپچىدە ئۆزىنىڭ كەينىدىن كېلىدىغان پېئىلنى ئۆتكەن زاماندا، ھازىردا ھەم كەلگۈسىدە ئىنكارقىلىدىغان بولۇپ بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى بولسا تەرجىمىدە كۆرستىلگەندەك ئاللاھنىڭ ئىنسانغا ئۇنىڭ ئۆتمۈشتە، ھازىر ۋە كەلگۈسىدە بىلىشى ئىمكانى بولمىغان نەرسىلەرنى ئۆگەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

فَإِنْ خِفْتُمْ فَرِجَالًا أَوْ رُكْبَانًا ۖ فَإِذَا أَمِنْتُمْ فَاذْكُرُوا اللَّهَ كَمَا عَلَّمَكُمْ مَا لَمْ تَكُونُوا تَعْلَمُونَ.

«قورقۇنچتا قالغىنىڭلاردا، پىيادە ياكى ئۇلاغلىق كېتىپ بېرىپ (ناماز ئوقۇڭلار)، ئامانلىق تاپقىنىڭلاردا ئاللاھ نىڭ سىلەرگە ئۆگەتكىنى بويىچە ئاللاھ نى ياد ئېتىڭلار . » سۈرە بەقەرە 239ـ ئايەت

ئايەتنىڭ ئاخىرىنىڭ ئەرەپچە قىسمىنى ئەينەن تەرجىمە قىلىشقا ئۇرۇنساق تۆۋەندىكى مەنا چىقىدۇ، ئاللاھنىڭ سىلەرنىڭ بىلىپ بولۇشۇڭلار مۇمكىن بولمىغان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئۆگەتكىنى بويىچە ئاللاھنى يادئېتىڭلار. يەنى بۇ ئايەتتىمۇ ئاللاھنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئۇلارنىڭ بىلىپ بولىشى مۇمكىن بولمىغان نەرسىلەرنى ئۇلارغا ئۆگەتكەنلىكى بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئۆگىتىشىدىن باشقا يول بىلەن ئېرىششى مۇمكىن بولمىغان ۋە بىلىپ قېلىش مۇمكىن بولمىغان بىلىملەرگە ئېرىشكەنلىكى مەلۇم (بىلىم1).

وَلَوْلَا فَضْلُ اللَّهِ عَلَيْكَ وَرَحْمَتُهُ لَهَمَّتْ طَائِفَةٌ مِنْهُمْ أَنْ يُضِلُّوكَ وَمَا يُضِلُّونَ إِلَّا أَنْفُسَهُمْ ۖ وَمَا يَضُرُّونَكَ مِنْ شَيْءٍ ۚ وَأَنْزَلَ اللَّهُ عَلَيْكَ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَعَلَّمَكَ مَا لَمْ تَكُنْ تَعْلَمُ ۚ وَكَانَ فَضْلُ اللَّهِ عَلَيْكَ عَظِيمًا.

«(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ساڭا ئاللاھ نىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بولمىسا ئىدى، ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم چوقۇم سېنى ئازدۇرۇشنى قەستلەيتتى؛ ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنى ئازدۇرىدۇ، ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى سۈننەتنى) نازىل قىلدى، ساڭا سەن بىلمىگەن نەرسىلەرنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ۋە غەيب ئىشلارنى) بىلدۈردى. ئاللاھنىڭ ساڭا پەزلى چوڭدۇر.»سۈرە نىسا 113-ئايەت

ئايەتنىڭ ئاستى سىزىلغان قىسمىنى ئەينەن تەرجىمە قىلىشقا ئۇرۇنساق تۆۋەندىكى مەنا چىقىدۇ:« ساڭا سېنىڭ بىلىپ بولۇشۇڭ مۇمكىن بولمىغان نەرسىلەرنى ئۆگەتتى». بۇ ئايەتتىمۇ ئاللاھنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسەلامغا ئۇنىڭ بىلىپ بولۇشى مۇمكىن بولمىغان، مەڭگۈ بىلەلمەيدىغان نەرسىلەر (بىلىم1) نى ئۆگەتكەنلىكى مەلۇم.

يۇقارقى ئايەتلەر بىزگە ئېپىستېمولوگىيە ئىلمى ئايرىغاندەك بىلىش مۇمكىن بولمايدىغان مۇتلەق توغرا بىلىمنىڭ(بىلىم1) بارلىقىنى، ئاللاھنىڭ ئۇنى پەيغەمبەرلىرىگە ۋە پەيغەمبەر ۋاستىسى بىلەن ئۆزى خالىغان بەندىلىرىگە ئۆگەتكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

قۇرئاندا ئاللاھ مۇئمىنلەرنى بەزى ئىشلىرىدا مەئرۇف بويىچە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. مەئرۇف (معرف) ئورتاق بىلىنگەن، ھەققىدە تالاش تارتىش قىلىش كېرەكسىز بولغان، ئورتاق قوبۇل قىلىنغان بىلىملەرنى (بىلىم2ۋە بىلىم3) كۆرسىتىدۇ. ماقالىدە ئاساسلىقى بىلىم1 ھەققىدە توختىلىدىغانلىقىم ئۈچۈن بىلىم2 ۋە بىلىم3 ھەققىدە توختالمايمەن.

## 1
## كىتاب، ھېكمەت ۋە پەرەز

### 1. كىتاب

قۇرئاندىكى ئايەتلەردىن شۇ مەلۇمكى ئاللاھ پەيغەمبەر ئەۋەتىش، كىتاب نازىل قىلىش ۋە ھېكمەت ئاتا قىلىش بىلەن ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ بىلىشى مۇمكىن بولمىغان بىلىمنى(بىلىم1) ئۆگەتكەن.

ئاللاھ تەئالا شۇنداق دەيدۇ:

وَۋْۋْ تَيْنَا مُوسَى الْكتَابَ وَالْفُرْقَانَ لَعَلّكُمْ تَهْتَدُونَ.

«ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى ھىدايەت تاپسۇن دەپ، مۇساغا ھەقنى باتىلدىن ئايرىغۇچى كىتابنى (يەنتەۋراتنى) بەردۇق.»سۈرە بەقەرە 53-ئايەت

رَبّنَاوَابْعَثْ فيهمْ رَسُولًا منْهُمْ يَتْلُو عَلَيْهمْ ياتكَ وَيُعَلّمُهُمُالْكتَابَ وَالْحكْمَةَ وَيُزَكّيهمْ ۚۋنّكَ وْنْتَالْعَزيزُ الْحَكيمُ.

«پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان،

كتابىڭنى(يەنى قۇرئاننى)، ھېكمەتنى (يەنى پاك سۈننەتنى) ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى(مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن، ھەقىقەتەنسەن غالىب سەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن» دېدى.» سۈرە بەقەرە 129-ئايەت

كَمَاۆرْسَلْنَا فِيكُمْ رَسُولًا مِنْكُمْ يَتْلُو عَلَيْكُمْ ياتِنَاوَيُزَكِّيكُمْ وَيُعَلِّمُكُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَوَيُعَلِّمُكُمْ مَا لَمْ تَكُونُوا تَعْلَمُونَ.

«شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى كامالەتكە يەتكۈزگىنىمدەك) ئۆز ئىچىڭلاردىن سىلەرگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، سىلەرنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھدىن) پاك قىلىدىغان،سىلەرگە كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى(يەنى دىنىي ئەھكاملارنى) ئۆگىتىدىغان، سىلەرگە بىلمىگەنلىرىڭلارنى بىلدۈرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق.» سۈرە بەقەرە 151-ئايەت

كَانَ النَّاسُ ۇمَّةً وَاحِدَةً فَبَعَثَ اللَّهُ النَّبِيِّينَمُبَشِّرِينَ وَمُنْذِرِينَ وَۆنْزَلَ مَعَهُمُ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ لِيَحْكُمَبَيْنَ النَّاسِ فِيمَا اخْتَلَفُوا فِيهِ ۚ وَمَا اخْتَلَفَ فِيهِ ۋلَا الَّۋينَ ۇوتُوهُ مِنْ بَعْدِ مَاجَاۓتْهُمُ الْبَيِّنَاتُ بَغْيًا بَيْنَهُمْ ۖ فَهَدَى اللَّهُ الَّۋينَ مَنُوا لِمَا اخْتَلَفُوا فِيهِ مِنَ الْحَقِبۋۋْنِهِ ۗ وَاللَّهُ يَهْدِي مَنْيَشَاۓ ۋلَىٰ ىراه مُسْتَقِيم

«ئىنسانلار (دەسلەپتە) بىر ئۇممەت (يەنى ھەق دىندا) ئىدى (كېيىن ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىمان ئېيتىپ، بەزىسى ئىمان ئېيتماي ئىختىلاپ قىلىشتى)، ئاللاھ (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كۇففارلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى؛(ئاللاھ) كىشىلەرنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن،ئۇلارغا ھەق كىتابنى نازىل قىلدى، پەقەت كىتاب بېرىلگەن كىشىلەرلا ئۆزلىرىگە روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ (يەنى كاپىرلار مۆمىنلەرگە ھەسەت قىلىپ)، كىتاب توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشتى، ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە مۆمىنلەرنى ئۇلار (يەنى گۇمراھلار) ئىختىلاپ قىلىشقان ھەقىقەتكە ھىدايەت قىلدى. ئاللاھ خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ.»سۈرە بەقەرە 213-ئايەت

لَقَدْمَنَّ اللَّهُ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ ۋۋْ بَعَثَ فِيهِمْ رَسُولًا مِنْۆنْفُسِهِمْ يَتْلُو عَلَيْهِمْ ياتِهِ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُالْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَۋِنْ كَانُوا مِنْ قَبْلُ لَفِي بِلَالٍ مُبِينٍ.

«ئاللاھ مۆمىنلەرگە ئاللاھ نىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان ۋە سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان،ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى؛ ھالبۇكى،ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى.»سۈرە ئال ئىمران 164-ئايەت

ۆمْيَحْسُدُونَ النَّاسَ عَلَىٰ مَا تَاهُمُ اللَّهُ مِنْ فَبْلِهِ ۖ فَقَدْ تَيْنَا لۆبْرَاهِيمَ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَتَيْنَاهُمْ مُلْكًا عَئِيمًا.

«ياكى ئۇلار ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن كىشىلەرگە بەرگەن نەرسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا

بېرىلگەن پەيغەمبەرلىككە) ھەسەت قىلىشامدۇ؟ بىز ھەقىقەتەن ئىبراھىم ئەۋلادىغا كىتاب، ھېكمەت بەردۇق ۋە ئۇلارغا بۈيۈك پادىشاھلىق بەردۇق.»سۈرە نىسا 54-ئايەت

ۋنَّاۋَنْزَلْنَا ۋلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ لِتَحْكُمَ بَيْنَ النَّاسِ بِمَاۋَرَاكَ اللَّهُ ۚ وَلَا تَكُنْ لِلْخَائِنِينَ خَيِمًا.

«(ئى مۇھەممەد!) سېنى كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلىسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق. خائىنلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن.» سۈرە نىسا 105-ئايەت

وَلَوْلَافَبْلُ اللَّهِ عَلَيْكَ وَرَحْمَتُهُ لَهَمَّتْ هَائِفَةٌ مِنْهُمْ ۋنْيُبِلُّوكَ وَمَا يُبِلُّونَ ۋلَّا ۋنْفُسَهُمْ ۖ وَمَا يَبُرُّونَكَ مِنْشَيْءٍ ۚ وَۋنْزَلَ اللَّهُ عَلَيْكَ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَعَلَّمَكَ مَالَمْ تَكُنْ تَعْلَمُ ۚ وَكَانَ فَبْلُ اللَّهِ عَلَيْكَ عَئِيمًا.

(«ئىمۇھەممەد!) ئەگەر ساڭا ئاللاھ نىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بولمىسا ئىدى، ئۇلاردىن بىرگۇرۇھ ئادەم چوقۇم سېنى ئازدۇرۇشنى قەستلەيتتى؛ ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنى ئازدۇرىدۇ، ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.ئاللاھ ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى سۈننەتنى) نازىل قىلدى، ساڭا سەن بىلمىگەن نەرسىلەرنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ۋە غەيب ئىشلارنى) بىلدۈردى. ئاللاھنىڭ ساڭا پەزلى چوڭدۇر.»سۈرە نىسا 113-ئايەت

يَاۋَهْلَ الْكِتَابِ قَدْ جَاۤءَكُمْ رَسُولُنَا يُبَيِّنُ لَكُمْ كَثِيرًا مِمَّاكُنْتُمْ تُخْفُونَ مِنَ الْكِتَابِ وَيَعْفُو عَنْ كَثِيرٍ ۚ قَدْ جَاۤءَكُمْ مِنَاللَّهِ نُورٌ وَكِتَابٌ مُبِينٌ.

يَهْدِيبِهِ اللَّهُ مَنِ اتَّبَعَ رِبْوَانَهُ سُبُلَ السَّلَامِ وَيُخْرِجُهُمْ مِنَالئُّلُمَاتِ ۋلَى النُّورِ بِۋۋْنِهِ وَيَهْدِيهِمْ ۋلَىٰ بِرَاهٍ مُسْتَقِيمٍ.

«ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋەناسارالار) سىلەرگە سىلەر كىتابتا (ئىنجىلدا ۋە تەۋراتتا) يوشۇرغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ۋە (يوشۇرغان نەرسىلەردىن) نۇرغۇننى كەچۈرىدىغان (ئاشكارىلاپ سىلەرنى پاش قىلمايدىغان) رەسۇلىمىز كەلدى، سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن نۇر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ۋەروشەن كىتاب (يەنى قۇرئان) كەلدى.

ئاللاھ شۇكىتاب (يەنى قۇرئان) ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرى (ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى) غا يېتەكلەيدۇ، ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى(كۇفرى) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىمانىنىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغاھىدايەت قىلىدۇ.»سۈرە مائىدە 15،16-ئايەتلەر

ۋنَّا ۋَنْزَلْنَاالتَّوْرَاةَ فِيهَا هُدًى وَنُورٌ

«بىزھەقىقەتەن (مۇساغا) تەۋراتنى نازىل قىلدۇق، تەۋراتتا (توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان)ھىدايەت ۋە نۇر بار» سۈرە مائىدە 44-ئايەت

وَۋَنْزَلْنَاۋلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ مُبَدِّقًا لِمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ الْكِتَابِوَمُهَيْمِنًا عَلَيْهِ ۖ فَاحْكُمْ بَيْنَهُمْ بِمَا ۋَنْزَلَ اللَّهُ ۖ وَلَاتَتَّبِعْ ۋَهْوَاۤءَهُمْ عَمَّا جَاۤءَكَ مِنَ الْحَقِّ ۚ لِكُلٍّ جَعَلْنَامِنْكُمْ شِرْعَةً وَمِنْهَاجًا ۚ وَلَوْ شَاۤءَ اللَّهُ لَجَعَلَكُمْ ۋُمَّةًوَاحِدَةً وَلَٰكِنْ لِيَبْلُوَكُمْ فِي مَا  تَاكُمْ ۖ فَاسْتَبِقُواالْخَيْرَاتِ ۚ ۋلَى اللَّهِ مَرْجِعُكُمْ جَمِيعًا فَيُنَبِّئُكُمْ بِمَاكُنْتُمْ فِيهِ

تَخْتَلفُونَ.

(«ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرى(ساماۋى) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا نازىلقىلغان قۇرئان (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقتىن بۇرۇلۇپ،ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن. (ئى ئۈممەتلەر!) سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارغابىرخىل شەرىئەت ۋە ئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق. ئەگەر ئاللاھ خالىسا، ئەلۋەتتە،سىلەرنى بىر ئۈممەت قىلاتتى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر دىندا قىلاتتى). لېكىن ئاللاھسىلەرگە بەرگەن شەرىئەتلەر ئارىسىدا سىلەرنى سىناش ئۈچۈن (كۆپ ئۈممەت قىلىپئايرىدى). ياخشى ئىشلارغا ئالدىراڭلار. ھەممىڭلار ئاللاھ نىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەرنى (ئۇنىڭ قايسى ھەق، قايسى ناھەقئىكەنلىكىنى) ئاللاھ سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ.» سۈرە مائىدە 48-ئايەت

ۋۆقَالَ اللّهُ يَا عيسَى ابْنَ مَرْيَمَ اوْكُرْ نعْمَتي عَلَيْكَ وَعَلَىٰ وَالدَتكَ ۋۆ وّيّدْتُكَ برُوحِ الْقُدُس تُكَلّمُ النّاسَ في الْمَهْدوكَهْلًا ۖ وَۋۆ عَلّمْتُكَ الْكتَابَ وَالْحكْمَةَ وَالتّوْرَاةَوَالْۋنْجيلَ ۖ وَۋۆ تَخْلُقُ منَ الطّين كَهَيْئَة الطّير بۋۆنيفَتَنْفُخُ فيهَا فَتَكُونُ طَيْرًا بۋۆني ۖ وَتُبْرئُ الْۋكْمَهوَالْۋبْرَى بۋۆني ۖ وَۋۆ تُخْرجُ الْمَوْتَىٰ بۋۆني ۖ وَۋۆكَففْتُ بَني ۋسْرَائيلَ عَنْكَ ۋۆ جئْتَهُمْ بالْبَيّنَات فَقَالَالّۋينَ كَفَرُوا منْهُمْ ۋنْ هَٰوَا ۋلّا سحْرٌ مُبينٌ.

ئۆزۋاقتىدا ئاللاھ ئېيتتى: ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! ساڭا ۋە سېنىڭ ئاناڭغا بەرگەننېمىتىمنى ئەسلىگىن، ئەينى زاماندا ساڭا روھۇلقۇدۇس (يەنى جىبرىئىل) بىلەن مەدەتبەردىم، (كىچىككىدە) بۆشۈكتە ۋە (پەيغەمبەر بولغان) ئوتتۇرا ياش ۋاقتىڭداكىشىلەرگە سۆزلەيتتىڭ، ئەينى زاماندا ساڭا كىتابنى، ھېكمەتنى، تەۋراتنى ۋە ئىنجىلنى ئۆگەتتىم، ئەينى زاماندا مېنىڭئىزنىم بىلەن لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدە بىر نەرسە ياسايتتىڭ - دە، ئۇنى پۈۋلىسەڭئىزنىم بىلەن ئۇچىدىغان قۇش بولاتتى، مېنىڭ ئىزنىم بىلەن تۇغما كورنى، بەرەسكېسلىنى ساقايتاتتىڭ، ئەينى زاماندا، مېنىڭ ئىزنىم بىلەن ئۆلۈكلەرنى (تىرىلدۈرۈپقەبرىلەردىن) چىقىراتتىڭ، ئەينى زاماندا بەنى ئىسرائىلنى ساڭا چېقىلىشتىن توستۇم،سەن ئۇلارغا مۆجىزىلەر بىلەن كەلگەن چېغىڭدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىرلار: «بۇپەقەت روشەن سېھىردۇر» دېدى.»سۈرە مائىدە 110-ئايەت

ۋّولَٰئكَالّۋينَ تَيْنَاهُمُ الْكتَابَ وَالْحُكْمَ وَالنّبُوّةَ ۚ فَۋنْ يَكْفُرْ بهَاهَٰۋُلَاءِ فَقَدْ وَكّلْنَا بهَا قَوْمًا لَيْسُوا بهَا بكَافرينَ.

«ئۇلارغا كىتابنى، ھېكمەتنى ۋە پەيغەمبەرلىكنى ئاتا قىلدۇق، ئەگەر بۇ مۇشرىكلار ئۇلارنى(يەنى كىتاب، ھېكمەت ۋە پەيغەمبەرلىكنى) ئىنكار قىلسا، ئۇلارنى ئىنكار قىلمايدىغانباشقا بىر قەۋمگە تاپشۇرىمىز.»سۈرە ئەنئام 89-ئايەت

وَمَاقَدَرُوا اللّهَ حَقّ قَدْره ۋۆ قَالُوا مَا ۋَنْزَلَ اللّهُ عَلَىٰ بَشَرمنْ شَيْءٍ ۗ قُلْ مَنْ ۋَنْزَلَ الْكتَابَ الّۋي جَاءَ به

مُوسَىٰ نُوراًوَهُدًى لِلنَّاس ۖ تَجْعَلُونَهُ قَرَاهِيسَ تُبْدُونَهَا وَتُخْفُونَ كَثِيرًاۖ وَعُلِّمْتُمْ مَا لَمْ تَعْلَمُواۜنْتُمْ وَلَا بَاۜؤُكُمْ ۖ قُلِ اللَّهُ ۖ ثُمَّ ۜرْهُمْ فِي خَوْضِهِمْيَلْعَبُونَ.

وَهَٰۜذَاكِتَابٌ ۜنْزَلْنَاهُ مُبَارَكٌ مُصَدِّقُ الَّذِي بَيْنَ يَدَيْهِ وَلِتُنْذِرَ ۜمَّ الْقُرَىٰ وَمَنْ حَوْلَهَا ۚ وَالَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِالْاۜخِرَةِيُؤْمِنُونَ بِهِ ۖ وَهُمْ عَلَىٰ صَلَاتِهِمْ يُحَافِظُونَ.

«ئۇلار ئاللاھ نى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى.ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) ئۆز ۋاقتىدا: «ئاللاھ ھېچ كىشىگە ھېچ نەرسە نازىلقىلمىدى» دېدى (يەنى ۋەھيىنى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى). (ئى مۇھەممەد!)ئېيتقىنكى، «مۇسا ئېلىپ كەلگەن ۋە كىشىلەرگە نۇر، ھىدايەت بولغان كىتابنى كىم نازىل قىلدى؟ ئۇ كىتابنى پارچە - پارچەقەغەزلەرگە كۆچۈرۈپ، بىر قىسمىنى ئاشكارىلاپ، كۆپ قىسمىنى يوشۇرىسىلەر. (ئىيەھۇدىيلار!) سىلەرگە ئۆزۈڭلار ۋە ئاتا -بوۋاڭلار بىلمىگەن نەرسىلەر بىلدۈرۈلدى، (بۇ قۇرئاننى) ئاللاھ (نازىل قىلدى)».ئاندىن، ئۇلارنى تەرك ئەتكىنكى، ئۇلار باتىللىرىدا (يەنى قالايمىقان سۆزلىرىدە)ئويناپ يۈرسۇن. بۇ (قۇرئان) مەككە ئاھالىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن بىز نازىل قىلغان، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان (تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئوخشاش) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى مۇبارەك كىتابتۇر، ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىدىغانلار ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ،ئۇلار نامازلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىدۇ.» سۈرە ئەنئام 92،91-ئايەتلەر

ثُمَّ ۜتَيْنَا مُوسَى الْكِتَابَ تَمَامًا عَلَى الَّذِي ۜحْسَنَ وَتَفْصِيلًا لِكُلِّ شَيْءٍ وَهُدًى وَرَحْمَةً لَعَلَّهُمْ بِلِقَاءِ رَبِّهِمْ يُؤْمِنُونَ

وَهَٰۜذَاكِتَابٌ ۜنْزَلْنَاهُ مُبَارَكٌ فَاتَّبِعُوهُ وَاتَّقُوا لَعَلَّكُمْتُرْحَمُونَ.

«ئاندىن ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى) ئۆزپەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولىدىغانلىقىغا ئىشەنسۇن دەپ، ياخشىلىق قىلغان ئادەمگەبېرىدىغان نېمىتىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، (ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ دىنىي ئىشلىرىدائېھتىياجلىق بولغان) ھەر بىر نەرسىنى تەپسىلىي بايان قىلىش، (ئىسرائىل ئەۋلادىنى) ھىدايەت قىلىش ۋە (ئۇلارغا) رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن، مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋرات) ئاتا قىلدۇق. بۇ بىز نازىل قىلغان (قۇرئان) مۇبارەك كىتابتۇر. ئاللاھ نىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغۇچىلاردىن بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغائەگىشىڭلار، (ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ساقلىنىڭلار.»سۈرە ئەنئام 155،154-ئايەتلەر

ۜوْتَقُولُوا لَوْ ۜنَّا ۜنْزِلَ عَلَيْنَا الْكِتَابُ لَكُنَّا ۜهْدَىٰ مِنْهُمْۚ فَقَدْ جَاءَكُمْ بَيِّنَةٌ مِنْ رَبِّكُمْ وَهُدًى وَرَحْمَةٌ ۚ فَمَنْ ۜظْلَمُ مِمَّنْ كَذَّبَ بِۜيَاتِ اللَّهِ وَصَدَفَ عَنْهَا ۗ سَنَجْزِيالَّذِينَ يَصْدِفُونَ عَنْ ۜيَاتِنَا سُوءَ الْعَذَابِ بِمَا كَانُوا يَصْدِفُونَ.

«ياكى سىلەرنىڭ، ئەگەر بىزگە كىتاب نازىل قىلىنغان بولسا، بىز ئەلۋەتتە ئۇلاردىن ئارتۇق ھىدايەت تاپقان بولاتتۇق،دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر. سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن ھەقىقەتەن پاكىت، ھىدايەت ۋە رەھمەت نازىل بولدى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگەن

كشدىنمۇ زالىم ئادەمبارمۇ؟ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنى ئۇلارنىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىكلىرىئۈچۈن قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايمىز.»سۈرە ئەنئام 157-ئايەت

وَلَقَدْجِئْنَاهُمْ بِكِتَابٍ فَصَّلْنَاهُ عَلَىٰ عِلْمٍ هُدًى وَرَحْمَةً لِقَوْمٍيُؤْمِنُونَ.

«ئۇلارغاكىتاب (يەنى قۇرئان) بەردۇق، ئۇنى (يەنى قۇرئاننىڭ مەنىللىرىنى) بىلىش ئاساسىدا بايان ۋە رەھمەت قىلدۇق.» سۈرە ئەئراف 52-ئايەت

وَمَاكَانَ هَٰذَا الْقُرْآنُ أَنْ يُفْتَرَىٰ مِنْ دُونِ اللَّهِ وَلَٰكِنْ تَصْدِيقَالَّذِي بَيْنَ يَدَيْهِ وَتَفْصِيلَ الْكِتَابِ لَا رَيْبَ فِيهِ مِنْ رَبِّالْعَالَمِينَ.

«بۇ قۇرئاننى بىراۋنىڭ ئاللاھ قا ئىپتىرا قىلىشى ئەقلىغە سىغمايدۇ (چۈنكى قۇرئاننى ھېچ ئىنسان ئىجاد قىلالمايدۇ)، لېكىن قۇرئان ئىلگىرى كەلگەن (تەۋرات، ئىنجىلقاتارلىق ساماۋى) كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچىدۇر، ئاللاھ بەلگىلىگەن ئەھكاملارنى بايان قىلغۇچىدۇر، ئۇنىڭدا ھېچ شەك يوقتۇر، (ئۇ) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.»سۈرە يۇنۇس 37-ئايەت

الر ۚ كِتَابٌأُحْكِمَتْ آيَاتُهُ ثُمَّ فُصِّلَتْ مِنْ لَدُنْ حَكِيمٍ خَبِيرٍ.

«ئەلىف، لام، را. بۇ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان ئايەتلەرنىڭ تۈزۈلۈشى پۇختا، (ئەقىدە، ئەھكام ۋەز ۋە قىسسىلەر) تەپسىلىي بايان قىلىنغان كىتابتۇر.»سۈرە ھۇد 1-ئايەت

الر ۚ كِتَابٌ أَنْزَلْنَاهُ إِلَيْكَ لِتُخْرِجَ النَّاسَ مِنَ الظُّلُمَاتِ إِلَىالنُّورِ بِإِذْنِ رَبِّهِمْ إِلَىٰ صِرَاطِ الْعَزِيزِ الْحَمِيدِ.

«ئەلىق. لام. را. (بۇ قۇرئان شۇنداق)كىتابتۇركى، (ئى مۇھەممەد!) ئۇنى ساڭا كىشىلەرنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن (يەنى كۇفرىدىن) يورۇقلۇققا(يەنى ئىمانغا) چىقىرىشىڭ ئۈچۈن، غالىب، (ھەممە تىللاردا) مەدھىيىلەنگەن ئاللاھنىڭ يولىغا (باشلىشىڭ ئۈچۈن) نازىل قىلدۇق.» سۈرە ئىبراھىم 1-ئايەت

وَمَاأَنْزَلْنَا عَلَيْكَ الْكِتَابَ إِلَّا لِتُبَيِّنَ لَهُمُ الَّذِي اخْتَلَفُوافِيهِ ۙ وَهُدًى وَرَحْمَةً لِقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ.

(«ئىمۇھەممەد!) بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) پەقەت سېنىڭ كىشىلەرگە ئۇلار (دىنىدىكى) دەتالاش قىلىشقان نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، ئىمان ئېيتىدىغان قەۋمگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولسۇن ئۈچۈنلا نازىل قىلدۇق.»سۈرە نەھل 64-ئايەت

وَيَوْمَنَبْعَثُ فِي كُلِّ أُمَّةٍ شَهِيدًا عَلَيْهِمْ مِنْ أَنْفُسِهِمْ ۖ وَجِئْنَابِكَ شَهِيدًا عَلَىٰ هَٰؤُلَاءِ ۚ وَنَزَّلْنَا عَلَيْكَ الْكِتَابَ تِبْيَانًالِكُلِّ شَيْءٍ وَهُدًى وَرَحْمَةً وَبُشْرَىٰ لِلْمُسْلِمِينَ.

«شۇ كۈندە بىز ھەر بىر ئۈممەتكە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇلارغا قارشى (گۇۋاھلىق بېرىدىغان) بىر شاھىت (يەنى پەيغەمبەر)كەلتۈرىمىز ۋە (شۇ كۈندە) بىز سېنى ئۇلارغا (يەنى ئۈممىتىڭگە) شاھىت قىلىپكەلتۈرىمىز. ساڭا بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر موھتاج بولىدىغان

دىنىي ئىشلارنىڭ ھەممىسنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، (دىللارغا) ھىدايەت، (بەندىلەرگە) رەھمەت،مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خوش خەۋەر يەتكۈزىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق.»سۈرە نەھل 89-ئايەت

الْحَمْدُ لِلَّهِالَّذِي أَنْزَلَ عَلَىٰ عَبْدِهِ الْكِتَابَ وَلَمْ يَجْعَلْ لَهُ عِوَجًا ۜ.

«جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھ قا خاستۇركى، (ئاللاھئىنسانلارنى) ئۆز تەرىپىدىن بولغان قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش، ياخشىئەمەللەرنى قىلغان مۆمىنلەرگە ئۇبدان مۇكاپات (يەنى جەننەت) بېرىدىغانلىقى بىلەنخۇش خەۋەر بېرىش ئۈچۈن، بەندىسى (يەنى پەيغەمبىرى مۇھەممەد) گە توغرا، ھېچقانداق قىڭغىرلىق (يەنى ئىختىلاپ، زىددىيەت) بولمىغان قۇرئاننى نازىل قىلدى.» كەھف سۈرىسى 1-ئايەت

وَمِنَالنَّاسِ مَنْ يُجَادِلُ فِي اللَّهِ بِغَيْرِ عِلْمٍ وَلَا هُدًى وَلَا كِتَابٍمُنِيرٍ.

«بەزىلەر(توغرا تونۇشقا ئېلىپ بارىدىغان) ھېچ قانداق ھەقىقى ئىلمىسىز، ھىدايەتسىز ۋەنۇرلۇق كىتابسىز ھالدا ئاللاھ توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىدۇ، (ئۇنىڭمۇنازىرىلىشىشى نوقۇل نەپسى خاھىشى ۋە تەرسالىقىدىندۇر)» سۈرە ھەج 8-ئايەت

وَمِنَ النَّاسِ مَنْيُجَادِلُ فِي اللَّهِ بِغَيْرِ عِلْمٍ وَلَا هُدًى وَلَا كِتَابٍ مُنِيرٍ.

«بەزى كىشىلەر ھېچقانداق ئىلمىسىز، ھىدايەتسىز ۋە نۇرلۇق كىتابسىز ھالدا ئاللاھ بارىسىداجېدەللىشىدۇ.» سۈرە لوقمان 20-ئايەت

وَالَّذِيأَوْحَيْنَا إِلَيْكَ مِنَ الْكِتَابِ هُوَ الْحَقُّ مُصَدِّقًا لِمَا بَيْنَيَدَيْهِ ۗ إِنَّ اللَّهَ بِعِبَادِهِ لَخَبِيرٌ بَصِيرٌ.

«ساڭا بىزۋەھيى قىلغان كىتاب (يەنى قۇرئان) ھەقتۇر. ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ (راستلىقىنى)ئىسپاتلىغۇچىدۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن بەندىلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، كۆرۈپتۇرغۇچىدۇر.» سۈرە فاتىر 31-ئايەت

نَاأَنْزَلْنَا عَلَيْكَ الْكِتَابَ لِلنَّاسِ بِالْحَقِّ ۖ فَمَنِ اهْتَدَىٰفَلِنَفْسِهِ ۖ وَمَنْ ضَلَّ فَإِنَّمَا يَضِلُّ عَلَيْهَا ۖ وَمَا أَنْتَعَلَيْهِمْ بِوَكِيلٍ.

«شۈبھىسىزكى،بىز ساڭا كىتابنى ئىنسانلار ئۈچۈن ھەق بىلەن نازىل قىلدۇق، كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ئۆزى ئۈچۈن ھىدايەت تاپقان بولىدۇ، كىمكى ئازىدىكەن، ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئازغان بولىدۇ، سەن ئۇلارغا ھامىي ئەمەسسەن (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا زورلاشقا مۇئەككەل ئەمەسسەن).»سۈرە زۇمەر41-ئايەت

وَكَذَٰلِكَأَوْحَيْنَا إِلَيْكَ رُوحًا مِنْ أَمْرِنَا ۚ مَا كُنْتَ تَدْرِي مَا الْكِتَابُوَلَا الْإِيمَانُ وَلَٰكِنْ جَعَلْنَاهُ نُورًا نَهْدِي بِهِ مَنْ نَشَاءُ مِنْعِبَادِنَا ۚ وَإِنَّكَ لَتَهْدِي إِلَىٰ صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ.

«شۇنىڭدەك(يەنى باشقا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك) ئەمرىمىز بويىچە ساڭا قۇرئاننى ۋەھيى

قىلدۇق، سەن (ۋەھيىدىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ، لېكىن بىز قۇرئاننى بىر نۇر قىلدۇقكى، ئۇنىڭ بىلەن بەندىلىرىمىزدىن خالىغان كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىمىز. شەك ـ شۈبھىسىزكى سەن توغرا يولغا باشلايسەن.»سۈرە شۇرا 52ـ ئايەت

لَقَدْ وَٓرسَلْنَارُسُلَنَا بِالْبَيِّنَات وَوَٓنْزَلْنَا مَعَهُمُ الْكِتَابَ وَالْمِيزَانَ لِيَقُومَالنَّاسُ بِالْقِسْهِ ۗ

«بىزھەققەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق.»سۈرە ھەدىد 25ـ ئايەت

هُوَالَّوِي بَعَثَ فِي الْوُمِّيِّينَ رَسُولًا مِنْهُمْ يَتْلُو عَلَيْهِمْ  يَاتِهوِيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَوِنْ كَانُوا مِنْقَبْلُ لَفِي ِبَلَال مُبِين.

«ئاللاھ ئۇمىملەرگە (يەنى يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى ئۇقمايدىغان ئەرەبلەرگە) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرپەيغەمبەرنى(يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئەۋەتتى، ئۇ(يەنى پەيغەمبەر) ئۇلارغا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن)پاك قىلىدۇ، ئۇلارغا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى يەنى پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى) ئۆگىتىدۇ، گەرچە ئۇلار ئىلگىرى ئوچۇق گۇمراھلىقتا بولسىمۇ.»سۈرە جۇمۇئە 2ـ ئايەت

يۇقارقى ئايەتلەردىن ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى يارىتىپ بولۇپ تاشلاپ قويمىغانلىقى، ئىلمى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەر نەرسىنى بىلگۈچى ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغان ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ياراتقان پۈتۈن مەخلۇقاتلىرى ھەققىدە جاھىل ئىكەنلىكى، ئۇلارغا ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ كائىناتقا ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا قويغان ئۆلچەملەرنى بۇزماستىن ئۇنىڭ قانۇنلىرىنى بىلگەن ئاساستا پايدىلىنىپ توغرا يولدا ياشىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بىلىپ بولۇشى مۇمكىن بولمىغان بىلىملەرنى (بىلىم1) ئاللاھ پەيغەمبەر ئەۋەتىش ۋە كىتاب نازىل ئارقىلىق بىلدۈرگەن ۋە ئۆگەتكەن. بۇ ئايەتلەر بىزگە يەنە شۇنى كۆرستىدۇكى،ئىنساننىڭ ئويلىنىش ياكى باشقا قۇدرىتى يەتكەن ھەرقانداق بىر ئۇسۇل بىلەن مۇتلەق بىلىمگە (بىلىم1)گە ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەستۇر. ئاددىي مەنتىق بويىچە پىكىر قىلساق مەخلۇقنىڭ ئۆزى، باشقا مەخلۇقلار ۋە ياراتقۇچىسى ھەققىدە مۇتلەق توغرا بىلىمگە ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەستۇر. ئۇنىڭ بارلىقىنىڭ ئۆزىلا ئۇنى بۇ خىل بىلىمدىن چەكلەيدۇ. ئەگەر كىتابسىز بىلىم1گە ئېرىشىش مۇمكىن بولسا ئىدى ئاللاھ پەيغەمبەرئەۋەتىپ كىتاب نازىل قىلماس ئىدى، پەيغەمبەر ۋاستى بىلەن كىتابنى ئىنسانلارغا ئۆگەتمەس ئىدى.

## 2. ھېكمەت

ئاللاھ تەئالا شۇنداق دەيدۇ:

رَبَّنَاوَابْعَثْ فيهِمْ رَسُولًا منْهُمْ يَتْلُو عَلَيْهِمْ يَاتك وَيُعَلِّمُهُمُالْكتَابَ وَالْحكْمَةَ وَيُزَكِّيهِمْ ۚ ۋنَّكَ ۋَنْتَ الْعَزِيزُ الْحَكيمُ.

«پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان،كىتابىڭنى (يەنى قۇرئاننى)، ھېكمەتنى (يەنى پاك سۈننەتنى) ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان،ئۇلارنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن،ھەقىقەتەن سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن» دېدى.» سۈرە بەقەرە 129-ئايەت

كَمَاۋَرْسَلْنَا فيكُمْ رَسُولًا منْكُمْ يَتْلُو عَلَيْكُمْ يَاتنَاوَيُزَكِّيكُمْ وَيُعَلِّمُكُمُ الْكتَابَ وَالْحكْمَةَ وَيُعَلِّمُكُمْ مَالَمْ تَكُونُوا تَعْلَمُونَ.

«شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى كامالەتكە يەتكۈزگىنىمدەك) ئۆز ئىچىڭلاردىنسىلەرگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، سىلەرنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھدىن)پاك قىلىدىغان، سىلەرگە كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى دىنىيئەھكاملارنى) ئۆگىتىدىغان، سىلەرگە بىلمىگەنلىرىڭلارنى بىلدۈرىدىغان بىر پەيغەمبەرئەۋەتتۇق.»سۈرە بەقەرە 151-ئايەت

وَاۋْكُرُوا نعْمَتَاللَّه عَلَيْكُمْ وَمَا ۋَنْزَلَ عَلَيْكُمْ منَ الْكتَابِ وَالْحكْمَه يَعىُكُمْبه ۚ وَاتَّقُوا اللَّهَ وَاعْلَمُوا ۋَنَّ اللَّهَ بكُلِّ شَيْءٍ عَليمٌ

«ئاللاھ نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ۋە سىلەرگە ۋەز- نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلغان كىتابنى، ھېكمىتىنى (يەنى كىتابدىكى ئەھكاملارنى)ياد ئېتىڭلار، ئاللاھ قا تەقۋادارلىق قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.»سۈرە بەقەرە231-ئايەت

فَهَزَمُوهُمْبۋۋْن اللَّه وَقَتَلَ دَاوُودُ جَالُوتَ وَ تَاهُ اللَّهُ الْمُلْكَ وَالْحكْمَةَوَعَلَّمَهُ ممَّا يَشَاءُ ۗ وَلَوْلَا دَفْعُ اللَّه النَّاسَ بَعْىَهُمْبَبَعْىٍ لَفَسَدَت الْۋَرْىُ وَلَٰكنَّ اللَّهَ ۋُو فَىْلٍ عَلَى الْعَالَمينَ.

«مۆمىنلەر ئاللاھ نىڭ ئىرادىسى بىلەن كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلدى، داۋۇد جالۇتنى ئۆلتۈردى. ئاللاھ داۋۇدقا سەلتەنەتنى، ھېكمەتنى (يەنى پەيغەمبەرلىكنى) بەردى. ئۇنىڭغا خالىغان نەرسىلىرىنى (يەنى پايدىلىق ئىلىملەرنى) بىلدۈردى. ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغائۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلمىسا) ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى (يەنى خارابلىققا يۈزلىنەتتى)، لېكىن ئاللاھ (يامانلىقنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن) پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر.»سۈرە بەقەرە 251-ئايەت

يُؤْتيالْحكْمَةَ مَنْ يَشَاءُ ۚ وَمَنْ يُؤْتَ الْحكْمَةَ فَقَدْ ۋُوتيَ خَيْرًاكَثيرًا ۗ وَمَا يَۋَّكَّرُ ۋلَّا ۋُولُو الْۋَلْبَابِ.

«ھېكمەتنى(يەنى ياخشى ئەمەلگە يېتەكلەيدىغان پايدىلىق ئىلىمنى) خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ؛ ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ.پەقەت ئەقىللىق

ئادەملەرلا بۇنىڭدىن پەند ـ نەسىھەت ئالىدۇ.» سۈرە بەقەرە 269-ئايەت
وَيُعَلِّمُهُالْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَالتَّوْرَاةَ وَالْۋنْجِيلَ.
«ئاللاھ ئۇنىڭغا خەتنى، ھېكمەتنى (يەنى سۆز ھەرىكەتتە توغرا بولۇشنى)، تەۋراتنى، ئىنجىلنى ئۆگىتىدۇ.» سۈرە ئال ئىمران48-ئايەت
وَۋۋْۋخَۋ اللَّهُ مِيثَاقَ النَّبِيِّينَ لَمَا تَيْتُكُمْ مِنْ كِتَابٍ وَحِكْمَةٍ ثُمَّ جَاءَكُمْ رَسُولٌمُصَدِّقٌ لِمَا مَعَكُمْ لَتُؤْمِنُنَّ بِهِ وَلَتَنْصُرُنَّهُ ۚ قَالَۋۋَقْرَرْتُمْ وَۋَخَۋْتُمْ عَلَىٰ وَٰلِكُمْ ۋِنْرِي ۖ قَالُوا ۋَقْرَرْنَا ۚقَالَ فَاشْهَدُوا وَۋَنَا مَعَكُمْ مِنَ الشَّاهِدِينَ.
«ئۆز ۋاقتىدىلا ئاللاھ پەيغەمبەرلەردىن چىن ئەھدە ئېلىپ: «سىلەرگە مەن كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئاتا قىلدىم، كېيىن سىلەرگە، سىلەردىكى نەرسىلەرنى (يەنى كىتاب بىلەن ھېكمەتنى) ئېتىراپ قىلغۇچى بىر پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلسە ئۇنىڭغا، ئەلۋەتتە، ئىمان ئېيتىشىڭلار كېرەك ۋە ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك» (دېدى). ئاللاھ: «(بۇ ئەھدىنى) ئىقرار (يەنى ئېتىراپ)قىلدىڭلارمۇ؟ شۇنىڭ (يەنە بۇ ئىش) ئۈچۈن مېنىڭ ئەھدىمنى قوبۇل قىلدىڭلارمۇ؟» دېدى.ئۇلار: «ئېتىراپ قىلدۇق» دېدى. ئاللاھ: «(ئۆزۈڭلارنىڭ ۋە تەۋەلىرىڭلارنىڭ ئېتىراپ قىلغانلىقىغا) گۇۋاھ بولۇڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە گۇۋاھ بولغۇچىلاردىندۇرمەن» دېدى.»سۈرە ئال ئىمران 81-ئايەت
لَقَدْمَنَّ اللَّهُ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ ۋۋْ بَعَثَ فِيهِمْ رَسُولًا مِنْۋَنْفُسِهِمْ يَتْلُو عَلَيْهِمْ يَاتِهِ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُالْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَۋِنْ كَانُوامِنْ قَبْلُ لَفِي ۻَلَالٍ مُبِينٍ.
«ئاللاھ مۆمىنلەرگە ئاللاھ نىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان ۋە سۈننەتنى)ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى؛ ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى.» سۈرە ئال ئىمران 164-ئايەت
ۋَمْيَحْسُدُونَ النَّاسَ عَلَىٰ مَا تَاهُمُ اللَّهُ مِنْ فَۻْلِهِ ۖ فَقَدْ تَيْنَا لَ ۋِبْرَاهِيمَ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَ تَيْنَاهُمْ مُلْكًاعَۻِيمًا.
«ياكى ئۇلار ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن كىشىلەرگەبەرگەن نەرسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن پەيغەمبەرلىككە) ھەسەت قىلىشامدۇ؟ بىز ھەققەتەن ئىبراھىم ئەۋلادىغا كىتاب، ھېكمەت بەردۇق ۋە ئۇلارغا بۈيۈك پادىشاھلىق بەردۇق.»سۈرە نىسا 54-ئايەت
وَلَوْلَافَۻْلُ اللَّهِ عَلَيْكَ وَرَحْمَتُهُ لَهَمَّتْ ۻَائِفَةٌ مِنْهُمْ ۋَنْيُۻِلُّوكَ وَمَا يُۻِلُّونَ ۋِلَّا ۋَنْفُسَهُمْ ۖ وَمَا يَۻُرُّونَكَ مِنْشَيْءٍ ۚ وَۋَنْزَلَ اللَّهُ عَلَيْكَ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَعَلَّمَكَ مَالَمْ تَكُنْ تَعْلَمُ ۚ وَكَانَ فَۻْلُ اللَّهِ عَلَيْكَ عَۻِيمًا.
(«ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ساڭا ئاللاھ نىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بولمىسا ئىدى، ئۇلاردىن بىرگۇرۇھ ئادەم

چوقۇم سىنى ئازدۇرۇشنى قەستلەيتتى؛ ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنى ئازدۇرىدۇ، ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.ئاللاھ ساڭاكىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى سۈننەتنى) نازىل قىلدى، ساڭا سەن بىلمىگەن نەرسىلەرنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ۋە غەيب ئىشلارنى) بىلدۈردى. ئاللاھنىڭ ساڭا پەزلى چوڭدۇر.»سۈرە نىسا 113-ئايەت

ۋۇقَالَ اللَّهُ يَا عيسَى ابْنَ مَرْيَمَ اۋْكُرْ نعْمَتي عَلَيْكَ وَعَلَىٰ وَالدَتكَ ۋۇ ۋَيَّدْتُكَ برُوحِ الْقُدُس تُكَلِّمُ النَّاسَ في الْمَهْدوكَهْلًا ۖ وَۋۇ عَلَّمْتُكَ الْكتَابَ وَالْحكْمَةَ وَالتَّوْرَاةَوَالْۋنْجيلَ ۖ وَۋۇ تَخْلُقُ منَ الهِّين كَهَيْئَة الهَّيْر بۋۇنيفَتَنْفُخُ فيهَا فَتَكُونُ هَيْرًا بۋۇني ۖ وَتُبْرئُ الْۋَكْمَهَوَالْۋَبْرَىَ بۋۇني ۖ وَۋۇ تُخْرجُ الْمَوْتَىٰ بۋۇني ۖ وَۋۇكَفَفْتُ بَني ۋسْرَائيلَ عَنْكَ ۋۇ جئْتَهُمْ بالْبَيِّنَات فَقَالَالَّۋين كَفَرُوا منْهُمْ ۋنْ هَٰۋَا ۋلَّا سحْرٌ مُبينٌ.

ئۆزۋاقتىدا ئاللاھ ئېيتتى: ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! ساڭا ۋە سېنىڭ ئاناڭغا بەرگەن نېمىتىمنى ئەسلىگىن، ئەينى زاماندا ساڭا روھۇلقۇدۇس (يەنى جىبرىئىل) بىلەن مەدەت بەردىم، (كىچىككىڭدە) بۆشۈكتە ۋە (پەيغەمبەر بولغان) ئوتتۇرا ياش ۋاقتىڭدا كىشىلەرگە سۆزلەيتتىڭ، ئەينى زاماندا ساڭا كىتابنى، ھېكمەتنى، تەۋراتنى ۋە ئىنجىلنى ئۆگەتتىم، ئەينى زاماندا مېنىڭ ئىزنىم بىلەن لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدە بىر نەرسە ياسايتتىڭ - دە، ئۇنى پۈۋلىسەڭ ئىزنىم بىلەن ئۇچىدىغان قۇش بولاتتى، مېنىڭ ئىزنىم بىلەن تۇغما كورنى، بەرەس كېسلىنى ساقايتاتتىڭ، ئەينى زاماندا، مېنىڭ ئىزنىم بىلەن ئۆلۈكلەرنى (تىرىلدۈرۈپ قەبرىلەردىن) چىقىراتتىڭ، ئەينى زاماندا بەنى ئىسرائىلنى ساڭا چېقىلىشتىن توستۇم، سەن ئۇلارغا مۆجىزىلەر بىلەن كەلگەن چېغىڭدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىرلار: «بۇپەقەت روشەن سېھىردۇر» دېدى.»سۈرە مائىدە 110-ئايەت

وَٰلكَمَّا ۋَوْحَىٰ ۋلَيْكَ رَبُّكَ منَ الْحكْمَة ۗ وَلَا تَجْعَلْ مَعَ اللَّهۋلَٰهًا خَرَ فَتُلْقَىٰ في جَهَنَّمَ مَلُومًا مَدْحُورًا.

«بۇلارپەرۋەردىگارىڭ ساڭا ۋەھيى قىلغان ھېكمەتلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر، ئاللاھ قا باشقا مەبۇدنى شېرىك قىلمىغىن، بولمىسا مالامەت قىلىنغان، (ئاللاھ نىڭ رەھمىتىدىن)قوغلانغان ھالدا جەھەننەمگە تاشلىنىسەن.»سۈرە ئىسرا 39-ئايەت

وَاۋْكُرْنَمَا يُتْلَىٰ في بُيُوتكُنَّ منْ يَات اللَّه وَالْحكْمَة ۚ ۋنَّ اللَّهَكَانَ لَهيفًا خَبيرًا.

«ئۆيلىرىڭلاردا ئاللاھ نىڭ ئايەتلىرىدىن ۋە ھېكمەت (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى)تىن ئوقۇلۇۋاتقان نەرسىلەرنى ياد ئېتىڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىرلەرنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.»سۈرە ئەھزاب 34-ئايەت

وَشَدَدْنَامُلْكَهُ وَ تَيْنَاهُ الْحكْمَةَ وَفَلْ الْخهَاب.

«داۋۇدنىڭ سەلتەنىتىنى كۈچەيتتۇق، ئۇنىڭغا ھېكمەت ۋە (ھەممە ئادەم چۈشىنىدىغان)روشەن سۆز - ئىبارىلەرنى ئاتا قىلدۇق.» سۈرە ساد 20-ئايەت

وَلَمَّاجَاءَ عيسَىٰ بالْبَيِّنَات قَالَ قَدْ جئْتُكُمْ بالْحكْمَة وَلۋُبَيِّنَلَكُمْ بَعْۋَ الَّۋي تَخْتَلفُونَ فيه ۖ فَاتَّقُوا اللَّهَ

وَوَهيعُون.

«ئىسا روشەن مۆجىزىلەر بىلەن كېلىپ ئېيتتى: «سىلەرگە مەن ھېكمەت ئېلىپ كەلدىم. سىلەرگە ئىختىلاپ قىلىۋاتقان نەرسەڭلارنىڭ (يەنى دىنىي ئىشلارنىڭ) بەزىسىنى بايان قىلىپ بېرىمەن، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار.» سۈرە زۇخرۇف 63-ئايەت

حكْمَةٌبَالغَةٌ ۖ فَمَا تُغْن النُّذُرُ.

«مۇكەممەل ھېكمەت كەلدى، (ئاللاھ ئۇلارنى شەقى قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارغائاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ پايدىسى بولمايدۇ.»سۈرە قەمەر 5-ئايەت

هُوَالَّوي بَعَكَ في الْوُمِّيِّينَ رَسُولًا منْهُمْ يَتْلُو عَلَيْهِمْ يَاتهوَيُزَكِّيهمْ وَيُعَلِّمُهُمْ الْكتَابَ وَالْحكْمَةَ وَوْنْ كَانُوا منْقَبْلُ لَفي بِلَال مُبين.

«ئاللاھ ئۇممىلەرگە (يەنى يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى ئۇقمايدىغان ئەرەبلەرگە) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرپەيغەمبەرنى(يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئەۋەتتى، ئۇ(يەنى پەيغەمبەر) ئۇلارغا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن)پاك قىلىدۇ، ئۇلارغا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى يەنى پەيغەمبەرنىڭسۈننىتىنى) ئۆگىتىدۇ، گەرچە ئۇلار ئىلگىرى ئوچۇق گۇمراھلىقتا بولسىمۇ.»سۈرە جۇمۇئە 2-ئايەت

ئاللاھ تەئالا ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ بىلىپ بولىشى مۇمكىن بولمىغان بىلىملەرنى ئۆگىتىش ۋە بىلدۈرۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەۋەتكەن ۋە كىتاب نازىل قىلغان شۇنىڭ بىلەن بىرگە پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئۆزى خالىغان كىشىلەرگە ھېكمەتنى ئاتا قىلغان(ۋە ئاتا قىلىدۇ). ئىسلام ئۆلىمالىرى ئارىسىدا ھېكمەتنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە تالاش تارتىش بولسىمۇ( مەسىلەن ئىمام شافىئى سۈننەتنىڭ ھېكمەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەن[4] يۇقارقى ئايەتلەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىمۇ بەزى يەرلەردە ھېكمەت سۆزىنىڭ قېشىغا تىرناق بىلەن پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتى ياكى پاك سۈننەت دەپ ئەسكەرتىپ ئۆتۈلگەن) ئەمما كۆپىنچە ئالىملار ھېكمەتنىڭ ئىشلار ئۈستىدە چىقىرىلغان توغرا ھۆكۈملەر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. قۇرئان ئايەتلىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق ئاللاھ تەئالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلامنىڭ مەلۇم بىر ئىش ئۈستىدە چىقارغان ھۆكۈملىرى خاتا بولسا ئۇنى ئايەتلەر بىلەن خاتالىقنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلام تەرىپىدىن ھەر تۈرلۈك ئىشلار ئۈستىدە چىقىرىلغان ئەمما خاتالىقى ئاللاھ تەرىپىدىن قۇرئاندا ئاگاھلاندۇرۇلمىغان ھۆكۈملەر بولسا بىردەك ھېكمەتتۇر. ئىمام شافىئىنىڭ سۈننەتنى ھېكمەت دەپ ئاتىشىنىڭ بىر سەۋەبى دەل مۇشۇدۇر. يۇقارقى ئايەتتە كۆرسىتىلگەندەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلام ئەتراپىدىكىلەرگە كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئۆگەتكەن، بۇنىڭ سەۋەبى كىتاب ۋە ھېكمەت ئىنسانلارنىڭ قۇدرىتى يېتىدىغان ھەرقانداق بىر يول بىلەن بىلىپ بولىشى مۇمكىن بولمىغان بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ئاللاھ ئىنسانلارنى يارىتىپ

بولغاندىن كېيىن ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەۋەتىپ ئىنسانلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئۆگەتكەن. بىر مۇسۇلمان قاچانكى مۇسۇلمان ئىكەن ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن شۇ كىتاب ۋە ھېكمەتتىن نېسىۋىداردۇر. ئۇنى ئۆگىنىشى، ئۆگىتىشى ھاياتىدا ئۇنى پاراكتىكا قىلىپ جانلىق ياشىشى ئۇنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسىدۇر. چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ نەزىدە بىردىن بىر مەقبۇل دىن بولغان ئىسلام دىنى ئۈستىدە بولۇپ بۇ دىن ئۈستىدە كېتىۋاتقان ھاياتىنى قۇرئانىسىز(كىتابسىز) ۋە سۈننەتسىز (ھېكمەتسىز) داۋام قىلالمايدۇ. ئەگەر داۋام قىلالىسا ئىدى، ئاللاھ ھېچ پەيغەمبەر ئەۋەتمەس ئىدى، ھېچ كىتاب نازىل قىلماس ئىدى، ھېچ ھېكمەت ئۆگەتمەس ئىدى. يەنى ئىنسانلار پەقەت توغرا يول ئۈستىدىلا بولۇپ ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ھىدايەت قىلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايتتى. ئاللاھ بۇ ھەقتە شۇنداق دەيدۇ:

كَانَالنَّاسُ وُّمَّةً وَاحِدَةً فَبَعَثَ اللَّهُ النَّبِيِّينَ مُبَشِّرِينَوَمُنْذِرِينَ وَوَنْزَلَ مَعَهُمُ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ لِيَحْكُمَ بَيْنَ النَّاسِفِيمَا اخْتَلَفُوا فِيهِ ۚ وَمَا اخْتَلَفَ فِيهِ وِلَّا الَّذِينَ وُوتُوهُ مِنْبَعْدِ مَا جَاءَتْهُمُ الْبَيِّنَاتُ بَغْيًا بَيْنَهُمْ ۖ فَهَدَى اللَّهُالَّذِينَ مَنُوا لِمَا اخْتَلَفُوا فِيهِ مِنَ الْحَقِّ بِوِذْنِهِ ۗ وَاللَّهُيَهْدِي مَنْ يَشَاءُ وِلَىٰ ىرَاهٍ مُسْتَقِيمٍ.

«ئىنسانلار(دەسلەپتە) بىر ئۈممەت (يەنى ھەق دىندا) ئىدى (كېيىن ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىمان ئېيتىپ، بەزىسى ئىمان ئېيتماي ئىختىلاپ قىلىشتى)، ئاللاھ (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كۇففارلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى؛ (ئاللاھ) كىشىلەرنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ھەق كىتابنى نازىل قىلدى، پەقەت كىتاب بېرىلگەن كىشىلەرلا ئۆزلىرىگە روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ (يەنى كاپىرلارمۆمىنلەرگە ھەسەت قىلىپ)، كىتاب توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشتى، ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە مۆمىنلەرنى ئۇلار (يەنى گۇمراھلار) ئىختىلاپ قىلىشقان ھەقىقەتكە ھىدايەت قىلدى. ئاللاھ خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ.» سۈرە بەقەرە 213-ئايەت

وَلَوْشَاءَ اللَّهُ لَجَعَلَكُمْ وُمَّةً وَاحِدَةً وَلَٰكِنْ يُضِلُّ مَنْ يَشَاءُوَيَهْدِي مَنْ يَشَاءُ ۚ وَلَتُسْوَلُنَّعَمَّا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ.

«مۇبادا ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى) ئەلۋەتتە بىر ئۈممەت (يەنىبىر دىندا) قىلاتتى، لېكىن (ئاللاھ نىڭ ھېكمىتى ئۇلارنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىشنى تەقەززا قىلدى)، ئاللاھ خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، (قىيامەت كۈنى) پۈتۈن قىلمىشلار ئۈستىدە سوراق قىلىنىسىلەر.»سۈرە نەھل 93-ئايەت

وَلَوْشَاءَ اللَّهُ لَجَعَلَهُمْ وُمَّةً وَاحِدَةً وَلَٰكِنْ يُدْخِلُ مَنْ يَشَاءُفِي رَحْمَتِهِ ۚ وَالظَّالِمُونَ مَالَهُمْ مِنْ وَلِيٍّ وَلَا نَصِيرٍ.

ئەگەر ئاللاھ خالىسا، ئۇلارنى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى) ئەلۋەتتە بىر ئۈممەت (يەنى بىر دىندا)قىلاتتى،لېكىن ئاللاھ خالىغان ئادەمنى رەھمىتىگە داخىل قىلىدۇ، زالىملارغا ھېچقانداق ئىگە، ھېچقانداق مەدەتكار بولمايدۇ.» سۈرە شۇرا 8-ئايەت

ئىنسانىنىڭ كىتابسىز ۋە ھېكمەتسىز ھەرقانداق بىر يول بىلەن توغرا بىلىمگە ئېرىششى مۇمكىن ئەمەستۇر. بىز يۇقارقى ئايەتلەر بىلەن كىتابسىز ۋە ھېكمەتسىز توغرا بىلىمگە ئېرىشمەكچى بولۇپ ئۇرۇنۇۋاتقانلارنىڭ روشەن ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئايەتتە كۆرستىلگەندەك ئۇلار ئۇزلىرىدە قىلچە بىلىم بولماستىن، ئىزدەنمەستىن ئاللاھنىڭ كىتابى ھەققىدە تالىشىدۇ. بۇ ھەم بۇئازغۇنلۇقتىكى كىشلەرنىڭ ئورتاق بىر خارەكتېرىدۇر. گەرچە ماقالىنىڭ بېشىدا دەپ ئۆتكەندەك رۇسسېلنىڭ قارىشىدىكى تېئولوگلارمۇ باشقا ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى ئالىملاردەك توغرا بىلىمگە ئېرىششىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېتراپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بىز يۇقارقى ئايەتلەرنىڭ نۇرى ئاستىدا توغرا بىلىمگە پەقەت ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە ھېكمەت بىلەن ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

## 3.پەرەز

كىتابسىز ۋە ھېكمەتسىز ئىنسانىنىڭ توغرا بىلىمگە (بىلىم1) ئېرىششىگە ئېشىپ قالىدىغىنى ئۇنىڭ پەرەزلىرىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالا شۇنداق دەيدۇ:

وَۋِنْ تُهِعْ وَكْثَرَ مَنْ في الْوَرْبِيبُلِّوكَ عَنْ سَبيلِ اللَّه ۚ ۋِنْ يَتَّبِعُونَ ۋِلَّا الظَّنَّ وَۋِنْ هُمْۋِلَّا يَخْرُصُونَ.

«ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى كۆپچىلىك كىشلەر (يەنى كۇففارلار) گە ئىتائەت قىلساڭ، ئۇلار سېنى ئاللاھ نىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ئەگىشىدۇ، ئۇلار پەقەت يالغاننىلا سۆزلەيدۇ.»

سۈرە ئەنئام 116-ئايەت

سَيَقُولُ الَّوِينَ وَشْرَكُوا لَوْ شَاءَاللَّهُ ما وَشْرَكْنَا وَلَا بَاوُنَا وَلَا حَرَّمْنَا من شَيْءٍ ۚكَوَٰلكَ كَوَّبَ الَّوِينَ من قَبْلهمْ حَتَّىٰ وَاقُوا بَوْسَنَا ۗ قُلْهَلْ عنْدَكُمْ من علْمٍ فَتُخْرِجُوهُ لَنَا ۖ ۋِنْ تَتَّبِعُونَ ۋِلَّاالظَّنَّ وَۋِنْ وَنْتُمْ ۋِلَّا تَخْرُصُونَ.

«مۇشرىكلار: «ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىز ۋە ئاتا - بوۋىلىرىمىز شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق ۋە ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمايتتۇق» دەيدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇنقى كىشلەر تاكى (بىزنىڭ ئازابىمىز نازىل بولۇپ) ئازابىمىزنى تېتىغانغا قەدەر(ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى) مۇشۇنداق (يەنى مۇشرىكلار سېنى ئىنكار قىلغاندەك) ئىنكار قىلغان ئىدى. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقىغا پاكىتىڭلار بولسا، بىزگە چىقىرىپ كۆرستىڭلار، سىلەر پەقەت گۇمانغىلا ئاساسلىنىسلەر، ئاللاھ قا پەقەت يالغاننى چاپلايسلەر».» سۈرە ئەنئام 148-ئايەت

وَمَا يَتَّبِعُ وَكْثَرُهُمْ ۋِلَّا ظَنًّا ۚ ۋِنَّ الظَّنَّ لَا يُغْني منَ الْحَقِّ شَيْئًا ۚ ۋِنَّ اللَّهَ عَليمٌبمَا يَفْعَلُونَ.

«ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇتلارغائېتىقاد قىلىشتا) پەقەت پەرەزگىلا تايىنىدۇ، پەرەز دېگەن ھەقىقەتنى ئىسپاتلاشتا ھەقىقەتەن ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.» سۈرە يۇنۇس 36-ئايەت

وَلَا ۋنَّ للّه مَنْ في السّمَاوَاتومَنْ في الْوَرْيِ ۗ وَمَا يَتّبعُ الّوِين يَدْعُون منْ دُون اللّهشُرَكَاءَ ۚ ۋنْ يَتّبعُونَ ۋلّا الظّنّ وَۋنْ هُمْ ۋلّا يَخْرُصُونَ.

«راستلا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھ نىڭدۇر(يەنى ئاللاھ نىڭ مۈلكىدۇر، بەندىسىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر). ئاللاھ نى قويۇپ، بۇتلارغا چوقۇنىدىغانلار پەقەت يوقلاڭ پەرەزگىلا تايىنىدۇ، ئۇلار پەقەت جۆيلۈيدۇ.»سۈرە يۇنۇس 66-ئايەت

وَمَا خَلَقْنَا السّمَاءَ وَالْوَرْبَوما بَيْنَهُمَا بَاطلًا ۚ وَٰلكَ ئَنُّ الّوِينَ كَفَرُوا ۚ فَوَيْلٌللّوِينَ كَفَرُوا منَ النّارِ.

«ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى بىكارىياراتمىدۇق، ئۇ (يەنى ئۇلارنى بىكار يارىتىلغان دەپ قاراش) كاپىرلارنىڭ گۇمانىدۇر، كاپىرلارغا دوزاختىن ۋاي!.» سۈرە ساد 27-ئايەت

يَا وَّيُّهَا الّوِينَ مَنُوا اجْتَنبُواكَثيرًا منَ الظّنّ ۋنّ بَعْضَ الظّنّ ۋثْمٌ ۖ وَلَا تَجَسّسُوا وَلَايَغْتَبْ بَعْضُكُمْ بَعْضًا ۚ وَّيُحبُّ وَّحَدُكُمْ وَّنْ يَوْكُلَ لَحْمَ وَّخيهمَيْتًا فَكَرهْتُمُوهُ ۚ وَاتّقُوا اللّهَ ۚ ۋنّ اللّهَ تَوّابٌ رَحيمٌ.

«ئى مۆمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر، (مۆمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى)ئىزدىمەڭلار، بىر - بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر ئاللاھ تىن قورقۇڭلار ئاللاھ (تەۋبەقىلغۇچىلارنىڭ قىلغان) تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر،(ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر.»سۈرە ھۇجۇرات 12-ئايەت

ۋنْ هيَ ۋلّا وَّسْمَاءٌ سَمّيْتُمُوهَاوَّنْتُمْ وَبَاؤُكُمْ مَا وَّنْزَلَ اللّهُ بهَا منْ سُلْطَانٍ ۚ ۋنْيَتّبعُونَ ۋلّا الظّنّ وَمَا تَهْوَى الْوَّنْفُسُ ۖ وَلَقَدْ جَاءَهُمْمنْ رَبّهمُ الْهُدَىٰ.

«بۇ بۇتلار پەقەت سىلەر ۋە ئاتا - بوۋاڭلار ئاتىۋالغان قۇرۇق ناملاردىنلا ئىبارەت، ئاللاھ بۇنى ئىسپاتلايدىغان ھېچبىر دەلىل - پاكىت چۈشۈرگىنى يوق، ئۇلارغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن شەك -شۈبھىسىز ھىدايەت (يەنى پەيغەمبەر ۋە قۇرئان) كەلگەن تۇرۇقلۇق، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ۋە نەپسلىرىنىڭ خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ.»سۈرە نەجم 23-ئايەت

وَمَا لَهُمْ به منْ علْمٍ ۖ ۋنْيَتّبعُونَ ۋلّا الظّنّ ۖ وَۋنّ الظّنّ لَا يُغْني منَ الْحَقّشَيْئًا.

«ئۇلار مۇنداق ئاتاشتا ھېچقانداق ئىلىمگە ئىگە ئەمەس، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ئاساسلىنىدۇ، گۇمان دېگەن ھەقنى ئىسپاتلاشتا ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ.»سۈرە نەجم 28-ئايەت

يۇقارقى ئايەتلەردىن كىتابسىز ۋە ھېكمەتسىزئىنساننىڭ توغرا بىلىمگە ئېرىشىشى ئۈچۈن پەقەت پەرەزگە تايىنىدىغانلىقى ۋە ئۆزپەرەزلىرىگە ئەگىشىدىغانلىقى، نەتىجىدە بۇ پەرەزلەرنىڭ «ھەقىقەتنى ئىسپاتلاشتا»يەنى توغرا بىلىمگە(بىلىم1) ئېرىشىشتە ھېچنىمىگە ئەسقاتمايدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. مۇسۇلمان ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىشقا تولغان ھايات يولىدا كىتاب ۋە ھېكمەتكە تايانغان ھالدا ماڭىدۇ. ئويلىنىش يولى بىلەن مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدىغان بىلىملەرنى ۋە ھۆكۈملەرنى كىتابتىن ۋە ھېكمەتتىن

ئۆگىنىدۇ ۋە ھاياتىدا ئۇنى پاراكتىكا قىلىشقا، جانلىق ياشاشقا باشلايدۇ. ئەكسىچە كىتابسىز ۋە ھېكمەتسىز يولغا چىققانلارباشتىن ئاخىرى گاڭگىراش ۋە ئېزىقىش ئىچىدە بولىدۇ.
تارىختا قارايدىغان بولساق شەيتانغا چوقۇنۇش تا قەدىمي زامانلاردىن تارتىپ كۈنىمىزگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئۇنداقتا شەيتانغا چوقۇنغانلار، ئۇنى رەب قىلغان، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ۋە روھىنى تاپشۇرغان ياكى مەلۇم بىر قارشىلىق ئۇچۇن ساتقانلار كىملەر؟ ئۇلار دەل كىتاب ۋە ھېكمەتتىن يۈز ئۆرۈپ كىتابسىز ۋە ھېكمەتسىز ياشىغانلار ياكى شۇنداق ياشاشقا بەل باغلاپ شۇنداق ياشاشتا ئەزۋەيلەۋاتقانلاردۇر. ئۇلار كىتاب ياكى ھېكمەتتىن نېسىۋىدار بولمىغاچقا ئۆز ھاياتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ پەرەزلىرى بىلەن قۇرۇپ چىققان، ئۆز پەرەزلىرى بىلەن ئىلاھ ياسىغان ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنغان. ئەمەلىيەتتە ئاللاھ بىردۇر ، ئاللاھنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى ۋە ياراتقان پۈتۈن مەخلۇقاتلىرى ھەققىدىكى بىلىم ئۇنىڭ كىتابلىرى ۋە ھېكمەتتىدۇر. ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ ئىلاھ دەپ ئىبادەت قىلىۋالغانلىرى شەيتاندۇر. ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغىنى، قۇلچىلىق قىلغىنى، ئىبادەت قىلغىنى شەيتاندۇر.
ئاللاھ بۇ ھەقتە ئىبراھىم ئەلەيھسسەلام بىلەن ئاتىسىنىڭ دىئالوگىنى بايان قىلىپ شۇنداق دەيدۇ:
ۋۇ قَالَ لۆَبِيه يَا ۆَبَت لمَتَعْبُدُ مَا لَا يَسْمَعُ وَلَا يُبْىرُ وَلَا يُغْني عَنْكَ شَيْئًا.
«ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ئېيتتى: «ئى ئاتا نېمىشقا ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە ساڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەرگەچوقۇنىسەن.
يَا ۆَبَت ۋنّي قَدْ جَاءَني منَالْعلْم مَا لَمْ يَۆْتكَ فَاتَّبعْني ۆَهْدكَ ىرَاهًا سَويًا.
ئى ئاتا! ماڭا سەن بىلمەيدىغان ئىلىملەر نازىل بولدى، ماڭا ئەگەشكىن، سېنى توغرا يولغاباشلايمەن.
يَا ۆَبَت لَا تَعْبُد الشَّيْهَانَ ۖ ۋنَّ الشَّيْهَانَ كَانَ للرَّحْمَٰن عَىيًا.
ئى ئاتا! شەيتانغا چوقۇنمىغىن، شەيتان مەرھەمەتلىك ئاللاھ قا ھەققەتەن ئاسىيلىق قىلدى.
يَا ۆَبَت ۋنّي ۆَخَافُ ۆَنْ يَمَسَّكَعَۆَابٌ منَ الرَّحْمَٰن فَتَكُونَ للشَّيْهَان وَليًا.
ئى ئاتا! سېنىڭ مەرھەمەتلىك ئاللاھ نىڭ ئازابىغا قېلىشىڭدىن، شەيتاننىڭ ھەمراھىغا ئايلىنىپ قېلىشىڭدىن قورقىمەن».
قَالَ ۆَرَاغبٌ ۆَنْتَ عَنْ لهَتي يَاۋبْرَاهيمُ ۖ لَئنْ لَمْ تَنْتَه لَۆَرْجُمَنَّكَ ۖ وَاهْجُرْني مَليًا.
ئۇ (يەنى ئازەر ئېيتتى: «ئى ئىبراھىم! سەن مېنىڭ ئىلاھلىرىمدىن يۈز ئۆرۈمەكچىمۇسەن،ئەگەر سەن (مۇنداق قىلىشتىن) يانمىساڭ، چوقۇم سېنى تاش – كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمەن،ئۇزاق زامان مەندىن يىراق تۇرغىن».
قَالَ سَلَامٌ عَلَيْكَ ۖ سَۆَسْتَغْفرُلَكَ رَبّي ۖ ۋنَّهُ كَانَ بي حَفيًا.
ئىبراھىم ئېيتتى: «ساڭا ئامانلىق بولسۇن، پەرۋەردىگارىمدىن ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، ئاللاھ ماڭا ھەققەتەن مېھرىباندۇر.

وَأَعْتَزِلُكُمْ وَمَا تَدْعُونَ مِنْ دُونِاللَّهِ وَأَدْعُو رَبِّي عَسَىٰ أَلَّا أَكُونَ بِدُعَاءِ رَبِّي شَقِيًّا.

سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھ نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەردىن يىراق بولىمەن، پەرۋەردىگارىمغا ئىبادەت قىلىمەن، پەرۋەردىگارىمنىڭ ئىبادىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن»»سۈرەمەريەم 42-48 ئايەتلەر

ئايەتكە دىققەت قىلىدىغان بولساق ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام ئاتىسىغا « ئى ئاتا! شەيتانغا چوقۇنمىغىن » دەيدۇ، ئاتىسىنىڭ بۇنىڭغا جاۋابەن« ئى ئىبراھىم! سەن مېنىڭ ئىلاھلىرىمدىن يۈز ئۆرۈمەكچىمۇسەن»دەيدۇ. يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام شەيتان دەپ ئاتىغاننى ئاتىسى بولسا ئىلاھلىرىم دەپ ئاتايدۇ. يەنە دىققەت قىلساق ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام شۇنداق دەيدۇ«ئى ئاتا! ماڭا سەن بىلمەيدىغان ئىلىملەرنازىل بولدى »، بۇنىڭدىن شۇنداق يەكۈنگە ئېرىشەلەيمىزكى، كىتابسىز ۋە ھېكمەتسىز يولنى باشلىغانلارنىڭ توغرا بىلىم ئېلىشتا تايانغىنى پەرەز بولۇپ ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي ئىلاھلىرىنىڭ ھەممىسى شەيتانلاردۇر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئاتىسى پەرىزىگە تايىنىپ تونۇپ چىققان ئىلاھى ئۇنىڭ ياساپ چىققان شۇ ھەيكەللىرىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. چۈنكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام دېگەنەدەك ئۇنىڭ ئاتىسى كىتابنى ۋە ھېكمەتنى بىلمەيتتى، نەتىجىدە ئۇ ئۇنىڭغا ئېشىپ قالغان پەرەز قىلىش ، ئويلىنىش يولى بىلەن ئۆز ئىلاھىنى بىر قانچە ھەيكەل ھالىتىدە تونۇپ چىققان ۋە ئۇنىڭغا ئۆز ئېھتىياجلىرىغا كۆرە قىممەت بەرگەن، ئىسىم بەرگەن، ئۇنى ئىلاھى قىلىپ چوقۇنغان. ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن شەيتانغا چوقۇنۇشقا، ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلۇشقا، ئۇنىڭغا سېتىلىشقا ئالدىرايدۇكى ئۇلاردا نە كىتاب نە ھېكمەت يوق ياكى ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرگەن. ئۇلار پەرەزنى ئۆزلىرىنىڭ توغرا بىلىمگە(بىلىم1)ئېرىشىشىنىڭ يولى قىلىۋالغان ياكى يولنى داۋام قىلالماي تۇرغاندا شەيتاننىڭ كىلىپ بەرگەن ۋەدىسىگە ئالدىنىپ شۇ ۋەدىنى ھەقىقەت دەپ بىلىپ تۇرۇپ قالغان. ئۇلار دەل شۇ سەۋەپتىن ئىزنىشنى ئۆز يوللىرىنىڭ داۋامى دەپ چىڭ تۇرىدۇ. ئۇلار دەل شۇ سەۋەپتىن ئىزنىشنى پەرەزلىرىنىڭ بىر نەتىجىسى دەپ بىلىدۇ. ئۇلار دەل شۇ سەۋەپلەردىن ئويلىنىش ئۈچۈن ئىزنىشقا، شەيتانغا سېلىتىشقا ھازىر بولۇش كېرەك دەيدۇ. چۈنكى ئۇلار باشتىن ئاخىر ئىزنىش ۋە شەيتانغا ئىبادەت قىلىش ئىچىدە بولغانلىقى ئۈچۈن يەنە ئىزنىشنى ئۆزيوللىرىنىڭ داۋامى دەپ بىلىدۇ. بىز يۇقارقى ئايەتتىن پەرەز بىلەن تونۇپ چىقىلغان ۋە يەكۈنلەنگەن ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئاتىسى ياسىغان ھەيكەللەرچىلىك ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئەمەسلىكىنى بىلەلەيمىز.

## 2 مۇسۇلماننىڭ ئويلىنىش يولى

مۇسۇلماننىڭ ئويلىنىشنى يولىنى كىتابتىن ۋە ھېكمەتتىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغىنى ئۇلارنىڭ كىتاب ۋە ھېكمەت ئۆگەنگەنلىكى، ئۇنى ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن پۈتۈن ئوي-پىكىر، خىيال، ئارزۇ ۋە ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاساسى قىلغانلىقىدىندۇر. ئۇلار ھەر ئىشتا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى يول باشچى ۋە ئاساس قىلىدۇ. ئۇلار كىتابتىن ۋە ھېكمەتتىن ئۆگەنگىنى بويىچە ئىشلار ئۈستىدە قارار بېرىدۇ. ئۇلار كىتابنىڭ ۋە ھېكمەتتىن تارىغان تەۋھىدنىڭ نۇرى ئاستىدا ھاياتىنى داۋام قىلىۋاتقانلار بولغانلىقى ئۈچۈن شەيتاننىڭ زەلالىتى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى خىرەلەشتۈرەلمەيدۇ. ئۇلار بىردىن بىر ئىلاھى بولغان ئاللاھنى ئۇنىڭ كىتابىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق تونۇيدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىنى بىكارغا ياراتمىغانلىقىنى، كائىناتنى بىكارغا ياراتمىغانلىقىنى كىتاب ۋە ھېكمەت ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ چۈشىنىدۇ ۋە ئۇ چۈشەنچىلەرنى قەلبىگە يەرلەشتۈرىدۇ. مۇسۇلمانلار، مۇئمىنلەر دەل ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن، باشقا ھەرقانداق بىر يول بىلەن ئېرىشى مۇمكىن بولمىغان ئىلىمنىڭ ساھىبلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تەئالا شۇنداق دەيدۇ:

وَللّه الْعزَّةُ وَلرَسُوله وَللْمُؤْمنينَ وَلَـٰكنَّالْمُنَافقينَ لَا يَعْلَمُونَ.

« غەلىبە ئاللاھقا، ئاللاھ نىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە مەنسۇپ، لېكىن مۇناپىقلار (غەلبىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئەمەس، دوستلىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ. » سۈرە مۇنافىقۇن 8-ئايەت

مۇسۇلماننىڭ پىكرى، ئويلىنىشى ھەر زامان كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئۆزىنىڭ مەركىزى قىلغان بولىدۇ. مۇسۇلمان كىتابتىن ۋە ھېكمەتتىن ئۆگەنگەن ئىلىملىرىنىڭ ساھىبى بولالىغان، ئۇنى ھاياتىدا پاراكتىكا قىلىپ جانلىق ياشىيالىغان مۇددەتچە ئۇ كۈچلۈك بولىدۇ، يېڭىلمەس بولىدۇ، ئۈستۈنلۈك قازىنىدۇ. ئاللاھ تەئالا شۇنداق دەيدۇ:

وَلَا تَهنُوا وَلَا تَحْزَنُوا وَۆَنْتُمُالْۆَعْلَوْنَ ۋن كُنْتُمْ مُؤْمنينَ.

«(جىھادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، شېھىت بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر.»سۈرە ئال ئىمران 139-ئايەت

بۇ ئايەتتە ئاللاھ مۇئمىن بولۇشنى ئۈستۈنلۈك قازىنىشنىڭ شەرتى قىلىدۇ. چۈنكى مۇئمىن بولغۇچى كىتاب ۋە ھېكمەتتىن ئىلىم ئېلىۋاتقان، ئۇلارنى ئۆگىنىپ ھاياتىدا پاراكتىكا قىلىۋاتقان، قىلچە خاتاسىز، مۇتلەق توغرا ئىلىمدىن نېسىۋىدار بولغانلار بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ بۇ ئايەتتە مۇئمىن بولۇشنى ئۈستۈنلۈك قازىنىشنىڭ داۋاملىق بىر شەرتى قىلىپ ئالىدۇ.

ئىسلام دىنى دۇنيادىكى ھەرقانداق بىردىنبىر ئارتۇق مۇكەممەللىككە ۋە مۇنتىزىم بىر يىمىرىلماس سېستىمىغا ئىگە. بۇنى بۇدىن ھەققىدە ئىزدەنگەن، تەر ۋە قان تۆككەن، جېنى ۋە مېلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇنلىغان بەدەللەرنى تۆلىگەنلەر ئوبدان بىلىدۇ. شەيخۇل ئىسلام مۇھەممەد ئىبنى

ئۇسەيمىن(رەھمەھۇللاھ) ئۆزىنىڭ ئىسلامىي ئويغىنىش ناملىق كىتابىدا شۇنداق بىر ھېكايىنى بايان قىلىدۇ:

ئەينى چاغدا مەككە مۇشرىكلىرى ئەبۇ سوفيان باشچىلىقىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلامغا قارشى قوشۇن توپلاش ئۈچۈن رۇم ئىمپىرىيسىنىڭ پادىشاھىنىڭ قېشىغا نۇرغۇن سوۋغا سالامىلار بىلەن بارىدۇ. ۋە بولغان ئىشلارنى بايان قىلىپ ئۆزلىرىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلامغا قارشى ياردەم قىلىشنى بۇ جەھەتتە يەنە نۇرغۇن سوۋغا سالامىلار بېرىدىغىنىنى ۋەدە قىلىدۇ. رۇم پادىشاھى ئەبۇ سوفياندىن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەمنىڭ كىشىلىكى ھەققىدە ۋە ئۇنىڭغا نازىل بولىۋاتقان ئايەتلەر ھەققىدە سورايدۇ، ئەبۇ سوفيان نېمە بولسا شۇنى دەپ بېرىدۇ. رۇم پادىشاھى ئاخىرى شۇنداق دەيدۇ: بۇ پەيغەمبەر راس ياكى يالغان بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويىۋاتقان نەزىرىيلىرىنىڭ ئاساسى ناھايىتى ساغلام ئىكەن. مەن ساڭا ياردەم قىلالمايدىكەنمەن، چۈنكى شۇنى بىلىپ تۇرىۋاتىمەنكى، ئۇ پەيغەمبەر ئىككى پۇتى ئاياغ باسقان ھەرقانداق زېمىننى ئۆزىنىڭ قىلالايدىكەن.

ئۇزۇن ئۆتمەي مۇسۇلمانلار ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مۇنتىزىم بىر ھاكىمىيەت قۇرۇپ، شەرقتە پارس ئىمپىرىيسىنى مەغلۇپ قىلىپ كەڭ ئىران زېمىنىنى ئىسلامنىڭ فەتھىسى ئۈچۈن ئاچىدۇ. غەرپتە بولسا رۇم ئىمپىريەسىگە ئەڭ زور تەھتىد كۈچ بولۇپ قالىدۇ.

بىر مۇسۇلمانىنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغانلىقى ئۇنىڭ كىتاب ۋە ھېكمەت ئۆگىنىگەنلىكىدۇر. ئاللاھ قۇرئاندا مۇسۇلمانىنىڭ پىكىر قىلىش يولىنىڭ كىتاب ۋە ھېكمەت يەنى قۇرئان ۋە سۈننەت بويىچە بولىدىغانلىقىنى بىزگە ئۆگىتىدۇ. ھەر ئىشدا كىتاب ۋە ھېكمەتنىڭ ئاساس بولىدىغانلىقىنى ، پەرەزدىن يىراق بولىشىمىزنى، بەزى پەرەزلەرنى قىلىشنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى يەنى پەرەز قىلىش كىتاب ۋە ھېكمەتتىن يۈز ئۆرىگەنلەرنىڭ قىلىقى ئىكەنلىكىنى بىزگە ئايەتلەر ۋە رەسۇلنىڭ ئۆرنەك ھاياتى بىلەن قايت-قايتا تەكىتلەيدۇ. رۇم ئىمپىريەسىنىڭ ئىمپراتورى ئاخىرقى جۈملىنى قانداق دېگەن بولسا بىز بۈگۈنكى شۇ قەدەر ئاھانەت ۋە زۇلۇمغا قېلىپ قېلىشىمىزنىڭ سەۋەبىنى ھەم شۇنداق يەكۈنلىيەلەيمىز: مۇسۇلمان ئوي-پىكىردە، ھەرىكەتتە كىتابسىز ۋە ھېكمەتسىز قالدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ كىتابسىز ۋە ھېكمەتسىز ياشاشنى خالىغانلارغا تەقدىر قىلغان تەقدىرى بىزنىڭ تەقدىرىمىزگە ئايلاندى.

خۇلاسە

ئاللاھ پەيغەمبەر ئەۋەتىپ مۇئمىنلەرگە كىتاب ۋە ھېكمەت ئۆگىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بىلىپ بولۇشى مۇمكىن بولمىغان بىلمنى ئۆگەتتى.ئۇلار قاچانكى مۇسۇلمان ئىكەن، ئۇلار شۇ بىلمنىڭ ۋارىسلىرىدۇر.ئاللاھ ۋە ئاللاھ رەسۇلى قاتارىدا غەلبە قىلغۇچىدۇر، ھەر زامان ئۈستۈنلۈك قازانغۇچىدۇر.

مۇسۇلمان ھەر ئىشدا كىتاب ۋە ھېكمەتنى ئاساس قىلىدۇ. كىتاب ۋە ھېكمەت ئاساسىدا پىكىر ھاسىل قىلىپ ئۆزى دۇچ كېلىۋاتقان مەۋجۇد مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ. كىتاب ۋە ھېكمەتتىن ئۇ مەسىلىلەرنىڭ جاۋابىنى تېپىپ چىقىدۇ. چۈنكى ئاللاھ قۇرئاندا سۈپەتلىگەن مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ ھەرقانداق قىلىپمۇ بىلىپ بولىشى مۇمكىن بولمىغان ئىلىملەرنى پەيغەمبەر ۋاستىسى بىلەن ئۇلارغا ئۆگەتكەنلىكىنى، بۇ بىلىملەرنىڭ پەرەزدە ئەمەس بەلكى، كىتابتا ۋە ھېكمەتتە ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ قاچان شۇ ئىلىملەرگە ساھىپ چىققان ۋە ئۇلاردىن پايدىلانغان ھالدا ھاياتىنى داۋام قىلدىكەن ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلاردىن، غەلبە قىلغۇچىلاردىن، ئۈستۈنلۈك قازانغۇچىلاردىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ، كىتاب ۋە ھېكمەتنى ئۆز ھاياتىنىڭ، بۇ دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك بەخت سائادەتكە ئېرىشىنىڭ ئاچقۇچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا ئۇلار كىتاب ۋە ھېكمەتتىن يۈز ئۆرۈپ پەرەز بىلەن ھاياتىنى داۋام قىلىۋاتقانلار كەبى شەيتاننىڭ قۇللىرىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بولىدۇ.

بۈگۈنكى بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابىنى ۋە رەسۇلىنىڭ سۈننىتىنى (ھېكمەتنى) ئۆگىنىپ، ئۇنى ھاياتىمىزدا پاراكتىكا قىلىپ ، جانلىق ياشاش ۋە ئۇنىڭدىن پىكىر ھاسىل قىلىپ بىز دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى چىدامىلىق بىلەن ھەل قىلىشتىن باشقا ئارتۇق ۋەزىپىمىز يوق. ناھايىتى ئەپسۇسكى ئىشلار تۆۋەندىكى ئايەتتە دېيىلگەندەك بولۇپ چىقىۋاتىدۇ:

وَقَالَ الرَّسُولُ يَا رَبِّ إِنَّ قَوْمِي اتَّخَذُوا هَٰذَا الْقُرْآنَ مَهْجُورًا.

«پەيغەمبەر ئېيتتى: «ئى پەرۋەردىگارىم! شۈبھىسىزكى، مېنىڭ قەۋمىم بۇ قۇرئاننى تاشلاندۇق قىلىپ قويدى»» سۈرە فۇرقان 30-ئايەت

بىر مۇسۇلمان قۇرئاننى تاشلاندۇق قىلىپ قويۇش بىلەن كىتاب ۋە ھېكمەتتىن مەھرۇم قالىدۇ. نەتىجىدە ئۇ كىتابتىن ۋە ھېكمەتتىن يۈز ئۆرىگەنلەر قاتارىدىن بولۇپ قالىدۇ. بىر مۇسۇلمان بىر غەيرى مۇسۇلمان چوڭ بىلگەن نەرسىنى چوڭ بىلىشى بىلەن ئۆزىنىڭ دىنىنى يوقىتىپ قويىدۇ. بىر مۇسۇلمان بىرغەيرى مۇسۇلمان نىشان قىلغان نىشانىنى نىشان قىلىشى بىلەن نىشانسىزلىشىدۇ. بىرمۇسۇلمان بىر غەيرى مۇسۇلماننى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىشى بىلەن ئۆزىگە ۋە پۈتۈن جاھان ئەھلىگە ئۈلگە بولغان رەسۇلىدىن ياتلىشىدۇ. بىر مۇسۇلمان بىر غەيرى مۇسۇلمان ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ياخشى كۆرىشى بىلەن رەببىنىڭ سۆيگۈسىدىن ياتلىشىدۇ. بىر مۇسۇلمان بىر غەيرى مۇسۇلماننى دورىشى بىلەن كىملىكسىزلىشىدۇ.

ئاللاھ تەئالا شۇنداق دەيدۇ:

فَلَا تُطِعِ الْكَافِرِينَ وَجَاهِدْهُم بِهِ جِهَادًا كَبِيرًا.

«شۇنىڭ ئۈچۈن كاپىرلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى (پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا

قويۇپ) بارلىق كۈچۈڭ بىلەن كۈرەش قىلغىن.» سۈرە فۇرقان 52-ئايەت

[1] جېفېرى بۇرتون رۇسسېل، لۇسىفېر،ئوتتۇراچاغدا شەيتان، كابالجى نەشرىياتى، ئىستانبۇل1999، تۈركچە، 17-بەت

[2] جېفېرى بۇرتون رۇسسېل، لۇسىفېر،ئوتتۇراچاغدا شەيتان، كابالجى نەشرىياتى، ئىستانبۇل1999، تۈركچە، 18-بەت

[3] يۇقارقى كىتاب 20-بەت

[4] ئىمام شافىئى، ئەررىسالە، تەھقىق ۋەشەرھ؛ ئەھمەد مۇھەممەد شاكىر، بېيرۇت، ئەرەپچە، 78-بەت

مەنبە: قۇتادغۇبىلىك مۇنبىرى

# 2-ۋېنگرلار ۋە سىبىرىق ئۇيغۇرلار

**جۇڭ جىنۋېن**



سېرىق ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بىلەن ۋېنگر خەلق چۆچەكلىرىدىكى ئورتاق خۇسۇسىيەت ئالامەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئاساسى ھەققىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىش

ۋېنگر مىللىتى ياۋرۇپانىڭ دوناي دەرياسى بويلىرىدا ئولتۇراقلاشقان. بىراق ۋېنگر خەلق چۆچەكلىرى تىپىك ياۋرۇپا – ئاسىيا تۈسىگە ئىگە .نۇرغۇن ۋېنگر خەلق قوشاقلىرىنىڭ سيۇژېت ۋەقەلىكى ئوتتۇرىسىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق ئوخشاشلىقلار بار. بولۇپمۇ ، سېرىق ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ، ئورتاق خۇسۇسىيەت ئالامەتلار تېخىمۇ روشەن نامايەن بولدى. ( بۇ ئىككى تەرەپنىڭ خەلق چۆچەكلىرى ھەققىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقاتىم باشقا ماقالەمدە قويۇلدۇ ). بۇ ماقالىدە ئاساسەن ، ئىككى تەرەپنىڭ خەلق چۆچەكلىرىنى تونۇشتۇرۇش ئاساسىدا بۇ ئورتاق خۇسۇسىيەت ئالامەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن مەدەنىيەت ئاساسى ھەققىدە بەزى مۇھاكىمەلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

مانگىس تىپىدىكى ھېكايە ۋەقەلىكى

1.سىرىق ئۇيغۇرلىرنىڭ «خاتۇننىڭ سوۋغىسى» ناملىق خەلق چۆچىكىنىڭ ۋەقەلىكى مۇنداق : خان جەڭگە مېڭىش ئالدىدا ئۈچ خوتۇنىدىن «جەڭدىن زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلسەم قانداق سوۋغا بىلەن قارشى ئالىسىلەر» دەپ سوراپتۇ. چوڭ خوتۇنلىرى زەر ، كۈمۈش يىپلار بىلەن كەشتىلەنگەن ئەجدىھا تون بىلەن قارشى ئالدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. كىچىك خوتۇنى ... چىرايلىق بىر ئوغۇل تۇغۇپ ، سىزنى شۇنىڭ بىلەن قارشى ئالىمەن. . دەپتۇ. خاننىڭ دىلى زەھەر چوڭ خوتۇنلىرى كىچىك خوتۇن يەڭگىگەن چاغدا خۇپىيانە هالدا بالىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ، كىچىككىنە بىر پىستە كۈچۈكنى كىچىك خوتۇننىڭ قوينىغا سېلىپ قويۇپتۇ. خان جەڭدىن زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەپتۇ. ئۇ جىق تەشۇرۇش – سۈرۈشتۈرۈشلەر ئارقىلىق ئىشنىڭ تېگى – تەكتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپتۇ ھەمدە چوڭ خوتۇننىڭ مانگىس ( يالماۋۇز ) لاردىن ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.

ۋېنگرلارنىڭ «ئاتۇن چاچلىق قوشكېزەك ئاكا – سىڭىل «ناملىق چۆچىكىنىڭ ۋەقەلىكى مۇنداق ؛ ئۈچ قىز شاھزادىگە قەلبىنى ئىزهار قىلىشىپتۇ A .: ئەگەر شاھزادە مەن بىلەن توي قىلسا ، بىر تال كەندىرنىڭ يايىسىدىن ئۇنىڭ جىمى لەشكەرلىرىگە ۋە پۇقرالىرىغا بىر قۇردىن كىيىم قىلىپ بېرىمەن ؛

B؛ ئەگەر شاھزادە مەن بىلەن توي قىلسا ، مەن بىر دانە بۇغداي ئۇرىقىدىن ئۇنىڭ لەشكەرلىرىگە ۋە پۇقرالىرىغا بولكا پىشۇرۇپ بېرىمەن C : ؛ ئەگەردە ، شاھزادە مەن بىلەن توي قىلسا ، مەن ئۇنىڭغا بىر جۈپ قوشكېزەك ئاكا – سىڭىل تۇغۇپ بېرىمەن. دەپتۇ. شاھزدە ئۈچۈنچى قىز بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ، جەڭگە كېتىپتۇ. خانىش يەڭگەندىن چاغدا ، ئالدىنقى ئىككىز قىز تۇغۇت ئانا سىياقىغا كىرىۋېلىپ ، ئالتۇن چاچلىق بىر جۈپ قوشكېزەكنى ئېلىپ كېتىپ ، ئورنىغا ئىللى لۈچۈكنى ئەكىرىپ قويۇپتۇ. ھېلىقى قوشكېزەك بالىلارنى كالا – ئات قوتانلىرىغا تاشلىۋېتكەن ئىكەن. مۆجىزە يۈز بەرگەندەك ئىككىلىسى هايات قاپتۇ. قوشكېزەكلەر چوڭ بېلۇپ ئانىسىنى زىنداندىن قۇتقۇزۇپ ، شاھزادە بىلەن جەم بوپتۇ. ئالدىنقى ئىككى قىز ئەسلىدە مانگىسلاردىن ئىكەن.

2.» شۇدا شېئىر ماسەنگې» نىڭ ۋەقەلىكى مۇنداق : سەپرا مجەز ماسەنگې سۆيۈملىكى كەپتەر قىزنىڭ پەيلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بالا – قازا يېغىپ ، قانجۇق ( ئىت ) مىنگەن مانگىس ھەركۈنى كېلىپ تىرنا بىلەن قىزنىڭ بەدىنىنى تېشىپ قېنىنى شوراپتۇ. ماسەنگې ئوقيا ئېتىپ مانگىسنىڭ پىشانىسىنى چېچىۋېتىپتۇ – دە ، قىزنى ئېلىپ قاچىدۇ. يىگىت كۆرمىگ خېيم – خەتەر ، مۇشكىلاتلارنى باشتىن كەچۈرۈپ ، ئاخىرى مانگىسنى يېڭىپ ، قىزنى بۇتۇلدۇرۇپ چىقىدۇ. «ئۈچ باشلىق يالماۋۇز بىلەن باتۇر يىگىت» نىڭ ۋەقەلىكى مۇنداق : ئاكا – سىڭىل توي قىلىدۇ .ئاندىن ، ئاكىسى ئوۋغا چىقىپ كېتىدۇ. سىڭلىسى ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويۇپ ، سىرتقا ئوت ئىزدەپ چىقىدۇ. ئوت ( چوغ ) بەرگەن موماي ئالا ئىتقا مىنگىنچە ، چېچىلغان كۈلنىڭ ئىزىدىن بويلاپ قىزغا ئەگىشىپ

كېلىدۇ – دە ، ئۈچ باشلىق يالماۋۇزغا ئۆزگىرىپ ، تىرنا بىلەن قىزنىڭ بەدىنىنى تېشىپ قېنىنى شورايدۇ. ئاكىسى ۋەقەدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، يالماۋۇز بىلەن جان تىكەپ ئېلىشىدۇ. ئاخىرى يالماۋۇزنىڭ ئۈچ بېشىنى كېسىپ تاشلايدۇ.

ۋېنگېرلارنىڭ «بوغما يىلان شاھزادە» سىنىڭ ۋەقەلىكى مۇنداق : مەلىكە ئېرىنىڭ يىلان تېرىسى بىلەن ياسىنىۋالغان يىگىت ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ بەكمۇ ئازاپلىنىدۇ. ئۇ خۇپىيانە ھالدا مانگىسنى تاۋاپ قىلىدۇ. مانگىس مەلىكىگە يىلان تېرىسىنى ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرۈۋېتىشنى دەۋەت قىلىدۇ. نەتىجىدە ، سۆيۈملۈك بوغما يىلان شاھزادە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. مەلىكە ئۇزاق سەپەرگە ئاتلىنىپ شاھزادىنى ئىزدەش يولىدا يەنە نۇرغۇن قېتىم مانگىسقا ۋە ئادەم گۆشى يەيدىغان مانگىسنىڭ ئوغلىغا يولۇقىدۇ. مانگىس سېھىرگەرلىك بىلەن ئۆزىنىڭ قىزىنى ( ساختا ) مەلىكىگە ئايلاندۇرۇپ ، شاھزادىگە ياتلىق قىلىدۇ. ئاخىر مەلىكە كۆرمىگ مۇشكىلات ، خېيىم – خەتەرلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ شاھزادىنى تاپىدۇ. شاھزادە يىرگىنىشلىك مانگىسنى ئۆلتۈرىدۇ.

.3سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ «ئالتۇن – كۈمۈش ئاچا – سىڭىل ۋە ياغاچ قىز» ناملىق خەلق چۆچىكىنىڭ ۋەقەلىكى مۇنداق : ياغاچ قىز ۋۇرلۇك – تۇمەن ۋاستىلەنرى قوللىنىپ ، ئاتۇن – كۈمۈش ئاچا – سىڭىللارنى بىرلا ۋاقىتتا خاننىڭ خوتۇنلىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئاندىن ياغاچ قىز ئاتۇن ئاچىنى دېڭىزغا ئىتتىرىۋېتىدۇ. كۈمۈش سىڭىز ھەرقېتىم دېڭىز بويىغا كېلىپ ، پەس ئاۋازدا ئالتۇن ئاچىسىنى چاقىرسا ، شۇئان ئالتۇن ئاچا دېڭىزدىن چىقىپ ، كۈمۈش سىڭلىسىغا جىق گۆش ، يېمەكلىكلەرنى بېرىدىكەن. بىر كۈنى يېمەكلىكلەرنى ياغاچ قىز كۆرۈپ قاپتۇ. كۈمۈش قىز ھەقىقى ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياغاچ قىز غەزەپلىنىپ ئالتۇن ئاچىنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ. خان ئالتۇن ئاچىنىڭ پاجىئەسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ،ياغاچ قىز سياقىغا كىرىۋالغان مانگىسنى ئۆلتۈرۈپ ، ئالتۇن ئاچىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدۇ.

ۋېنگرلارنىڭ «سېرىق خانىش» چۆچىكىنىڭ ۋەقەلىكى مۇنداق : پادىشاھ يىراققا جەڭگە ئاتلىنىدۇ. پادىشاھنىڭ ئاشپىزى سياقىغا كىرىۋالغان مانگىس خانىشنى دەرياغا ئىتتىرىۋېتىپ ، ئۆزىنىڭ قىزنى خانىشنىڭ ئورنىغا قويىدۇ .بۇلارنىڭ ھەممىسنى پادىشاھنىڭ مارال سياقىغا ياسىنىۋالغان ئۇكىسى كۆرۈپ تۇرىدۇ .مارال خانىشنىڭ ئوغلىنى ئېلىپ ، ھەر قېتىم دېڭىز بويىغا بېرىپ ئۈچ قېتىم چاقىرسا ، بىر ئالتۇن ئۆردەك قىرغاققا ئۈزۈپ كېلىپ ، گۈزەل خانىشقا ئايلىنىپ بالىسنى ئېمىتىدىكەن. پادىشاھ قايتىپ كېلىپ ، مارالنىڭ ياردىمى بىلەن ھەقىقى خانىشنى تونۇپ ، يالغان خانىش – مانگىسنى ئۆلتۈرىدۇ.

ئىلاھى بۇركۇت ۋەقەلىكى

1.سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ «بۇركۇت بالا» زەھەر قېرى ئەر – خوتۇن باللارنى بېقىشتىن باش تارتىپ ، چوڭ ئوغلىنى تىك قيادىن پەسكە ئىتتىرۋەتكەن ئىكەن ، تاغ بۇركۇتى قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ. تاغ بۇركۇتى ئۆزىنىڭ باچكىسىغا ئىئۆلۈك قوينىڭ گۆشىنى بېرىپتۇ. بالىغا بولسا تىرىك قوينى ئەكىلىپ ئوزۇقلۇق قىلىپ بېرىپتۇ. بالىغا بۇركۇت تىلىنى ئۆگىتىپتۇ. ئۇنىڭغا سەرمال ( بۇركۇت بالا ) دەپ ئات قويۇپتۇ. تاغ بۇركۇتىنىڭ ياردىمىدە بالا چوڭ بولۇپ تۈرلۈك ماھارەتلەرنى ئۆگىنىپ ، ئۆلۈمگە يۈزلەنگەن ئادەمنى تىرىلدۈرەلەيدىغان ، كالا ، قويلارنىڭ ئوزۇقلىنىدىغان ئوت – سۇينى مول قىلالايدىغان بوپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان ، كىشلەر بۇركۇتنى ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدەك ھۆرمەت قىلىدىغان بولۇپ قالغان ئىكەن.

ۋېنگىرلارنىڭ «ئەبەدىيلىكنى ئىزدىگۈچى شاھزادە «ناملىق خەلق چۆچىكىنىڭ ۋەقەلىكى مۇنداق : ئەبدىيلىكنى ئىزدىگۈچى شاھزادە ئۆز پادىشاھلىقتىن ئايرىلىپ يىراقلارغا سەپەر قىلىۋېتىپ ، كۆككە تاقاشقان ، بەھەيۋەت بىر دەرەخنى كۆرۈپتۇ. غايەت چوڭ بىر بۇركۇت دەرەخنىڭ ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرگەن ئىكەن. شاھزادە يېقىنلاپ بېرىشىغا ، بۇركۇت دەرەخنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ چۈشۈپ ، شاھزادىنىڭ يېنىغا قونۇپتۇ – دە ، بىر پادىشاھقا ئايلىنىپتۇ ، بۇركۇت شاھزادىگە» تەڭرى ماڭا ۋە مېنىڭ پۇقرالىرىمغا ئۆلمەسلىكنى ئاتا قىلدى» دەپتۇ. شاھزادە تۈرلۈك خېيىم – خەتەرلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ ، بۇركۇت پادىشاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئەبەدىيلىك مەملىكتىنى ئاخىرى تېپىپتۇ.

2.سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ «گۆشىرجىيەن بىلەن ياكسا «ناملىق خەلق چۆچىكىنىڭ ۋەقەلىكى مۇنداق : سىڭلىسى گۆشىرجىيەنىڭ ئاكىسى ياكسانى ئىزدەش يولىدىكى سەممى – ساداقەتلىك خىسلىتى ئاق چاچلىق موماينى تەدىرلەندۈرۈپتۇ .ئاق چاچلىق موماي گۆشىرجىيەنگە ياكسانىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى بۇركۇت ، قاغا ، سېغىزخان ، ئېيىق ، بۆرە ۋە سېرىق قۇم ئېلىپ كەتكەنلىكىنى. ئەگەر ياكسانى قۇتۇلدۇرۇپ قايتا ھاياتلىققا ئېرىشتۈرمەكچى بولسا ، ئاۋۋال چوقۇم ھېلقى ھايۋانلارنى بويسۇندۇرىشى لازىملىقىنى ئېيتىپتۇ. گۆشىرجيەن ئۇلارنى يېڭەلمەيدۇ ، ئاق چاچلىق موماي گۆشىرجيەننى ئەرشكە ئېلىپ چىقىدۇ. ئىككىسى سامادا پەرۋاز قىلىدۇ. گۆشىرجيەن باھايتى تېزلا چامباشچىلىق ماھارەتلىرنى ئۆگىنىۋالىدۇ. ھەربىر ھايۋاننىڭ ئازىدىن ياكسانىڭ بەدىنىنىڭ بۆلەكلىرىنى تارتىپ ئېلىپ ، ئاخىرى ئاكىسىنى تىرىدۈرىدۇ.

ۋېنگىرلارنىڭ «شاھزادە بىلەن بۇركۇت قىزى» ناملىق خەلق چۆچىكىنىڭ ۋەقەلىكى مۇنداق : بۇركۇت شاھزادىنى بۆلاپ كېتىپ ، ئۆزىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلدۇرماقچى بولىدۇ. ئەمما ، مانگىس تۈرلۈك –

تۆمەن ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ ، ئۇلارنىڭ قوشۇلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئىلاجىسىز شاھزادە بىلەن قىز قېچىپ كېتىدۇ. مانگىس چوڭ بۈركۈتنى قارا بۇلۇتقا ئايلاندۇرۇپ قوغلاتقۇزىدۇ. لېكىن ، قارا بۇلۇت قوغلاپ يېتەلمەيدۇ. مانگىس ئۆزى چوڭ ئاق بۈركۈت سىياقىغا كىرىپ قوغلايدۇ : يەنىلا قوغلاپ يېتەلمەيدۇ. ئاخىر شاھزادە بىلەن بۈركۈت قىزى ئەلمىساقتىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ ، ئەڭ كاتتا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ.

.3سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ «شۇدا شېئىر ماسەنگې» ناملىق خەلق چۆچىكىنىڭ ۋەقەلىكى مۇنداق : ماسەنگې ماساگىسلارنى يەڭگەندىن كېيىن ، ئۆڭگۈردىن قېچىپ چىقىپ كېتەلمەياۋ ، چوڭ بىر بۈركۈت ئۆككۈرگە كىرىپ ، ماسەنگېنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدۇ.

ۋېنگىرلارنىڭ «دېھقان بالىسى بىلەن شاھ مەلىكىسى «ناملىق چۆچىكىنىڭ ۋەقەلىكى مۇنداق : قىزىل چاچ ئات دېھقان بالىسىنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. بالا بۈركۈتكە ئۆزگۈرۈپ ، قىزىل چاچ ئات باقارنى يېڭىدۇ ھەمدە ئاتۇن بۈركۈتنىڭ ئاسماندا پەرۋاز قىلىش ماھارىتىگە ۋە ئاشۇ چىرايلىق پەيلىرىگە تايىنىپ شاھ مەلىكىسىنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولىدۇ.

ئورتاق ئانا تېمىغا ئىگە بولۇشنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت مەنبەسى

يۇقۇرىدا مىسال كەلتۈرگەن ئىككى گۇرۇپپا خەلق چۆچەكلىرىدىكى سېلىشتۇرمىدىن بايقاش تەس ئەمەسكى ، ئىككى تەرەپ خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئانا تېمىسى ئورتاق. مۇنداق ئورتاقلىقنىڭ مەدەنىيەت ئاساسى نېمە ؟ ئالدى بىلەن تارىخىي مەنبەلەرگە ئىچكىرلەپ كىرىپ مۇھاكىمە قىلىپ باقايلى:

سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مەنبەسى مىلادى 7 – ئەسىردە موغۇل ئېگىزلىكىدىكى سېلىنگا دەرياسى بويىدىرى بىلەن ئورخۇندەرياسى ۋادىلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلاردۇر. بۇنىڭدىن ئىچكىرلەپ تەھقىقلىساەك ، ۋېي ، جىن ، جەنۇبىي – شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى تېلىلار بىلەن چىن ، خەن دەۋرلىرىدە بايقال كۆلى ئەتراپلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشىغان تۇرالار بىلەن قاڭقىلاردىن ئىبارەت. 840 – يىلى قۇملۇقنىڭ شىمالىدى ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرلىپ ، ئۇيغۇرلار توپ – توپ بولۇپ كۆچكەن. بىر بۆلۈكى جەنۇپقا – خېشى كارىدورىغا كېلىپ «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى «ياكى خېشى ئۇيغۇرلىرى ... دەپ ئاتالغان. بۇ بۆلەك ئۇيغۇرلار دەل بۈگۈنكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسى قىسمىدۇر. سېرىق ئۇيغۇرلار «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» دا ) «黄头回鹘» سېرىق باش ئۇيغۇرلار ) ، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا ) «撒里维吾尔» سېرىق ئۇيغۇرلار ( دەپ ئاتالغان. بۇ ئاتالمىلار پۈتۈنلەي ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى

«سېرىق ئۇيغۇر» دەپ ئاتىغانلىقىدىن كېيىنكى مەنە ۋە ئاھاڭ تەرجىمىسىن ئىبارەت. ئەمما ، بۇنىڭ تەركىبىدىكى ( سېرىق ) سۆزىگە نىسبەتەن تا ھازىرغىچە چۆرىدىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلار ئون نەچچە خىلغا يېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ، بۇ سېرىق ئۇيغۇرلار تارىخى ھەل بولمىغان. ئېسىلىپ تۇرىۋاتقان مەسىلە.

ۋېنگر مىللىتىنىڭ مەنبەسى مەسىلىسمۇ تالاش – تارتىش ئۈستىدە كېتىۋاتقان بىر مەسىلە. 1982 – يىلى ۋېنگرىيىلىك ئالىم ئارمىن ۋامبرېي«. مارجان ( ۋېنگرلار )نىڭ مەنبەسى» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ ، ۋېنگرلارنىڭ مەنبەسى تۈركىي خەلقلەر دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ۋېنگرلارنىڭ ئالىملار ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن – مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلدى. يەنى ... تۈركىي خەلقلەر بىلەن ) ugor ئۇيغۇر )لار ئۇرۇشى يۈز بەردى. گەرچە ، ۋېنگرلارنىڭ مەنبەسى ئۇيغۇرلار ، دېگەن قاراش توغرا دېيىلىۋاتقان بولسىمۇ ، ئەمما ۋېنگر مىللىتىنىڭ تەركىبىدە تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ قېنى ئارىلاش ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ.

ۋېنگر ئۆزلىرىنىڭ ماجار ( Magyar ) دەپ ئاتايدۇ .ئىنگلىز تىلىدا Hunggaxian ، فرانسۇز تىلىدا hongrois ، نېمىس تىلىدا Ungri دىن كەلگەن. لاتىن تىلىدىكى بۇ ئاتالغۇ 5 – ئەسىردىكى بىر قەبىلىنىڭ نامى Dnogur دىن گەلگەن. بۇ نام ئەڭ ئاۋال قەدىمكى شەرقىي رىم تارىخچىسى پرىسكۇس ( priscus ) نىڭ خاتىرىسىدە ئۇچرايدۇ. ئۇ خاتىرىدە : تەخمىنەن مىلادى 461 – يىلدىن 465 – يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ساراگۇر ( Saragur ) ۋە ئون ئۇيغۇر( On oghur ) لار تۇنجى قېتىم ۋىزانتىيىگە ئەلچىلەر ئەۋەتكەن. بۇ مىللەرلەر سەل ئىلگىرى شەرق تەرەپتىن كۆچۈپ كەلگەن. دەيدۇ Saragur .لار 466 – يىلى پارسلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان ھەمدە ئامنىيەلۈنى خارابىلىققا ئايلاندۇرۇۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن Saragur لارنىڭ 5 – ئەسىردىن كېيىنكى ئەھۋالى شەرقىي رىم تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدۇ. ئەمما ، – 10ئەسىردىكى پارسلارنىڭ ئەسرى. . دۇنيا جۇغراپىيە تەزكىرىسى ( Aiamaihudud ) .... ۋە 11 – ئەسىردىكى پارس تارىخچىسى گاردىزى ( Gardizi ) نىڭ ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان ، شۇنداقلا r , d , r , v ياكى r, e , n , n, nدىن ئىبارەت. ۋېنگرىيە تارىخنامىلىرىدا خاتىرلىنىشچە ، قەدىمكى ۋېنگرىيىلىكلەر 5 – ئەسىردىلا ئالىلقاچان جەنۇبىي رۇسىيە تۈزلەڭلىكلىرىدە ماكانلاشقان. ئۇلار بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن تۈركىي خەلقلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ، تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيتى ئۇلارغا ناھايىتى كۆپ جەھەتلەردە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. شۇنداقلا ، نۇرغۇن تۈركىي خەلقلەر ۋېنگرىيىلىك ئارىسىغا قوشۇلۇپ ، سىڭىشىپ كەتكەن. ۋېنگرىيىنىڭ , , Ungarn , hungrans , Hungarian , , Vengerدېگەندەك ئوخشىمىغان ناملىرى بار ، بۇ ناملار پۈتۈنلەي تۈرك قەبىلىسى Onagur نىڭ

نامدىن كەلگەن. ئەينى چاغلاردا قەدىمكى ۋېنگرلارمۇ ئۆزلىرىنى «ماجار «( Magyar ) دەپ ئاتايتتى. بۇ نامنىڭ مەنبەسىمۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ Ungrain دېگەن قەبىلىسىنىڭ نامىدىن پەيدا بولغان. ئوخشاشلا ، Saragurلارنىڭ تارىخىي شارائىتى ، كۆچكەن ۋاقتىمۇ ۋېنگرىيلىكلەرنىڭ بىلەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك مۇناسىۋەتكە ئىگە Saragur .دېگەن بۇ سۆز بىلەن سېرىق ئۇيغۇر ( يۇگۇر ( لارنىڭ ئۆزلىرىنى Sarayour دەپ ئاتىشىنىڭ ئىنتايىن يېقىنچىلىقى بار. مېنىڭچە ، تا ھازىرغىچە ، ھەل بولماي مۇنازىرە ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت ئاتالمىسى مەسىلىسى بىلەن غەرپكە كۆچكەن Saragur قەبىلىسىنىڭ نامى تارىىي مەنبە مۇناسىۋەتكە ئىگە.

ئىككىنچى مەسىلە ، مىللەرنىڭ قوشۇلىشى ، نەدەنىيەت جەھەتتىكى تەسىر كۆرستىشلىرىمۇ تىل جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. ھازىرقى ۋېنگر تىلىدىكى تەخمىنەن توققۇز پىرسەنت تۈركىي تىللار فوندىغا تەۋە. بۇنىڭ ئىچىدىكى سېرىق ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئوخشاش ياكى ئۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان سۆزلەرگە تۆۋەندىكىلەرنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ:

سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا ۋېنگر تىلىدا

( Tengerدېڭىز denas )

)بۇقا ) baqa ( كالا bika (

)قوي ) qoi ( قوي kos (

)ئوغلاق ) kisga ( ئوغلاق kecske (

)مېۋە ) alma ( ئالما alma (

)قەھرىمان ) bater ( باتۇر bator (

ئۈچىنچى مەسىلە ، مەدەنىيەت – سەنئەتنىڭ ئۆزلىگىدىن ئاستا – ئاستا ئۆزگىرىپ كېتىشىمۇ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئاساسىغا دەلىل بولالايدۇ .ۋېنگرىيە مۇزىكانتلىرى باتوك بىلەن كېداي خېلى بۇرۇنلا ۋېنگرىيە خەلق مۇزىكىلىرى بىلەن شەرق ( ئاسىيا ) مۇزىكا مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا قان بىلەن گۆشتەك زىچ مۇناسىۋەت بارلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. كېداي ئۆزىنىڭ ... ۋېنگرىيە خەلق مۇزىكىلىرى ھەققىدە ، دېگەن كىتابىدا :«گەرچە ۋاقىت ۋېنگرىيلىكلەرنىڭ چىراي – شەكلىدىكى شەرقلەرگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقۇتىۋېتىشكە قادىر بولسىمۇ ، ئەمما مۇزىكا ئىجادىيىتىنىڭ بۇلىقى – قەلب چوڭقۇرلىغىدا قەدىمىي شەرقنىڭ بىر قىسىم ئالامەتلىرى مەڭگۈ ساقلىنىپ قالغان. بۇ ۋېنگر مىللىتى بىلەن شەرق مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك مۇناسىۋەت بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.«

ۋېنگرىيىنىڭ داڭلىق شائىرى پېتوفى ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن پارچىلىرىدا ۋېنگر مىللىتىنىڭ شەرقتە پەيدا بولغانلىقىنى تىلغا ئالغان ، ۋېنگرىيە ئالىملىرى خەلق چۆچەكلىرىنى رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدا ۋېنگرىيە خەلق چۆچەكلىرىنىڭ قويۇق شەرقچە ئالاھىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. بەزى ئالىملار ۋېنگرىيە خەلق چۆچەكلىرىدىكى ئەڭ قەدىمىي تەركىبلەرنى شەرقنىڭ شامان دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى رىۋايەتلەردىن ئىزدەپ تاپقان.

تارىخىي مەنبە مەدەنىيەت جەھەتتە ئورتاق خۇسۇسىيەت پەيدا بولۇشنىڭ ئاساسى. سېرىق ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىدىكى مانگىس تىپىدىكى چۆچەكلەر بىلەن ئىلاھىي بۆركۈت رىۋايەتلىرى پۈتۈنلەي شامان دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەدەبىيەتتىكى ئانا تېمىدۇر. ماجارلار غەرپ دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. خاتىرلىنىشچە ، ماجارلار ئون ئىككى خىل ئىلاھقا چوقۇنغان .بۇلار ؛ قىش تەڭرىسى ، ياز تەڭرىسى ، يامغۇر تەڭرىسى ، شامال تەڭرىسى ، ئۆز تەڭرىسى ، ، كىشى تەڭرىسى ، ئات تەڭرىسى ، تۆن تەڭرىسى ، سۇ تەڭرىسى ، قۇياش تەڭرىسى ، ئۆلۈم تەڭرىسى يەر تەڭرىسى قاتارلىقلار. بۇ تەڭرىلەر شامان مەدەنىيتى كاتېگورىيىسىگە تەۋە.

مانگىس تىپىدىكى چۆچەكلەر شامان دىنى ئېتىقادىدىكى ئوخشىمىغان باسقۇچلارنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن. ئەدىبىي ئەسەرلەردە گەرچە مانگىس ئوبرازى ئادەملەردەك يارىتىلغان بولسىمۇ ، ئەمما مەزمۇنى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ ، ئۇ شامان دىنىدىكى زېرەك تەڭرىلەرنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ئومۇملاشتۇرۇشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن ، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ «ئۈچ باشلىق يالماۋۇز بىلەن باتۇر يىگىت» ناملىق خەلق چۆچىكىدىكى ئۈچ باشلىق يالماۋۇز ماھايەتتە ئوت تەڭرىسىنىڭ نامايەندىسىدۇر. ئادەم بىلەن مانگىسنىڭ ئېلىشىشىدا ئىپتىدائىي خەلقلەرنىڭ ئوتقا چوقۇنۇش ئىزنالىرى كۆرىنىدۇ. شۇنداقلا ، كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ كېلىش ئارزۇسىنى ئەكس ئېتىدۇ. يىلان ، كەپتە تېرىلىرى ( سىياقى ) كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن ، بالا – قازانىڭ يۈز بېرىشىمۇ شامان دىنىدىكى بىر خىل سېھرىگەرلىك ۋاستىسىنى نامايان قىلىپ بەرگەن. مانگىسنىڭ مۇشۇ خىلدىكى چۆچەكلەردە پەيدا بولۇشى ئەمىليەتتە ، شامان دىنى سېھرىگەرلىكىگە بولغان مەلۇم ئىزاھات ۋە چۈشەندۈشتۇر. مانگىس شامان دىنى ئېتىقادى دۇنياسىدا خۇددى بىر تال شەكىلسىز كۆمۈش يىپتەك ، كۆپلىگەن خىسلەتلىك ئىلاھلارنى غەيرىي تۈردە بىر – بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ. بۇ ھال بولۇپمۇ ۋېنگرىيە خەلق چۆچەكلىرىدە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. ئوخشاش بىر چۆچەكتە مانگىس شامال ، ئاي ، قۇياش دېگەندەك تۈرلۈك ئىلاھلار شەكلىدە نامايان قىلىدۇ. بۇ خىل ئىلاھلار قۇدرەتكە ئىگە كۈچ ، ھەقىقەتەن كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان رولغا ئىگە. شۇڭا ، ئەدىبىي ئەسەرلىرىدىمۇ ئەبەدىيلىك زوق پەيدا قىلالىغان. بۇمۇ مانگىس تىپىدىكى چۆچەكلەرنىڭ خېلى بۇرۇنلا شەرق – غەرپ

ئىككى جايغا بۆلۈنۈپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەر ئارىسىدا ئىزچىل تۈردە ئورتاق ئانا تىپما بولۇپ ساقلىنىپ كېلىشىدىكى تەبىئىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

خان ئوغلى ۋە خانىشنى تاللىشىدىغان چۆچەك ۋەقەلىرىدە مانگىس يەنە بىر يېڭى رولنى ئېلىپ چىقىدۇ ، بۇ خىل رولنىڭ پەيدا بولۇشى شامان دىنىنىڭ تېخىمۇ يېتىلىش ۋە تەرەققىي قىلىش يۆلۈنىشىگە قاراپ ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىنسانلاردا ھوقۇق ، مىراس بۆلۈنۈش ۋە ۋارىسلىق قىلىش قاتارلىق يېڭى ئورتاق تېمىلار پەيدا بولدى. ئىلىم – پەن تەرەققى قىلمىغان ، جەمئىيەت تېخى مۇكەممەللىشمىگەن دەۋرىدە پەيدا بولغان بۇ خىل زور مەسىلىلەر باشقا بىر تەرەپتىن كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىنى تىزگىنلەپ تۇردى. شۇڭا شامان دىنى سېھرىگەرلىكمۇ سىياسىي جەمئىيەتنىڭ نەزىر – چىراق مۇنبىرىگە چىققان. . سېھرىگەرلىك تەبىئەتتىن ھالقىغان بىر كۈچنىڭ ئادەم ، ئىش ، شەيئىلەرگە قارىتا تەسىر كۆرسىتىشى ياكى تىزگىنلەشكە ئۇرۇنىدىغان بىر ئۇسۇلى ۋە ۋاستىسى بولدى. سىرىق ئۇيغۇ چۆچەكلىرى ۋە ۋېنگرىيە خەلق چۆچەكلىرىدىكى مانگىس ئوبرازىنىڭ ئوخشاش ئىپادىلىنىشى ئەمەلىيەتتە ، سېھرىگەرلىك ئاساسىي قاراشلىرىنىڭ بىدەكلىكىدىن باشقا ، تۈپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا ، ئىككى مىللەتنىڭ بىۋاستە كۆزىتىش جەھەتتە ئىلگىرى ئوخشاش بىر زىمىندا بولغانلىقىدىندۇر.

ئورتاق ئىلاھىي بۈركۈت ۋەقەلىكىدىكى بىلەن شامان دىنىنىڭ بۈركۈت روھى ئانا تېمىسى بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. ئادەتتە ، شامان – ئادەم بىلەن تەڭرى ئوتتۇرىسىدىكى «ئەلچى» ھېساپلىنىدۇ. قەدىمكى خەلقلەردە : شامان تەڭرى تەرىپىدىن كىشىلەر ئارىسىغا ئىلاھىي قۇدرەت يەتكۈزگىلى ئەۋەتىلگەن ، دەپ ئىشىنەتتى .ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر لوگىكىسىغا ئاساسلانغاندا ، شامان ئادەم بىلەن تەڭرى ئوتتۇرىسىدىكى ئەلچى بولسا ، ئۇنداقتا ، شامان مۇقەررەر ھالدا پانىي دۇنيا بىلەن باقىي دۇنيا ئوتتۇرىسىدا كېلىپ – كېتىپ تۇرغان بولىدۇ. يەنە كېلىپ ، پانىي دۇنيا بىلەن باقىي دۇنيا ئوتتۇرىسىدا كېلىپ – كېتىپ يۈرگۈچى تەبىئىي ھالدا ئۇچالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ. شۇڭا ، شامان دىنىنىڭ دۇنيا قارىشىدا : شامان ئۇچالايدۇ ، دەپ قارىلىدۇ. سىبق ئۇيغۇرلارنىڭ «گۆڭئېرجىيەن بىلەن ياكا «نامىلىق خەلق چۆچىكىدىكى ئۇچالايدىغان ئاق چاچلىق موماي ئەمەلىيەتتە شامانىنىڭ نامايەندىسى. شامان دىنى ئېتىقادىدا ساما چەكسىز ، سامادىكى قۇياش ، ئاي ، يۇلتۇزلارمۇ مۇقەددەس ، دەپ قارىلىدۇ. ئومۇمەن ، ساماغا يېقىن بولغانلىقى نەرسە ، ئالايلۇق ، ئېگىز تاغ ، ئېگىز دەرەخ قاتارلىقلار ھەمىشە پەرىشتىلەر كىشىلەر ئارىسىغا چۈشىدىغان «ئاسمان شوتىسى» ھېساپلىنىدۇ. پەرىشتىلەرنىڭ روھى چۈشكەن جاي ئالاھىدە قەدىرلىنىدۇ. ئوخشاشلا ، بۇرۇنقى كىشىلەر سامادا ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتقان قىران بۈركۈتنىڭ ئېگىز – ئېگىزلەرگە ئۆرلەپ بۇلۇتلار ئاسىغا شۇڭغىغانلىقىنى ئۇنىڭ ئېگىز تاغ ، ئېگىز دەرەخلەرگە سىلىشتۇرغاندا ئەرشىئەلاغا ،

پەرىشتىلەرگە تېخىمۇ يېقىن ئىكەنلىكىنى كۆرگەن. شۇڭا بۇرۇنقى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا بۆركۈتتىن ئىبارەت بۇ ئوبيېكتىغا نىسبەتەن سەزگۈ بىلەن ھېسىيات ، ئېيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپ زىچ بىلىشىپ ، يۇغۇرۇلۇپ بىر گەۋدىگە ئايلانغان. ئاستا – ئاستا ، بۆركۈتنىڭ سىرلىق كۈچى ، سىرلىق خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالامىتى بولۇپ قالغان.

بۆركۈتكە چوقۇنۇش قارىشى بىللەن شامانىنىڭ سىرلىق كۈچىگە چوقۇنۇش قارىشىنى بىرلەشتۈرگەندە قويۇق شامان مەدەنىيىتى تۈسىگە ئىگە بۆركۈت ئەپسانىسى پەيدا بولغان. بۆركۈتكە چوقۇنۇش قارىشى بىلەن شامان دىنىنىڭ روھ يوقالمايدۇ ، دېگەن قارىشىنى بىرلەشتۈگەندە ، خەلق ئەدەبىياتىدىكى ئەسەرلىرىدىكى بۆركۈت روھى تېمىسى پەيدا بولغان.
يۇقۇرىدا بايان قىلغانلىرىم پەقەت ئىككى مىللەتنىڭ خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئورتاق خۇسۇسيەت ئالامەتلىرىگە قارىتا مەدەنيەت شارائىتى نۇقتىسىدىن ئېلىپ بارغان بەزى مۇھاكىمىلىرىم. مېنىڭچە ، ئەگەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنيىتىگە سېستىملىق سېلىتۇرما ئېلىپ بېرىلسا ، ئىشىنىمەنكى ، تېخىمۇ يېڭى ، تېخىمۇ مول نەتىجىلەر بارلىققا كېلىدۇ.

مەنبەسى: «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1996 – يىل 3 – سانى

# 3-بابۇر مىرزىنىڭ ئۇستازلىرى(1)

**ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى ئاققىر**



تولۇقسىزدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدىن تارىخقا قىزىقىمەن، شۇ چاغلاردا مۇئەللىملىرىم سۆزلەيدىغان تارىخ سۇلالە، پادىشاھلار خۇددى مىڭ بىر كېچە ھېكايىلىرى، مومام سۆزلەپ بېرىدىغان چۆچەكلەرگە ئوخشاش تولىمۇ سىرلىق ۋە قىزىقارلىق بىلىنەتتى. كېيىن يەنە يۇرتىمىز، ئەجدادلىرىمىز تارىخىغا دائىر ماقالە، رومان، ھېكايە، داستانلاردىن يۇرتىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن ھەمدە يۇرتلىرىمىزبىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ۋە خەلقلىرىگە ئائىت يازمىلارنى ئوقۇيدىغان بولدۇم. كېيىن شۇنى بىلدىمكى يۇرتىمىز تارىخىنى تولۇق چۈشىنىمەن دەيدىكەنمىز جۇڭگو تارىخىنى پىششىق بىلىپلا قالماي ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىمۇ بىلىش زۆرۈر ئىكەن.

تور ئارلاپ مەلۇم بلوگدىن خۇرشىد دەۋران تورى دەيدىغان ئۆزبەكچە تور بەتنى كۆرۈپقالدىم. قارىسام بۇ تور بەتتە مەن بەك قىزىقىدىغان مەشھۇر پادىشاھلىرىمىزدىن بابۇرمىرزا ھەققىدە يازمىلار خېلى كۆپتەك ھېس قىلدىم، بۇ بلوگنىڭ ئىگىسى خۇرشىد دەۋراننامىدا ماقالە يازىدىكەن، قارىسام ئۆزبېكىستاندىكى خېلى چوڭ ژورناللاردا ماقالىلىرىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى، نۇرغۇن ئۆزبېك ئالىملىرى بىلەن ئۇلتا- قوپىنىڭ بارلىقىنى دەپتۇ. دىمەك بۇ بلوگ ئۆزبېكىستاندا نامى بار تارىخ ئالىمىنىڭ بلوگىكەن،ئەمما ماقالىلىرى ئۆزبېكچە ئىكەن قانداق قىلىش كېرەك؟ چىقىپ كېتەي دېسەم بۇ تور بەتتە بىز بىلمەيدىغان ياكى بىز بىلىدىغان شەخسلەرگە قارتا باشقىچە قاراشلارنىڭ بولۇشى ئېنىق. ئۇيان ئويلاپ-بۇيان ئويلاپ ئاخىرى بىر تىرىشىپ باقمايمۇ دىگەن نىيەتكە كەلدىم ۋە تۇنجى قەدەمدە بۇ ماقالىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ چىقتىم.

بىلمىم چولتا بولغاچ ئاقساقاللىق قىلىپقالغان بولۇشۇم مۇمكىن، دوستلارنىڭ توغۇرلاپ ئوقۇشىنى

سورايمەن.

بۇ ماقالە مەزكۇر ئالىمنىڭ «بابۇرمىرزانىڭ ئۇستاز ۋە پىرلىرى2» ماقالىسى بولۇپ، 1-سىنىمۇ ئىزدەپ تېپىپ يوللاش نىيىتىم بار. مېنىڭچە بۇ ماقالىنىڭ بىزگە نىسبەتەن پايدىلىنىش قىممىتى بولۇشى مۇمكىن، پايدىلىنىش قىممىتى بولمىغاندىمۇ 15-ئەسىردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن ئاز-تولا خەۋەر تېپىشىمىز مۇمكىن ۋە ياكى تەسەۋۋۇپ تارىخىغا قىزىقىدىغانلارنىڭ ياخشى ماتېريالى بولۇشى مۇمكىن. قېنى ئۇنداق بولسا....




## مىرزا بابۇر پىرلارى ئىككىنچى ماقالە

### خۇرشىد دەۋران

بىز بىرىنچى ماقالىدە بابۇر مىرزا ئۆمۈر بويى ھۆرمەتلەپ ئىززەتلىگەن ھەزرىتى خوجا ئۇبەيدۇللا ئەھرار ھەققىدە توختالغان بولساق، ئەمدى ئۇلۇغ شائىر ۋە سەركەردىنىڭ بالىلىق دەۋردىن باشلاپ تايانچ بولغان، ئۇنىڭ سەرگەردان-سەرسانلىق سەپەرلىرىگە مەددەت بەرگەن ۋە شۇ يولدا شېھىت بولغان خوجا مەۋلانە مۇھەممەد قازى بىلەن بابۇرمىرزانىڭ ماۋارەئۇننەھردىكى قول بەرگەن پىرى، ھىندىستان ئېكىنزارلىرى، گاھى ئىلچى ئارا يۈرۈپ مەنىۋى جەھەتتىن مەددەت، دۇئايۇ فاتىھە بەرگەن مەخدۇم ئەزەم ھەققىدە ھېكايە سۆزلەشنى مەخسەد قىلدۇق. بىراق، بۇ ئىككى ئۇلۇغ سىما ھەققىدە ھېكايە باشلاشتىن ئاۋۋال تۈركىستان تەسەۋۋۇپ تارىخىدا سىزلەرگە ئىز قالدۇرغان سۇلتان بۇرھانىددىن قىلىچ توغرىسىدا مەلۇمات بەرمەكچىمىز. بۇ مۇبارەك زات بىزنىڭ مەقسەدلىرىمىزگە سەۋەب بولغان ئىككى زادىنىڭ بوۋا كالانىدۇر. بابۇر مىرزا ئۆز كىتابىدا خوجا مەۋلانى قازى ھەققىدە

مۇنداق دېگەن «خوجا مەۋلانە قازىنىڭ ئېتى ئابدۇللادۇر. ئاتا تەرىپىدىن نەسەبى شەيخ بۇرھانىددىن قىلىچقا تۇتىشىدۇ. ئانا تەرىپىدىن سۇلتان ئىلىكقا يېتىدۇ. فەرغانە ۋىلايىتىدە بۇ كىشىلەر شەيخۇلئىسلام ۋە قازى بولۇپ كەلگەنلەردۇر...» مەخدۇم ئەزەم«رىسالىئى تارىخى ۋافاتى شەيخون (شەيخلەر ۋافاتى تارىخى)»، «رىسالىئى ئۇلامىيا» دە شەيخ بۇرھانىددىن قىلىچ ھەققىدە يېزىپ، ئۆز پۇشتىنى شەيخكە ئۇلىنىش قىلىپ«بوۋا كالانىم» دەپ پەخىرلەنگەن. سۇلتان بۇرھانىددىن قىلىچ ھەققىدە مۇختاسارنىڭ(؟) «ماتلاپ ئات-تالىبىن»، «مەناقىبى مەخدۇمى ئەزەم»، «جامى ئۇل-ماقامەت»، «مۇلھاكاتئەس-سۇرۇھ» ناملىق ئەسەرلىرىدە رىۋايەت نەقىللەر مەۋجۇت.

رىۋايەت قىلىنىشىچە ھەزرىتى ئەبۇ تالىپ ئەۋلادىدىن بولمىش سايىد كامالىددىن مەدىنەنى تەرك ئېتىپ، ماۋارائۇننەھرىگە كەلگەن ئىكەن، بىر كۈنى ئۇ ئۆستەڭ بويىدا دەم ئېلىش ئۈچۈن توختىغاندا فەرغانە ۋە ئۆزكەنت پادىشاھى سۇلتان ئىلىك مازىيى خەۋەر تېپىپ،«سەيىدزادىگە ھۆرمەتسىزلىككە يول قويۇلمىسۇن» دېگەن نىيەتتە، ئۇنى ھوزۇرىغا چىللاپ ئادەملەرنى ئەۋەتكەندە سايىد كامالىددىن ئۇلارغا «مەن بىر قەلەندەر كىشىمەن، ئاللاھنىڭ ئىشقى ئىزدەپ بۇ دىيارغا كەلگەنمەن، سېنىڭ پادىشاھىڭ بىلەن ئىشىم يوق» دەپ بېرىشقا قوشۇلمايدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ يەنە ئادەم ئەۋەرتىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆزى بېرىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىغان. شۇنىڭ بىلەن سەيىدزادە «پادىشاھلار دەرۋىشلەر سۆھبىتىگە مايىل ئىكەن، ئۆزۈم بارىمەن» دەپ سۇلتان ئىلىك ھوزۇرىغا گەپ ئەۋەتىپ بېرىدۇ. پادىشاھ ئۇنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالىدۇ ۋە ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆز قىزىنى سەيىدزادىگە نىكاھلاپ بېرىدۇ. يەنە بىر مۇددەت ئۆتۈپ، سايىد كامالىددىن ئايالىنى ئېلىپ ئۆز يۇرتى مەدىنەگە قايتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي دۇنيادىن كۆز يۇمغان. سەيدى كامالىددىن ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئايالىغا تۇغۇلغان پەرزەندىنىڭ ئىسمىنى سۇلتان بۇرھانىددىن قويۇشنى ۋەسىيەت قىلغان ئىكەن.

رىۋايەتلەردىن كۆرە سۇلتان بۇرھانىددىن توققۇز يېشىدا ئانىسى بىلەن فەرغانىگە قايتقان. بوۋىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تەختكە چىقىپ، بىرقانچە مۇددەت ئەل-ئۇلۇسقا ئادالەت ئىشكىنى ئېچىپ، ئەدلۇ-شەپقەتلەر قىلغان ئىكەن. ئەمما قېنىدا دەرۋىشلىك، سوپىلىق غالىپ كەلگەن ياش پادىشاھ، خۇددى ھەزرىتى ئىبراھىم ئادھامدەك، تاجۇ-تەختتىن ۋاز كېچىپ، مۇرشىد ئىزدەپ خوجەندكە- ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ زەبەردەست تەسەۋۋۇپ ئەربابى شەيخمەسلاھاتۇددىن خوجەندى (ئۇنى بادېئون نۇرىمۇ دەيدۇ) دەرگاھىغا بېرىپ، كۆپ ۋاقىت مۇلازىمەت قىلغان ئىكەن. ئۇستازىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن 1221-يىلى ئۆزگە كېلىپ،خەلقنى ھەق مەرىپەتكە يۈزلەندۈرگەن ۋە ئالەمدىن ئۆتكەن. مەقبەرىسى ئۆزكەند شەھرى ئەتراپىدىكى مۇساپىر ئاتا قەبرىستانلىقىدىدۇر.

سۇلتانبۇرھانىددىن ئىسلام دۇنياسىدا شەيخ بۇرھانىددىن قىلىچ نامى بىلەن مەشھۇر. ئۇنىڭ«قىلىچ» لەقەبلىرى توغرىسىدا بىر قاتار رىۋايەتلەر مەۋجۇد.

ئېيتىشلارچە، بىر كۈنى ئەزىز كىشلەردىن بىرى سۇلتان بۇرھانىددىننىڭ نىمە سەۋەپتىن تاج-تەختتىن ۋاز كېچىپ، سوپىلىقنى تاللىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىش مەقسىدىدە ئۇنىڭ خانىقاسىغا بارىدۇ، سالام بىرىپ كىرگەن كىشىنىڭ نىيتىنى ئۇققان شەيخ كارامەت كۆرستىپ، ئەزىز كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا بىر قىلىچ پەيدا قىلىدۇ، ئەتراپىدا ئۇچۇپ يۇرگەن چىۋىنلەر ئۇنىڭ تىغىغا ئۇرۇلۇپ ئىككى پارچە بولۇپ كېتىدۇ. ھەيرانلىقتا ئېغىزى ئېچىلىپ قالغان كىشىگە قاراپ، شەيخ «چىۋىنلار ئەيىبدارمۇ بۇ قىلىچقا؟» دىگىنىدە، ھىلقى كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزرە ئېيتىپ تەۋبە قىلغان ئىكەن. مانا شۇ ۋەقە سەۋەبلىك شەيخ «قىلىچ» لەقىمنى ئالغان.

جامالىددىن قارشى (1230-يىلى تۇغۇلغان) قەلىمىگە مەنسۇپ «مۇلھاقات ئەس-سۇرراھ» دىگەن ئەسەردە شەيخ بۇرھانىددىن قىلىچ ئەل-ئۆزكەندى ھەققىدە مەلۇماتلار ۋە ئۇنىڭ ئەزمەتلىكى ھەققىدە ھىكايەتلەر كەلتۈرۈلگەن. مەھدۇمى ئەزەمنىڭ يېزىشىچە، شەيخ بۇرھانىددىن ساھىبى قۇدرەت بولغان، ئەگەر ئۇ ئاق خەسىگە قارىسا، ئۇ خەسە دەرھال كۆكەرگەن. كونا كىتابلاردا شەيخنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇلۇغ پېشىۋالىرى خوجا ئوبۇلقاسىم كورگانى ۋە خوجايۇسۇپ ھەمەدانىلار بىلەن سۆھبەت قۇرغانلىقى ھىكايە قىلىنغان.

### خوجامەۋلانە ئابدۇللاھ قازى

بابۇرمىرزا ئىخلاس قىلغان زاتلاردىن بىرى، خاتىرە كىتابىدا «ئۇستازىم ۋە پىرىم» دەپ ئېزىزلىغان كىشى خوجا مەۋلانە ئابدۇللا قازىيدۇر.

«بابۇرنامە»دە ئۇ «خوجا مەۋلانە قازى»، «خوجا قازى» دەپ تىلغا ئېلىنغان.

«بابۇرنامە»گە ئاساسلانساق، مەۋلانە مۇھەممەد قازى ئەينى يىللاردا بابۇر مىرزىنىڭ ئاتىسى،ئەندىجان ھۆكۈمدارى ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ دەرگاھىدا، ئۇنىڭ ئەڭ سادىق كىشىسى -پادىشاھنىڭ پىرى مۇرشىدى بولغان. ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ۋاپات بولىشى، سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئەندىجانغا قوشۇن تارتىشى بىلەن باشلانغان تەھلىكە كۈنلەردە بابۇر مىرزىغا خىزمەتتە بولغان دەسلەپكى كىشلەرنىڭ بىرىدۇر. بابۇر مىرزا شۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ «خوجا مەۋلانە قازى، سۇلتان ئەھمەد قازىنىڭ ئوغلى ۋە شەيخ بۇرھانىددىن قىلىچنىڭ نەسلىدۇر، ئانا تەرىپىدىن سۇلتان ئىلىك مازىيىنىڭ ئەۋلادى، ئۇنىڭ ئابا ئەجدادى مۇشۇ ۋىلايەتكە (فەرغانە ۋىلايىتىگە) قازىۋە

شەيخۇلئىسلام بولۇپ كەلگەنلەردۇر.... قورغان ئىچىدىكى بەگلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن (ئىسيانچىلارنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كەلگەنلىكىنى دېمەكچى) خوجا مۇھەممەدكە ئەرز قىلدى، ئۆمەر شەيخمىرزىنىڭ خوتۇن-قىزلىرى ئاشۇ يەردە ئىدى، بىرىپ ئۇلارنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپ، نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن مېنى ئېلىپ ياندى. كېلىپ ئەرككە (قورغاننىڭ ئىسمى) چۈشتۈم. خوجا مەۋلانى قازى ۋە بەگلەر مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، سۆز ۋە كېڭەشلەرنى قىلىشىپ، قورغاننىڭ ئامانلىقى ۋە راۋانلىقى ئۈچۈن مەشغۇللاردا بولدى....

سۇلتان ئەھمەد مىرزا خوجەند، مەرغۇلانلارنى ئالغاندىن كېيىن، ئەندىجاننىڭ تۆت ئەتراپىنى قورشىۋالدى... خوجا قازىنى ۋە ئۇزۇن ھەسەن خوجا ھۇسەيىننى ئەلچىلىككە... ئەۋەتتۇق»شۇ كۈندىن باشلاپ مەۋلانە مۇھەممەد قازى ئون ئىككى ياشلىق پادىشاھ ئۈچۈن رەھنامە بولۇپ، بابۇر مىرزا ئۈچۈن ئەڭ كۈچلۈك تايانچلاردىن بولۇپ قالدى.

1497-يىلى نويابىرنىڭ ئاخىرىدا سەمەرقەندنى ئىگىلىگەن بابۇر مىرزا بىر-ئىككى ئاي قامال ئىچىدە قالدى. سەمەرقەند قامال قىلىنغانلىق سەۋەب بىلەن شەھەرگە كىرگەن ئەندىجان قوشۇنى تەن قىسلىقتا قالدى، ئاقىۋەتتە، بەزى بەگلەر ئەندىجانغا قېچىپ كەتتى. بابۇر مىرزا قاچاقلارنى ئىنساپقا چاقىرىش ئۈچۈن مەۋلانە مۇھەممەد قازىنى ئەندىجانغا ئەۋەتتى.

ئەندىجانغا قېچىپ بارغان بەگلەردىن — سۇلتان ئەھمەد تەنبەل بىلەن ئۇزۇن ھەسەن تىل بىرىكتۈرۈپ خىيانەت يولىغا ئۆتتى. ئىككى خىيانەدكار بەگ سەمەرقەندتە ئۇلجا تاپالماي قاچقان بەگلەرنى شۇنىڭدەك قاچقۇن موغۇل نەۋكەرلەرنى ئۆز تەرىپىگە تارتىپ، بابۇر مىرزىنىڭ ئىنىسى جاھانگىر مىرزىغا ئەندىجان تەختىنى ئېلىپ بەرمەككە قەستلىدى. ئەندىجانغا يېتىپ بارغان مەۋلانە مۇھەممەد قازى ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، يۇرۇش باشلانغاندا بابۇر مىرزا تەرىپىدىن قالدۇرۇلغان نەۋكەرلەرنىڭ ئىسيانچىلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئون سەككىزمىڭ قوينى قورغاندىكى قوشۇنغا تارقىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگەئۇ ئارقىمۇ-ئارقا مەكتۇپ يېزىپ، بابۇر مىرزىنى ئەندىجانغا قايتىشقا دەۋەت قىلدى. بابۇر مىرزا بۇ ھەقتە مۇنداق يازغان «مۇھاسىرە مەزگىلىدە مېنىڭ ۋالىدەلىرىدىم ۋە خوجا قازىدىن ئارقىمۇ-ئارقا بۇ مەزمۇندا خەتلەر كېلۇر ئېدىكىم، بىزلەرنى مۇھاسىرە قىلىپتۇرلەر، ئەگەر كېلىپ پەريادىمىزغا يەتمىسىڭىز ئىش يامان بولغۇسىدۇر دېگەن تەرىقىدە ئارقىمۇ-ئارقا خەتلەر كەلدى.»

شۇ كۈنلەردە يالغۇزلىق، قورقۇنچ ياكى باشقا سەۋەبتىن بابۇر مىرزىنىڭ ئەھۋالى ئېغىرلىشىپ، ئاغرىپ يېتىپ قالدى. ئانا كۆكسىنى ئۇنتۇشقا ئۈلگۈرمىگەن ئون بەشياشلىق پادىشاھ ئۆز

ۋالىدەسىنىڭ تەقدىرىدىن چۆچۈپ قالغان ئىدى. ئىنىسى جاھانگىر مىرزىنىڭ ئانىسى باشقا ئىدى، شۇڭا زۇلۇم يولى ئوچۇق ئىدى.

ئەندىجاندىن كېلىدىغان خەت توختىمىدى «ئانىلىرىمىدىن ئانام ۋە ئانامنىڭ ئانىسى ئېسەن دەۋلەتبېگىم، يەنە ئۇستازىم ۋە پىرىم خوجا مەۋلانە قازىلاردىن خەتلەر كېلىپ تۇراتتى...»

بابۇر مىرزا سەمەرقەند تەختىگە ئولتۇرغىنىغا دەل يۈز كۈن بولغان چاغ يەنى 1498-يىلىفېۋرالدا شەھەرنى تەرك ئېتىپ، ئەندىجانغا قاراپ يول ئالدى. ئۇنىڭ قوشۇنى يول يۈرۈپ بىر ھەپتە دېگەندە خوجەندكە يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا بابۇر مىرزىنى دەھشەتلىك خەۋەر كۈتۈپ تۇراتتى. «شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئەندىجاندىن بىر كىشى ئۇشبۇ خەۋەرنى كۆتۈرۈپ كەلدىكىم، بۇندىن يەتتە كۈن بۇرۇنقى شەنبە كۈنى بىز سەمەرقەنددىن چىقىپتۇمىز، ئاشۇ شەنبە كۈنى ئەلي دوست تاغايى (بۇ ئادەمنى بابۇر مىرزا ئەندىجانغا ھاكىم قىلىپ قالدۇرغان. خ.د) ئەندىجان قەلئەسىنى مۇخالىفلارغا بېرىپتۇ...» يەنە نەچچە كۈن ئۆتۈپ بابۇر مىرزا يەنە بىر شۇم خەۋەرنى ئىشىتتى. «ئەندىجاننى ئالغاندىن كېيىن، مېنىڭ خوجەندكە كەلگىنىمنى ئاڭلاپ، خوجا مەۋلانە قازىنى ئەرك دەرۋازىسىغا ئېسىپ شېھىت قىلدىلەر» بابۇر مىرزا پىر ئۇستازىنى ئەسلەپ خاتىرىسىنى شۇنداق يەكۈنلىگەن «خوجا قازى ھەزرىتى خوجا ئۇبەيدۇللاھنىڭ مۇرتى ئىدى، كۆپ تەربىيەتلەرنى ئالغان ئىدى. خوجا قازىنىڭ ۋەلىلىكىدە مەندە ھېچ شەك يوقتۇر. مۇنداق بىر ئىش ۋەلىلىقىگە دەلىلدۇركى، ئۇلارغا قەسد قىلغانلاردىن ناھايىتى تېزلا ئۇچۇر ۋە ئالامەتلەر قالمايتتى. خوجا قازى ئاجايىپ كىشى ئىدى، ئۇنىڭدا قورقۇنچ دېيدىغان نەرسە ئەسلا يوق ئىدى، ئۇنىڭدەك دانا كىشى كۆرۈلگەن ئەمەس. بۇ سۈپەتكە ئۇ ئالغان ۋىلايەتلەر دەلىلدۇر. شەھەر ئالغان ھەر قانداق بىر باھادىر كىشى، چوقۇمكى داغدۇغا ۋە تەۋەھھۇملارنى قىلاتتى، خوجا ئەسلا داغدۇغا ۋە تەۋەھھۇملارنى قىلىپ باقمىغان ئىدى. خوجا ۋەقەسىدىن كېيىن خوجىغا مەنسۇپ جايلار، نەۋكەر، چاكار، ئايماق ئاھالىلىرىنى تامامەن تۇتتۇرۇپ تالاتتى....»

خوجا ئابدۇللا قازى ھەققىدە سۆز بولغاندا خېلى كۆپ تارىخى مەنبەلەردە مەۋلانە مۇھەممەد قازى نامى بىلەن تىلغا ئېلىنغان يەنە بىر زات خۇسۇسىدا مەلۇمات بېرىپ ئۆتۈش بەك مۇھىم. بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئوخشاشلا «مەۋلانە قازى» دەپ ئاتىلىشى بەزى مەنبەلەردە بۇ ئىككى شەخسنى بىر زاد دەپ چۈشۈنۈشتەك مۇجمەل پىكىرلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. كەمىنە ھەم دەسلەپكى ماقالىلىرىمنىڭ بىرىدە شۇنداق خاتاغا يول قويغان ئىدىم. كېيىنكى يىللاردا سەمەرقەندلىك ئۇلۇغ ئالىم ئاكادېمىك باتىرخان ۋەلىخوژېۋ ۋە ئىزلەنۇۋچان ئالىمكامىلخان كاتتىبېۋنىڭ تەتقىقاتلىرى بۇ مەسىلىگە جاۋاپ بەردى. خوجا ئابدۇللاھ بىلەن خوجا مۇھەممەد ئەممەزادىلەردۇر (بىر ئۇستازنىڭ شاگىرتلىرىدۇر — ئاقىر).

ھەرئىككىسنى مىرزا بابۇر يېزىپ قالدۇرغان، بىرنەچچە ئەسىرلەر مابەينىدە «فەرغانە ۋىلايىتىدە...مۇقتەدا ۋە شەيخۇلئىلسام ۋە قازى بولۇپ كېلىنگەن» خانادانغا مەنسۇپتۇر.

## (يەنەبىر خوجا مەۋلانە قازى ھەققىدە ـــ ئاققىر)

خوجامەۋلانە ئابدۇللا قازىغا ئوخشاش خوجا ئەھرارى ۋەلىنىڭ ئەسھابلىرى بولمىش خوجا مەۋلانە مۇھەممەد ئىبنى بۇرھانىددىن 851-يىلى (1447-1448-يىلى) سەمەرقەندىدە تۇغۇلغان.

خوجا مەۋلانە مۇھەممەد ئۆزىنىڭ «سىلسىلات ئۇل-ئارىفىن ۋە تەزكىرات ئۇس-سادىقىن» دېگەن ئەسىرىدە خوجا ئەھرار ۋەلىي مۇلازىمىدە ئون ئىككى يىل بولغانلىقى قەيد قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھېكايە قىلىشىچە ئۇ مەۋلانە نېمىتىللا دىگەن كىشى بىلەن ئىلىم ئېلىش مەقسىتىدە سەمەرقەندىدىن ھىراتقا ئاتلانغان، شادىمەن داراسگە (؟) كەلگەندە ھاۋانىڭ ئىسسىپ كېتىشى سەۋەبلىك ئۇلار شۇ جايدا پاناھلانغان. شۇ پەيتتە خوجا ئەبەيدۇللا ئەھرار بۇ جايغا كېلىدۇ. مەۋلانە مۇھەممەد قازى شۇ زامان ئۇنىڭ ھوزۇرىغا بارىدۇ.خوجا ئۇنىڭدىن «سەن قەيەرلىكسەن؟» دەپ سورايدۇ. مەۋلانە سەمەرقەندلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. خوجا ئەھرار كۆپ ھېكايەتلەرنى ئۇلارغا نەقىل قىلىدۇ ۋە شۇ جۈملىدىن مەۋلانى قازىينىڭ نىمە مەقسەددە سەمەرقەندىدىن ھىرات تامان يول ئالغىننى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ بىشارىتىدىن ھەيرەتتە قالغان مۇھەممەد قازى خوجىغا ئېتقاد قىلىدۇ. خوجا ئەھرار ئۇنىڭغا ھىراتقا بېرىشتىن مەقسەت ئىلىم ئېلىش بولسا، بۇخارادىمۇ ھەم ئېلىش مۈمكىنلىكىنى ئېيتىدۇ ۋە يولدىن قايتىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي مەۋلانە قازى يولنى داۋام ئەتتۈرمەكچى بولۇپ، ئىجازەت ئېلىش مەقسىتىدە خوجىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. خوجا ئەھرار ئۇنىڭغا «راستىنى ئېيتقىن، ھىراتقا دەرۋىشلىك ئۈچۈن بارامسەن ياكى ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈنمۇ؟» دەپ سورىغاندا مەۋلانە نېمىتوللا «دەرۋىشلىكى كۆچلۈك كېلىپ، ئىلىم ئېلىشنىمۇ بىرلىكتە قىلماقچىن» دەيدۇ. شۇ چاغدا خوجا ئەھرار تەبەسسۇم قىلىپ مەۋلانى قازىنىڭ قولىدىن تارتىپ باغ تەرەپكە بۇرايدۇ. مەۋلانە قازى ئەسلەپ مۇنداق يازىدۇ. «‹قولۇمنى ھەزرەت تۇتقان ھامان ئەس ھۇشۇمنى يوقاتتىم ۋە بىرنەچچە مۇددەتتىن كېيىن ئۆزۈمگە كەلدىم›.ھەزرىتى ئىشان ئېيتىدۇ. ‹ساڭا بىر مەكتۇب بېرىمەنكى ئۇنى قولۇڭدا تۇت ۋە ئۇنى ئوقۇيالمىساڭ ياخشى ساقلا، ئۇ ساڭا كېپىلدۇر› شۇنىڭ بىلەن بىزگە رۇخسەت بەردى ۋە فاتىھە بېرىپ ئۆزلىرى ئاتقا مىنىپ يۈرۈپ كەتتى. بىز بۇخارا تامان يول ئالدۇق. ئانچە ئۇزۇن يۈرمەيلا ئارقىمىزدىن بىر پىيادە كىشى يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە خوجا ئېيتقان مەكتۇبنى ماڭا بەردى. بۇ خەتنى ئوغۇللىرى خوجا كالانغا يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا «بۇمەكتۇبنى ئېلىپ بارغۇچىنىڭ ئەھۋالىدىن ۋاقىپ بولۇڭ، ھورۇنلۇق قىلىشقا ۋە ھەر كىمگە ئوشۇقچىلىق قىلىشقا ئەسلا يول قويماڭ»، دېيىلگەن ئىكەن. بۇخاراغا بارغۇچە ئالتەئېشەكنى ئالماشتۇردۇق، بۇخاراغا بېرىش بىلەن كۆز ئاغرىقىغا

دۈچار بولدۇم ۋە نەچچە كۈنگىچە سەپەرگە چىقالمىدىم. نەچچە مەرتىۋە سەپەرگە چىقىشنى نىيەت قىلسام، شۇنچە مەرتەم قارشىلىققا دۇچ كەلدىم. ئاخىرى بەزگەك كېسىلىگە دۇچار بولدۇم ۋە سەپەر قىلىش پىكرىنى بىر تەرەپكە يىغىشتۇرۇپ قويدۇم. مەندە تاشكەنتكە بېرىش ئىشتىياقى پەيدا بولدى ۋە تاشكەنتكە بېرىپ شەيخ ئىلياس تەرەپكە بارماقچى بولۇپ ئۆلغىمنى ۋە ئۇنىڭغا ئارتىلغان كىتابلارنى شۇ يەردىلا بىرىگە ساقلاشقا بەردىم. شەيخ ئىلياس دەرۋىشلىرىدىن بىرەر كىشىنى كۆرۈش مەقسىتىدە بازارغا كىردىم، بىر كىشى ئۇچراپ مېنى شەيخ ئىلياس تەرەپكە ئېلىپ بارماقچى بولدى. ئۆلغىمنى ئېلىش ئۈچۈن دەڭگە كەلسەم، ئۇ كىشى ماڭا «ئۇلۇغۋار خورجىنلىرى بىلەن يوقالدى» دەپ جاۋاپ قايتۇردى. ئىزتىراپ چېكىپ بىر چەتكە چىقىپ غەمكىن ھالدا ئولتۇردۇم ۋە خىيالىمدا ‹بۇ جاھاننىڭ غەم-غۇسسىلىرى بەك كۆپتۇر، مەن ئەسلى ئۇلارنى قويۇپ شەيخ زىيارىتىگە بېرىشىم كېرەك، ئېھتىيات قىلسام باشقا زەرەر تەگمەس› دەپ ئويلاپ ئولتۇرسام قۇلىقىمغا بىر تاۋۇش كىردى. «سېنىڭ ئېشىگىڭ تېپىلدى». بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ئېشىگىم ھازىر بولۇپ تۇرۇپتۇ. ھېلقى كىشى ماڭا ‹ھەيرەتتىمەن، شۇنداق ئالدىمدا تۇرغان ئۆلغىڭ بىردىنلا غايىپ بولدى› دەۋاتاتتى. شۇ زامات ئۆلۈغىمنى مىنىپ سەمەرقەنت تامان يول ئالدىم ۋە شەيخ ئىلياس يېنىغا بېرىشتىن ئۆزۈمنى توستۇم. سەمەرقەندتە ھەزرىتى ئېشان ھوزۇرىغا كىرگەن ئىدىم، ئېشان ‹خۇش كېلىپسەن، ماڭا مەلۇم بولدىكى، سەن ئۆز جايىڭنى تاپتىڭ› دەپ تەبەسسۇم قىلدى.»  شۇندىن باشلاپ مەۋلانە قازى خوجا ئاھرار ئىرادەتىگە كىرىپ، شۇ كىشىگە مۇرت بولىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا تەربىيلىنىپ، پىرىنىڭ ئەينى زامانىدىكى پائالىيەتلىرىگە بىۋاستە ئىشتىراك قىلىپ، ئۇنىڭ مۇناسىپ يارەمچىسىگە ئايلىنىدۇ. مانا بۇ مەھدۇم ئەزەم رىسالىلىرىدە قەيت قىلىنغان نەقىل. بۇ نەقىلدە پىر ۋە مۇرشىد پائالىيەتلىرى ھەققىدىلا ئەمەس، شۇنىڭدەك نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئىبرەتلىرىمۇ بار. «بىر قېتىم ھەزرىتى خوجا ئۇبەيدۇللا ئاھرار تاشكەنت شەھەرگە كەلدى. رامزان ئايلىرى ئىدى ـــ دەپ ھېكايە قىلىدۇ مەۋلانى مۇھەممەد قازى ـــ پېقىرمۇ ئېشان ھەزرەتلىرى بىلەن ھەمراھ بولۇپ كېتىۋاتاتتىم. شۇ ۋاقىتتا شاھبېكخان (شەيبانىخان، مۇھەممەد شەيبانىخان، مانا مۇشۇ پادىشاھتىن كېيىن ئۆزبەك دېگەن ئاتالغۇ رەسمىي مەيدانغا كەلگەن ـــ ئاققىر) تۈركىستاننى ئىشغال قىلىپ بولغان ئىدى. شۇ سەۋەب بارلىق ئاچ-يالىڭاچ ئالامانلار تاشكەندكە يىغىلغان ئىدى. ھەزرىتى ئېشان (خوجا ئەھرار) ماڭا: ‹ئاچ قالغان تۈركۈستانىقلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزسام، سەن بۇ خىزمەتكە مەسئۇل بولساڭ› دېدى.پېقىر ئىشانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بۇ خىزمەتلەردە بولدۇم. ھەر كېچە 700 نان يېقىپ ۋە 100 قوي سويۇپ تاماق قىلاتتىم. تاڭ سەھەرگىچە تائام يېيىشكىمۇ پۇرستىم يوق ئىدى. ئۆز-ئۆزۈمگە دېدىمكى ‹سېنىڭ ئىشلىك ئەمدى پەقەت شۇ بولۇپ، تەرىقەت ئىشلىرى سىرىتتا قالدىمۇ؟›

فىلھال (دەل شۇ پەيتتە) بىر مۇلازىم كېلىپ، ئىشانىنىڭ ھوزۇرىغا بېرىشىمنى ئېيتتى. ھەزرەتنىڭ ئۆيىگە باردىم، ئۇ كىشى ماڭا قاراپ «ئى پەرزەند، شۇنى بىلگىنكى تەرىقەت بىلەن مەشغۇللۇقدىن تاشقىرى تەرىقەت يولىدا ساۋاپ ئىش قىلىش خۇدانىڭ نەزىرىدىن ساقىت قالمىغاي!» ئاڭلىدىمكى مېنىڭ ئۆيلىنىش ئۆيلىرىم ئىشانغا ئايان بولغان ئىكەن. شۇ ئىشتىن كېيىن تەۋبە قىلدىم. »

نەقللەرگە قارىغاندا مەۋلانە مۇھەممەد قازى ئۇستازىنىڭ ئەمرى بىلەن تاشكەندكە كېلىپ، بىر قانچە ۋاقىت شۇ يەردە ياشايدۇ. شۇ سەۋەب ئۇنىڭ يەنە بىر نامى «شاشى» (تاشكەندنىڭ بۇرۇنقى ئىسمى شاش ئىدى ــ ئاقتىر) دەپمۇ ئاتالغان. تاشكەندتە بىر مەزگىل ئۆتۈپ مەخدۇم ئەزەم نامى بىلەن مەشھۇر بولغان ئەمەكزادىسى سەيد ئەھمەت جالالىددىن كاسانىنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلىدۇ.

خوجا ئەھرار ۋەلىينىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن (1490-يىلى) نەخشىبەندىيە خانادانىنىڭ پېشۋالىقى مەۋلانە مۇھەممەد قازىغە ئۆتتى. نەقللەردىن كۆرە ئۇ كۆپ ئۆتمەي سەمەرقەندتە باشلانغان توپىلاڭدىن قېچىپ يەنە تاشكەندكە قايتىپ ئۇستازىنىڭ قەدەم جايى بولغان فەركەددا (؟) ئىستىقامەت قىلدى. مەخدۇم ئەزەم تىلىدىن ئېيتىلغان رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدىن نەقىل كەلتۈرلۈشچە تاشكەند خانى، بابۇر مىرزىنىڭ تاغىسى بولغان سۇلتان مەھمۇدخان (سەئىدخاننىڭ دادىسى ــ ئاقتىر) مەۋلانە ھوزۇرىغا ئادەم ئەۋەتىپ «رىسالاتقا (ئەلچىغا، يەنى قورغاسقا ــ ئاقتىر) ئەلچىلىككە قابىلىيەتلىك كىشىدىن بىرىنى ئەۋەتىشنى» ئىلتىماس قىلغاندا مەۋلانە مۇھەممەد قازى ئۆزى بۇ ئىشقا ئاتلاندى.

شەيبانىخان ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە (1500-1510) ئۇنىڭ ئابروي-ئىناۋىتى ناھايىتى يۇقۇرى بولغان. كىتابلاردا شەيبانىخاننىڭ ئۇكىسى پايتەختى بۇخارا ھاكىمى بولغان مەھمۇد سۇلتاننىڭ ئۇنىڭغا (مەۋلانە مۇھەممەد قازىغا) مۇرىد بولغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بار.1512-يىلى ماۋارەئۇننەھرىگە مىرزا باربۇرنى يوقتۇش ئۈچۈن كەلگەن شاھ ئىسمايىل قوشۇنى (قىزىلباشلار، شىئەلەر) باستۇرۇپ كەلگەندە مۇھەممەد قازى ئەندىجان تەرەپكە كەتكەن ۋە ئاقسى شەھرىگە ئورۇنلۇشىپ قالغان. مېنىڭچە ئۇ مىرزا بابۇرنىڭ قىزىلباشلارنى يۇرتىمىزغا چاقىرىپ خاتا ئىش قىلغانلىقنى ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق يول تۇتقان بولۇشى مۇمكىن. كېيىنچىرەك ئېنىقراق ئېيتقاندا ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن سەل ئىلگىرى شەيبانى سىۋىنچىك خان تەكلىپى بىلەن تاشكەندكە بارغان ۋە 992-يىلى(1515\1516) يىلى ۋاپات بولغان.

ئۇنىڭ قەبرىسى ئۇستازى يېنىدا يەنى سەمەرقەندىدە. خوجا ئەھرار ۋەلى مەقبەرىسىنىڭ ئالدىدا.بۇ خۇسۇستا تارىخچى ئەبۇ تاھىر خوجا «سەمەرىيە» ناملىق ئەسىرىدە شۇنداق مەلۇمات بەرگەن. «مەۋلانە مۇھەممەد قازى خوجا ماھار (؟) نىڭ يېنىغا كۆمۈلگەن.»

## شەيخ مەخدۇم ئەزەم

خوجا مەۋلانە مۇھەممەد قازىنىڭ ئۆلىمىدىن كېيىن نەقشبەندىيە خانادانىغا پىشۋالىق قىلىش شەرىپى تەسەۋۋۇپ تارىخىدا مەخدۇم ئەزەم، ئىمام ئەل كاسانى، خوجىلار خوجىسى، خوجا كاسانى نامىلىرى بىلەن ئىز قالدۇرغان خوجا سەيىد ئەھمەد خوجا ئىبىن سەيىد جالالىدىن كاسانىنىڭ قولىغا ئۆتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇ ئىش ئۇنىڭغا خوجا ئەھرار ۋەلىي زامانىدا كارامەت بولغان. بابا ھاجى نەقىل قىلىدۇ: «بىر كۈنى ئاتام بىلەن ھەزرىتى خوجا ئۇبەيدۇللا ئەھرار ھوزۇرىغا باردۇق. ھەزرەت چاھار بېغىدا ئىدى. ئۇنىڭ خىزمەتلىرىدە ھەزرىتى خوجا مۇھەممەد يەھيا ۋە مەۋلانە مۇھەممەد قازى ھازىر ئىدى. خوجا يەھيا (خوجا ئەھرارنىڭ كىچىك ئوغلى) نىڭ قوللىرىدا يا بار ئىدى، تۇيۇقسىز بىر كەپتەرنى سوقۇپ يىقتتى ۋە كەپتەر ھالاك بولدى. ھەزرىتى ئەھرار ئورنىدىن تۇرۇپ ئوغلىنىڭ ئالدىغا غەزەپ بىلەن باردى ۋە ئۇرۇپ كەتتى: ‹بۇ جانىۋاردا نىمە ئۆچۈڭ بار ئىدى؟ بۇ نىمە قىلغىنىڭ؟› بىشنى ئىگىپ تۇرغان خوجا يەھيا كامانىنىڭ ئوقى بىلەن ئۆلگەن كەپتەرنى مىدىرلاتقان ئىدى، قۇش تىرىلىپ ئۇچۇپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ ھەزرىتى خوجا ئەھرار خۇشال بولۇپ ئېيتتى:‹ مۇھەممەد يەھيا، سەن بىزگە كارامەت كۆرسەتتىڭ، بىزدىن كېيىن ساھىبى كارامەت سەن، سەندىن كېيىن مەۋلانە مۇھەممەد قازى ۋە ئۇندىن كېيىن مەۋلانە خوجى ئەھمەد كاسانى بولغاي. ئۇنىڭ كارىبارى كۆپ ئۇلۇغ ۋە ئەزىم بولغۇسى!› سەئىد ئەھمەد كاسانى ھەزرەتلىرىنىڭ نەقشبەندىيە تەرىقىتى يولىدا ئېلىپ بارغان كاتتا خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۇ زاتقا مەھدۇمى ئەزەم ئۇنۋانى بېرىلگەن. ئىسلام تارىخىدا پەقەت ئۈچ كىشىگە ئەزەم ئۇنۋانى بېرىلگەنلىكى مەلۇم. «ئەزەم» سۆزى ئەرەپ تىلىدىن ئېلىنغان بولۇپ ئۇلۇغ، كاتتا دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئەزەم ئۇنۋانىغا سازاۋەر بولغان كىشىلەرنىڭ بىرىنچىسى: ھەنەپى مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى ئىمام ئەزەم (رەھمۇتۇللاھ ئەلەيھ) ھەزرەتلىرى، ئىككىنچىسى: ئەۋلىيالارنىڭ سۇلتانى دەپ نام ئالغان غەۋسۇل ئەزەم، يەنى ئابدۇل قادىر جىلانى ھەزرەتلىرى. ئۈچۈنچىسى بولسا مەھدۇم ئەزەم — سەيىد ئەھمەد كاسانىدۇر.

سەيىد ئەھمەد فەرغانىنىڭ كاسانى دىگەن يېرىدە 1461-يىلى تۇغۇلغان. شەجەرىسى جەھەتتە ئاتا تەرىپىدىن يىگىرمە بىر پۇشتى بىلەن ئىمام ھۇسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپقا بېرىپ يېتىدۇ. يۇقۇرىدا قەيد قىلغىنىمىزدەك مەخدۇم ئەزەم تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ ئۇلۇغ ئەربابى شەيخ بۇرھانىددىن قىلىچنىڭ ئەۋلادى ئىدى. مەھدۇم ئەزەم بۇ زاتنىڭ 5-ئەۋلادىدۇر. ئۇ دەسلەپكى تەربىيەنى سەيىد

ئەلي دىگەن كىشىدىن ئالغان، كېيىنچىرەك تاشكەنتكە بېرىپ، مەۋلانى مۇھەممەد قازىدىن تەسەۋۋۇپ ئىلمىنى تولۇق ئىگەللىگەن.

شۇ ئەۋلادقا مەنسۇپ بولۇمىش سەمەرقەندلىك تەنقىدى تارىخچى ئالىم كاملخان كاتتايېۋنىڭ يېزىشىچە مەھدۇم ئەزەم قىران چاغلىرىدا خوجا ئەھرار ۋەلىي، مەۋلانە مۇھەممەد قازى كەبى ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق ئەللامەلىرى بىلەن يېقىندىن سۆھبەت قۇرغان ۋە ئۇلاردا ئوقۇغان. جۈملىدىن ئابدۇراھمان جامى سەمەرقەنددە بىتاپ بولۇپ ياتقان چېغىدا ياش مەھدۇم ئەزەم ئۇستازى مەۋلانە مۇھەممەد قازى بىلەن ئۇل زاتنى كۆرگىلى بارغان،ھەزرىتى جامى بۇ ئۇچرىشىشتىن خۇشال بولۇپ: «كېلىڭ، خۇش كېلىپسىزلەر، بۇ زاماندا بىر-بىرىمىزنى غەنىمەت بىلەيلى. بۇ شۇنداق زامانكى ئەتە نىمە بولۇشنى ياراتقان ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ» دىگەن.

نەقىلدە ئېيتىلىشىچە مەھدۇم ئەزەم نەقشبەندىيەنىڭ ئۇلۇغ پىشۋالىرىنىڭ مازارلىرىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن بۇخاراغا بارىدۇ. ئۇ دەسلەپ خوجا باھاۋۇددىن نەقشبەند، ئاندىن خوجا ئابدۇخالىق غىجدۇۋانى (؟) مەقبەرلىرىنى زىيارەت قىلىدۇ. ھەر ئىككى جايدا: «تەرىقەت خوجاگانىنىڭ (خوجىلارنىڭ) زۇبدەسىدۇر (خۇلاسىسىدۇر). بۇنى سەن ۋۇجۇتقا كەلتۈردۈڭ، مۇبارەك بولغاي!» دېگەن غايىبى ئاۋازنى ئاڭلىغان. بۇخارادىن كېيىن ئۇ ئۇستازى مەۋلانە مۇھەممەد قازىنىڭ جايىغا ــ فەركاد (؟) قا قايتقان. مەھدۇم ئەزەم مۇرشىد سۈپىتىدە ئۆز پائالىيەتلىرىنى ئاساسەن شەيبانىلار دەۋرىدە باشلىغان. بەزى مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە شەيبانىلار سۇلالىسى نامايەندىلىرى« ئۇبەيدۇللاخان، جانىبېك سۇلتان، ئىسفاندىيار سۇلتان، ئىسكەندەر سۇلتان، ئابۇلئەزىزخان (بۇلارنىڭ ھەممىسى شەيبانە پادىشاھلىرى - ئاقىر) ئۇنىڭغا مۇرتلىققا قول بەرگەن. ئېيتىلىشىچەمەھدۇم ئەزەم ۋە «ئۇبەيدى» تەخەللۇسدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئاتاقلىق ئۆزبېك شائىرى ئۇبەيدۇللاخان ئوتتۇرىسدا ئۇستاز-شاگىرتلىق مۇناسىۋىتى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان. مەھدۇم ئەزەم بۇ ھەقدە ئۇبەيدۇللاخان ئەسەرلىرىگە بېغىشلانغان «رىسالە شەرھى ئەبيات» دېگەن ئەسرىدە بۇ توغرىسىدا تەپسىلى مەلۇمات بەرگەن. مەھدۇم ئەزەم نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئەڭ زەبەردەست نەزىرىيچىسىدۇر، ئۇنىڭ ئىلاھىيەت، ئەدەبىيات، ئەدەپ ۋە تەسەۋۋۇپ ئىلمى بىلەن تارىخقا ئائىت يىگىرمىدىن ئارتۇق ئەسەرلىرى مەۋجۇت. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ ئايرىملىرىنى ساناپ ئۆتىمىز. «تەنبىھئەس-سالىھىن»، «ئەدەب ئەل - سالىكىن»، «ئەدەب ئۇس- سىددىقىين»، «نەسىھەت ئەس -سالىكىن»، «سىلسىلا ئۇس -سىددىقىين»، «ۋۇجۇدىيە»، «باقىيە»، «سامائىيە»، «مىرئاتىسەفا»، «مېراج ئەل - ئاشىقىن»، «بابۇرىيە»، «گەنجدىيە»، «سىلسىلا خوجاگان»،«چاھار كەلىمە»

(نەقشبەندىيەنىڭ تۆت ئاساسى تەلىپى ھەققىدە) «نەفەھات ئەل -سالىكىن»، «شەيبىيە»، «قانۇنىيە»، «رىسالى زىكىر گۇپتەن»، «رىسالى بايانى ئەۋالىئۇلەما ۋە ئۇمەرا» ۋە باشقىلار.

مۇۋەررىخ ئەبۇ تاھىرخوجا سەمەرقەندى «سەمەرىيە» دىن نەقىل كەلتۈرۈپ «ھەزرىتى مەھدۇم ئەزەم جانابلىرىنىڭ نە قامەت، نە ھالەت ۋە كارامەتلىرى شۇنداقكى بۇ نادانىنىڭ قەلىمى تەقرىر ۋە تەھرىر قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ» دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مۇۋەررىخ ھافىز تانىش بۇخارى«شەرەفنامە شاھى» (؟) دە شۇنداق يازىدۇ: «ئۇ كىشى ئۆز زامانىسىدىكى بۈيۈك ۋە ئەڭ يۇقۇرى ئابرويغا ئىگە كىشى ئىدى. يۇقۇرى دەرىجىدىكى ھازارەتتىن تۈرلۈك كارامەتلىرى ۋە ئاجايىپ ئادەتلىرى بار ئىدى. ماۋارەئۇننەھرىنىڭ بارلىق شەھەرلىرىدىكى شەھەر ئاھاللىرى ۋە باشقا كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ ھەم شەرەپلىك ئىرادەتلىك بېشىنى ئۇ كىشىنىڭ ئىناۋەت ھالقىسىدا تۇتاتتى. ئۇ ھەزرەتنىڭ سۆھبەتلىرىنىڭ شاراپىتىدىنمۇ جاھەدا (سەئىيلىك، ۋەلىيلىك) ۋاقتىدا دىل ۋە كۆزلىرىنى دوستىنىڭ نەزەرىدىن غاپىل قويمىدى. شۇ ئىش مەشھۇركى ۋەلىيلىك نۇرلىرى ۋەجىدىن مەشرىقدە سادىق تالىبلىرى ۋە ئاشقلاردىن توپلانغان ئاتمىش كىشى ئۇ كىشىنىڭ تەربىيەت ئېتىگىدە پەرۋىش قىلىنىپ، يوقلۇق سەھراسىنى راستلىق قەدىمى بىلەن كېزىپ، ھەققى ۋىسال كەپىسىگە قاراپ يول ئالدى. شۇ تۈپەيلى كىشىلەر ھەزرەتنى ‹پىرى شاستى› (ئاتمىش كىشىنىڭ پىرى) دەپ ئاتاشتى. ئۇ ھەزرەتنىڭ نىسبىتى (ئۇنۋانى) ھەققەت شەيخى، تەرىقەت مۇقتەدەسى، مەۋلانەمۇھەممەد قازىغا نىسبەتەن ۋە سۇلۇكىدىكى نىسبىتى ئىنساب ۋە ھىدايەت دائىرىسىنىڭ مەركىزى ۋە ۋىلايەت پەركارىنىڭ نۇقتىسى، غايىپلار خىلۋەتخانىسىنىڭ مەھرىمى، قەلب ئەھلىنىڭ مۇقتەداسى، تەرىقەت قۇتبى، ھەققەت غاۋسى، سالىھلار پىشۋاسى، پاك ئاگاھ خوجا ناسىرىددىن ئۇبەيدۇللا بولغان.»

مەھدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرى ئەسىرلەر داۋامىدا يۈز بەرگەن قىر-چاپ، توپىلاڭلار تۈپەيلى دۇنيانىڭ جىمى يېرىگە چېچىلىپ كەتكەن. ئۇلار ماۋەئۇننەھرى، قەشقەر ۋە باشقا كۆپلىگەن ئۆلكىلەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇلارنىڭ تارىخى بەھايەت ئۇزاق ھېكايىلەر بولغىنى ئۈچۈن بۇ ھەقتە توختىلىپ ئولتۇرمايمىز.

مەھدۇم ئەزەم رىۋايەتلىرىگە كۆرە تەخمىنەن 1540-يىلىدا ميانكال (؟ باشقا يازمىلاردا ئوشدەپ كۆرگەندەك قىلغان ــ ئاقىر) ھاكىمى جانىبېك سۇلتان ئىلتىماسى بىلەن سەمەرقەند دەھبېدكە (؟) كۆچۈپ بارغان ۋە بۇ يەر خوجىغا خۇسۇسى مۈلۈك قىلىپ بېرىلگەن. ھەزرەت دەسلەپ بۇ يەرگە 10 تۈپ دەرەخنى تىككەن. شۇ سەۋەپ بۇ جاي كېينچىرەك «دەھبېد» دەپ ئاتالغان. «دەھبېد» سۆزى پارس- تاجىك تىلىدا «ئونتال» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

مەھدۇم ئەزەم ئىككى يىلدىن كېيىن شۇ جايدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئەسھابلىرىدىن بولمىش ھاپىز ئىبراھىم ۋە مەۋلانە قاسىم شۇنداق يازىدۇ: «ھەزىرىتى ئىشاننىڭ ئۆلۈمالىرىدىن ئاخسى ۋىلايىتىدىكى يارو- دوستلىرى: مەۋلانە لۇفۇللاھ، مۇھەممەد ئەلىي، خوجا چاكىۋە باشقىلار دەھبىدكە كېلىپ ھەزرەتنى ئاقسا ۋىلايىتىگە ئېلىپ كېتىش مەقسىدىنى بىلدۈردى. ئىشان ئۇلارنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، خوجا چاكى (؟) گە ئەسھابلىرىنى(ئۇرۇق-تۇققان، دوست بۇرادەر، چاكار، تالىپلىرىنى - ئاققىر) ئېلىپ ئالدىن مېڭىپ تۇرۇشنى بۇيرىدى. ئۆزى بولسا دەھبىددىن سەمەرقەندكە — ھەزىرىتى خوجا ئۇبەيدۇللا مازارلىرىنى تاۋاپ قىلىش نىيتىدە يولغا چىقتى....

دەھبىددىن سەمەرقەندكە ھەزرەت مەھدۇمزادىسى كالان (مەھدۇم ئەزەمنىڭ تۇنجى ئوغلى خوجا كالان) ۋە خوجا مۇھەممەد سىدىق يېتىپ كېلىپ ئانىسىنىڭ بىتاپ بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى ھەزرەتكە ئېيتتى. ھەزرەت ئوغۇللىرىغا ‹مېنى دەھبىدكە ئېلىپ بېرىڭلار› دېدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ھەزرىتى بىبى كالان ئالەمدىن ئۆتتى. بىبىنى (مەھدۇم ئەزەمنىڭ مەزلۇمەسى) توپرىقىغا قويىدىغان چاغدا ھەزرەت تاۋۇتنى قازناققا قويۇشنى بۇيرىدى.مەۋلانە سەيد تۈركۈستانى ۋە سەمەرقەندلىك يارەنلەر ‹تاۋۇتنى ئۆيدە قويۇش دۇرۇس ئەمەس (مەنىسى يوق)› دەپ توسسىمۇ ھەزرەت‹‹ئىش مۇشۇنداق› دەپ كۆنمىدى. تۆتىنچى كۈنى ئاغرىپ يېتىپ قالدى...»

مەنبەلەردە دېيىلىشچە مەھدۇم ئەزەم ھجرىيە 949-يىلى مۇھەررەمنىڭ يىگىرمە بىرىنچىسى شەنبە كۈنى چاشگاھ ۋاقتىدا — مىلادى 1542-يىلى 81 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە دەھبىدكە دەپنە قىلىنغان. زامانلار ئۆتۈپ ئۇنىڭ مەقبەرىسىنىڭ يېنىدا ھەزرەتنىڭ ئەۋلادلىرىدىن خوجا كالان ياتقان، خوجا خانىم، خوجا مۇسا ۋە باشقا ئۈچ كىشى — سۇفا تەرىپىدە ، مەھدۇم ئەزەمنىڭ ئاياق تەرىپىدە سەمەرقەند ھۆكۈمدارى يالاڭتۆش باھادىر، ئۇنىڭ ئوغلى سۇتانقۇلى باھادىر ۋە ئافغانىستان ھۆكۈمدارلىرىدىن شاھ قاسىم، شاھ ھدايەت مەلىكە ئىقلىمەبانو قويۇلغان. بۇ مازار يېنىدا 1619-يىلى يالاڭتۆش باھادىر بىنا قىلدۇرغان مەسچىد ھازىرمۇ بار. ئەمما بۇ يەردە بىنا قىلىنغان 41 ھۇجرىلىق مەدىرستىن نام - نىشان قالمىغان. پات ئارىدا ئۇشبۇ مەقبەر ۋە مەسچىد بىنا قىلىنغىنىغا 400 يىل بولىدۇ. رۇس تارىخچىسى پروفېسسور ن. ۋېسېلاۋىسكىنىڭ يازمىلىرىدا دېيىلىشچە مەھدۇم ئەزەم قۇرلۇشى ئوتتۇرا ئاسىيا قۇرلۇشلىرى ئىچىدىكى ئەڭ كاتتىسى ھېساپلىنىدىكەن. 1817 كۇۋادىرات مېتىرلىق سەھنىلىك قۇرلۇشنىڭ ئەتراپى مەرمەر تاشلار بىلەن قوپۇرۇلغان بولۇپ، سۇپىسىنىڭ كەڭلىكى 2 مېتىر ئىكەن.

مەھدۇم ئەزەم تۈركۈستان شېئىرىيتىنىڭ ئۇلۇغ نامايەندىسى. بابارەھىم مەشرەپنىڭ پىرى بولغان ئاپپاق خوجا قەشقەرنىڭ باباكالانىدۇر. مەشرەپ بىر ساتراسىدا مۇنداق يازىدۇ.

پىرى مەھدۇم ئەزەم، پادىشاھنى كۆرگەلى كەلدىم،

ئىتنكى ئۇستىگە يۈزۈمنى سۈرگەلى كەلدىم.

قىيامەت بارگاھىن تۈزەر ئۇل كۈن مەلائىكلەر،

كى سەن كىمياگەر، مەن مىس بولغىلى كەلدىم...

مەھدۇم ئەزەم نامى «بابۇرنامە» دە تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، بابۇر مىرزىنىڭ بۇ مۇبارەك زاتقا ھىندىستاندا تۇرۇپ ئېتقادىنى ئايان قىلىپ تۇرغانلىقى بىر قاتار مەنبەلەردە مەۋجۇد. پادىشاھنىڭ مەھدۇم ئەزەم بىلەن قىسقا مۇددەت ئۇچراشقانلىقى، مۇرت بولغانلىقى شەك-شۈبھىسىز. بۇ ئۇچرىشىش مەھدۇم ئەزەم كاسان ياكى تاشكەنتنىكى چاغدا يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. يەنە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ماقالىنىڭ بېشىدا بىز تىلغا ئالغان زات يەنى مىرزا بابۇرنىڭ پىرى مەۋلانە ئابدۇللا قازى ئەسلى مەھدۇم ئەزەمنىڭ ئەمەكزادىسىدۇر. (؟باشتا ئۇستازى دىگەندەك قىلغان) مۇشۇ خىل ئەھۋالمۇ مىرزا بابۇرنىڭ مەھدۇم ئەزەمنى ئۆزىگە ناھايىتى يېقىن تۇتقانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

بىز بىرىنچى ماقالىنىڭ بېشىدا ھەسەن خوجا نىسارىينىڭ بابۇر مىرزانىڭ نەقشبەندىيە خانادانىغا ئىناۋەت نىسبەتى بارلىقى توغرىسىدا ئېيتقان سۆزنى يازغان ئىدۇق. نىسارى بۇ سۆزنىڭ داۋامىدا مۇنداق يازىدۇ: «(بابۇر مىرزا) ھەزرىتى مەھدۇم موللا خوجىگانغا بىر قىسىم ئالتۇننى تارتۇق تەرىقىسىدە ئەۋەتىپ، بۇنىڭغا تۆۋەندىكى قىتئەسىنى شاھىد قىلغان ئىدى.

قىتئە:

دارھاۋوى نافسى گۇمروھ ئۇمر زوې كارداپم،

پېشى ئاھلۇللوھ ئاز ئاتۇورى خۇد شارمانداپم،

ياك نازار ئافكان با سۇى مو، كى ئاز روھى ۋافو،

خوژاگىرومونداپم، خوژاگىرو باندابم.

مەزمۇنى:

ئاداشقان نەفسى يولىدا ئۆمۈرنى زايە قىلدىڭ،

دىن ئەھلى ئالدىدا بۇ قىلمىشىشىمىزدىن ئۇيىلىمىز.

بىز تاماگە ھىچ بولمىسا بىر نەزەر سال، ۋاپادارلىق قىلىپ

خوجىغا باغلىنارمىز، خوجىغا بەندە بىز..

مەھدۇم ئەزەمنىڭ «بابۇرىيە» دىگەن رىسالىسىدىكى بۇ قىتئە، ئىنقىراقىنى ئىپتىقاندا ئۇچۇنچىسەتىر باشقا تەرزدە يىزىلغان:

دارھاۋوى نافسى گۇمروھ ئۇمر زوپ كارداپم،

پىشئاھلۇللوھ ئاز ئاتۇورى خۇد شارمانداپم،

ياكنازار بار مۇخلىسونى خاستادىل بىنمو، كى مو

خوژاگىرومونداپم، خوژاگىرو بانداپم.

ئۇز ئەجدادىنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيتىگە بېغىشلاپ رىسالە يازغان، ھەققدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان مەھدۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادلىرىدىن خوجەندلىك ئالىم ئىلياسخان غازىي كىپىنكى بىيت مەزمۇننى باشقىچە بايان قىلىپ، شۇنداق شەرھلىگەن.

بىر نەزەر، بۇل خەستەدىل مۇخلىسلىرىڭگگ تاشلادىم،

خوجىگە قايتقان ئىدۇق، خوجىغا بەندە بىز.

بۇ بىيتنىڭ ئاخىرىدىكى «خوجىغا قايتقان ئىدۇق، خوجىگە بەندە بىز» دىيىلگەننى قايتقۇچە دەپ چۇشۇنىش مۇمكىن. تېمورىلار ئىمپېرىيسى ئايىغلىشپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزبېك خانلىرى ـــ شەيبانىلار سىياسى سەھنىگە چىقتى. بۇ سۇلالە نامايەندىلىرى ئۇبەيدۇللاخان، جانىبك سۇلتان، ئىسفەندىيار سۇلتان، ئىسكەندەر سۇلتان ۋە ئابدۇلئەزىز خانلار مەھدۇم ئەزەمنىڭ مۇرتلىرى ئىدى. تېمۇرىيلەر دەۋرىدىكى نەقشبەندىيە تەرىقتىنىڭ مۇرشدلىرى ـــ خوجا ئەھرار، مەۋلانە قازى قاتارلىقلارنىڭ ۋاپاتى ۋە مەھدۇم ئەزەمنىڭ مۇرشد سۇپتىدە سەھنىگە چىقىشى شەيبانىلار دەۋرىگە توغرا كەلگەن ئىدى. تېمۇر نەسلىدىن بولغان بابۇرنىڭ ئەلۋەتتە مەھدۇمى ئەزەمنىڭ شەيبانىلار بىلەن ئالاقدە بولىشغا مىننەددار بولمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. مەھدۇمى ئەزەمنىڭ بابۇرغا قىلغان مۇرۋەتلىرى بابۇرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئېترازىغا بەرھەم بەردى ۋە يەنە قايتىدىن بابۇر خوجىغا چىراي ئاچتى.

«ئىلياس خان غازىي بۇ ئۇرۇندا مەھدۇمى ئەزەمنىڭ بابۇرغا قىلغان مۇرۇۋەتلىرىنى قانداق نەزەردە تۇتتى؟ » بۇ مۇئەممانى (سىرنى) ئېچىش ئۈچۈن مۇۋەررىخ ھاپىز تانىش بۇخارىينىڭ بابۇر مىرزا مەھدۇمى ئەزەمنى ئۆزىگە پىرى بىلىپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ۋە ياردەم سوراپتۇرغانلىقىنى يازغان ياكى شەرقىي تۈركۈستانلىق مۇۋەررىخ مۇھەممەد سىدىق قەشقەرىنىڭ كىتابىدا دېيىلىشىچە «بابۇرىيە» رىسالىسىدە كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلاردىن نەقىل قىلدۇ. شەرقىي تۈركۈستانلىق مۇئەللىپنىڭ يازغانلىرىدا : «نەقىلدۇركىم، ۋىلايەت ھىندىستاندا بابۇر ئاتلىق بىر پادىشاھ بولغان ئىدى، ئۇل زامانىدە سۇلتان ئىبراھىم ئاتلىق بىر پادىشاھ دۈشمەن بولۇپ لەشكەر تارتىپ كەلدى، بابۇر پادىشاھ ھەزرىتى خوجىغا مۇخلىس ئېتىقاد قىلاتتى. خوجىلار ئەرۋاھلىرىغا تەۋەززۇھ قىلدى، ھەزرىتى خوجا ئۇبەيدۇللا ئەھرار ئالەمى غايىپدا ھازىر بولدىلەر، پادىشاھ بۇلاردىن مەدەتتىلىدىلەر، بۇ ئەسنادا ھەزرىتى مەھدۇمى ئەزەمنىڭ سىررىھۇ سۇرەت زاھىرەن نامايەن بولدى. خوجا ئەھرار پادىشاھنى ھەزرىتى مەھدۇمى ئەزەمگە تاپشۇردىلەر، ‹كۈللىمۇھىمات ۋە مەدەد سىزگە بولغاي› دەپ غايىپ بولدىلەر، پادىشاھ ئۆزىگە كەلدى، ھەممەيلەن بۇ ئەھۋالنى كۆردىلەر، مەھدۇمى ئەزەم جامائە ئالدىدا زاھىر بولدىلەر دۈشمەن لەشكەرلىرىگە بەرھەم (زەربە) ئۇردىلەر»

1525-يىلىنىڭ باھارىدا بولۇپ ئۆتكەن بۇ جەڭدە غەلبە قازانغان بابۇر مىرزا مىننەتدارلىقىنى ئىزھار قىلىش نىيتىدە دەھبىدكە ئۆزىنىڭ سادىق كىشىلىرىدىن ئەمىر قازىنى كۆپ ئىنئام ۋە بىر نەچچە ئاسارە ئەتىقىلەر بىلەن ئەۋەتتى. مەھدۇمى ئەزەم «بابۇرىيە» دە بۇ ۋەقەلەرنىڭ بىر قىسمىلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇلارنىڭ بىرى ئۇشبۇ مەنىدە ئىدى.

دارۋېش،تۇرو ئاگارچى نا ئاز خېشونىم،

لېك ئازدىلۇ ژون مۇتاقاددى ئېشونىم،

دۇر ئاستماگۆي شوھى ئاز دارۋېشى،

شوھىم،ۋالىي باندای دارۋېشونىم.

مەزمۇنى

دەرۋىش ساڭا يېقىن ئەمەسمىز،

لېكىن دىلۇ-جانىمىز بىلەن ساڭا ئېتىقاد قىلارمىز.

دىمەككىم شاھلىق دەرۋىشلىكتىن يىراقتۇر،

شاھىمىز، ئەمما دەرۋىشلەرگە بەندىمىز.

بابۇر مىرزىنىڭ مەھدۇم ئەزەمگە يوللىغان ۋە «بابۇرىيە» رىسالىسىدا ئورۇن ئالغان باشقا ئەسەرلەردە ئۇنىڭ پىرىگە بولغان كاتتا ئېتقادى ئۆز ئەكسىنى تاپقان. مەھدۇمى ئەزەم بابۇر مىرزىغا بېغىشلىغان رىسالىسىدە، ئۆز گۇناھىنى بىلگەن ۋە ئۇنى بويىنىغا ئالغان، پۇشايمان نادامەت چەككەن كىشىلەر ئاللاھقا ئېزىزدۇر دىگەن پىكرىنى ئوتتۇرغا قويغان ۋە بۇنىڭغا بابۇر مىرزىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگەن.

سۆزىمىز ئاخىرىدا شۇنى تەكتىلەشنى لايىق كۆردۇقكى، بۇ يازغانلىرىمىز ئۇلۇغ زادلار ھايات ۋە پائالىيەلىرىدىن بىر مىسقالچىدۇر. ئۇنى داۋام ئېتىش نەپەقەت مېنىڭ، نەپەقەت كامىلخان كاتتىيېۋ، ئىلياسخان غازى كەبى ئالىملارنىڭلا ئەمەس بەلكى كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ زىممىسىدىدۇر.

مىرزابابۇر خۇرشىد دەۋران.

2013-يىلى 3-ئاينىڭ 23-كۈنى ئاقىردىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى.

# 4-نسپيلك نەزىريىسى ھەققىدە

错误!




**كىرىش**

نىسپىيلىك نەزەرىيىسى يېقىنقى زامان فىزىكا تارىخىدىكى گىگانت نەزەرىيە سىستېمىلىرىنىڭ بىرى. ئۇ كۋانت نەزەرىيىسى بىلەن ئوخشاش تارىخى دەۋىردە ئوتتۇرىغا چىقتى، ھەمدە ھازىرقى زامان فىزىكا نەزەرىيەلىرى ۋە تېخنىكا تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈۋرۈكلۈك رول ئوينىدى. فىزىكىنى، جۈملىدىن زامانىۋى پەن-تېخنىكىنى بىر (سېلىنىۋاتقان) بىناغا ئوخشاتساق، نىسپىيلىك نەزەرىيىسى بىلەن كۋانت نەزەرىيىسىنى بۇ بىنانىڭ ئۆگزىسىنى تىرەپ تۇرىۋاتقان ئىككى تۈۋرۈك دىسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ. كۋانت نەزەرىيىسى ھەققىدە « كۋانت دۇنياسىغا كىرىش» دىگەن يازمىدا قىسقىچە چۈشەندۈرۈش بېرىلگەن ئىدى. بۇ يازمىدا بولسا نىسپىيلىك نەزەرىيىسى ئۈچۈن ئاممباپ بايانلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئالدى بىلەن نىسپىيلىك پىرىنسىپىدىن پايدىلىنىپ كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان «گالىلىي ئالماشتۇرىشى» كۆرستىلىپ، كىلاسسىك نىسپىيلىك مەنىدىكى ئۇقۇمى باشلانما نوختا سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئاندىن تۆت ئۆلچەملىك بوشلۇق، زامان-ماكان كوردېنات سېستىمىسى تونۇشتۇرۇلىدۇ ھەمدە ( يورۇقلۇق مەنبەسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان) يورۇقلۇق تېزلىكىنىڭ چەكلىك بولۇش پىرىنسىپىدىن پايدىلىنىپ كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان ئېنېرتسىيلىك سېستىمىدا يۇقىرى تېزلىكتىكى جىسىملارغا نىسبەتەن «لورىنتىز ئالماشتۇرۇشى» كۆرستىپ ئۆتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زامان-ماكانىنىڭ

قىسقىرىشى، يۇقىرى تېزلىكتىكى جىسىم ماسسىسىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشى قاتارلىق نىسپىيلىك نەزەرىيەسىدىكى «غەيرى» ھادىسىلەر چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈلىدۇ. ئاخىرىدا ئېينشتېيننىڭ مەشھۇر بولغان ماسسا-ئېنېرگىيە تەڭلىمىسى كۆرسىتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىشى بايان قىلىپ ئۆتۈلىدۇ.

## بەلگە جىسىم، پايدىلىنىش سىستېمىسى ۋە نىسپىيلىك پرىنسىپى

ھەرىكەت بىر نىسپىي ئۇقۇم بولۇپ، بىر نەرسىنىڭ ھەرىكەت قىلىۋاتقان ياكى قىلمايۋاتقانلىقىنى بىلىشتە شۇ ھەرىكەت قىلىۋاتقان جىسىمنى ئۇنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ كۆزىتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، تۈز رېلىستا تەكشى كېتىۋاتقان پويىزنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ، پويىز ئىچىدىكى نەرسىلەرنى ھەرىكەت قىلمىدى دەپ قارايمىز، ئەمما ئوخشاش ۋاقىتتا سىرتتا تۇرۇپ كۆزەتكىنىمىزدە پويىز بەلگىلىك سۈرئەتتە كېتىۋاتقانلىقىنى جەزىم قىلىمىز؛ بۇنىڭدا بىز دەل-دەرەخلەرنى، بىنالارنى ۋە تونېللارنى بەلگە قىلىپ تۇرۇپ، پويىزنى ھەرىكەت قىلىدۇ دەپ ھۆكۈم چىقىرىمىز؛ يەرشارىنىڭ ئايلىنىۋاتقانلىقىنى يەر يۈزىدە ياشاۋاتقانلار ھېس قىلالمايمىز، قۇياشنى بەلگە قىلىپ تۇرۇپ ھۆكۈم قىلىمىز... مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، جىسىملارنىڭ ھەرىكىتىگە ھۆكۈم قىلىشتا جىسىمنىڭ سىرتىدا تۇرغان، جىسىمنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىغا بەلگە قىلىنغان جىسىم بەلگە جىسىم دەپ ئاتىلىدۇ. **پايدىلىنىش سىستېمىسى** بولسا ماتېماتىكىلىق ئۇقۇم كوردېنات سىستېمىسىغا يېقىن بىر ئاتالغۇ، فىزىكىدا جىسىمنىڭ ئورۇنى ۋە ھەرىكەت ئەھۋالىنى تەسۋىرلەشتە قوللىنىلىدىغان سان ئۇقۇللىرى توپلىمىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، تىك بۇلۇڭلۇق كوردېنات سىستېمىسى (ياكى دېكارت سىستېمىسى) x, y , z سان ئوقلىرىنىڭ ئۆزئارا تىك كېسىشىدىن ھاسىل بولغان ئۈچ ئۆلچەملىك بوشلۇقنىڭ ماتېماتىكىلىق كۆرسىتىلىشى. نىسپىيلىك نەزەرىيىسىدە پايدىلىنىش سىستېمىسى كۆزىتىلگۈچى جىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كوردېنات سىستېمىسىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، يەر يۈزىنى پايدىلىنىش سىستېمىسى دېسەك يەر يۈزىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان جىسىمنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن، ئوڭ-سول، ئالدى-كەينىگە ھەرىكەت قىلىش ئەھۋالىنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن ئۇزۇنلۇق، كەڭلىك ۋە ئېگىزلىك بىلەن ئىپادىلەنگەن ئۈچ ئۆلچەملىك بوشلۇقنىڭ ئىچىگە ئېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. تۆۋەندىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك.

مۇتلەق ماكان ۋە زامان ئۇقۇمى ئەڭ دەسلەپتە نيۇتوننىڭ « **تەبىئەت پەلسەپىسىنىڭ ماتېماتىكىلىق پرىنسىپلىرى**» دېگەن ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. نيۇتوننىڭ قارىشىچە، مۇتلەق ۋاقىت (ياكى زامان) كىشىلەر تەرىپىدىن ھېس قىلغىلى بولمايدىغان ماتېماتىكىلىق ئۇقۇم بولۇپ، سىرتقى ھېچقانداق نەرسىگە نىسپەت بولمىغان ھالدا ئالەمدە بىرخىل رىتىمدا تەبىي ئاقىدىغان مەۋجۇتلۇق؛ نىسپىي ۋاقىت بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە، سەزگىلى بولىدىغان سىرتقى ئۆلچەش

ئارقىلىق بىرەر ھەرىكەتنىڭ داۋاملىشىش مەزگىلىنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ، كۆپىنچە بىزلەر تەرىپىمىزدىن ئىشلىتىلىدىغان ۋاقىت ئۇقۇمىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇتلەق بوشلۇق (ياكى ماكان) بولسا ھەرۋاقىت ئوخشاش ھەم مىدىرلىماي تۇرىدىغان، سىرتتىقى ھېچقانداق نەرسىگە نىسپەت بولمىغان بوشلۇقنى كۆرسىتىدۇ؛ نىسپىي بوشلۇق (ياكى ماكان) بولسا مەلۇم ھەرىكەتلىنىدىغان ئۆلچەمگە قارىتىلغان بولۇپ، جىسىملارنىڭ ئورۇنىنى بەلگىلەشتە قوللىنىلىدۇ...

دېمەك، يۇقارقى بايانلاردىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇتلەق زامان ۋە ماكان فىزىكىلىق ھادىسىلەرگە باغلىق بولماي پەقەت فىزىكىلىق ھادىسىلەرگە سەھنە ۋە ئارقا كۆرۈنۈش ھازىرلايدۇ.

نيوتۇن ئۆز نەزەرىيەلىرىدە مۇتلەق زامان ۋە ماكان ئۇقۇمىنى قوللانغان بولسىمۇ يەنىلا گالىلېينىڭ نىسپىيلىك پىرىنسىپىغا ۋارىسلىق قىلغان. نىسپىيلىك پىرىنسىپىدا شۇنداق دېيىلىدۇ: « فىزىكا قانۇنلىرىنى ئىپادىلەيدىغان تەڭلىمىلەر ھەر بىر (مۇۋاپىق) **پايدىلىنىش سىستېمىسى**دا ئوخشاش شەكىلگە ئىگە بولىشى كېرەك».

ھەرىكەت بىر-بىرىگە نىسپەتەن نىسپىي بولغانلىقى ئۈچۈن مەلۇم نەرسىنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى يەنە بىر نەرسىنى بەلگە قىلىپ تۇرۇپ تەسۋىرلەشكە مەجبۇر بولىمىز. مانا مۇشۇنداق بەلگە قىلىنغان نەرسە ياكى نەرسىلەر سىستېمىسى «پايدىلىنىش سىستېمىسى» دېيىلىدۇ. مەسىلەن، پويىزدا ئولتۇرغان بىز پويىزنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن سىرتتىكى دەل-دەرەخ، تاغ-دەريالارنى بەلگە قىلساق پويىز شۇلارغا نىسپەتەن مېڭىپ كېتىۋاتقان بولىدۇ. ئەگەر پويىزنىڭ دېرىزىلىرى مەھكەم يېپىلىپ، پويىز سىلىق ماڭسا ئىچىدە ئولتۇرغان بىز پويىزنىڭ ماڭغان ياكى ماڭمىغانلىقىنى بىلەلمەيمىز، بىزنىڭ بەلگىمىز ئۆزىمىز ئولتۇرغان ۋاگون بولغاچقا پويىز تىنىچ تۇرغان ياكى ماڭغىنىنى ئىلغا قىلالمايمىز. دېمەك، ھەرىكەتنى بىلىشتە بىزگە بىر پايدىلىنىش سىستېمىسى لازىم بولىدۇ.

## ئېنېرتسىيلىك پايدىلىنىش سىستېمىسى ۋە گالىلېي ئالماشتۇرۇشى

يۇقىرىدا بىز نىسپىيلىك پىرىنسىپىدا فىزىكا قانۇنلىرىنىڭ ھەربىر مۇۋاپىق پايدىلىنىش سىستېمىسىدا ئوخشاش شەكىلگە ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتۇق. بۇ يەردىكى مۇۋاپىق پايدىلىنىش سىستېمىسى ئېنېرتسىيلىك پايدىلىنىش سىستېمىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئاددىي قىلىپ نىسپىي تىنىچ ياكى تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەت قىلىۋاتقان سىستېمىنى **ئېنېرتسىيلىك سىستېما** دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن،

تىنىچ تۇرغان ياكى تەكشى كىتىۋاتقان ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدە فىزىكا قانۇنلىرى تامامەن ئوخشاش شەكىلدە. بۇ يەردە نىسپىي تىنىچ تۇرۇش ياكى تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەت قىلىش بىز دەۋاتقان ئىنېرتسىيەنى كۆرسىتىدۇ، شۇڭا نيوتوننىڭ بىرىنچى قانۇنىنى يەنە **ئىنېرتسىيە قانۇنى** دەپمۇ ئاتايمىز. تۆۋەندە ئىنېرتسىيەلىك پايدىلىنىش سىستېمىسىدىكى گالىلېي ئالماشتۇرىشىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.




رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك t=0 دە S ۋە S′ دىن ئىبارەت ئىككى ئىنېرتسىيەلىك سىستېما بىر-بىرىگە ئۈستۈنمۇ-ئۈست چۈشكەن، ئاندىن S′ تەكشى تېزلىك v بىلەن x ئوقىنى بويلاپ ھەرىكەت قىلىشقا باشلىغان بولسا S′ دىكى ماكان ۋە زامان كوردېناتلىرى (x′,y′,z′ t) بىلەن S تىكى ماكان زامان كوردېناتلىرى (x,y,z t) ئوتتۇرىسىدا تۆۋەندىكىدەك ئالماشتۇرۇش مەۋجۇت بولىدۇ:

يەنى بۇ دىگەنلىك، ھەرىكەت قىلىۋاتقان سىستېمىدىكى ماكان- زامان نوختىسى بىلەن تىنىچ تۇرغان سىستېمىدىكى ماكان-زامان نوختىسى گالىلېي ئالماشتۇرۇش مەشغۇلاتى ئارقىلىق تۆۋەندىكىدەك ماتېماتىكىلىق مۇناسىۋەت بىلەن باغلىنىدۇ:

S*(گالىلېي ئالماشتۇرۇش مەشغۇلاتى)=S′.

يۇقارقى ئالماشتۇرۇشنى مىسالغا ئېلىپ چۈشەندۈرسەك، بىكەتتىن چىقىپ تەكشى تېزلىكتە ھەرىكەت قىلىشقا باشلىغان پويىز ۋاگونى ئىچىدە ئۇچۇپ كىتىۋاتقان بىر چىۋىننى ۋاگون ئىچىدە تۇرۇپ كۆزەتكۈچى S′ كوردېنات سىستېمىسىدا تۇرۇپ كۆزەتكەن؛ بىكەتتە تۇرۇپ كۆزەتكۈچى S كوردېنات سىستېمىسىدا تۇرۇپ كۆزەتكەن بولىدۇ. چىۋىننىڭ بوشلۇقتىكى زامان - ماكان كوردېناتى يەر يۈزىگە

نسبەتەن، يەنى بىكەتتىكى كۆزەككۈچىگە نىسبەتەت (z t,y,x) بولسا، ۋاگون ئىچىدىكى كۆزەتكۈچىگە نىسبەتەن (t 'z,'y,'x') بولىدۇ. بۇلار ئارىسىدىكى ماتېماتىكىلىق مۇناسىۋەت دەل گاللىيې ئالماشتۇرۇشى ئارقىلىق تىكلىنىدۇ. ۋاگون x ئوقنى بويلاپ vt ئارلىق مېڭىپ بولغانلىقى ئۈچۈن چۈنكى ۋاگون ئىچىدىكى x كوردىناتى $x' = x - vt$ بولىدۇ، y ۋە z ئوقلىرى ئۆزگەرمەي پاراللېل يۆتكەلگەنلىكى ئۈچۈن $y' = y$ ، $z' = z$ بولىدۇ. گاللىيې كوردىنات سىستېمىلىرىدا ۋاقىت كوردىنات سىستېمىسىغا قاراپ ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ دېگەنلىك، يەر يۈزىدىكى كۆزەتكۈچىنىڭ سائىتى بىلەن ۋاگوننىڭ ئىچىدىكى كىشىنىڭ سائىتى ئوپمۇ-ئوخشاش قەدەمدە ماڭىدىغان بولۇپ، ۋاگوننىڭ ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. شۇڭا $t' = t$ بولىدۇ.

گاللىيې ئالماشتۇرۇشى كلاسسىك مەنادىكى كوردىنات ئالماشتۇرۇشى بولۇپ، ئۆز-ئارا نىسپىي ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئىككى ئىنېرتسىيىلىك سىستېما ئارىسىدىكى ماتېماتىكىلىق باغلىنىشنى ئىپادىلەيدۇ. كلاسسىك فىزىكىدا ھامان ماكرو جىسىملارنىڭ تۆۋەن تېزلىكتىكى (تۆۋەن تېزلىك دېگىنىمىزدە تېزلىكنىڭ يورۇقلۇق تېزلىكىگە سېلىشتۇرغاندا چەكسىز كىچىك ئىكەنلىكىگە قارىتا ئېيتىلغان) ھەرىكىتىنى ۋە ئېنېرگىيە ئالماشتۇرۇش مەسىلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. ھالبۇكى، مەسىلە مىكرو زەرىچىلەر (ۋە باشقا) يۇقىرى تېزلىكتىكى جىسىملارنىڭ ھەرىكەت ۋە ئېنېرگىيە ئالماشتۇرۇش مەسىلىسىگە كەلگەندە كلاسسىك فىزىكا چەكلىمىلىككە ئۇچرايدۇ، قاچانكى جىسىملارنىڭ تېزلىكى نۇر تېزلىكى c=299,7 92,458 m/s گە يېقىن بىر تېزلىككە يەتكەندە يۇقارقى گاللىيې ئالماشتۇرۇشى كۈچكە ئىگە بولماي قالىدۇ.

## تۆت ئۆلچەملىك بوشلۇق، زامان-ماكان كوردىناتى ۋە ھادىسە

پويىز، پاراخوت ۋە ئايروپىلانلارنى ماددىي نوختا (جىسىملارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە شەكلىنى نەزەرگە ئالماي تۇرۇپ پەقەت ماسسىغا ئىگە بىر نوختا سۈپىتىدە تەسۋىرلەش) دەپ قارىساق تۈز رېلىستا كېتىۋاتقان پويىز بىر ئۆلچەملىك بوشلۇقتا، يەنى x ئوقنى بويلاپ كېتىۋاتقان بولىدۇ، پاراخوت ئىككى ئۆلچەملىك تەكشىلىكتە يەنى x,y تەكشىلىكىدە كېتىۋاتقان بولىدۇ، ئايروپىلان بولسا ئۈچ ئۆلچەملىك بوشلۇق يەنى x,y,z كوردىنات سىستېمىسى ئىچىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بولىدۇ...

ئەمدى، تۆت ئۆلچەملىك بوشلۇقنى قانداق تەسەۋۋۇر قىلىمىز؟ ئەمەلىيەتتە بىز ئۈچ ئۆلچەملىك

بوشلۇقتا ياشاۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن تۆت ئۆلچەملىك بوشلۇقنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. پەقەت نەزەرىيە جەھەتتىن مۇنداق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ:

تۆت ئۆلچەملىك بوشلۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى ۋە ئېگىزلىكى بولغاندىن سىرت بۇ ئۈچ ئۆلچەمنىڭ سىرتىدا يەنە بىر ئۆلچەم ۋاقىت ئۆلچىمى بولىدۇ. گېئومېتىرىيە نۇقتىسىدىن، ئۈچ ئۆلچەملىك بوشلۇقنى بىر دانە كۇب دېسەك، تۆت ئۆلچەملىك بوشلۇق بۇ كۇبنىڭ ئالتە دانە ئايلىنىش ئوقى بويىنچە ئايلىنىشىدىن شەكىللەنگەن «ھايپېرى كۇب» يەنى دەرىجىدىن تاشقىرى كۇب دەپ قاراشقا بولىدۇ.
تۆۋەندە تۆت ئۆلچەملىك ھايپېر كۇب كۆرسىتىلدى.



بىز بىلىدىغان ئۈچ ئۆلچەملىك بوشلۇق ئۈچ ئۆلچەملىك كوردېنات سېستىمىسى ئىچىدىكى جىسىمنىڭ ئورۇننى، يەنى ماكان بوشلۇقنى ئىپادىلەيدۇ؛ تۆت ئۆلچەملىك بوشلۇق بولسا جىسىمنىڭ مەلۇم ۋاقىتتا مەلۇم ئورۇندا تۇرغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىت-ئورۇن كوردېناتىنى كۆرسىتىدىغان كوردېنات سېستىمىسى **زامان-ماكان كوردېناتى** دەپ ئاتىلىدۇ. زامان-ماكان كوردېنات سېستىمىسى ئىچىدىكى خالىغان بىر نۇقتا **«ھادىسە»** دەپ ئاتىلىدۇ، يەنى ئۇنى مەلۇم بىر ۋەقەنىڭ قاچان ۋە قەيەردە يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان پارامېتىرلار توپلىمى دېيىشكە بولىدۇ. ھادىسە نىسپىيلىك نەزەرىيىسىدىكى ئاچقۇچلۇق سۆز بولۇپ، كېيىنكى بايانلاردا «لورېنتېز ئالماشتۇرۇشى» نى چۈشەندۈرۈشتە مۇھىم رول رول ئوينايدۇ.

## مايكىلسون-مورلېي تەجرىبسى ۋە يورۇقلۇق تېزلىكىنىڭ چەكلىك بولىشى

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كىشىلەر ئېلېكتىر-ماگنېت دولقۇنلىرى ۋە يورۇقلۇقنىڭ باشقا دولقۇنلارغا ئوخشاش مەلۇم مۇھىتتا تارقىلىش كېرەكلىكىگە ئىشىنەتتى. مەسىلەن، ئاۋاز دولقۇنى ھاۋانى ياكى باشقا نەرسىلەرنى ۋاستە قىلىپ تارقىلىدۇ، ھاۋاسىز ۋاكۇئۇم ئىچىدە ئاۋاز دولقۇنى تارقىلالمايدۇ… مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، يورۇقلۇقمۇ چوقۇم مەلۇم بىر مۇھىتنى ۋاستە قىلىپ تارقىلىشى كېرەك بولاتتى. كىشىلەر بۇ مۇھىتنى « ئېفىر» (Ether) دەپ ئاتىدى.

1881- يىلى ۋە 1887- يىللىرى ئامېرىكىلىق مايكېلسون ۋە مورلېي ئاتالمىش «ئېفىر» نى تەجرىبە ئارقىلىق بايقاپ چىقىش ئۈچۈن فىزىكا تارىخىدا داڭلىق بولغان **«مايكىلسون-مورلېي تەجرىبسى»** نى ئىشلىدى.

يەر شارى قوياش ئەتراپىدا ئايلىنىش جەريانىدا سېكونتىغا تەخمىنەن 30،000 مېتىر تېزلىك بىلەن(ئالەمگە لىق تولغان) «ئېفىر» مۇھىتى ئىچىدە ئۈزۈپ كىتىۋاتقان بولىدۇ، بۇنى «ئېفىر ئېقىمى» u=30,000 m/s تېزلىك بىلەن يەر يۈزىنى سىياپ ئۆتىدۇ دەپ قاراشقا بولىدۇ. تەجرىبىنىڭ مەخستى، يورۇقلۇقنىڭ «ئېفىر ئېقىمى»غا ئوخشاش ۋە قارشى يۆلىنىشتە تارقىلىشى ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىت بىلەن «ئېفىر ئېقىمى»نى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن يۆلىنىشتە تارقىلىشى ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىت پەرقىنى ھېساپلاش ۋە شۇ ئارقىلىق «ئېفىر ماددىسى» نىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئىسپاتلاش ئىدى. بۇ ۋاقىت پەرقى ناھايىتى كىچىك بولۇپ ئۆلچىگىلى بولمىسىمۇ (نەزەرىيە جەھەتتىن بىر يۆلىنىشتىكى يورۇقلۇق تېزلىكى يەنە بىر يۆلىنىشتىكىدىن تېزرەك بولغاچقا) تەجرىبە ئارقىلىق ئىككى يورۇقلۇق دەستىسىنىڭ فازا پەرقىنى بايقاپ چىقىش مۇمكىن دەپ قارىلاتتى… ئەپسۇسلىنارلىق يېرى قايتا-قايتا ئىشلەنگەن تەجرىبە نەتىجىسى شۇنى كۆرسەتتىكى، ھېچقانداق فازا پەرقى مەۋجۇت ئەمەس چىقتى تەجرىبە قۇرۇلمىسى ۋە جەريانىدا ھېچقانداق خاتالىق يوق ئىدى… ئارىدىن 18 يىل ئۆتۈپ 1905- يىلىغا كەلگەندە ئالبېرت ئېينشتېين بۇ تەجرىبىگە نىسبەتەن شۇنداق يەكۈن چىقاردى: ئاتالمىش « ئېفىر» مەۋجۇت ئەمەس، <u>يورۇقلۇقنىڭ تېزلىكى مەنبەنىڭ ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ھالدا چەكلىك بىر تۇراقلىق قىممەتنى ئالىدۇ</u>. كېيىن ئېينشتېين مۇشۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ ئىككى پەرىزىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئىككى پەرەز ئېينشتېين ئوتتۇرىغا قويغان

«تارمەندىكى نىسپىيلىك نەزەرىيەسى» نىڭ ئىككى پرىنسىپى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇلار:

1) فىزىكا قانۇنلىرى بارلىق ئىنېرتسىيىلىك سىستېمىلاردا ئوخشاش؛

2) يورۇقلۇق تېزلىكى بارلىق ئىنېرتسىيىلىك سىستېمىلاردا ئوخشاش.

بۇلارنىڭ بىرىنچىسى ئالدىنقى بۆلەكتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان نىسپىيلىك پرىنسىپىدۇر، ئىككىنچىسى يورۇقلۇقنىڭ ھەرقانداق ئىنېرتسىيىلىك سىستېمىدا مەيلى ئۇ جىم تۇرغان بولسۇن، مەيلى تەكشى تېزلىكتە ھەرىكەت قىلىۋاتقان سىستېما بولسۇن مۇقىم تېزلىككە ئىگە بولىدىغانلىقىنى، يورۇقلۇق تېزلىكىنىڭ يورۇقلۇق مەنبەسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمدى تۆۋەندە بۇ پرىنسىپلارنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ **«لورېنتېز ئالماشتۇرۇشى»** نى كەلتۈرۈپ چىقىرىمىز.

## ۋاقىتنىڭ نىسپىيلىكى ۋە لورېنتىز ئالماشتۇرۇشى

يۇقارقى بۆلەكتىكى «گالىلېي ئالماشتۇرۇشى» دا نىسپىيلىك پرىنسىپىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز-ئارا نىسپىي ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئىككى ئىنېرتسىيىلىك سىستېمىغا نىسبەتەن ئوخشاش بىر جىسىمنىڭ ئورۇن-ۋاقىت كوردىنات ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. گالىلېي ئالماشتۇرۇشى كلاسسىك مەنىگە ئىگە بولۇپ، گالىلېي كوردىناتىدا ۋاقىت مۇتلەق، ئورۇن ۋە تېزلىك ئىككى سىستېمىنىڭ نىسپىي تېزلىكىگە قارىتا ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن، تىنىچ كۆل يۈزىدە تەكشى تېزلىكتە كېتىۋاتقان موتۇرلۇق قېيىق ئۈستىدە بىر ئادەم قولىدىكى مىلتىق بىلەن قېيىقنىڭ مېڭىش يۆلىنىشىگە قاراپ ئوق چىقارسۇن. قېيىقنىڭ تېزلىكى u=5m\s ، ئوقنىڭ تېزلىكى v=300m\s بولسا ئوقنىڭ تىنىچ كۆلگەنىسبەتەن تېزلىكى 305m\s بولىدۇ. يەنى، ئوقنىڭ تىنىچ كۆلگە نىسبەتەن تېزلىكى قېيىق تېزلىكى بىلەن ئوقنىڭ ھەرىكەت قىلىۋاتقان كوردىناتتىكى ئېتىلىش تېزلىكىنىڭ يىغىندىسىغا تەڭ بولىدۇ.




ئەگەر تېزلىكلەرنى 1000,000 ھەسسە چوڭايدى دەپ قارىساق، يەنى ئوقنى يورۇقلۇق زەرىچىسى بولغان بىر تال فوتون دەپ قارىساق؛ قېيىقتىكى مىلتىق تۇتقان ئادەمنى m\s5000,000 تېزلىك بىلەن كېتىۋاتقان، بىر تال ئاتوم كىچىكلىكىگە قەدەر ئۆزگەرگەن «مىكرو ئادەم» دەپ قارىساق، «ئوق» نىڭ يەرگە نىسبەتەن تېزلىكى ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن m\s305000,000 بولامدۇ؟ يەنى، مەلۇم تېزلىك بىلەن كېتىۋاتقان«مىكرو ئادەم» بىر تال فوتون ئېتىپ چىقارسا فوتوننىڭ تىنچ تۇرۇپ كۆزەتكۈچىگە نىسبەتەن تېزلىكى يورۇقلۇق تېزلىكىدىن ئارتىپ كېتەمدۇ؟ ھەتتا «مىكرو ئادەم»نىڭ تېزلىكى يورۇقلۇق تېزلىكىگە تەڭ بولغان ئەھۋالدا، ئۇ ئېتىپ چىقارغان فوتون تېزلىكى يورۇقلۇق تېزلىكىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە تەڭ بولامدۇ؟

ئېينشتېيىن 1905-يىلى ئۆزىنىڭ «ھەرىكەتتىكى جىسىملارنىڭ ئېلېكتىر-دىنامىكىسى» دېگەن ماقالىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان «تارمەنىدىكى نىسپىيلىك نەزەرىيەسى» دە ئىككى پىرىنسىپنى ئاساس قىلغان ئىدى، ئۇلارنىڭ بىرى يورۇقلۇق تېزلىكىنىڭ ئۆزگەرمەسلىك پەرىزى دىن ئىبارەت. بۇ پەرەز نوقۇل خىيالى تەسەۋۋۇر ئۈستىگە قۇرۇلماستىن، «مايكېلسون-مورلېي تەجرىبىسى»نىڭ نەتىجىسىدىن چىقىرىلغان يەكۈن ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىدى...

ئېلېكتىر-ماگنىت دولقۇنلىرى جۈملىدىن يورۇقلۇق، يۇقىرى تېزلىكتىكى مىكرو زەرىچىلەر ھەتتا تېزلىكى ناھايىتى يۇقىرى بولغان ماكرو جىسىملارغا نىسبەتەن كىلاسسىك مەنىدىكى نىسپىيلىك نەزەرىيىسى ۋە «گالىلېي ئالماشتۇرۇشى» تەسىرگە ئىگە بولماي قالىدۇ. چۈنكى، جىسىملار تۆۋەن تېزلىك بوشلۇقىدىن يۇقىرى تېزلىك بوشلۇقىغا ئۆتكەندە كىلاسسىك نەزىرىيەدىكى«مۇتلەق ۋاقىت» ئۇقۇمى

كۆچتىن قالىدۇ. ئاددى قىلىپ يىغىنچاقلىغاندا، كىلاسسىك سىستېمىدا ئورۇن (ياكى ماكان) نىسپىي، ۋاقىت (ياكى ماكان) مۇتلەق؛ يۇقىرى تېزلىك سىستېمىسىدا ماكان-زامان نىسپىي بولىدۇ. زاماننىڭ نىسپىي بولىشى ھەر بىر ئېنېرتسىيىلىك سىستېمىسىدا ئۆزىگە خاس «ۋاقىت ئوقى»نىڭ بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ...

تۆۋەندە ۋاقىت ئوقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆت ئۆلچەملىك بوشلۇقتا «ھادىسە» ئارىلىقلىرىنىڭ ئۆزگەرمەسلىك پرىنسىپىدىن پايدىلىنىپ كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان « لورېنتىز ئالماشتۇرۇشى» نى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

ئۈچ ئۆلچەملىك كوردىنات بوشلۇقىدا كۆرۈنگەن بىر نوختىدىن كوردىنات بېشىغىچە بولغان ئۇزۇنلۇق كوردىنات سىستېمىسىنىڭ سىمېترىك يۆتكىلىشى بىلەن ئۆزگىرىپ قالمايدۇ. يەنى، $|OS'|=|OS|$ بولىدۇ. ئوخشاش پرىنسىپ بىلەن تۆت ئۆلچەملىك گېئومېترىيەدە «ھادىسە ئارىلىقى» ئۆزگەرمەيدۇ. تۆت ئۆلچەملىك كوردىنات سىستېمىسىنى تەكشىلىكتە سىزىش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، پاراللېل يۆتكەلگەن y ۋە z ئوقلىرىنى ھېسابقا ئالماي، شۇ يۆلىنىش بويىنچە يۆتكەلگەن x ئوقى ۋە ۋاقىت ئوقىنى سىزىش ئارقىلىق چۈشەندۈرىمىز. رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك تىنچ تۇرغان ئورۇن-ۋاقىت كوردىناتى بىلەن نىسپىي ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئورۇن-ۋاقىت كوردىناتىغا نىسبەتەن «ھادىسە ئارىلىقى» تۇراقلىق ئۆزگەرمەس قىممەت ئالىدۇ.




قۇتادغۇبىلىك
Qutad.Biz

$$|OS|^2 = |OS|^2$$

ئىككى كوردىنات سىستېمىسىغا نىسبەتەن «هادىسە» نوختىسىنى تەسۋىرلەشتە مەلۇم ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولسا بۇنى ماتېماتىكىلىق ئىپادە بىلەن S′=(L)*S قىلىپ ئىپادىلەشكە بولىدۇ. بۇ يەردىكى L لورېنتز ئالماشتۇرۇشى غا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ماترىسسا شەكلىدە يازساق تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

$$\begin{pmatrix} x' \\ ct' \end{pmatrix} = \begin{pmatrix} a_{11} & a_{12} \\ a_{21} & a_{22} \end{pmatrix} \cdot \begin{pmatrix} x \\ ct \end{pmatrix}$$

قۇتادغۇبىلىك
Qutad.Biz

دىمەك بىز تۆتلۈك ماترىسسا L نىڭ بارلىق ئېلېمېنتلىرىنى تېپىپ چىقساق لورېنتىز ئالماشتۇرۇشىنى ئاسانلا يېزىپ چىقالايمىز. تەپسىلى ھېساپلاش جەريانىنى قالدۇرۇپ، ھېساپلاشتىن كېيىن ماترىسسا L نى تۆۋەندىكى شەكىلدە يېزىپ چىقىمىز.

$$\mathbf{L} = \begin{pmatrix} \gamma & -\beta\gamma \\ & \\ -\beta\gamma & \gamma \end{pmatrix}$$

$$\beta = \frac{v}{c} \qquad \gamma = \frac{1}{\sqrt{1 - \frac{v^2}{c^2}}}$$

بۇ x ۋە t ئوقىغا نىسبەتەن ھېساپلاپ چىقىرىلغان لورېنتىز ئالماشتۇرۇشى. y ۋە z ئوقلىرى ئۆزگەرمەي پاراللېل يۆتكەلگەنلىكى ئۈچۈن $y' = y$ ، $z' = z$ بولىدۇ، شۇڭا تۆت ئۆلچەملىك ماكان-زامان كوردىناتا سىستېمىسىدا لورېنتىز ئالماشتۇرۇشى تۆۋەندىكىدەك شەكىلگە ئىگە بولىدۇ.




$$x' = \frac{x - vt}{\sqrt{1-(v/c)^2}}$$

$$y' = y$$

$$z' = z$$

$$t' = \frac{t-(v/c^2)x}{\sqrt{1-(v/c)^2}}$$

## قوش گېزەكلەر سەپسەتىسى

يۇقارقى بۆلەكتە ئېنشتېيننىڭ «تار مەنىدىكى نىسپىيلىك نەزەرىيىسى»دە ئوتتۇرىغا قويغان ئىككى پەرىزى: « 1) يورۇقلۇقنىڭ ۋاكۇمدىكى تېزلىكى چەكلىك مىقتار بولۇپ، يورۇقلۇق مەنبەسىنىڭ نىسپىي ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتسىزھالدا دائىم تۇراقلىق بىر قىممەتنى ئالىدۇ؛ 2) ئېنىرتسىيلىك سىستېمىدا فىزىكا قانۇنلىرى ئوخشاش بولىدۇ.» ئاساسىدا ۋاقىت ئوقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆت ئۆلچەملىك كوردىناتلاردا يۇقىرى تېزلىكتىكى جىسىملارنىڭ ماكان-زامان نىسپىيلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. دېمەك، يۇقىرى تېزلىكتىكى ھەرىكەت ئوبىكتلىرىنى كۆزەتكۈچىلەرگە كۆرە ئۆز-ئارا نىسپىي ھەرىكەتتىكى ئوخشىمىغان ئىككى كوردىنات سىستېمىسىدا تۇرۇپ كۆزەتكەن «ھادىسە»لەرنىڭ نىسپىي پەرىقلىق بولىدىغانلىقىنى ئۆگىنىپ ئۆتتۇق. تۆۋەندە يۇقىرى تېزلىكتىكى كوردىنات سىستېمىسىدا ۋاقىتنىڭ

**ئاستىلاپ قالىدىغانلىقىنى داڭلىق بولغان «خىيالىي تەجرىبە»، ئاتالمىش قوش گېزەكلەر سەپسەتىسى ئارقىلىق كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:**



رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، قوشگېزەك ئاكا-ئۇكىلارنىڭ بىرى ئالەم ئۇچقۇچىسى ئىكەن. ئۇباشقا يۇلتۇزلار سىستېمىسىدىكى پىلانىتلارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئالاھىدە ياسالغان ئالەم كېمىسىگە ئولتۇرۇپ، يورۇقلۇق تېزلىكىگە يېقىن بىر تېزلىكتە ئۇچۇپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ قوشگېزەك قېرىندىشى ئۇنى ئۇزۇتۇپ يەر يۈزىدە قالىدۇ. قوشگېزەكلەرنىڭ ھەر ئىككىسىدە ئوخشاش سائەت بولۇپ، راكېتا ئىچىدىكى ئاكىسى سائىتىگە قاراپ ۋاقىتنى ھېسابلاپ، ئالەم كېمىسىدىكى سائەتكە كۆرە ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى دېگەن ۋاقىتتا تەكشۈرۈشنى تاماملاپ يەر يۈزىگە قايتىپ كېلىدۇ. لېكىن، تولىمۇ ھەيران

قالارلىق يېرى، ئۇ ئۆزىنىڭ يەريۈزىدە قالغان قوشكېزەك ئۇكىسىنىڭ قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالىدۇ، قوشكېزەك ئۇكىسىمۇ ئاكىسىنىڭ ياپياش تۇرغىنىدىن چۆچۈپ كىتىدۇ...

مۇشۇنداق ئەقىلگە سىغمىغۇدەك زىدىيەتلىك ھادىسە دەل يورۇقلۇققا يېقىن سۈرئەتتە ھەرىكەت قىلىۋاتقان (كوردىناتلار سىستېمىسىدا) ساقەتنىڭ ئاستىلاپ قېلىشى، يەنى «زامانىنىڭ قىسقىرىشى» تەسىرىدىن ئىبارەت لورېنتز ئالماشتۇرۇشىدىكى ماتېماتىكىلىق يەكۈندىن كېلىپ چىققان. جىسىملار يورۇقلۇققا يېقىن سۈرئەتتە ھەرىكەت قىلغاندا، شۇ جىسىمغا يۆلەنگەن سائەت، يەنى شۇ جىسىمغا نىسبەتەن ئۆتىدىغان ۋاقىت «ئاستىلاپ» قالىدۇ؛ شۇنداقلا جىسىم ئۇزۇنلۇقى « قىسقىراپ» قالىدۇ. بۇلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «ماكان-زامانىنىڭ قىسقىرىشى» دەپ ئاتىلىدۇ. تۆۋەندە بۇلارنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز...

## ماكان-زامانىنىڭ قىسقىرىشى

ئەگەر بىر كوردىنات سىستېمىسى يورۇقلۇققا يېقىن سۈرئەتتە ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولسا ئۇ كوردىناتتىكى ئۇزۇنلۇق بىرلىكى نىسپىي تىنچ كوردىناتتىكى ئۇزۇنلۇق بىرلىكىدىن كىچىك بولىدۇ؛ ۋاقىت بىرلىكىمۇ نىسپىي تىنچ تۇرغان كوردىنات سىستېمىسىغا نىسبەتەن قىسقا بولىدۇ. بۇلار ئاتالمىش «ئۇزۇنلۇقنىڭ قىسقىرىشى» ۋە « سائەتنىڭ ئاستىلاپ قېلىشى» تەسىرلىرىدىن ئىبارەت.



رەسمدە كۆرستىلگەندەك، بىر راكىتا تىنىچ تۇرغان چاغدا ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى راكىتا كوردىناتىدىمۇ، يەر كوردىناتىدىمۇ ئۇزۇنلۇقى ئوپئوخشاش بولىدۇ. ئەگەر راكىتانىڭ تېزلىكى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، يورۇقلۇق تېزلىكىنىڭ 86.6% گە تەڭ بولغاندا راكىتانىڭ ئۇزۇنلۇقى ئەسلىدىكىنىڭ يېرىمچىلىك، تېزلىكى يورۇقلۇق تېزلىكىنىڭ 99.5% گە تەڭ بولغاندا ئەسلىدىكىنىڭ چارەك ئۇزۇنلۇقچىلىك، تېزلىكى يورۇقلۇق تېزلىكىنىڭ 99.995% گە تەڭ بولغاندا ئەسلىدىكىنىڭ سەككىزدىن بىرىچىلىك قىسقا بولىدۇ...

ئۇزۇنلۇقنىڭ «قىسقىراپ قېلىشى» قانداقتۇر رېئال پاكىت بولماستىن، يەر يۈزىدىكى تىنىچ كۆزەتكۈچىگە نىسبەتەن يۇقىرى تېزلىكتىكى ھەرىكەت كوردىناتىدىكى ۋە تىنىچ كوردىناتتىكى جىسىملارنىڭ ئۆلچىمىدىكى پەرقتىن ئىبارەت. تۆۋەندىكى رەسىم بۇنى ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىشى مۇمكىن:

ئۇزۇنلۇقنىڭ قىسقىرىشىنى «لورېنتز ئالماشتۇرۇشى» دىن پايدىلىنىپ ئاسانلا كالتۇرۇپ چىقارغىلى بولىدۇ.




$$L' = \frac{L}{\sqrt{1-\frac{v^2}{c^2}}}$$

قۇتادغۇبىلىك
Qutad.Biz

رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، ئۇزۇنلۇقى L بولغان بىر جىسىمنىڭ تىنىچ ھالەتتىكى كوردىناتلىرى 1x ۋە 2x بولسۇن، يەنى ($L = x_2 - x_1$)؛ ھەرىكەتتىكى كوردىناتلىرى $x_1^{'}$ ۋە $x_2^{'}$ بولسۇن، (يەنى $L_0^{'} = x_2^{'} - x_1^{'}$) لورېنتز ئالماشتۇرۇش فورمۇلالىرىغا ئاساسەن

$$x_1^{'} = \frac{x_1 - vt_1}{\sqrt{1 - \frac{v^2}{c^2}}}$$

$$x_2^{'} = \frac{x_2 - vt_2}{\sqrt{1 - \frac{v^2}{c^2}}}.$$

بولىدۇ، تىنىچ كوردىناتتا ۋاقىتلار ئوخشاش، يەنى ئوخشاش ۋاقىتتا جىسىمنىڭ ئىككى ئۇچىنى ئۆلچىدۇق ، شۇڭا

$$L_0^{'} = \frac{L}{\sqrt{1 - \frac{v^2}{c^2}}}.$$

نى كەلتۈرۈپ چىقىرالايمىز. بۇ دىگەنلىك تېزلىك قانچە يۇقىرى بولغانسىرى ھەرىكەتتىكى كوردىناتتىكى ئۇزۇنلۇق تىنىچ كوردىناتتىكى كۆزەتكۈچىگە نىسبەتەن شۇنچە «قىسقا» بولىدۇ.

ۋاقىتنىڭ ئاستىلاپ قېلىشىنى تۆۋەندىكىدەك «خىيالى تەجرىبە ئۇسۇلى» بىلەن كەلتۈرۈپ چىقارغىلى بولىدۇ. v تېزلىك بىلەن كىتىۋاتقان پويىز ئىچىدە تۇرغان مۇرات قولىدىكى قولچىراقنى تىك يۇقۇرىغا قارىتىپ ئاچتى. بۇ پويىزنىڭ ئىچىدە تۇرغان مۇراتقا نىسبەتەن تىك تۈز سىزىق بويىنچە يۇقىرىغا تارقالغان يورۇقلۇق بولۇپ، ئېنىق ھېس قىلغىلى بولىدىغان ھادىسە؛ لىكىن، يەر يۈزىدە تۇرغان فاتىمە قولچىراق نۇرىنىڭ پويىزنىڭ ھەرىكەت يۆلىنىشىگە قىيپاش يانتۇ سىزىق بويىنچە تارقالغانلىقىنى كۆرىدۇ.



قۇتادغۇبىلىك
Qutad.Biz

رەسمدە كۆرستلگەندەك، مۇراتقا نسبەتەن يورۇقلۇقنىڭ ۋاگوننىڭ ئۈستىگە يېتىپ بارغاندىكى ۋاقت ۋاگون ئېگىزلكنى يورۇقلۇق تېزلكگە بۆلگەنگە تەڭ بولدۇ؛ فاتمەگە نسبەتەن ياتنۇ سزىق ئۇزۇنلۇقنى يورۇقلۇق تېزلكگە بۆلگەنگە تەڭ. بۇلارنىڭ ئارىسدىكى مۇناسىۋەتنى تۆۋەندىكى رەسمدىكى گېئومېتىرىيەلىك شەكىل ئارقىلىق ھېساپلاپ چىقىشقا بولىدۇ. رەسمدىكى تىك ئۇزۇنلۇق d ياتنۇ ئۇزۇنلۇق l ۋە پويىزنىڭ ھەرىكەت ئارلىقى vt بىر تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭدا ياتنۇ تەرەپنىڭ كۋادراتى ئىككى تىك تەرەپنىڭ كۋادراتلىرىنىڭ يىغىندىسىغا تەڭ بولىدىغانلىقى ئۈچۈن l=cT ۋە d=vt لارنى ئورۇنغا قويۇپ، مۇراتقا نسبەتەن ۋاگون ئىچىدىكى ۋاقت T بىلەن فاتمەگە نسبەتەن يەر يۈزىدىكى ۋاقت t نى كەلتۈرۈپ چىقىرىمىز.

$$t = \frac{T}{\sqrt{1 - v^2/c^2}}$$

مەسىلەن، پويىز يورۇقلۇق تېزلىكىنىڭ 60% تېزلىكى بىلەن كىتىۋاتقان بولسا يەر يۈزىدە 10 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن پويىز ئىچىدە 8 مىنۇت ئۆتكەن بولىدۇ، دېمەك پويىز ئىچىدە 2 مىنۇت ۋاقت قىسقارىدى. ئەگەر پويىزنىڭ تۇرسا مەخروج بىرگە تەڭ بولۇپ t=T بولىدۇ؛ ئەگەر پويىز تېزلىكى بارا بارا چوڭىيىپ يورۇقلۇق تېزلىكىگە چەكسىز يېقىنلاشسا مەخروج نۆلگە چەكسىز يېقىنلىشىدۇ، بۇ چاغدا

پويىز ئىچىدىكى ۋاقىت قىسقىراپ نۆلگە چەكسىز يېقىنلىشىدۇ.

ئاتالمىش ماكان-زاماننىڭ قىسقىرىشى تىنىچ كوردىناتتىكى كۆزەتكۈچىگە نىسبەتەن نىسپىي ھەرىكەتتىكى كوردىناتلارنىڭ ئۆلچىنىشى بولۇپ، بىر خىل «ھادىسە»نىڭ ئىككى خىل كوردىناتتىكى ئوخشىمىغان كۆزەتكۈچىلەرگە نىسبەتەن ئوخشىمىغان ئىككى خىل كۆرۈنۈشنى ئىپادىلەيدۇ. ماكان-زاماننىڭ قىسقىرىشىدىن باشقا ھەرىكەتتىكى جىسىملارنىڭ ماسسىسىنىڭ «چوڭىيىپ كېتىش» تەسىرىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، ئېينشتېيننىڭ مەشھۇر« **ماسسا-ئېنېرگىيە تەڭلىمىسى**»نىڭ كەلتۈرۈلۈپ چىقىرىلىش ئاساسىدىن ئىبارەت. تۆۋەندە بۇھەقتە توختۇلمىز ھەمدە سۆزىمىزنىڭ ئاخىرىنى **ئاتوم بومبىسىنىڭ پىرىنسىپى** بىلەن تاماملايمىز.

## تېزلىك، ھەرىكەت مىقتارى ۋە ماسسا

ئۆز-ئارا نىسپىي ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئىككى ئېنېرتسىيلىك سىستېمىسىدا جىسىم ئورۇنى ۋە ۋاقتىنىڭ ئىككى سىستېمىدىكى كۆزەتكۈچىلەرگە نىسبەتەن پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ «لورېنتز ئالماشتۇرۇشى» ئارقىلىق قۇرۇلىدىغانلىقىنى ئۆگىنىپ ئۆتتۇق. رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك جىسىم تىنىچ كوردىنات سىستېمىسىغا نىسبەتەن مەلۇم تېزلىك u بىلەن ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولسا ئۇنىڭ ھەرىكەتتىكى كوردىناتتىكى تېزلىكى u′ نى ھەم «لورېنتزئالماشتۇرۇشى» دىن پايدىلىنىپ كەلتۈرۈپ چىقارغىلى بولىدۇ. <u>تېزلىك ئورۇن ئۆزگىرىشى بىلەن ۋاقىت ئۆزگىرىشىنىڭ نىسبىتىگە تەڭ</u> بولغاچقا بۇئۆزگىرىشلەرنى ئورۇن ۋە ۋاقىتنىڭ ئالماشتۇرۇلۇش فورمۇلالىرىغا قويۇپ، ئاخىرىدا ھەرىكەتلىك سىستېمىسىدىكى جىسىم تېزلىكىنى ھېساپلاپ چىقىمىز. تۆۋەندىكى رەسىمدە تەپسىلاتى كۆرسىتىلدى.




$$x' = \gamma(x - vt) \qquad t' = \gamma\left(t - \frac{xv}{c^2}\right) \qquad \gamma = \frac{1}{\sqrt{1 - \frac{v^2}{c^2}}}$$

$$u' = \frac{\Delta x'}{\Delta t'} = \frac{\gamma(\Delta x - v\,\Delta t)}{\gamma\left(\Delta t - \frac{v\,\Delta x}{c^2}\right)} = \frac{\frac{\Delta x}{\Delta t} - v}{1 - \frac{v\frac{\Delta x}{\Delta t}}{c^2}}$$

$$\Delta x' = \gamma(\Delta x - v\,\Delta t)$$
$$\Delta t' = \gamma\left(\Delta t - \frac{v\,\Delta x}{c^2}\right)$$

$$u' = \frac{u - v}{1 - \frac{uv}{c^2}}$$

قۇتادغۇبىلىك
Qutad. Biz

فىزىكىدا تېزلىك جىسىمنىڭ **ھەرىكەت مىقدارىنى** بەلگىلەيدىغان فىزىكىلىق مىقدار. **ھەرىكەت مىقدارى دېگىنىمىز جىسىم ماسسىسى بىلەن تېزلىكىنىڭ كۆپەيتمىسى** بولۇپ، فىزىكا قانۇنلىرى ئىچىدە ھەرىكەت مىقدارى ساقلىنىدىغان مىقدار بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. يەنى، سىستېما ئىچىدە مەلۇم ھادىسە يۈز بېرىشتىن بۇرۇنقى ئومۇمى ھەرىكەت مىقدارى ھادىسە يۈز بەرگەندىن كېيىنكى ئومۇمى ھەرىكەت مىقدارىغا تەڭ بولىدۇ. ئۇ، ئېنېرگىيەنىڭ ساقلىنىش قانۇنىغا ئوخشاشلا تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئەڭ ئاساسلىق قانۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. فىزىكىدا ساقلىنىش قانۇنلىرى بەكمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ، نۇرغۇن پىرىنسىپ ۋە فىزىكىلىق تەڭلىمىلەر ساقلىنىش قانۇنلىرى ئارقىلىق ئىزاھلىنىدۇ ۋە كەلتۈرۈپ چىقىرىلىدۇ... تۆۋەندە بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە ھەرىكەت مىقدارىنىڭ ساقلىنىش قانۇنىغا ئاساسەن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان جىسىمنىڭ (ھەرىكەت قىلىۋاتقان كوردېناتتىكى) **«نىسپىي ماسسا»** ۋە (تىنچ كوردېناتتىكى) **«تىنچ ماسسا»** ئۇقۇملىرىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.




رەسمدە كۆرستلگەندەك، 1u تېزلىك بلەن كتىۋاتقان شارچە، 2u تېزلىك بلەن كتىۋاتقان شارچگە سوقۇلغاندىن كيىن ئككىسى جۈپلىشىپ ئورتاق تېزلىك V بلەن ھەرىكەت قىلغان. ھەرىكەت مىقتارىنىڭ ساقلىنش قانۇنىغان ئاساسەن سوقۇلۇشتىن بۇرۇن ۋە كيىنكى ھەرىكەت مىقتارلىرى تەڭ بولىدۇ، شۇڭا

$$m_1 u_1 + m_2 u_2 = ( m_1 + m_2 )V$$

بولىدۇ. ئىككى شارچىنىڭ تېزلىكلىرىنى لورېنتز ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئالماشتۇرغاندىن كېيىن يۇقارقى تەڭلىمىگە قويساق تۆۋەندىكىدەك نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ:

$$m_1/m_2 = \sqrt{(1-u_2^2/c^2)}/\sqrt{(1-u_1^2/c^2)}$$

قۇتادغۇبىلىك
Qutad.Biz

ئەگەردەسلەپتە ئىككىنچى شارچە جىم تۇرغان بولسا شارچىنىڭ ماسسىسى تۆۋەندىكى تەڭلىمە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ:

بۇ يەردىكى 0m جىسىمنىڭ **تىنچ ماسسىسى** دەپ ئاتىلىدۇ؛ m بولسا ھەرىكەت قىلغاندىكى **نىسپىي ماسسىسى** دەپ ئاتىلىدۇ.

يۇقارقى تەڭلىمىگە ئاساسەن، بىر جىسىم نىڭ تىنچ تۇرغاندىكى ماسسىسى 1 كىلوگرام بولۇپ، ئەگەر ئۇ جىسىم يورۇقلۇق تېزلىكىنىڭ 60% بويىنچە ھەرىكەت قىلسا ماسسىسى 1.25 كىلوگرام بولىدۇ.

كىلاسسىك فىزىكىدا ماسسا كوردىنات سىستېمىسىغا باغلىق بولمىغان ھالدىكى ئۆزگەرمەس مىقتار دەپ قارىلىدۇ، لېكىن نىسپىيلىك نەزەرىيىسىدە ماسسا ھەرىكەتلىك ھالەتتە نىسپىيلىككە ئىگە بولىدۇ. مۇتلەق تىنچ تۇرغاندىكى ماسسىسى بىز دائىم تىلغا ئالىدىغان ماسسا، يەنى«**تىنچ ماسسا**» دىن ئىبارەت. دەل مۇشۇ خۇسۇسىيىتى نىسپىيلىك نەزەرىيىسىدىكى ئەڭ مۇھىم تەڭلىمە، بەلكى پۈتۈن فىزىكىدىكى ئاددى لېكىن دەۋر بۆلگۈچ تارىختا ئىگە تەڭلىمىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ ئاساسىدىن ئىبارەت. تۆۋەندە، فىزىكا تارىخىنى ئەمەس، دۇنيا تارىخىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن مەزكۇر تەڭلىمە ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## نىسپىي ئېنېرگىيە ۋە ھەرىكەت مىقتارى مۇناسىۋىتى

ئىلگىركى بۆلەكلەردە ماكان-زاماننىڭ نىسپىيلىكىنى «**لورېنتز ئالماشتۇرۇشى**» ئارقىلىق كۆرسىتىپ ئۆتتۇق ھەمدە بۇلاردىن پايدىلىنىپ كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان تېزلىك ئالماشتۇرۇشىدىن ۋە ھەرىكەت

مىقتارىنىڭ ساقلىنىش قانۇنىدىن پايدىلىنىپ جىسىم ماسسىسىنىڭمۇ نىسپىيلىككە ئىگە بولىدىغانلىقىنى بىلدۇق. دىمەك، جىسمنىڭ ماسسى مۇتلەق بولماستىن ئۇخشمىغان كوردىېنات سېستىمىسىدا تۈرۈپ كۆزەتكۈچىلەرگە(ئۆلچىگۈچىلەرگە) نىسبەتەن پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۇق. تۆۋەندە نىسپىيلىك نەزەرىيىسىدىكى ئېنىرگىيە ھەققىدە توختۇلۇپ ئۆتىمىز.

ئېنىرگىيە ساقلىنىدىغان بىر مىقتار. جىسىملارنىڭ ئۆز-ئارا تەسىرلىشىشى، جۇملىدىن (ئېلاستىك) سوقۇلىشى، رىئاكسىيلىشىشى، بىر-بىرىگە ئايلىنىش،...قاتارلىق جەريانلار جىسىملار ئارىسىدىكى ئېنىرگىيە ئۆتۈشۈش جەريانلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ جەرياندا ئومۇمى ئېنىرگىيە ئۆزگەرمەي ساقلىنىدۇ. مەسىلەن، بىر شارچە تىنىچ تۇرغان يەنە بىر شارچىغا سوقۇلغاندىن كيىن سوقۇلۇش كۈچىنىڭ تەسىرىدە ئىككىنچى شارچە مەلۇم تېزلىككە ئىگە بولىدۇ. دىمەك، ئەسلىدە تىنىچ تۇرغان ئىككىنچى شارچە مەلۇم ھەرىكەت ئېنىرگىيەسىگە سوقۇلۇش كۈچى ئارقىلىق ئېرىشتى، يەنى بىرىنچى شارچىنىڭ ھەرىكەت ئېنىرگىيەسىنىڭ بىر قىسمى ئىككىنچى شارچىغا ئۆتكۈزۈپ بىرىلدى. ئەمدى بىز ئىككىنچى شارچە ئىگە بولغان ئېنىرگىيە ھەققىدە مۇزاكىرە قىلىپ باقايلى:




شارچە ئىگە بولغان چەكسىز كىچىك ئېنىرگىيە سوقۇلۇش كۈچى بىلەن چەكسىز كىچىك يۆتكىلىشنىڭ كۆپەيتمىسىگە تەڭ بولىدۇ (ئىلگىرى ئېنىرگىيەگە ئىش قىلىدىغان كۈچ دەپ ئېنىقلىما بەرگەن ئىدۇق، يەنى كۈچ تۈرتكىسىدە يۆتكىلىپ ئىشلەنگەن ئىش ئېنىرگىيەگە تەڭ بولىدۇ).




سوقۇلۇش كۆچى يەنە ھەرىكەت مىقتارىنىڭ ئۆزگۆرىشىگە تەڭ بولغاچقا ئېنىرگىيەنى شارچە ئىگە بولغان تېزلىك بىلەن چەكسىز كىچىك ھەرىكەت مىقتارىنىڭ كۆپەيتمىسى شەكلىدە تۆۋەندىكىدەك يېزىشقا بولىدۇ.

$$\mathbf{F}\cdot d\mathbf{x}=\mathbf{F}\cdot\mathbf{v}dt=\frac{d\mathbf{p}}{dt}\cdot\mathbf{v}dt=\mathbf{v}\cdot d\mathbf{p}=\mathbf{v}\cdot d(m\mathbf{v})\,,$$

بۇ يەردىكى ماسسا ئۆچۈن نىسپىي ماسسىنى ئالساق ھەمدە ھەرىكەت مىقتارىنىڭ ئۆزگۆرىشىگە نىسبەتەن ئېنتىگراللىنى ئالساق ئاخىرىدا نىسپى ئېنىرگىيەگە ئېرىشىمىز. تۆۋەندىكى رەسىمدە كونكېرىت ھېسابلاش جەريانى كۆرسىتىلدى.

$$\mathbf{p}=m_0\gamma\mathbf{v}\qquad \gamma=1/\sqrt{1-v^2/c^2}$$

$$E_k=\int\mathbf{v}\cdot d(m_0\gamma\mathbf{v})$$

$$=m_0\gamma\mathbf{v}\cdot\mathbf{v}-\int m_0\gamma\mathbf{v}\cdot d\mathbf{v}$$

$$=m_0\gamma v^2-\frac{m_0}{2}\int\gamma d(v^2)$$

$$\gamma=(1-v^2/c^2)^{-1/2}$$

$$E_k=m_0\gamma v^2-\frac{-m_0c^2}{2}\int\gamma d(1-v^2/c^2)$$

$$=m_0\gamma v^2+m_0c^2(1-v^2/c^2)^{1/2}-E_0$$

$$E_k=m_0\gamma(v^2+c^2(1-v^2/c^2))-E_0$$

$$=m_0\gamma(v^2+c^2-v^2)-E_0$$

$$=m_0\gamma v^2-E_0$$

$$\mathbf{v}=0,\ \gamma=1\qquad E_k=0$$

$$E_0=m_0c^2$$

$$E_k=m_0\gamma c^2-m_0c^2=\frac{m_0c^2}{\sqrt{1-v^2/c^2}}-m_0c^2$$

Qutad.Biz

يۇقارقى كەلتۈرۈپ چىقىرىلىش جەريانى پۈتۈنلەي ماتېماتىكىلىق جەريان بولۇپ، مەلۇم دەرىجىدە ئالىي ماتېماتىكا سەۋىيىسى ھازىرلىغانلار ئۈچۈن تولىمۇ ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك يەكۈن. ئالىي ماتېماتىكا ئاساسى بولمىغانلار ھازىرچە پەقەت شارچە ئىگە بولغان ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنىڭ رەسىمدىكى دائىرىگە ئېلىنغان ئىپادىگە تەڭ بولىدىغانلىقىنى، **تىنچ ئېنېرگىيەسىنىڭ بولسا ماسسا بىلەن يورۇقلۇق تېزلىكىنىڭ كۋادراتىنىڭ كۆپەيتمىسىگە تەڭ بولىدىغانلىقىنى بىلسە كۇپايە.** بىز بىلمەكچى بولغان ئەڭ ھالقىلىق يەكۈن شۇنىڭدىن ئىبارەت. ئەمەلىيەتتە ئېينشتېين يۇقارقى يەكۈننى پۈتۈنلەي ئوخشىمىغان ئۇسۇل «خىيالى تەجرىبە» ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، بۇ يەردە تونۇشتۇرمايمىز، قىزىققانلار ئىزدىنىپ كۆرۈپ باقسا بولىدۇ.

ئەمدى ئېنېرگىيە بىلەن ھەرىكەت مىقدارى ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار، بۇنى كۆرۈپ باقايلى: يۇقارقى يەكۈندە شارچىنىڭ نىسپىي ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى كۆرسىتىلدى. شارچىنىڭ ئومۇمى ئېنېرگىيەسى قانداق بولىدۇ؟ ھېساپلاش جەريانىدىن بىز شارچىنىڭ تىنچ ئېنېرگىيەگىمۇ ئىگە بولىدىغانلىقىنى بىلدۇق، ئۇنداقتا شارچىنىڭ ئومۇمى ئېنېرگىيەسى ھەرىكەت ئېنېرگىيە بىلەن تىنچ ئېنېرگىيەنىڭ يىغىندىسىغا تەڭ بولىدۇ.

$$E = E_0 + E_K$$

شۇنداق بولغاندا شارچىنىڭ ئومۇمى ئېنېرگىيەسى

$$E = mc^2 = \frac{m_0 c^2}{\sqrt{1 - v^2 / c^2}}$$

بولىدۇ. ھەرىكەت مىقدارى بولسا

$$p = mv = \frac{m_0 v}{\sqrt{1 - v^2 / c^2}}$$

بولىدۇ. ئەمدى ئېنېرگىيەنى ھەرىكەت مىقدارى ئارقىلىق ئىپادىلىسەك

$$E^2 = m^2 c^4 = \frac{m_0^2 c^4}{1 - v^2 / c^2}$$

بولىدۇ ۋە ئاخىرىدا

$$E = \sqrt{m_0^2 c^4 + c^2 p^2}$$

غا ئېرىشىمىز. بۇ دەل **ئېنېرگىيە بىلەن ھەرىكەت مىقدارىنىڭ مۇناسىۋەت** فورمۇلىسىدىن ئىبارەت. بۇنى تېخىمۇ ئاسان چۈشىنىش ۋە ئەستە ساقلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچبۇلۇڭ سىزىۋالساق گېئومېترىيەدىكى «گوگو تېئورمىسى» ئارقىلىق بۇ مۇناسىۋەتنى رەسىملىك كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدۇ.




## ماسسا-ئېنېرگىيە تەڭلىمىسى ۋە ئاتوم بومبىسىنىڭ ياسىلىشى

يۇقارقى بۆلەكتە كۆرسىتىلگىنىدەك، جىسىمنىڭ ئىگە بولغان ئومۇمى ئېنېرگىيەسى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى بىلەن تىنىچ ئېنېرگىيەسىنىڭ يىغىندىسىغا تەڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەگەر جىسىم تىنىچ تۇرغان بولسا ئۇنىڭ ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى نۆلگە تەڭ بولۇپ، ئومومى ئېنېرگىيە تىنىچ ئېنېرگىيەگە تەڭ بولىدۇ. بۇ جىسىم تىنىچ تۇرغاندىمۇ ئېنېرگىيەگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. جىسىمنىڭ تىنىچ ئېنېرگىيەسى جىسىمنىڭ تىنىچ ماسسى بىلەن يورۇقلۇق تېزلىكىنىڭ كۆپەيتمىسىگە تەڭ بولىدۇ.

بۇ دەل ئېنشتېيننىڭ مەشهور «**ماسسا-ئېنرگىيە تەڭلىمىسى**»دىن ئىبارەت. بۇ تەڭلىمە ئېنرگىيە بىلەن ماددا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەڭ ئاددى شەكىلدە ئىپادىلەپ كەلگەن فىزىكا تارىخىدىكى، بەلكى دۇنيا تارىخىدىكى دەۋىر بۆلگۈچ نەزەرىيۋى ئاساستىن ئىبارەت. تەڭلىمىدىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، ناھايىتى كىچىك ماسسا ئارقىلىق ناھايىتى چوڭ ئېنرگىيەگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. يورۇقلۇق تېزلىكى تەخمىنەن m / s300,000,000 بولۇپ، ئۇنىڭ كۇۋادىراتى m2|s2900,000,000,000,000,00 چوڭلۇقتىكى قىممەت بولىدۇ. بۇ غايەت زور سان بولۇپ، بىر كىلوگرام ماسسا ئېنرگىيەگە ئايلىنىپ قالسا 900,000,000,000,000,00 جول ئېنرگىيەگە ئايلىنىدۇ...

دەل مۇشۇ تەڭلىمە تۆرتكىسىدە دۇنيا تارىخ سەھىپىسى يۆتۈنلەي يېڭىلاندى. تۆۋەندە قىسقىچە تارىخ بايان قىلىش بىلەن ئاتوم بومبىسىنىڭ ياسىلىش تارىخى ئارقا كۆرۈنىشىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

1905-يىلى ئېنشتېيىن تارمەنىدىكى نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلدى. بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم نەتىجىسى ماسسا-ئېنرگىيە تەڭلىمىسى بولۇپ ماسسا بىلەن ئېنرگىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئاددى ۋە ئىخچام مۇناسىۋەتنى تېپىپ چىقتى. 1911-يىلى رۇزۇرفورد ئاتومنى بومباردىمان قىلىش ئارقىلىق ئاتوم تۈزۈلىشىنى بايقاپ بورنىڭ ئاتوم مودېلىغا ئاساس سالدى. 1932-يىلى جەيمىز چادىۋىك نىترونىنى بايقاپ ئاتوم يادروسىنىڭ مۇسپەت زەرەتلىك پروتون ۋە زەرەتسىز نىتروندىن تۈزۈلىدىغانلىقىنى بايقىدى. نىترونىنىڭ بايقىلىشى زەنجىرسىمان يادرو رېئاكسىيىسىگە ئاساس سېلىپ بەردى.

ئاتوم يادروسىدا نىترون سانى پەرىقلىق بولغان ئېلېمىنتلار مەۋجۇت بولۇپ، بۇنداق ئېلېمىنتلار ئىزوتوپلار دەپ ئاتىلىدۇ. ئېغىر ئېلېمىنتلاردىن ئىزوتوپلۇق ئاتوم يادرولىرى ناھايىتى تۇراقسىز بولۇپ، يادورو پارچىلىنىپ تۇراقلىقىراق بولغان يېنىك يادرولارغا ئايلىنىدۇ ھەمدە بىر قىسىم ئېنرگىيەنى رادىئاتسىيەلەپ چىقىرىدۇ. بۇنداق ئېلېمىنتلارنى رادىئوئاكتىپلىق ئىزوتوپلار دەپ ئاتايمىز.

1938-يىلىغا كەلگەندە تۇنجى بولۇپ تەجرىبىخانىدا يادرونى بومباردىمان قىلىش ئارقىلىق پارچىلاش گېرمانىيىنىڭ بېرلىن شەھرىدە Otto Hahn،Lise Meitner ۋە Fritz Strassman قاتارلىق ئۈچ ئالىم تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. تۇنجى زەنجىرسىمان يادرو رېئاكتورى ئىتالىيىلىك Enrico Fermi ۋە ھونگرىيەلىك Leo Szilard قاتارلىق فىزىكىچىلار تەرىپىدىن قۇرۇلدى. ئۇلار ئۇران-235 نىڭ زەنجىر رېئاكسىيىسىدە باھايىتى كۈچلۈك پارتىلاش كۈچى ھاسىل قىلىدىغانلىقىنى بايقاپ

**يەتتى...**

**بۇ دەل ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ھارپا مەزگىللىرى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا گېرمانىيىلىك ئالىملارمۇ دەل مۇشۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان بولۇپ، دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى فىزىكا ئالىملىرى شۇ يەردە ئىدى. سىياسى چەھەتتە ناتسىستلار كۈچىيىشكە باشلىغان بولۇپ، نۇرغۇن ئالىملارنى بۇنىڭغا سەپەرۋەر قىلىۋاتقان ئىدى.**



**ئېينشتېيننىڭ تەڭلىمىسى غايەت زور ئېنېرگىيە پەيدا قىلىدىغان نەزەرىيە ئاساسى تىكلەپ بەرگەچكە ئەينى ۋاقىتتا ئاتوم بومبىسىنىڭ ياسىلىشى ئېمپېرىيالىزىملار ئارىسىدا يوشۇرۇن كۈنتەرتىپكە كىرىپ بولغان بولۇپ، مەسىلە كىمنىڭ بۇرۇن ياساپ چىقىشى ئىدى. Leo Szilard ناتسىستلارنىڭ ئاتوم بومبىسىنى ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ياسىۋېلىشىدىن ئەنسىرىگەچكە، ئامېرىكىدا پانالىنىۋاتقان ئېينشتېيننىڭ يېنىغا بېرىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى روزۋېلت قا خەت يېزىشقا ئېينشتېيننى قايىل قىلدۇ. ئاقسارايى ئېينشتېيننىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن دەرھال يوشۇرۇن تەتقىقات بازىسى قۇرۇپ ئاتوم بومبىسى پىلانىنى باشلىۋېتىدۇ...**



دەرۋەقە 1944-يىلىغا كەلگەندە ئامېرىكا تۇنجى ئاتوم بومبىسىنى ياساپ چىقىدۇ ۋە يېڭى مېكسىكا شىتاتىدا سىناق قىلىپ مۇۋاپىقىيەت قازانغاندىن كىيىن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا غەلبە قازىنىشنىڭ كوزۇرىنى تىكلەيدۇ...

1945-يىلى 8-ئاينىڭ 6- ۋە 9-كۈنلىرى ئامىرىكا ياپۇنىيەنىڭ ناگاساكى ۋە خىروشىما ئاراللىرىغا ئالدى كەينى بولۇپ ئىككى ئاتوم بومبىسى تاشلاپ، ھەددى ھىساپسىز ئادەمنىڭ ئۆلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئاسىيادا ئۈتۈلۈك قازىنىپ ئۇرۇش قىلىۋاتقان ياپۇن بۇنىڭ تەسىرىدە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغانلىقىنى جاكارلايدۇ...



گەپنىڭ قىسقىسىنى ئېيتقاندا دۇنيا تارىخىنى ئاتوم بومبىسى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئەگەر نىمىسلار ئامېرىكىدىن بۇرۇن ياساپ چىققان بولسا قانداق بولار ئىدى؟ ياپۇنلار تەسلىم بولمىغان بولسىچۇ؟ بۇلار ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىغا قالدى. ئەمدىكى گەپ، نۆۋەتتە يەنىلا يادرو مەسىلىسى ئىنسانىيەتكە تەھدىت سېلىپ تۇرماقتا. قاراپ باقىدىغان بولساق، نۆۋەتتىكى ئېمپېرىيال كۈچلەر ۋە ئۇلارنىڭ قورچاقلىرى يادرو بومبىسىغا ئىگە، مۇسۇلمان دۇنياسى ۋە تۈرك دۇنياسى بۇنىڭغا ئىگە ئەمەس... ئىراق يادرو بومبىسىغا ئىگە بولسا بولمايدۇ دىگەن بانا بىلەن ئامېرىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچراپ سادام ھۆكىمىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كيىن تۆگمەس خاتىرجەمسىزلىككە پېتىپ قالدى...
تېخى يېقىندا شىمالى كورىيە ئاتوم تەھتىدى بىلەن ئامېرىكىغا پوپوزا قىلىپ، بىرمەيدان سىياسى ھىلە نەيرەڭلەرنى ئوينىدى. شىمالى كورىيەدەك قالاق ۋە لۈكچەك دۆلەتنىڭ ئاتوم بومبىسىغا ئىگە بولىشى ۋە بۇنىڭ بىلەن پوپوزا قىلىشى «ئاكىسىغا ئۇششۇقلۇق قىلىش»تىن  باشقا نەرسە ئەمەس...



نۆۋەتتە يەنىلا ئاتوم بومبىسى كۈچلۈك سىياسى كوزۇر سۈپىتىدە دۇنيا سەھنىسىدە پۇت تىرەپ تۇرماقتا. لىكىن، مەيلى قانداق سىياسى ئويۇن ۋە ھىلە-نەيرەڭلەر بولمىسۇن ئىنسانلار ۋە يەرشارى تىنىچلىق ۋە ئىتىپاقلىققا مۇھتاج ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. دۆلەت باشقا باشقا بولغان بىلەن يەرشارى بىر، ئالدىراپ ئاتوم بومبىسى ئاتقان بىلەن كيىنكى ئىنسانلار كەلتۈرۈپ چىقارغان قىيامەت-قايىم بولىشى مۇمكىن!



**يۇقىردا ئاز-تولا تارىخ ۋە سىياسەتتىن سۆزلىگەن بولدۇق... ئەمدى شۇ ئاتوم بومبىسىنىڭ پىرىنسىپى قانداق قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتەيلى:**

**ئاتوم يادىروسى نىترون ئارقىلىق بومباردىمان قىلىنغاندا ئىككى دانە يادروغا پارچىلىنىدۇ. مۇھىم نوختا شۇ يەردىكى، پارچىلىنىشتىن بۇرۇنقى ئاتوم ماسسىسى پارچىلانغاندىن كېيىنكى ئاتوم ماسسىللىرىنىڭ يىغىندىسىدىن چوڭىراق بولىدۇ. بۇ پەرق شۇنى چۈشەندۈرىدۇ، بىر قىسىم ماسسا پارچىلىنىش جەريانىدا ئېنېرگىيەگە ئايلىنىپ كىتىدۇ. ئېينشتېيىننىڭ ماسسا-ئېنېرگىيە تەڭلىمىسىگە ئاساسەن بۇ ئازغىنە ماسسا پەرقى ناھايىتى چوڭ ئېنېرگىيەنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولىدۇ.**




**ئەگەر ئۇران-235 يادروسى دانە نىترون بىلەن سوقۇلغاندا ئىككى دانە كىچىك يادىرو ۋە ئىككى دانە نىترون ھاسىل بولۇش بىلەن بىرگە ئېنېرگىيە قويۇپ بېرىدۇ. بۇ ئىككى نىترون باشقا يادرولارغا سوقۇلغاندا يەنە ئوخشاش جەريان يۈز بىرىدۇ-،دە بۇ جەريان زەنجىرسىمان ھالدا تاكى ئېلىمىنت مىقتارى تۈگىگىچە داۋاملىشىدۇ. ئەگەر كونترول قىلىنمىسا، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە غايەت زور**

ئېنىرگىيەنى قويۇپ بىرىدۇ ۋە ۋەيران قىلغۇچ پارتىلاشنى شەكىللەندۈرىدۇ.

1945 ـ يىلدىكى ياپۇنغا تاشلانغا ئىككى ئاتوم بومبىسىنىڭ خەۋىرىنى ئۇققاندىن كىيىن ئېينشتيين بۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق قايغۇرغان... شۇنداقتىمۇ بۇ ئۇنىڭ سەۋەنلىكى دىگىلى بومايتتى. ئاتوم ئېنىرگىيەسىنى سىياسەتكە، يازۇرلۇققا ئىشلەتمىسە، تىنىچلىق ۋە ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىش ئۈچۈن ئىشلەتسە ئەلبەتتە ئۇنىڭ تۆھپىسى بولاتتى! نىملا بولمىسۇن، ئۇ ئىنسانىيەت ئېلىمپەن تارىخىدا مۆۋجىزە ياراتقان فىزىكا ئالىمى!

# 5-ئىككىنچى «چاغاتاي» تىلى دەۋرى كەلدىمۇ؟

## تىل-تەپەككۇر سىستېمىمىز ئۈستىدە سوتسىئولوگىيىلىك تەھلىللەر

### دوكتور ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق

بۈگۈن روزا ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى. ھېيتتا پەتلەش—توغرىسى پەتىھە (فاتىھا) ئوقۇش ئاتىلىرىمىزدىن بىزگە مىراس قالغان ياخشى بىر ئادەت. لېكىن زامانىمىزنىڭ زىيالىيلىرى بۇ مىراسنى ئىسلاھ قىلىپ ئۆزلىرىگە خاس مەنا بىلەن تولدۇرغان «ھېيت پەتىسى»نى «ئولتۇرۇش» پەللىسىگە چىقىرىپ ئەمىلىيلەشتۈرىدۇ. كۈلتۈرىمىزنىڭ(كۈلتۈر ئاتالغۇسى تىلىمىزدا «مەدەنىيەت» (غەرب تىللىرىدا Culture ، خەنزۇ تىلىدا 文化) دەپ ئېلىنىپ كېلىۋاتقان ھادىسىنىڭ ئىلمى تىلىدىكى ئاتىلىشىدۇر. ئۇيغۇر ئىجتىمائىي پىرىنسىپلىرىنى ئېنىقلاش بىلەن، بۇ ئىككى تېمىنى سوتسىئولوگىيە (ئىجتىمائىيشۇناسلىق) ۋە ئانتروپولوگىيە (ئىنسانشۇناسلىق) ئىلىم ساھەلىرىدە، مىللەتلەرنىڭ ئادەت-ئەنئەنىلىرى، ئەقىدە-ئېتىقادلىرى، ۋە ئىجتىمائىي ئۇرپ-ئادەتلىرىنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان تەرەپلىرىنى ئومۇمىي قىلىپ يىغىپ ئىپادىلەيدىغان بىر ئاتالغۇ. بۇ يەردە بۇ ئاتالغۇنى «مەدەنىيەت» ئاتالغۇسىنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىشىم مۇشۇ سەۋەبتىن.

(سوتسىئولوگىيە)، ئىنسانشۇناسلىق (ئانتروپولوگىيە) قاتارلىق ئىلىملەرنىڭ شەكىللەنمىگەنلىكى، بۇ تۆپەيلى بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ يوقلۇقىدەك رېئال سەۋەبلەر بىلەن «كۈلتۈر»گە ئوخشاش ئاتالغۇ ۋە ھادىسىلەر ئىلمىي شەكىلدە ئىزاھلىنىپ مۇقىملاشتۇرۇلمىغان. بۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ بۇرۇنلا ھەل قىلىپ بولغان مىللەتلەرنىڭ تىلىدىكى ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندا بۇ خىل ئاتالغۇلار تەرجىمانلار تەرىپىدىن يەنىلا «مەدەنىيەت» دەپ تەرجىمە قىلىنغان پەقەت ئاتالغۇغا يۈكلەنگەن مەنالار ئاڭقىرىلمىغان. بۇ سەۋەبلىك ئاتالغۇ قالايمىقانچىلىقى كېلىپ چىققان. ئەمەلىيەتتە «كۈلتۈر» بىلەن «مەدەنىيەت» بىر-بىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان ھادىسىلەر بولۇپ بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي ئىزاھات ياكى نەزەرىيىۋى چۈشەندۈرۈشلەر ئۈچۈن قاراڭ: ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق «كۈلتۈر ۋە مەدەنىيەت ئاتالغۇلىرىغا سوتسىئولوگىيىلىك ئىزاھات» تۇرپان، 2003-يىلى 4-سان، ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق «كۈلتۈرنىڭ مەدەنىيەتتىن پەرقى ۋە مىللىي كۈلتۈر» تۇرپان، 2004-يىلى، 2- سان.) مەركىزىدىن ئۇزاقتا ياشايدىغان زىيالىيلىرىمىز ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن پەتلەشكەچ نامى پەتە ماھىيىتى «ئولتۇرۇش»نى قايناق ۋە «جەسۇر» ناخشىلار تېخىمۇ مەزمۇنلۇق قىلىشىدۇ. پۈتۈن

بنادا بىردىن بىر ياكى بىرقانچە ئائىلىك ئۇيغۇرلا بولىدىغان ئۇشبۇ بىنا مۇنداق كۆڭۈلدە «لەرزىگە» كېلىدۇ. كېچىنىڭ بۇ سائىتىدە نامايەن بولىۋاتقان مانا مۇشۇنداق «لەرزى» مېنىمۇ «تىترەتكەچ» ئويلاندۇرغىلى تۇردى... تېخىدىنمۇ بەكرەك «بىز»گە خىتاپ قىلىدىغان ئابدۇرېھىم ھېيىت ئاكىنىڭ شالغۇتلۇقتىن خالىي «ئۈمىد» پلاستىنكىسىنى كومپيوتېرىمغا قويۇپ قۇلاقلىق بىلەن تىڭشىغاچ (ئەسلىدە ئاۋازىنى نورمال قويۇپ بېرىپ ئاڭلاشنى خالايتتىم، لېكىن شەھەردە، بىنا ئۆيدە تۇرىۋاتقانلىقىمىزنى، خوشنىلارنىڭ ئارامىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىكنى ئويلىدىم چۈنكى سائەت كېچە 12 دىن ئۆتۈپ قالغانىدى) ئۆز ئىشىمغا كىرىشىپ كەتتىم...
مېنىڭ رەھمەتلىك دادام زىيالىي ئەمەس ئىدى، ئەمما پىكىر ۋە ياشاش شەكلى زامانىمىزنىڭ كۆپ سانلىق زىيالىيلىرىدىن بەكرەك زىيالىي ئىدى. پەرقى رەھمەتلىكنىڭ ھەرقانداق بىر رەسمى ئورگان تەرىپىدىن بېرىلگەن دىپلوما ياكى گۇۋاھنامىسى يوق بولۇش بىلەن بىرگە «مائاش»سىز ئىدى. لېكىن رەھمەتلىك جەمەتىمىزنىڭ مۇكەممەل ئائىلە تەربىيىسىنى ئالغان، تۇرمۇشنىڭ رەھىمسىز ئاچچىقلىرىدا تاۋلانغان، ئەمەلىيەتتىن مېغىزلىق تەجرىبىلەرنى چىقارغانىدى. 25 يېشىمدا يېتىم قالغانغا قەدەر رەھمەتلىكتىن مەنتىقسىز گەپ-سۆز، ئەسلىمىزگە زىت ھەرىكەت-قىلىق كۆرگەن ئەمەسمەن...
جەمىيىتىمىزدە رەھمەتلىكتەك ئاتىلارنىڭ ساناقسىزلىقىدا شۈبھەم يوق. لېكىن مېنىڭ ئېچىمنى سىقىدىغان ۋە مېنى بۇرۇختۇرما قىلىدىغان (كېيىنچە بۇرۇختۇرما بولمايدىغان بولدۇم، چۈنكى ئوقۇپ تەتقىق قىلغانچە بۇلارنىڭ تەكتىگە بىرمۇ-بىر يېتىشكە باشلىدىم، ھاياتتا بىلمەك قەدەر گۈزەل، ھۇزۇرلۇق بىر تۇيغۇ ۋە بىلمەك قەدەر يەنە ئازابلىق، شەپقەتسىز تۇيغۇ بولمىسا كېرەك!) قىلىدىغان ھادىسە شۇكى، بۇ خىل ئاتىلارنىڭ تەربىيىسىدە بولغان نى نى باللار كېيىنكى ئىجتىمائىيلىشىش ۋە زامانىۋىيلىشىش ئەسناسىدا ئاتىلىرىدىن ناھايىتى پەرقلىق بولۇپ كېتىشكەن... قانداقمۇ؟ بۇنىڭغا بىر مىسال؛ ھېيت ئايەملىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى دىنىيدۇر، خۇسۇسەن روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت يىلدا بىر كېلىدىغان دىنىي ھېيت-بايراملىرىمىزدۇر. بۇنداق دىنىي بايراملاردا تەكرارلانىدىغان ھېيت پەتىسىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى، بۇ ھېيتنى ھېيت قىلىپ بەلگىلىگەن دىنىي ئېتىقاد، چەكلىگەن قىلمىشلارنىڭ سادىر بولۇشىنى بولسا مۇقەررەركى چەكلىگەن. لېكىن كۈنىمىزدىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق زىيالىيلىرىمىز (پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ دىپلوما ئالغانلار، كىملەرنى زىيالىي دەپ كىملەرنى دېمەسلىك ياكى قانداق كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي مەنىدە «زىيالىي» بولالايدىغانلىقىنىڭ تەھلىلى بولسا، ئايرىم تەتقىقات تېمىسىدۇركى، بۇ يەردە ئىزاھلاشقا ئاجىزمىز) پەتنى نورمال پەتە شەكلىدە ئەمەس يەپ ئىچىدىغان «پائالىيەت»كە ئايلاندۇرۇپ قويغان. بۇنى ئۇلارنىڭ قانداق چۈشەندۈرىدىغانلىقى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قانداق چۈشىنىدىغانلىقى ئايرىم بىر ھادىسە(بۇ ھەقتە، بىرقانچە ھەپتە ئىلگىرى مەلۇم بىر زىيالىي ئاغىنىمىز (دەل مەنىسى بىلەن قوش تىللىق يەنى ھەر

ئىككى تىلدا تەپەككۇر قىلىپ يازالايدىغان توغرىسىنى ئېيتار بولساق ئىلمىي تەتقىقاتى ئاساسەن خەنزۇچە بولغان) بىلەن بولغان ئىلمىي سۆھبىتىمىزدە، ئىختىيارسىز زىيالىيلىرىمىزنىڭ ھېيت-ئايەمگە بولغان تونۇشىنى تەھلىل قىلىپ قالدۇق. تەھلىل ئارقىلىق كۆپ سانلىق زىيالىيلارنىڭ قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيت نامازلىرىغا دىنىي ساداقەت ۋە سەممىي ئىبادەتتىن بەكرەك بىر خىل پسىخولوگىيىلىك ئۆزىنى قاندۇرۇش، جامائەتچىلىك پىكرىدىن ساقلىنىش، ئاتىلاردىن ئۆگەنگەن ئۆرپ-ئادەتنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈنلا بارىدىغانلىقى كۆرۈنۈشىنى نامايەن قىلىدىغانلىقىنى بايقىدۇق. ئەلبەتتە زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى ئەمەس، خېلى كۆپ سانلىقى مۇشۇنداقراق ئىكەن. چۈنكى ئۇلار مەسچىتكە ئادەتتە يىلدا ئىككى قېتىملا بارىدۇ. ھەتتا يەرلىك بەلگىلىمىلەر تۈپەيلى ھېچ بارمايدىغانلارمۇ بار. لېكىن شۇ تەرىپى ھەممىگە ئورتاقكى، روزا ھېيت ياكى قۇربان ھېيتتا، ساڭزىلار تىزىلىدۇ، گۆشلەر پىشۇرۇلىدۇ، بوتۇلكا ۋە رۇمكىۋايلار سوقۇشتۇرۇلىدۇ. سۆھبەتداش ئاغىمىز تەھلىل قىلىپ، «ئەمەلىيەتتە بۇ زىيالىيلارنىڭ دىنىي تەقۋاسى يوق دىيەرلىك، ئۇلارنىڭ دۇنياسىدا دىندىن بەكرەك مىللىي ئۆرپ-ئادەت ئېغىرراق تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا مۇبارەك دىنىي كۈنلەردە، ئۇ دىن چەكلىگەن قىلمىشلار سادىر بولمايتتى. ئۇلارنىڭ بەزى ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېمەسلىكىمۇ دىنىي بەلگىلىمىدىن بەكرەك مىللىي پسىخىكا ۋە گۈزەللىك قارىشىدىكى قىممەت قاراشلار تۈپەيلىدىن بولغاندۇر» دېدى. ئۇيغۇر ئىجتىمائىيىتىنى نوقۇل ئەدەبىي ۋەيا سىياسىي ھاياجان رامكىسىنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ يەنە باشقا موھىم پەنلەر مەسىلەن سوتسىئولوگىيە، پسىخولوگىيە، ئېتنولوگىيە، سوتسىئال ئانتروپولوگىيە قاتارلىق ئىلىملەرنىڭ مېتودولوگىيىسى ۋە نۇقتىنەزەرى جەھەتتىنمۇ تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئۆزىمىزنى ئالداپ يۈرۈيدىغان، ياكى غورۇرىمىزنى ساختا ئەپلىمە-سەپلىمە گەپلەر بىلەن پەردازلاپ يۈرۈپ مەسىلىنىڭ تەكتىنى تاپالماي، تاپساقمۇ ئەڭ مۇۋاپىق رېتسىپنى كېسەلمەي يارىنى يوشۇرۇپ كىسەلنى يوغىنىتىپ پۈتۈن ئورگاننى زەئىپلەشتۈرۈپ يۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئالالايمىز.). سوتسىئال ۋە كۈلتۈرەل ئالمىشىش خۇسۇسەن ئۆزگىرىش ناھايىتى كەسكىن بولغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدەك ئۆتكۈنچە دەۋردە تۇرىۋاتقان جەمئىيەتلەردە، بۇنداق ھادىسىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى گەرچە نورمالدەك بولسىمۇ، زىيالىي دەپ ئاتالغان جەمئىيەت سەركىلىرىدە ئومۇمىي بىر خىل قىلمىشقا ئايلىنىپ كېتىشىنى بولسا، ئىجتىمائىي ۋە كۈلتۈرەل مەۋجۇتلۇق نۇقتىسىدىن تۇرىۋېلىپ ئويلىنىپ كۆرۈشكە، كۆپ تەرەپلىمىلىك نۇقتىدىن ئانالىز قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدىغان ئەھمىيەتلىك بىر ھادىسە، ئىلمىي قىممىتى ناھايىتى چوڭقۇر بولغان تەتقىقات تېمىسىدۇر. ئەلبەتتە بۇ تېمىلار ئۇشبۇ ماقالىمىزنىڭ تېمىسى ئەمەس.

مۇبارەك بايراملاردا بايراملىشىش، پەتىلىشىش بىزدەك مەنىۋىياتچى مىللەتلەردە ئەھمىيىتى چوڭ بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەتتۇر. جاھان تەرەققىي قىلىپ 21-ئەسىرگە كەلگەندە، تېخنىكا بىزگە ناھايىتى كۆپخىل ئاسانلىقلارنى تۇغدۇرۇپ بەرمەكتە. پەتىلەش مۇمكىن بولمىغان ئۇزاقتىكى

**تۇغقان، دوست ـ يار بۇرادەرلەرگە، قېرىنداشلارغا تېلېفون بېرىش، ئېلخەت، ئۇچۇر (يانفوندا) ئەۋەتىش ئارقىلىق ھېيتنى مۇبارەكلەش مۇمكىن بولماقتا. پېقىرمۇ ياشاۋاتقان شەھەردىكى ۋە ئانا يۇرتتىكى قېرىنداشلارنىڭ بىر قىسمىغا تېلېفون قىلغاندىن سىرت يانفون ئارقىلىق ئۇچۇر يوللاپ ھېيتنى مۇبارەكلىدىم.**

**ئۇچۇرنى لاتىن ھەرپلىرىنى ئىشلىتىپ تۇرۇپ ئۇيغۇرچە يازدىم. كەلگەن جاۋابلارنىڭ بەزىلىرى خېلىلا دىققىتىمنى تارتتى. قايتقان جاۋاپلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرچە بولۇشى بىلەن بىرگە خېلى موھىم بىر قىسمى ئەبجەش ئىدى. يەنى يا پۈتۈنلەي خەنزۇچە ئەمەس، يا پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچە ئەمەس ئىدى. بۇ خىل ئۇچۇرلاردا، بەزى مەخسۇس ئىسىملار، «سالام، روزا» دېگەندەكلەرنى لاتىن ھەرپلىرى بىلەن ئۇيغۇرچە يازغان بولسا قالغان تىلەكلىرى خەنزۇچە ئىدى. يەنە بەزىلىرى تامامەن خەنزۇچە، ئەمما خەنزۇ كۆرسە تولۇق چۈشەنمەيدىغان ئۇچۇر ئىدى. مەسىلەن مەلۇم بىر ئۇيغۇر تىلدا ئوقۇپ چىققان زىيالىيمىزنىڭ ماڭا قايتۇرغان ئۇچۇرى مۇنداق ئىدى:**

安塞俩目阿莱库目!黎明的曙光伴初升的太阳我们迎来穆巴勒克的肉孜节,在这吉

。庆的合伊体日祈求万能的胡大赐予您及家人身体健康，生活幸福，万事如意

**يەنە بىرەيلەندىن كەلگەن ئۇچۇر:**

的营养，**Samsak** 的味道，**Qamgur** 的温柔，**Polo** 的宽容 **Lahman** 的 让我 **Piyaz**

。长久祝肉孜节快乐

**بۇنىڭغا ئوخشىغان يەنە بىرقانچە ئۇچۇر تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئويلىنىپ قالدىم. مەن ئۇچۇر يوللىغانلارنىڭ ھەممىسى تولۇق كۇرس ياكى ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىلىم تەھسىل قىلغانلار ئىدى. بۇ ئەھۋالدىن تۆۋەندىكىچە بىر قانچە ئېھتىماللىقنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم:**

**مەنتىقە بويىچە ئۇيغۇرچە يېزىلغان تەبرىك ۋە ياخشى تىلەككە ئۇيغۇرچە جاۋاپ قايتۇرۇش ئەسلا مۇمكىن بولۇش (يانفونلارنىڭ ھەممىسدە خەنزۇچە بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىرقانچە چەتئەل تىلدا ئۇچۇر يېزىش مۇمكىن يەنى لاتىن ھەرپى بىلەن ئۇيغۇرچە يېزىش يانفونلاردا تامامەن مۇمكىن) بىرلىكتە ئۇيغۇرچىغا ئۇيغۇرچە، يات تىلغا يات تىل بويىچە يېزىش، ھېچ بولمىغاندا ئەۋەتكۈچىگە بولغان ھۆرمەت ياكى ئىززەت نۇقتىسىدىن يوللۇق بىر ئىش ئىدى.**

**ئەگەر خەنزۇچە جاۋاپ قايتۇرغۇسى كەلگەندەλ (ئەسلىدە بۇنداق قىلىش ئۇچۇر يوللىغۇچىغا نىسبەتەن ھۆرمەتسىزلىك، ھېچبولمىغاندا نازاكەتسىزلىكتۇر. چۈنكى يوللىغۇچى ئۇيغۇر تىلدا خىتاب قىلماقتا) ئۇ تىلنى بۇلغىماي، تولۇق ئۇ تىلنىڭ قائىدىسى بويىچە يازغۇلۇق ئىدى.**

**ئېھتىمال،λ ئۇچۇرنى تاپشۇرۇپ ئالغان قېرىندىشىمىز، كەلگەن ئۇچۇرغا جاۋاب يېزىپ ئولتۇرماي تۇنگان بىر دوستىدىن ياكى ئۇ شەكىلدە تەپەككۇر قىلىدىغان بىرىدىن كەلگەن تەييار ئۇچۇرنىڭ**

كۆچۇرمە نۇسخىسىنى ماڭدۇرغان... بۇنداق قىلغاندا ئاۋارىچىلىقتىن ساقلانغانلىقىنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇ يەنىلا بىر مەسئۇلىيەتسىزلىك ياكى قارشى تەرەپنى كۆزگە ئىلمىغانلىقتۇر. بىزدىكى ئاسان يولدىن مەقسەتكە ئۇلىشىشنىڭ ئىپادىلىرى خالاس...

ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئارىسىدىكى تېپىز تەپەككۇر ئىگىلىرى «ۋاي-ۋۇي نېمە دېگەن ئىنچىكىلىك بۇ!» دېيىشى مۇمكىن. توغرا دەيسىز، زىيالىي بولماق، مەدەنىي ۋە كۇلتۇرلۇك بولماق، بىر دىپلوماتلىق بولۇش ياكى سورۇندا ئولتۇرىۋېلىپ «خوشە!» دېيىش ياكى ئىشسىز ئاياللاردەك «ئۇزۇن-قىسقىنىڭ» پارىڭىنى قىلىش ياكى قانداقتۇر ئەرزان ياشايدىغان دوقمۇش باللىردەك ھە دېسىلا «بەلنىڭ ئاستىنىڭ» پارىڭىنى قىلىپ ئۆچكىدەك مەرەش ياكى كالىدەك پىخىلداش ئەمەستۇر...زىيالىيلىق مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت تەلەپ قىلىدىغان مەنسۇبىيەت بىلەن يېقىندىن ئالاقىدار بىر كىملىك مەسلىسىدۇركى خالىغان بالاڭزىلارنىڭ ھەممىسى ئىگە بولالايدىغان كىملىك-سالازىيەت ئەمەستۇر...

*******　　********　　*********

يېقىنقى يىللاردا، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا «قوش تىللىق مائارىپ» سىياستى ئىجرا قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ خىل سىياسەتنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى سۈرۈشتە قىلىۋاتقان ياكى بۇ خىل ئاساسىنى تەمىنلەشكە تىرىشىۋاتقان بەزى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەزەلدىن بېرى دېگۈدەك قوش تىل «كۆلەڭگۈسى»دە ياشاپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلىشىدۇ. بۇ خىل باياناتنىڭ ئاغزاكى شەكلى ياكى كەڭرى يازما شەكلى ناھايىتى ئاز. ئەلبەتتە، ئاز ساندىكى ئاشكارا يازما شەكلىمۇ بار. ئۇلارغا كۆرە چاغاتاي دەۋرىدە شەكىللەنگەن چاغاتاي تىلى بۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى.

چاغاتاي تىلى دەۋرى ئەرەب-پارس تىلىغا ئائىت سۆزلەر كۆپ قوللىنىلغان دەۋر. بۇ دەۋر زىيالىسى ئەرەب ۋە پارس تىلىغا پۇختا ئىدى ياكى بۇ تىللارنى ياخشى بىلىشەتتى، ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، چاغاتاي تىلى ھەرگىزمۇ كەڭ خەلق ئاممىسى ئومۇمەن چۈشىنىدىغان خەلق تىلى بولماستىن زىيالىيلارنىڭ ياكى سارايىنىڭ تىلى ئىدى يەنى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ تىلىدۇر. بۇنداق بولۇشىنىڭ تارىخىي، مەدەنىي ۋە كۇلتۇرەل ئارقا كۆرۈنۈشى بار. بۇ دەۋر ئۇيغۇر قاتارلىق تۈرك تىللىق مىللەتلەرنىڭ زور كۆپ قىسمى ئاساسەن ئۆز مەيلى بىلەن ئىسلاملاشقان، تۈرك تىللىقلار ئىسلامنىڭ ھامىيلىرىغا ئايلىنىپ، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان، ئەرەبىستان، كاپكازىيە، ئانادولۇ، بالقانلار ۋە شىمالىي ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەدە ئات چاپتۇرىۋاتقان، ئىسلامىيەت كەڭ تارقىلىش بىلەن بىرلىكتە، مۇسۇلمان مىللەتلەر كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئۆز ئانا تىللىرىنى ئىشلىتىش بىلەن بىلەن بىرلىكتە مەدرىسىلەردە ئەرەب-پارس تىللىرىنى ئۆگىنىشىۋاتقان، بۇ تىللار بىلەن ئىلىم-تەھسىل قىلىشىۋاتقان، بەزى ھاكىمىيەتلەرنىڭ ساراي تىلى پارىسچە، ئارمىيە تىلى تۈركچە بولۇشتەك ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلگەن

دەۋر ئىدى.

بۇ دەۋردە، گەرچە زىيالىي دەپ ئاتالغان مەدرىسە مائارىپىنى كۆرگەنلەر ئەرەب-پارس تىللىرىدىن خەۋەردار بولسىمۇ، كەڭ خەلق ئاممىسى يەنىلا ئۆز ئانا تىلىدا ئالاقە قىلىشاتتى ۋە ئۇ تىل بىلەن تەپەككۇر قىلىشۇر ئىدى. تۈرك تىللىقلارنىڭ غەربىدىكىلەر ئوسمانلىچە دېيىلىدىغان بىر تىلنى ئىشلەتكەن بولسا، شەرقىدىكىلەر چاغاتايچىنى ئىشلىتىشكەن.بۇ دەۋردە، ئەرەبچە-پارسچىنىڭ بەكرەك تەسىردە قالغان ساراي تىلى بار بولسىمۇ، يەنە كەڭ خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن قوللىنىلغان، ئەرەبچە-پارسچىنىڭ تەسىرى سارايدىكىدەك چوڭقۇر بولمىغان خەلق تىلى يەنى تۈركچە بار ئىدى.

بۇنداق بولۇشىدا ئىسلامىيەتنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولغان. بۇ دەۋرلەردە، ئىسلامىيەت تۈرك، ئەرەب، پارس ۋە باشقا مىللەتلەرنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرغان ئىدىكى ئۈچ چوڭ مىللەتنىڭ ھەرقايسى ساھەدىكى تەسىرلىششى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىگە يەتكەنىدى. بۇ دەۋردىكى مەشھۇر تەبىر بويىچە ئېيتقىنىمىزدا، «تۈركىي ھۈنەرىست، ئەرەبىي ھەسەلىست، فارسىي شەكەرىست» ئىدى. يەنى تۈركچە ھۈنەر-سانائەت ئوردۇ-ئارمىيە تىلى، ئەرەبچە ھەسەلدەك ئەدەبىي ۋە پەلسەپە تىلى، پارسچە شكەردەك تاتلىق دىۋان ۋە شېئىر تىلى ئىدى. بۇلاردىن باشقا بۇ دەۋردە ئىنسانلاردا پسىخولوگىيىلىك تۇسالغا مەسلىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ۋە ئۆزىدىن ئەنسىرەشنىڭ بار يوقلۇقىنى تەھلىل قىلىپ باققان ياخشى.

خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ رەسمىي شەكىلدە، كەڭ كۆلەمدە ئۇچرىششى 1950-يىللاردىن كېيىن بولغان. بۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى ئۇچرىششلار ئازاتلىقتىن كېيىنكىدەك كەڭ كۆلەملىك ۋە بىۋاستە بولۇپ باقمىغان. ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىنىڭ ئۇچرىششى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ ئۇچرىششىغا ئوخشمايدۇ. بىرىدە، دىن ئاساسلىق سەۋەب بولغان بولسا، يەنە بىرىدە، دۆلەت-گراژدانلىق، بىرلىكتە ياشاش سەۋەب بولغان. بۇ سەۋەبلىك بۇ ئىككى مۇھىتنى سېلىشتۇرغاندا ياكى تەھلىل قىلغاندا، تارىخنى، ئارقا كۆرۈنۈشنى ئوبدان بىلىش بىلەن بىرگە دەۋر ئالاھىدىلىكىنىمۇ، ئەلبەتتە پسىخكىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. كۆنىمىزدە «قوش تىل» پەلسەپىسى ياكى سەپسەتىسىنى ئۆزلىرىگە جاھاندارچىلىق قىلىشقان نامى «زىيالىي»لارنىڭ بۇلاردىن قانچىلىك خەۋەردارلىقى نامەلۇم.

ئۇيغۇر زىيالىيسى ئازاتلىققا قەدەر ئاساسلىقى ئۆز يۇرتىدا ياكى ئۆز يۇرتىنىڭ غەربىدىكى مەركەزلەردە، خۇسۇسەن بۇخارا، قازان، ئىستانبۇل، قاھىرە، دېھلى، تاشكەنت، كېيىنرەك موسكۋا قاتارلىق مەركەزلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىشقانىدى. بۇ يەرلەردىكى ئوقۇتۇش تىلى چاغاتايچە، ئوسمانلىچە، ئەرەبچە، پارسچە ياكى رۇسچە ئىدى. قىممەت قاراش ۋە تەپەككۇر شەكىللىرى ئىسلام مەدەنىيتى دائىرىسىدە تۈركچە ئىدى. يەنى كەڭ دائىرە يەنىلا ئىسلامىي بولغان بولسا، مىللىي تەركىبلەر يەنىلا

ئۇيغۇرچە/تۈركچە ئىدى. زىيالىيلارنىڭ مۇئەييەن بىر قىسمى خەلق ئاممىسىنىڭ تىلى ۋە كۈلتۈرىدىن ئۇزاقلاپ ئەرەب-پارس كۈلتۈرى ئىچىگە غەرق بولغان بولسىمۇ(فارابى قاتارلىقلار)، زور بىر قىسمى، ھەتتا ناۋايىدەك كاتتا گىگانتلار يەنىلا خەلقنىڭ تىلى ۋە كۈلتۈرىدىن ئۇزاقلىشىشقا قارشى چىققان، ئەمەلىي ھەرىكىتى ۋە ئىجرائىتى بىلەن ئۈلگە بولۇشقان.

ئازاتلىقتىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك دەۋر، ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيىتى چوڭ بولغان يېپيېڭى بىر دەۋر ئىدى. سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھاتلاردىن كېيىن، ئۇيغۇر جەمئىيىتى كەسكىن ئۆزگىرىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئۆتكەن ئەللىك يىل ئىچىدىكى ئۆزگىرىش ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ھەرقانداق بىر دەۋرىدىكىدىن چوڭ ۋە تېز بولدى. بۇ ماقالىمىزدە، ئۆزگىرىشلەرنىڭ پەقەتلا تېما بىلەن ئالاقىدار بولغان قىسمى بىلەنلا توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئازاتلىقتىن كېيىنكى، ئالدى بىلەن بىزنىڭ مائارىپ قۇرۇلمىمىزدا كەسكىن ئۆزگىرىش بولدى.يەنى، ئەنئەنىۋى مەدرىسە مائارىپىغا تامامەن خاتىمە بېرىلىپ، يېڭىچە مائارىپ تۈزۈلمىلىرى ئورنىتىلدى. دەرسلىك ماتېرىياللىرى ئاستا-ئاستا يەرلىكلەشتۈرۈلدى ياكى خەنزۇچىسىدىن تەرجىمە قىلىندى، خەنزۇ تىلى مەكتەپلەردە چوقۇم ئۆگىنىلىدىغان بولدى. بۇ تەرىقىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوقۇغان قىسمى قىممەت قاراش، تەپەككۇر ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە تارىخىي بۇرۇلۇش ياساشقا باشلىدى. جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى ئۇچۇن ئۈلگە ۋە ئىلھام مەنبەلىرى ئەنئەنىۋى مەركەزلەردىن (ئۇيغۇر رايونىنىڭ غەربىدىن) يېڭى مەركەزگە (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ياكى بېيجىڭ) يۆتكەلدى. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ تەلىم تەربىيىسىنى ئۆز يۇرتىدا تاماملىغان ياشلارنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلىرى ئالىي مەكتەپ تەربىيىسىنى چوڭ شەھەرلەردە ئېلىشقا باشلىدى. ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلىرى ئىچكىرى ئۆلكە ۋە شەھەرلەردە ئىلىم-تەھسىل قىلىشتى.

ھەرخىل دولقۇنلار ۋە ئىنقىلابلار بېسقىپ، 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىغا كەلگەندە، يېڭى دەۋر زىيالىيسى بارا-بارا كونا ياكى كلاسسىك زىيالىيلارنىڭ(كونا زىيالىي ياكى كلاسسىك زىيالىي دېگىنىمىزدە، ئاساسلىقى 1950-يىلدىن بۇرۇن ئىلىم-تەھسىل قىلىش ھاياتىنى تاماملىغانلارنى كۆزدە تۇتتۇم. ئۇلار ئاساسلىقى ئۆز يۇرتىمىزدا ياكى يۇرتىمىزنىڭ غەربىدىكى مەركەزلەردە ئىلىم-تەھسىل قىلىشقان زىيالىيلاردۇر. ئۇلار قىممەت قاراش، تەپەككۇر ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە ئالغان تەلىم-تەربىيىسى ئېتىبارى بىلەن كېيىنكى ئورۇنباسارلىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى بىرىنچى ئەۋلاد جەدىتچىلەرنىڭ ئوقۇغۇچىسى ياكى جەدىت مەكتەپلىرىدە ئوقۇغانلاردۇر.) ئورنىنى ئالدى. بۇ ئالمىشىش ئەسلىدە ئۇيغۇر ئىجتىمائىيتى، خۇسۇسەن قىممەت قاراش ۋە تەپەككۇر ئۇسلۇبىدىكى «ئالمىشىش»تىنمۇ دېرەك بەرمەكتە ئىدى.

زامانىۋىلىشىش، يەنى مودېرنىزم دەپ ئاتالغان بۇ ئۇقۇم شەرقلىقلەرگە غەربلىكلەردىن

كەلگەن بولۇپ، ئەنئەننى تامامەن يوق قىلدىغان ياكى ئۇنى يېڭى زامانغا ماسلاشتۇرۇپ، مۇئەييەن قىممەت قاراشلار ئەتراپىدا «تەرەققىي» قىلدۇرىدىغان بىر ھادىسىدۇر. تۈرك تىللىقلار ئارىسىدا تېز سۈرئەتتە كەڭ تارقالغان جەدىتچىلىك ھەرىكىتى ئەسلىدە، تۈرك تىللىقلارنىڭ ئەنئەنە ۋە كۇلتۇرىنى رەت قىلمىغان ئاساستا زامانغا ماسلاشتۇرۇش؛ دەۋرداش مىللەتلەر ئارىسىدا كۇلتۇر ۋە سىياسەتتە «بىقىندا» بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھالاكەتنىڭ خەۋپىنى ئالدىن كۆرۈپ يەتكەن «سىلكىنىش» ھەرىكىتى ئىدى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇ ھەرىكەت ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى مۇۋەپپەق بولالمىغان.

جۇڭگودىكى زامانىۋىلىشىش، يەنى مودېرنىلىشىش ھەرىكىتى گەرچە ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن باشلانغان بولسىمۇ، چىرىك چىڭ سۇلالىسىنىڭ بىچىرىكسىز ئەمەلدارلىرى ۋە قەدىمچىلەر بىلەن مەنپەئەت گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئىشبىرلىكچىلىكىدە بوغۇپ قويۇلغان. لېكىن خەنزۇ زىيالىيلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەۋزەل شارائىتلىرىدىن(دېڭىز ياقىسىدا ياشايدىغان خەنزۇلار ئىچكى قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان مىللەتداشلىرىدىن پەرقلىق شەكىلدە دۇنياغا ئېچىلىپ تۇرغان. دېڭىز قاتنىشى ئۇلارنىڭ ئىنقىلابچىلىرىغا، سەرخىللىرىغا ھەرخىل قولايلىق يوللارنى تەمىنلەپ بەرگەن. ياپونىيىدىن ئىبارەت مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر شەكىلدە زامانىۋىلاشقان دۆلەتنىڭ ئۇلارغا خوشنا بولۇپ قېلىشى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى بەزى ئورتاقلىقلار خەنزۇ زىيالىيلىرى ئۇچۇن تېپىلغۇسىز پۇرسەتلەرنى تۇغدۇرۇپ بەرگەن. يەنە ئوكيانۇس ئارقىلىق ئامېرىكا قىتئەسگە بارغىلى بولىدىغانلىقىدەك ئەۋزەللىكلەر ئۇلارنىڭ غەرب مەدەنىيتى ۋە تەرەققىياتى بىلەن ئۇچرىشىشنى تېزلەتكەن. مانا بۇ ئەۋزەللىكلەر خەنزۇ زىيالىيلىرىنىڭ ئۆز جەمئىيتىنى ئىسلاھ قىلىشى، قاتماللىقلارنى تۈگىتىش كويىغا چۈشىشگە مەدەت بەرگەن. ئۇيغۇر جەمئىيتى بۇ نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا ناھايىتى تەلەيسىزدۇر. دېڭىزغا ئۇچۇق بولمىغانلىقى، قۇرۇقلۇق قاتنىشىنىڭ قولايسىزلىقى، يېڭى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ ئۇيغۇر يۇرتىدىن ئۇزاق بولۇشى قاتارلىق رىئال سەۋەبلەر بىلەن رۇسلارنىڭ داۋاملىق تىزگىنلەپ تۇرۇشىنىڭ توسقۇنلۇقى ھەمدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىرىك ئەمەلدارلىرى، گومىنداڭچىلارنىڭ فاشىست زومىگەرلىكلىرى بۇنى تېخىمۇ ئىمكانسىز قىلىۋەتكەن.) پايدىلىنىپ، بۇ ھەقتىكى ئۇرۇنۇشلىرىنى بىر دەممۇ توختاتمىغان. بۇ ئۇرۇنۇشلار نەتىجىسىدە شىنخەي ئىنقىلابى غەلىبە قازىنىپ، جۇڭگودىكى فېئودالىزم ئاغدۇرۇلغان ۋە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان. شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى-كەينىدە يۈز بەرگەن مودېرنىلىشىش/زامانىۋىلىشىش ساھەسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئازاتلىقتىن كېيىنكى دەۋردە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاش-تۇرۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغىمۇ ئاساس سېلىپ بەرگەن. بۇ سەۋەبلىك خەنزۇ جەمئىيتىدىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ھەرىكىتى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولغان. بۇ مۇۋەپپەقىيەت، زامانىۋىلىشىش جەريانىدىكى ئۆزگەرتىشنىڭ خەنزۇلارنىڭ ئىجتىمائىي

قۇرۇلمىسىنىڭ ئومۇرتقىسىنى ئانچە زەخمىلەندۈرۈلمىگەنلىكى بىلەن ئالاقىداردۇر. مۇشۇنداق بولغاچقىلا پۈتۈن خەنزۇ خەلقىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تەرىپىدىن قوللاپ قۇۋۋەتلەنگەن، يەنى «ئاكتىپ» ماھىيەتتە بولغان. شۇنداق بولغاچقىلا خەنزۇ خەلقىنىڭ روھى جۇش ئۇرۇپ يۈكسەلگەن ۋە كۆنىمىزدىكى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن مەمۇرچىلىق ۋە باياشاتلىق دەۋرىنى قولغا كەلتۈرەلىگەن.

ئۇيغۇرلارمۇ ئازاتلىقتىن بۇرۇن خەنزۇلارغا ئوخشاشلا زۇلۇم ۋە بېسىمغا ئۇچراپ تۇرغان، ئىچكى ۋە تاشقىي كۈچلەر تەرىپىدىن تالان-تاراج قىلىنغان. لېكىن ئىككى مىللەتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، تارىخىي ئۆتمۈشى، كۈلتۈرى ۋە پەلسەپىسىدە چوڭ پەرقلەر بولغانلىقى تۈپەيلى كېيىنكى تەرەققىيات ئەسناسىدا ئوخشاش يۈكسىلىش، ئوخشاش سەۋىيىدە ئىلگىرىلەش ئوتتۇرىغا چىقمىغان. خەنزۇلارنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇرلاردا زامانىۋىلىشىش «ئاكتىپ» ئەمەس «پاسسىپ»، بىر خىل «ئەگەشمە» خاراكتېر قويۇق بولغان. بۇ جەرياندا، يېڭىدىن يېتىشكەن، يېڭىچە قىممەت قاراشقا، يېڭىچە پوزىتسىيىگە، ئەسلىدىكىدىن پەرقلىق تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان زىيالىيلار قوشۇنى بارغانچە خەلق ئاممىسىدىن، شۇنداقلا مىللىي كۈلتۈرىدىن ئۇزاقلىشىشقا، بەزى جەھەتلەردە ياتلىشىشقا باشلىغان.

كۈلتۈرەل ھاياتتىكى ياتلىشىش يېتەكچى جەمئىيەت (主流社会) بىلەن پۈتۈنلىشىشتە تاق تەرەپلىمىلىك بولۇش (ئۆزىنىڭكىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە، يېتەكچى جەمئىيەت ئەزاسى بولۇشقا تىرىشىش)، مەدىيا (ئاممىۋى ئاخبارات ۋاستىلىرى媒体)نىڭ تەسىرى قاتارلىق ئامىللار زىيالىيلارنىڭ تىل-تەپەككۇر سىستېمىسىدا بەزى نۇقتىلىق ئۆزگىرىشلەرنى مەيدانغا چىقارغان.

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى مەملىكەت مىقياسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن كېلىپ چىققان دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي ھەرىكەتچانلىقنىڭ ئېشىپ بېرىشى نەتىجىسىدە نۇپۇسنىڭ بېكىنمىچىلىكىگە خاتىمە بېرىلدى. بۇ جەرياندا خەنزۇ تىلىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلىتىلىش دائىرىسى ئۆزلۈكسىز كېڭىيىپ، جۇڭگولۇقلار ئارىسىدا بىردىن بىر ئالاقە قورالى بولۇشقا يۈزلەندى. بۇ يۈزلىنىش جەرياندا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى يەرلىك مىللەت تىللىرىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىدە تارىيىش ھادىسىسى كېلىپ چىقتى. ئازاتلىقتىن كېيىنكى دەۋردە يېتىشكەن يېڭىچە زىيالىيلارنىڭ ھەرخىل قايغۇ ۋە ئارمانلار بىلەن بالىلىرىنى خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇشى بىلەن جەمئىيەتتە خەنزۇچە تەپەككۇر قىلىپ، خەنزۇچە سۆزلەيدىغان، قىممەت قاراش ۋە باشقا جەھەتلەردە ئۇيغۇر تىللىق ئۇيغۇرلاردىن روشەن پەرقلىنىدىغان «خەنزۇ تىللىق ئۇيغۇرلار»( خەنزۇ تىللىق ئۇيغۇرلار: ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە كۈلتۈرەل تەرەققىياتى جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن جەمىيەتشۇناس ۋە پسىخولوگلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان ياكى قىلىۋاتقان بىر گۇرۇپپىدۇر. خەنزۇ تىللىق ئۇيغۇر ئاتالغۇسى تىلىمىزدا ۋە مەتبۇئاتىمىزدا تېخىچە كۆرۈلۈپ باقمىغانلىقتىن كۆپىنچىمىزگە يات تۇيۇلۇشى مۇمكىن. بۇ سەۋەبلىك

بەزىلەر تۇنجى قېتىم ئاڭلىغىنىدا ئىندىكىپ كېتىشى ياكى دەماللىققا خاتا چۈشىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇشبۇ ئاتالغۇ جەمىيىتىمىزدىكى رېئال سوتسىئولوگىيىلىك ھادىسىنىڭ ئىسمىلەندۇرۇلىشىدۇر. بۇ ئاتالغۇ ئىپادىلەيدىغان گۇرۇپ، ئېتنىك ۋە ئىرقىي ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن ئۇيغۇر، ئەمما ئالغان تەربىيىسى، قىممەت قارىشى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردىن خەنزۇچە بولغانلارنى كۆزدە تۇتىدۇ. تېخىمۇ ئاممىباپ قىلىپ ئېيتىدىغان بولساق، ئۇيغۇر ئاتا-ئانىدىن تۆرەلگەن ئەمما يەسلىي، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، ئونىۋېرستېت تەربىيىسىنى خەنزۇ مەكتەپلىرىدە خەنزۇچە ئالغان؛ كۈندىلىك ئالاقىدە، خۇسۇسەن ئىنچىكە تۇيغۇلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشىدە خەنزۇ تىلىنى ئىشلىتىدىغان، راۋان ئۇيغۇرچە سۆزلىيەلمەيدىغان؛ ئۇيغۇرلارغا ۋە ئۇيغۇر كۇلتۇرىگە ئائىت ھادىسىلەرگە نورمال بىر ئۇيغۇردەك مۇئامىلە قىلالمايدىغان، تەپەككۇر شەكلى، قىممەت قاراشلىرى خەنزۇچە بولغانلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سەۋەبلىك بىز دەۋاتقان خەنزۇ تىللىق ئۇيغۇرلار پەقەتلا (تېخىچە تىلىمىزدا مۇۋاپىق بىر ئۇيغۇرچە ئاتالغۇ بىلەن ئىپادە قىلىنالمايۋاتقان) منكاۋەن—民考汉لەرنى كۆزدە تۇتمايدۇ. بەلكىم ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم پۈتۈنلەي خەنزۇچە ئوقۇپ چىققانلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن. چۈنكى منكاۋەن—民考汉لەرنىڭ ئىچىدە تولۇقسىزغىچە ياكى تولۇقىچە ئۇيغۇرچە ئوقۇغاندىن كېيىن خەنزۇچىغا ئالماشقانلارمۇ بار. بۇلارنى خەنزۇ تىللىق ئۇيغۇر دېگىلى بولمايدۇ. خەنزۇ تىللىق ئۇيغۇرلار، ھەقىقەتەن جەمئىيىمىزدە پەرقلىق بىر گۇرۇپنى تەشكىل قىلماقتا. ئۇلارنىڭ ياشاش شەكىللىرى، قىممەت قاراشلىرى، تەپەككۇر شەكىللىرى باشقا ئۇيغۇرلاردىن كەسكىن بىر شەكىلدە ئايرىلىدۇ. خەنزۇلار بىلەن تامامەن ئوخشاشلىقىنى ئېيتىشمۇ تەس. شىنجاڭدا بىر زامانلار مودا بولغان منكاۋەن—民考汉لەر شىنجاڭدىكى 14-مىللەت، جۇڭگودىكى 57-مىللەت دېگەن چاقچاق ئارىلاش ئاتاشلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا ئۇلارنىڭ يۇقىرىدىكى سوتسىئولوگىيىلىك ئالاھىدىكلىرى سەۋەبچى بولغان. بۇ خىل ئاتاشلارنىڭ ھەم ئۇلار تەرىپىدىن ھەم ئەتراپتىكىلەر تەرىپىدىن دېيىلىدىغانلىقىغا خېلى كۆپ يەردە شاھىت بولغانىدۇق. خەنزۇ تىللىق ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەت قاراش ۋە تەپەككۇر شەكىللىرىنى چۈشەندۇرىدىغان مۇنداق بىر مىسالنى خىزمەتداشلىرىمدىن ئاڭلىغانىدىم؛ ئائىلە رەئىسى ۋە ئۇنىڭ خانىمى ھەممە جەھەتتىن ئۇيغۇر بولغان ئائىلىدە تۇغۇلۇپ، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپنى خەنزۇ مەكتەپتە تاماملاپ شاڭخەيدىكى مەلۇم بىر ئۇنىۋېرستېتتا تولۇق كۇرس ئوقۇغان قىزىنىڭ توي ئىشىغا ئارىلاشقان ئاتا-ئانا، قىزىنىڭ چوقۇم ئۇيغۇر بىلەن ھەمدە تېگى بار، تۈزۈك كىشىلەرنىڭ بالىسى بىلەن توي قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاتا-ئانا مۇۋاپىق كۆرگەن لايىقى قىز بىلەن ئۇچراشتۇرۇلىدۇ. ئۇچرىشىشتىن كېيىن قىزنىڭ پىكرى چوڭلار ئويلىمىغان يەردىن چىقىدۇ. قىزى؛ «ئانا، ئۇ بالا منكاۋمىن(民考民) ئىكەن، منكاۋمىنلار بەكلا شىئۇڭ(凶)، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بالا قوي گۆشى پۇرايدىكەن، قارىسام قارىسام ئۇيغۇر كۆرۈنىدۇ. مەن ئۇلارغا كەنبۇگۇەن (看不惯)...»

دەيدۇ. قىزنىڭ بۇ سۆزلىرى ئاتا-ئانىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدۇ. كېيىن ئۇرۇمچىدە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن بۇ يەرگە كۆنەلمىدىم دەپ شاڭخەيگە كېتىپ قالىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ قىز، شاڭخەيدە خىزمەت قىلىدىغان بىر خەنزۇ يىگىتى بىلەن توي قىلىدۇ. ئاتا-ئانىسىنىڭ قارشى چىقىشلىرىمۇ كار قىلمايدۇ.) ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ گۇرۇپپىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بارغانسېرى ئاكتىپ بولۇشى، ئاپتونومىيە قانۇن-سىياستىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلى ئۇيغۇرلار ۋەزىپە ئۆتۈشى كېرەك بولغان ئورۇنلارغا تەيىنلىنىشى، جەمئىيەتتە بۇ خىل زىيالىيلارغا قارىتا مۇئەييەن ھەۋەسنى كۈچەيتكەن.

كونا ياكى كلاسسىك زىيالىيلاردىن پەرقلىق قىممەت قاراش ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىغا ئىگە بولغان يېڭى دەۋرنىڭ يېڭىچە زىيالىيلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ نەتىجىسى تېمىمىز بولغان تىل-تەپەككۇر قاتلىمىدا روشەن كۆرۈلمەكتە. يۇقىرىدا بۇ خىل ھادىسىلەرگە قارىتا يۈزەكىي سوتسىئولوگىيىلىك تەھلىللەرنى يۈرگۈزدۇق. تەھلىللەردىن كېيىن زىيالىيلىرىمىزدىن شۇنداق بىر سوئالنى ئەجەپلەنگەن ھالدا سورىغىمىز كەلدى: ئەجىبا ئىككىنچى چاغاتاي دەۋرىگە كىرىۋاتامدۇق؟

جانلىق تىلدا، ئىنچىكە تۈيغۇلارنى ئىپادە قىلىش ئەسناسىدا خەنزۇ تىلىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەيدىغانلار يېزىق تىلدا قانداق قىلىدىغاندۇ؟ يۈكسەك ھوشيارلىقىمىزنى قوزغاشقا تېگىشلىك مەسىلە بولىۋاتقىنى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان زىيالىيلىرىمىزنىڭ كۈندىلىك تىلدا ۋە دەرس ئارىلىقىدا ئەبجەش تىلدا سۆزلەيدىغانلىقى. ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەتكۈچىلەر، تىل ئىستىمالچىلىرىغا ئەڭ پاساھەتلىك، چىرايلىق ۋە يېقىملىق ئۇيغۇرچە بىلەن خىتاپ قىلماي، ياش نوتىلارنىڭ قەلبىگە تىل سۆيگۈسىنى سىڭدۈرمەي، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلىشى كىشىنى ئويغا سالماي قالمايدۇ. بۇ يەردە يەنىلا يۇقىرىدا قىلىنغان سوتسىئولوگىيىلىك تەھلىللەردە كۆرۈلىدىغان قىممەت قاراش، تەپەككۇر ئۇسۇلى، مەسئۇلىيەت ۋە كىملىك تۇيغۇسى نۇقتىسىدىكى سەزگۈرلۈك مەسىلىسى ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرىۋالالايمىز.

بۇ ماقالە «شىنجياڭ رادىيو تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2006-يىللىق 2-سانىدا تەھرىرلىنىپ « تىل-تەپەككۇرىمىز سىستېمىمىز ئۈستىدە سوتسىئولوگىيىلىك تەھلىللەر» تېمىسىدا ئېلان قىلىنغان.

ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتشۇناسلىق ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتى جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتى پىرافېسسورى، ماگىستىر دوكتور يېتەكچىسى.

# 6-ھەدىس بىزگە نېمە دەيدۇ؟




(بۇ ماقالە مۇھەممەد سالىھ قارى ھاجىمنىڭ «ياخشىلار باغچىسى» ناملىق كىتابقا يازغان كىرىش سۆزى.)

*********

بىسمىللاھ دەپ كىتابنى ئاچقىنىڭىزدا، كۆز ئوڭىڭىزدا ھەدىسلەر خەزىنەسىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان گۆھەر نايابلار جۇلالىنىپ تۇرىدۇ، ئۇلاردا مۇجەسسەملەنگەن ئىمان دەرىخىدىن شاخلىنىپ چىققان رەڭگارەڭ مەنالار ئەقىل كۆزىڭىزنى نۇرلاندۇرىدۇ. كىتابنى مۇتالىئە قىلىپ ھەدىسلەر قايىنىمىدا ئۈزگەنسىرى زېھنىڭىز ئېچىلىپ، قەلبىڭىز يورۇپ، ھىدايەت كانىدىن تېخىمۇ كۆپ جاۋاھىراتلار قازغۇڭىز كېلىدۇ. سىزگە توغرا تونۇش، پاك، يارقىن تۇيغۇ بەخش ئەتكەن، خۇش ھىدلىرى بىلەن ۋۇجۇدىڭىزنى مۇئەتتەر قىلغۇچى بۇ باغچە – «ياخشىلار باغچىسى»دۇر.
«ياخشىلار باغچىسى» – ھەدىس كىتابلىرى ئىچىدە مەنبەسى ساغلام، مەزمۇنى رەڭدار، ھەممە ئېتىراپ قىلغان ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن مەيدانغا كەلگەندىن تا ھازىرغىچە ئەھلى ئىسلام تەرىپىدىن قىزغىن ئالقىشلىنىپ كەلمەكتە. بۇ كىتاب «قۇرئان كەرىم»دىن قالسىلا تارقىلىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ بولۇپ، تەۋەررۈك كىتاب سۈپىتىدە مۇسۇلمانلار جامائەسىنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلدى.
كىتابتا ئىككى مىڭغا يېقىن ھەدىس بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلارنى نوپۇزلۇق ھەدىسشۇناس ئىمام نەۋەۋى ئىشەنچلىك، سەھىھ ھەدىس مەنبەلىرىدىن ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن زەر كانلىرىدىن قېزىۋېلىنغان ساپ ئالتۇندەك تاللاپ ئالغان. ئىمام نەۋەۋى ھەدىسلەرنى تاللاشتا «كۇتۇبى سىتتە» ياكى «سىھاھى سىتتە» دەپ ئاتالغان «سەھىھۇلبۇخارى»، «سەھىھۇل مۇسلىم»، «سۈنەن ئەبۇ داۋۇد»، «سۈنەن تىرمىزى»،

«سۇنەن نەسەئى»، «سۇنەن ئىبن ماجە» قاتارلىق مەشھۇر ھەدىس كىتابلىرىنى ئاساس قىلغان. كىتاب 372 بابقا بۆلۈنگەن. ھەر بىر بابقا ئايرىم ماۋزۇ قويۇلغان. ئالدى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر كەلتۈرۈلۈپ، ئاندىن ھەدىسلەر بېرىلگەن. بۇ ھال كىتابنىڭ پايدىلىنىش ئۈنۈمدارلىقىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن، «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى بىلەن «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى، ھەدىسلەر بىلەن ھەدىسلەرنىڭ، «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى بىلەن ھەدىسلەرنىڭ مۇناسىۋىتى زىچ بولۇپ، بىر-بىرىگە چىڭ باغلانغان. ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى ئىزاھلايدۇ، يېشىپ بېرىدۇ، بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ. بىرىدە ئومۇمىي رەۋىشتە تىلغا ئېلىنغان مەنا يەنە بىرىدە تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. بىرىدە چۈشىنىش قىيىن تۇيۇلغان مەزمۇن يەنە بىرىدە چۈشىنىشلىك بولۇپ كېلىدۇ. كۆز ئوڭمىزدا جۇلالانغان لەفزى ئىخچام، مەزمۇنى تىرەن ھەدىسلەر تىلىنىڭ گۈزەللىكى، پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالىدۇ، دۇررى-جاۋاھىراتلاردەك يالتىراپ تۇرغان ئېسىل مەزمۇنلار يۈرەكنى تىترىتىپ دىللارنى ھاياجانغا چۈمدۈرىدۇ. ئوقۇغانسىرى قەلبىمىز يورۇپ، بەردەملىكىمىز ئاشىدۇ، ھاياتنىڭ چوڭ-كىچىك كۆڭۈلسىزلىكلىرى ئارىسىدا يۈرىكى ياپراقتەك تىترەپ، قامغاقتەك ئۇچۇپ يۈرگەن ئىنسان ئىمان بىلەن مەڭگۈلۈك يىلتىزىنى تاپىدۇ، نىجاتلىق يولى ئىزدەۋاتقان ئىنسانغا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق توغرا يول ۋە بەخت بارمۇ؟

ھەر بىر ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا شۇ ھەدىسنىڭ قايسى ھەدىس كىتابىدىن ئېلىنغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. پېقىر ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭ پايدىلىنىش ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەتنى(ئەرەبچە تېكىستى)نى بەردىم. ھەدىسلەر ئاخىرىغا «ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى» ماۋزۇسى ئاستىدا ھەدىسلەرنىڭ شەرھى بېرىلدى. ھەدىسلەرنىڭ شەرھى بىلەن قوشۇلۇپ كېلىشى ئەرەب ئىلىم ساھەسىدە بۇرۇنلا ئومۇملاشقان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ دىن تەتقىقاتىدىكى تۇنجى قەدەم ھېسابلىنىدۇ. قېرىنداشلىرىمىزنىڭ سەۋىيەسىدىكى پەرق تۈپەيلىدىن ھەدىسنى ئەسلىي روھى بويىچە چۈشىنىش ئۈچۈن جەزمەن ھەدىسلەرنىڭ شەرھىسىگە مۇراجىئەت قىلماي بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى پاساھەت-بالاغەتنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسىدە تۇرىدۇ. ئاللاھتائالا رەسۇلۇللاھقا ئىخچام ئىبارەلەر بىلەن چوڭقۇر مەنەلەرنى ئىپادىلەيدىغان بالاغەت ئاتا قىلغانىدى. ھەدىسنىڭ شەرھىسى ھەدىستىكى مۇشكۈللەرنى يېشىپ بېرىدۇ. چوڭقۇر مەنەلەرنى تەپسىلىي، ئاممىباپ، چۈشىنىشلىك قىلىپ بېرىدۇ. شۇڭا، ھەدىسنىڭ شەرھىسى ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىلىش-چۈشىنىش چوڭقۇرلۇقى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئېنىق بىلىۋېلىشىدا چوڭ رول ئوينايدۇ.

مەسىلەن، كىتابتىكى «دوزاخ ھاۋايى-ھەۋەس بىلەن ئورالغان، جەننەت كىشىنىڭ نەپسى ياقتۇرمايدىغان نەرسە بىلەن ئورالغان» (1-ھەدىس) «قىيامەت كۈنى مۇئەززىنلەرنىڭ (يەنى، ئەزان ئېيتقۇچىلارنىڭ) بويۇنلىرى ئەڭ ئۇزۇن بولىدۇ.» (2-ھەدىس) دېگەن ھەدىسلەردىن ھەر بىر

ئوقۇرمەننىڭ ھاسىل قىلدىغان چۈشەنچىسى پەرقلىق بولىدۇ،

ئەمدى ئۆلارنىڭ كەينىگە بېرىلگەن شەرھىلىرىنى ئوقۇپ باقايلى:

1-ھەدىسنىڭ شەرھى: «ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەدىس ئەرەب تىلىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پاساھەت بالاغىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. جەننەتكە ئىنسانىنىڭ ئاللاھ تائالا چەكلىگەن، تەرك ئېتىش نەپسىگە قىيىنراق تۇيۇلىدىغان ئىشلارنى تەرك ئېتىش بىلەنلا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى، ھاۋايى-ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرمەي، توغرا يولدىن مېڭىش بىلەنلا دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

2-ھەدىسنىڭ شەرھى: مۇئەززىنلەرنىڭ شەرىپىنى ۋە ئۇلارنىڭ قىيامەتتىكى مەرتىۋىلىرىنىڭ يۇقىرىلىقىنى بايان قىلىش، چۈنكى مۇئەززىن كىشىلەرنى نامازغا چاقىرىپ ياخشىلىققا يېتەكلەيدۇ، كىمكى ياخشىلىققا يېتەكلىسە، شۇ ياخشىلىقنى قىلغۇچىلارنىڭ ساۋابى ئۇنىڭغىمۇ يېتىپ بارىدۇ.

يۇقۇرىدىكى شەرھلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئوقۇرمەنلەر ھەدىسلەرنى ئەسلى روھى ۋە مەزمۇنى بويىچە توغرا چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. 1980-يىللىرى دىنىي ساھەدىكىلەرگە ئېچىلغان بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرىدا «قۇرئان كەرىم» تەپسىرى، «سەھىھۇلبۇخارى»، «رىيازۇس-سالىھىن» قاتارلىق كىتابلاردىن دەرس بەرگەنىدىم. «رىيازۇس-سالىھىن»نىڭ ھازىرقى شەرھىنىڭ خېمىر تۇرۇچى ئەينى چاغدا «رىيازۇس-سالىھىن» دەرسىدە ھەدىسلەرنى ئىزاھلاش، شەرھلەش يۈزىسىدىن بەرگەن چۈشەندۈرۈشلىرىم ئاساسىدا شەكىللەنگەن. بۇ قېتىم ھەدىسنى پىششىقلاپ ئىشلەش يۈزىسىدىن «رىيازۇس-سالىھىن»نىڭ ئۆلچەملىك شەرھى «نزهه المتقين»نى ئاساس قىلىپ، ياپىلاق تىل بىلەن ئاممىباب قىلىپ قايتا ئىشلىدىم. كىتابتا بايان قىلىنغان ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ئەقىدەلىرى، ناماز، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىق ئەركانلىرى، شەرىئەت ئەھكاملىرى بىلەن بىللە يەنە ئەھلى ئىسلامدا بولۇشقا تېگىشلىك ئەدەپ-ئەخلاقتا ئائىت سەممىي دەۋەتلەر، ئاقىلانە تەشەببۇسلار، دانا پەند-نەسىھەتلەر نەۋباھاردا ئېچىلغان رەڭگارەڭ چېچەكتەك كۆزنىمىزنى قاماشتۇرىدۇ.

ئەلۋەتتە، بىز زىممىمىزگە يۈكلەنگەن پەرز، ۋاجىپلارنى ئادا قىلىش، ھارامدىن ساقلىنىش، ئىبادەت-ئەھكاملارنى جايىدا بەجا كەلتۈرۈش بىلەن بىللە يەنە ئىجتىمائىي ئەخلاقتا دائىر ھەدىسلەرنى ئۆز ئەمەلىيىتىمىزگە تەتبىقلاپ ئۆگىنىشىمىز كېرەك. كىشى ئۆزىدىكى ئىللەتلەرنى تۈزىتىپ، قەلبىنى تازىلاپ، نەپسىنى پاكلىغاندىلا ئاندىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەختىگە ئېرىششىنىڭ يولىنى تاپقان بولىدۇ. ساغلام پاك ئېتىقادنى، دۇرۇس، گۈزەل ئەخلاقنى ئۇل قىلمىغان ئىبادەت جانسىز بولۇپ، سەمەرىسىز دەرەختقە ئوخشايدۇ. ھەدىس روھى بويىچە ئېگىمىزدا توغرا دۇنيا قاراش ۋە ئەخلاق قارىشنى ھەقىقىي تۇرغۇزۇپ، ھاياتىمىزنى چۇلغىۋالغان غەلدى-غەشلەردىن پاكلىنالىساق ۋە ئەخلاق ئۆلچىمى، ئەدەپ مىزانلىرىغا ھەر ۋاقىت ئەمەل قىلالىساق ئاندىن ئىسمى-جىسمىغا لايىق ئەھلى

ئىسلامدىن بولالايمىز. پۈتكۈل ھەدىسلەر مەزمۇنىنى بىر گەۋدە قىلىپ تۇرۇپ ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدا تونۇشىمىز چوڭقۇرلاپ، كۆڭلىمىزدىكى چىگىش سوئاللارغا تولۇق جاۋاب تېپىلىدۇ. ئۇ ھايات سەپىرىمىزدە يولۇققان مۇشكۈللەرنى يېڭىشىمىزغا مەنىۋى كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ. ھەدىسلەرنىڭ روھى ۋۇجۇدىمىزغا سىڭگەندە قەلبىمىزدىكى بوشلۇقلار تولدۇرۇلىدۇ. روھ ماددىنىڭ، ئەخلاق مەنپەئەتنىڭ قۇربانى بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ھەدىسلەرگە تەتبىقلاپ تۇرۇپ شەخسىيىتىمىز ۋە ئىجتىمائىيىتىمىزنى دەۋر قىلغان ھالدا ئەخلاق كاتېگورىيىسىگە ياتىدىغان ئىشلار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشنى زۆرۈر دەپ قارايمەن. ئىجتىمائىي ئەخلاق ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن جەمئىيەت، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. گۈزەل ئەخلاق كىشىلەرنى يۈكسەك ھاياتقا يېتەكلەيدۇ. پەيلاسوپلار ۋە جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ئەخلاق-پەزىلەت شەخسنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ھالقىلىق ئامىل. كىتابتىكى ئەدەپ-ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە دائىر ھەدىسلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە كىتابخانىنىڭ كۆز ئوڭىدا تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چىن ئىنسانىي خىسلەتلەرگە يېتەكلەيدىغان مۇكەممەل بىر سېستىما نامايان بولىدۇ. ھەدىس قۇرلىرىدا گۈزەل ئەخلاق مۇسۇلمانچىلىقنىڭ مۇھىم بەلگىسى سۈپىتىدە تەرىپلىنىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى: «ھەقىقەتەنمۇ بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن» دەپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاق پەزىلىتىنى ئالاھىدە مەدھىيىلىگەن. رەسۇلۇللاھنىڭ «مەن گۈزەل ئەخلاقلارنى كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم» دېگەن ھەدىسىدىن بىز رەسۇلۇللاھنىڭ گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆگىتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشنى ئۆز دەۋىتىدە ناھايىتى مۇھىم ئۇرۇنغا قويغانلىقىنى بايقايمىز. رەسۇلۇللاھنىڭ «مۇئمىن ئادەم ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بىلەن كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى ئىبادەت قىلغانلارنىڭ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ» دېگەن سۆزىدىن گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشنىڭ ساۋابىنىڭ نەقەدەر كاتتىلىقىنى بىلىۋالالايمىز. «ئىچىڭلاردىكى كىشىلەرنىڭ ياخشىلىرى ئەڭ گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولغانلاردۇر»، «مۇئمىننىڭ تارازىسىدا چىرايلىق خۇلۇقتىن ئېغىر كېلىدىغان نەرسە يوق» دېگەن ھەدىسلەردىن گۈزەل ئەخلاقنىڭ مۇئمىننىڭ ئىمانىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالىمىز. شۇنداق، گۈزەل ئەخلاق ساماۋى نۇردۇركى، ئۇنىڭسىز ھايات، ئۇنىڭسىز جەمئىيەت قاراڭغۇ تۇيۇلىدۇ. ئەخلاقسىز تۇرمۇش قانچە زىننەتلىك كۆرسىتىلگىنى بىلەنمۇ بەربىر زەئىپ، مەنىسىزدۇر.

ئەخلاق ھەققىدە توختالغىنىمىزدا، ئەلۋەتتە ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئالدى بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»لەردە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن قالسىلا ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش ئەڭ چوڭ گۇناھ سۈپىتىدە بايان قىلىنىدۇ. «جەننەت ئانانىڭ ئايىغى ئاستىدىدۇر». ئاللاھنىڭ نەزەرىدە ئاتا-ئاناغا ياخشىلىق قىلىش ئەڭ سۆيۈملۈك

ئەمەل ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، بەزى ھەدىسلەردە ئۇرۇق-تۇغقان، يېقىن-يورۇقلارغا ياخشىلىق قىلىش تەكىتلىنىپ «رىسقىم كەڭ بولسۇن ياكى ئۆمرۈم ئۇزۇن بولسۇن دېگەن ئادەم خىش-ئەقربا ۋە يېقىنلىرىغا سىلە-رەھىم قىلسۇن» دېيىلسە، يەنە بەزى ھەدىسلەردە ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ھەققى يۇقۇرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ «سىلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويغان ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ»غانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇلىدۇ. مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى غەيرىي مۇسۇلمان بولسۇن، تەقۋادار بولسۇن ياكى پاسىق بولسۇن، دوست بولسۇن ياكى دۈشمەن بولسۇن ئىنسانغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش، ياخشىلىق قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقەمسايەسىگە زىيان زەخمەت يەتكۈزۈشتىن ئۆزىنى ساقلىمىغان ئادەم كامىل مۇئمىن بولالمايدۇ» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان. ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قوشنىنىڭ دائىرىسىنى بېكىتىپ «ئۆيىنىڭ تۆت ئەتراپىنىڭ ھەر تەرىپىدىن 40 ئائىلىگىچە قوشنا ھېسابلىنىدۇ» دېگەن. (بىزدىكى ھازىرقى قوشنىدارچىلىقنىڭ قانچىلىك بولۇۋاتقانلىقى ھەر بىرىمىزگە ئايان)

ئاللاھنىڭ كالامى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىدە ئىمانىي ۋە ئىنسانىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا بايان قىلىنغان. نۇرغۇن ھەدىسلەر كىشلەر ئارىسىدىكى ئىنساپ-ئىشەنچنى، دوستلۇق-ئىناقلىقنى كۈيلەيدىغان، ئۆزئارا قېرىنداشلارچە مۇئامىلىدە بولۇپ، ئاسايىشلىققا ئۈندەيدىغان ئىدىيىلەرنى ئىمانىنىڭ بىر جۈملىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئىمان ئېيتمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، ئۆزئارا دوستلاشمىغۇچە ھەقىقىي مۇئمىن بولالمايسىلەر»، «كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا دوستلىشىشى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشتىن قالسلا ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر» دېگەن ھەدىسلەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. «كىمكى قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدە بولىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ ھاجىتىدە بولىدۇ، كىمكى قېرىندىشىغا ياردەمدە بولىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەمدە بولىدۇ»، «ھاجەتمەنىنىڭ ھاجىتىدىن چىققان ئادەمنى ئاللاھ قىيامەت كۈنىنىڭ قورقۇنچىسىدىن ئەمىن قىلىدۇ». مەيلى ماددىي جەھەتتە بولسۇن ياكى مەنىۋى جەھەتتە بولسۇن، باشقىلارغا ھاجىتى چۈشۈشتىن خالىي بولغىلى بولمايدىغان كىشىلىك تۇرمۇشتا بۇ ھەدىسلەرنىڭ روھىنى قانچە ئىخلاس بىلەن ئۆزلەشتۈرسەك، ئىسلام دىنىغا بولغان چۈشەنچىمىز شۇنچە چوڭقۇر، ئەتراپلىق بولىدۇ. ئېتىقادىمىز چىڭىيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھايات يولىدا باسقان قەدەملىرىمىز شۇنچە مۇستەھكەم بولىدۇ. ئىجتىمائىي كەيپىيات، گۈزەل ئەخلاقى ساپا، ساغلام مەدەنىيەت ئاساسىدا تەرەققىياتىمىزمۇ شۇنچە راۋان بولىدۇ.

ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكى ساھابىلارنىڭ ھايات مۇساپىسىغا نەزەر سالساق، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر-بىرىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئاقىدىغان ھەقىقىي قېرىنداشلىقنىڭ ئۈلگىلىرىنى كۆرىمىز. مېھىر-مۇھەببەت، خالىسلىق، ھەمكارلىق ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ

غەم-قايغۇسى ۋە خۇشاللىقى ئورتاق بولىدۇ. مەككىدىن بارغان مۇھاجىرلار بىلەن مەدىنىدىكى ئەنسارىيلارنىڭ ئۆزئارا قېرىنداشلىقى شۇ قەدەر چوڭقۇر ئىدىكى، ئەنسارىيلار مۇھاجىرلارنى ئۆزلىرىدىنمۇ چارىراق كۆرەتتى. ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۇلار سىنىڭ-مېنىڭ قىلمىغان. ئەنسارىيلار مۇھاجىرلارغا ئۆيلىرىنى، باغلىرىنى، نېمىسى بولسا شۇنى تەڭ بۆلۈپ بەرگەن. دوستلاشتۇرۇلغان ئىككى ئادەمنىڭ (مۇھاجىر بىلەن ئەنسارىينىڭ) قايسىسى ئۆلسە ئىككىنچىسى ئۇنىڭغا مىراسخور بولاتتى. قان-قېرىنداشلىرى مىراسخور بولمايتتى. ئەنسارىيلار مۇھاجىر قېرىنداشلىرى ئۈچۈن قىلغان غەمخورلۇقلىرىنى تېخى قىلىشقا تېگىشلىك بولغىنىدىن ئاز دەپ قارايتتى. مانا بۇ ئىسلامىي قېرىنداشلىقنىڭ يۇقىرى دەرىجىسى. بۇ يۈكسەك، ئالىيجاناب قېرىنداشلىق مېھىر-مۇھەببەتنى چۈشەندۈرۈشكە قەلەم ئاجىزلىق قىلىدۇ. «ئۇلار مۇھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئەتىدىن) ئەلا بىلىدۇ» (سۈرە ھەشر 9- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايەت ئەنە شۇ ئەنسارىيلار ھەققىدە نازىل بولغان. «سىلەردىن ھەرقانداق بىر كىشى ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىسنى قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرگەندىلا ئاندىن كامىل مۇئمىن ھېسابلىنىدۇ» (ھەدىس). بۈگۈنكى كۈندە پۇل ھەممىگە ھۆكۈمران دەيدىغان ئىدىيىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا يامراپ كېتىۋاتقان چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك دىللىرىمىزنى قاساۋەتلەشتۈرۈپ كېتىۋاتسا، بىزدە نەدىمۇ «ئەلنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا» دەيدىغان ئىدىيە بولسۇن؟! ھەممىلا ئىشتا پۇلنى، پايدىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش خاھىشى كاللىمىزنى چىرمىۋالغان تۇرسا، خالىسلىق، غەرەزسىزلىك، رىياسىزلىقنى قانداقمۇ ئىزچىللاشتۇرغىلى بولسۇن؟! پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئۈممىتىم تىللا بىلەن تەڭگىنى چوڭ بىلىپ كەتسە ئۇنىڭ قەلبىدىن ئىسلامنىڭ ھەيۋىسى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ». كىشىلەرنىڭ سورۇنلاردا ئۆزئارا: «ھازىر خەقتە ئىنساپ يوق...» دېيىشىۋاتقانلىقىنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىمىز، شەخسىيەتچىلىك ۋە مەنپەئەتپەرەسلىكنىڭ چېكىدىن ئېشىپ كېتىشى بىلەن ئارىمىزدىن مېھىر-مۇھەببەت، ئىنساپ كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ بارماقتا. قەلبىدىن دىيانەت كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئادەمدىن يەنە نېمىنى كۈتۈش مۇمكىن!

«ياخشىلار باغچىسى» ھەققەتەن تۈرلۈك-تۈمەن، رەڭگارەڭ، ھۆسنى ۋە پۇرىقى دىلنى لال قىلىدىغان ھەدىس گۈل-چېچەكلىرىگە تولغانكى، ئۇنىڭدا يەنە يېتىم-يېسىر، ئىگە-چاقىسىزلارنىڭ بېشىنى سىلاش، مۇساپىرلارغا، مېيىپلارغا ياردەم بېرىش، ئاپەتتە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇش ۋە ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىن ھېسداشلىق قىلىش، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يېپىش قاتارلىق ئوقۇپ ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەمەل قىلىدىغان، كىشىنى مەنىۋى كامالەتكە يەتكۈزىدىغان ھەدىسلەر بايان قىلىنغان. «كىمكى بىر ئەمانى 40 قەدەم يۆلەپ ماڭسا، ئۇنىڭغا جەننەت تېگىشلىك بولىدۇ» دېگەن ھەدىسنىڭ ئۆزىلا ئاقساق-چولاق، مېيىپ-ئاجىزلارغا يار-يۆلەك بولۇپ ئۇلارنى قۇتقۇزۇشنىڭ، دارىلئېتام،

دارىلئاجىزىنلارنى ئېچىپ، ئۇلارنى تەربىيىلەشنىڭ نەقەدەر ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە يېتەرلىكتۇر. گۈزەل ئەخلاقى بىلەن بىزنىڭ ياخشى ئۈلگىمىز بولغان پەيغەمبىرىمىز: «مەن يېتىمنى باققۇچى ئادەم بىلەن جەننەتتە مۇشۇنداق يېقىن تۇرىمەن» دەپ باش بارمىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىڭ ئارىسىنى ئېچىپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبىرىمىز يەنە: «مېنى ئاراڭلاردىكى ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن تېپىڭلار، چۈنكى سىلەرگە شۇ ئاجىز كىشىلەرنىڭ بەرىكىتىدىن رىزىق بېرىلىدۇ» دېگەن. كىتاب بەتلىرىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، كىشىنى ئەخلاقىي يۈكسەكلىككە يېتەكلەيدىغان نۇرغۇن ھەدىسلەر كۆزىمىزگە چېلىقىپ تورىدۇ. ئەمما، رىئاللىقىمىزغا قارايدىغان بولساق، شۇ ئېسىل تەرغىباتلارنىڭ ئېتىبارسىز قېلىۋاتقانلىقىدىن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىمىز. مېيىپلىقنى پۇل تىلەشكە دەستەك قىلىپ ياكى ئىگىلىرىنىڭ پۇل تېپىش ۋاستىسى بولۇپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان ئاجىز مەجرۇھلارنىڭ قەھرىتان قىش، پىژغىرىم ئىسسىقلاردا توپا- تۇمانغا مىلەنگەن ھالىتى يۈرىكىمىزنى ئېچىشتۇرىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دىكى: «يېتىمنى خارلىما ...» دېگەن ئەمر رەببانىيغا ئاۋاز قوشۇپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى قانچىلىك سىلىيالىدۇق؟ پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىدىن قانچە يىراقلاشقانسېرى ھەممىدە چېكىنىشكە يۈز تۇتۇۋاتىمىز. نىھايەت، ئەقىل كۆزى بىلەن ئىدراك قىلغۇچىلار ئۈچۈن چاقناپ تۇرغان تاڭ نۇرىدەك روشەن تۈيۈلىدىغان ھەدىس مەنالىرىنى زالالەت تۇمانلىرى ئىچىدە تىگىرقاپ يۈرگەنلەر ئاڭقىرالماي قالىدۇ-دە، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەختتىن قۇرۇق قالىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ۋە ھەدىسلەردە خەير-ئېھسان قىلىشنىڭ، ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل-مال سەرپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى سۆزلىنىدۇ. سەدىقە نامى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بۇ خاسىيەتلىك ئىشنى ھەممە ئادەم قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ. سەدىقە سۆزىنىڭ مەناسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، خەير-ساخاۋەت ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گەرچە بۈگۈنكى كۈندە سەدىقە كىشىلەر تەرىپىدىن مەيلى ئاز بولسۇن، مەيلى كۆپ بولسۇن نامراتلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش دەپ چۈشىنىلىۋاتقان بولسىمۇ، ھەدىسلەردە ياخشى ئىش ۋە ياخشى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى سەدىقە دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق ئۆزىگىمۇ پايدا يەتكۈزۈشنى، سەدىقىمۇ قىلىشنى، مۇنداق قىلالمىسا ياخشى ئىشلارنى قىلىپ يامان ئىشلاردىن قول يىغىشنى، بۇنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ ئۈچۈن سەدىقە ئورنىدا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىدە مۇئمىننىڭ قولىدىن كېلىشىچە كىشىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشى، باشقىلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەسلىك كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن. يەنە بەزى ھەدىسلەردە «كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ، ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈشمۇ سەدىقە ھېسابلىنىدۇ» دېيىلگەن. يەنە بەزى ھەدىسلەردە ئۆزىنىڭ خوتۇن، بالا-چاقىلىرى ئۈچۈن قىلغان ئائىلە راسخوتىمۇ، ھەتتا كىشىلەرگە قىلغان بىرەر ئېغىز ياخشى سۆزنىڭمۇ سەدىقە

ھېسابلىنىدىغانلىقى سۆزلەنگەن. بۇ ھەدىسلەردىن بىز ھۈنەر-سانائەت بولسۇن، تېرىقچىلىق بولسۇن، تىجارەت بولسۇن، ھەر ئادەمنىڭ بىرەر كەسىپ بىلەن ئىش-ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەنلىكىنى، ئەجرىدىن كەلگەن كىرىم بىلەن ئاۋۋال ئۆزىنى تەمىنلەپ ئاشقان قىسمىنى يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئىشلىتىش تەكىتلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. سەدىقە-ئېھسان ئاز بولسىمۇ، ئۇنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقى ئوبرازلىق رەۋىشتە مۇنداق ئىپادىلەنگەن. «كىمكى ھالال كەسىپ بىلەن تاپقان مېلىدىن خورما چاغلىق نەرسە بولسىمۇ سەدىقە قىلسا، ئالللاھ پەقەت ھالال مالنىلا قوبۇل قىلىدۇ، ئالللاھ ئۇنى ئوڭ قولى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، ئاندىن ئۇ خورما چاغلىق نەرسىنى خۇددى سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىنىڭ تايچىقىنى ئوبدان بېقىپ ئۆستۈرگەندەك ئۆستۈرۈپ، سەدىقە قىلغۇچى ئۈچۈن ئۇنىڭ ساۋابىنى تاغدەك زورايتىپ بېرىدۇ». ھەدىسلەردە مەيلى باي بولسۇن، مەيلى نامرات بولسۇن مۇسۇلمان كىشىنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن بىر پايدىلىق ئېلېمېنت بولۇشى كېرەكلىكى، ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە ئاۋامغا پايدا يەتكۈزۈشى، بايلارنىڭ كەڭ قوللۇق بىلەن كۆپلەپ خەير-ساخاۋەت قىلىشى، كەمبەغەللەرنىڭمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولماسلىقى قەيت قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمىگەن ئادەمنى ئەڭ ئارتۇق ھېسابلىغان. «كىمكى ئۆزى نېمە يېسە خىزمەتچىسى (ياكى قۇلى) گە شۇنى يېگۈزسۇن، ئۆزى نېمە كىيسە ئۇنىڭغا شۇنى كىيگۈزسۇن. ئۇلارنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا سالماڭلار. ئەگەر شۇنداق ئىشلارغا سېلىپ قالساڭلار ئۇلارغا ياردەمدە بولۇڭلار» دېگەن. «كىمكى بىرەر مۇسۇلمانغا ئەزىيەت يەتكۈزسە ماڭا ئەزىيەت يەتكۈزگەن بولىدۇ»، «ناھەق رەۋىشتە بىر مۇسۇلماننىڭ ئابرويىنى تۆكۈش ھەقىقەتەن ئەڭ چوڭ گۇناھتۇر». يۇقىرىدىكى ھەدىسلەردە مۇئمىنگە ئەزىيەت يەتكۈزۈش قاتتىق ئەيىبلىنىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ئېيتىپتىكى، پاك مۇسۇلمان ئاياللارغا بۆھتان چاپلاشنى يەتتە خىل ھالاكەتلىك گۇناھ قاتارىدا سانىغان. ھالبۇكى، ئارىمىزدا ئاياللارغا، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئايالى بولغان تەقدىردىمۇ قارا چاپلاش تۇۋسىنى ئالغان سەت تىللار بىلەن ھاقارەتلەيدىغان ئەھۋاللار ئاز ئەمەس.

بىر مۇنچە ھەدىسلەردە ئىناقلىق، ھەمكارلىق، مېھرىبانلىق روھى تەكىتلىنىدۇ. ئۇنىڭغا زىت كېلىدىغان تەپرىقىچىلىك، ھەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك ، ئىككى يۈزلىمچىلىك، چېقىمچىلىق، غەيۋەت-شىكايەت قاتارلىق ئىللەتلەرگە لەنەت ئوقۇلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «گۇمانخورلۇقتىن ساقلىنىڭلار، كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى كولىماڭلار. تىلك-تىڭلاپ يۈرمەڭلار. ئۆزئارا دۈشمەنلەشمەڭلار. ئۆزئارا قېرىنداشلارچە بولۇڭلار»، «كىمكى بىر قېرىندىشىنىڭ غەيۋىتى قىلىنغان يەردە ئۇنىڭ ئابرۇيىنى ساقلاپ قالسا، ئالللاھ ئۇنى قىيامەت كۈنى دوزاختىن ساقلاپ قالىدۇ»، «ساھابىلىرىمدىن ھېچبىر ئادەم ماڭا بىراۋ ئۈستىدىن سۇخەنچىلىك قىلمىسۇن»، «سۇخەنچى ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ»، «كىشىلەرنىڭ

ئەيىبنى ئېچىش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئەيىبنى تۈزەش بىلەن بولغان ئادەم چوڭ ساۋابقا ئېرىشىدۇ»، «ئىككى يۈزلىمچى ئادەم قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئادەملەرنىڭ ئەڭ يامىنى بولۇپ قالىدۇ»، «ھەسەتتىن ساقلىنىڭلار، ھەسەت قىلىش ياخشىلىقلارنى خۇددى ئوت ئوتۇننى يېگەندەك يەيدۇ» قاتارلىق دانا سۆزلىرىنى مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدا ئۆم-ئىناقلىقنىڭ ھۇزۇر بەخش كۆرۈنۈشلىرى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئۆزئارا قىزغىنى، سەممىي، خالىس ھېسسىياتتا بولۇش دىللارنى سۆيۈندۈرىدۇ. چېقىمچىلىق، غەيۋەتخورلۇق، ھەسەتخورلۇقلار مۇسۇلمانچىلىق بىلەن زادى كىلىشەلمەيدۇ. قەيەردە بولمىسۇن بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرگە ھەقىقىي ھېسداشلىق قىلىنسا، موھتاجلارغا ھاجىتى راۋا بولغۇدەك ياردەم قىلىدىغان ساخاۋەتلىك قوللار سۇنۇلسا ئارىمىزدا تەبىئىي ھالدا بەرگۈچىنى رىيا-كىبىردىن خالىي قىلىدىغان، ئالغۇچىنى خورلۇق-ئىزادىن خالاس قىلىدىغان ساغلام ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى شەكىللەنگەن بولاتتى. كىشىلىك مۇناسىۋەتتە تۈرلۈك كۆڭۈلسىزلىكلەر، ئۇقۇشماسلىقلار بولۇپ تۇرىدۇ. كىشى ھەرقاچان ئەزىيەت، ئازار-كۈلپەتلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. مۇنداق چاغلاردا مۇسۇلمان ئادەم پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «مۇسۇلمانغا كەلگەن ھەرقانداق كۆڭۈلسىزلىكنى ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھىغا كەففارەت قىلىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ پۇتىغا بىر تىكەن كىرىپ كەتسىمۇ، ئۇ گۇناھىغا كەففارەت بولىدۇ»، «ئاللاھ كىمگە بىرەر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى ئوڭۇشسىزلىققا دۇچار قىلىدۇ»، «ھېچ كىشىگە سەۋرىدىن ئەۋزەل ۋە چوڭ سوۋغات بېرىلگىنى يوق» دېگەن سۆزلىرىگە ئەمەل قىلسا، ئۇنىڭغا ئۈمىدۋارلىق ۋە ئەقىل ھەمراھ بولۇپ، قىيىن ئۆتكەلدىن غەيرەت-پاراسەت بىلەن ئۆتىۋالىدۇ، شۇنداقلا قارنى-كۆكسىنى كەڭ تۇتقانلىقى، چىداملىقلىقى ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىقلارغا ئېرىشىدۇ. باشقىلارغا قوپال، سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان، ئەرزىمەس ئىشلار ئۈستىدە خاپا بولۇشۇپ، قىزىرىشىپ چاپان سىلكىشىدىغان، ياقا سىقىشىدىغان قىلمىشلار بىزگە دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئۇرۇشقاندا ئېغىز بۇزۇشنى مۇناپىقلىقنىڭ ئالامەتلىرىدىن» سانىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ مۇلايىملىق، ئەپۇچانلىق، مېھرىبانلىق، سەۋرچانلىق، چىدامچانلىق، ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق كەچۈرۈم قىلىش قاتارلىق خىسلەتلىرى بىلەن ئۆز ئۈممىتىگە ناھايىتى ئېسىل ئۈلگە ياراتقان. بۇ مەزمۇنلار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «مۇلايىملىقتىن مەھرۇم قىلىنغان ئادەم پۈتۈن ياخشىلىقتىن مەھرۇم قىلىنغان بولىدۇ»، ئاللا بىر قەۋمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇلار ئىچىدە مۇلايىملىقنى ئومۇملاشتۇرىدۇ»، «كىشىلەرگە رەھىم قىلمىغان ئادەمگە ئاللاھ رەھىم قىلمايدۇ»، «كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھ يامان كۆرىدىغان ئادەم دۈشمەنلىكى قاتتىق، خۇسۇمەتچى ئادەمدۇر»، «بىر ئادەمنىڭ بىر دىنىي قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇپ بىر-بىرىگە تەتۈر قاراپ يۈرۈشى دۇرۇس ئەمەس»، «روزىدىنمۇ، سەدىقىدىنمۇ، نامازدىنمۇ ئارتۇق ئىش كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى تۈزەشتۇر، ئارىنىڭ بۇزۇلۇشى دىللارنى خاتىرجەمسىزلەندۈرىدۇ»، «كىشىلەرنىڭ

ئارىسنى تۈزەش ئۈچۈن يالغان سۆزلەش گۇناھ ھېسابلانمايدۇ» قاتارلىق ھەدىسلەردە ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ئىپادىسىنى تاپقان. كىشىلەرنى ئاسراشتا، ئۇلارغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشتە رەسۇلۇللاھ نەمۇنىلىك رول ئوينىغان. ئۇ «نامازدا تۇرۇپ بالىسىنىڭ يىغلىغانلىقىنى ئاڭلىسام، ئانىسىنى بىئارام قىلىپ قويماي دەپ نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇيمەن» دېگەن. ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئاسراشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ياشتا چوڭلىرىمىزنى ھۆرمەتلىمىگەن، كىچىكلىرىمىزگە كۆيۈنمىگەن ئادەم بىزگە مەنسۇپ ئەمەس» دېگەن دانا سۆزى بار. تۈرلۈك سورۇنلىرىمىزنىڭ يالغان-ياۋىداق، پىتنە-پاسات، سۆز-چۆچەكلەر تارقىتىش ئۇۋۇسى بولۇۋاتقانلىقى ھەممىگە ئايان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىشىنىڭ ئاڭلىغانلىكى نەرسىنى سۆزلەپ يۈرۈشىنىڭ ئۆزى كىشى ئۈچۈن يېتەرلىك يالغانچىلىقتۇر» دېگەن سۆزى مۇسۇلمانىنى ھەر ۋاقىت ئېغىزىغا ھېزى بولۇشقا ئاگاھلاندۇرىدۇ. ساھابىلاردىن بىرى رەسۇلۇللاھتىن مۇنداق سورىغان: بەندىنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئەمەل قايسى؟ رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «تەقۋالىق بىلەن گۈزەل ئەخلاق». ئەمىسە دوزاققا كىرىشىگە سەۋەپ بولىدىغان ئەمەلچۇ؟ «ئېغىزى بىلەن ئەۋرەت». ئادەمنىڭ ياخشى يامىنى ئەمەلىيەتتە كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە سىنىلىدۇ. بولۇپمۇ ئىقتىسادىي مۇئامىلە كىشىنى سىناشنىڭ ھالقىلىق ئىمتىھانىدۇر. سەمىمىيلىك، توغرىلىق، راستچىللىق، خالىسلىق، ئىنساپ، تەۋپىق، ئىشەنچ، ھەققانىيەتلەر ھەدىسلەردە مەدھىيىلىنىپ، مەككارلىق، ئالدامچىلىق، ھىيلىگەرلىك، يالغانچىلىق، نامەردلىك، خىيانەتچىلىك، قويمچىلىق، جازانىخورلۇق، پارىخورلۇق، ۋىجدانسىزلىق، ۋاپاسىزلىق، كىشىنىڭ ھەققىنى يېۋېلىش قاتارلىق رەزىللىكلەر قاتتىق ئەيىبلىدۇ.

ھەدىستە يالغان گەپ قىلىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىق مۇناپىقلىقنىڭ ئۈچ تۈرلۈك بەلگىسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ، «كىمكى ئۆزىدە بىراۋنىڭ مەنىۋى ياكى ماددىي ھەققى قالغان بولسا، ئۇنى قىيامەت كۈنىگە قالدۇرماي مۇشۇ دۇنيادا رازى قىلىۋەتسۇن. زۇلۇم قىلغۇچى ئادەم ھەق ئىگىسىنى بۇ دۇنيادا رازى قىلىۋەتمەي ئاخىرەتكە قالدۇرسا زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن ھەق ئىگىسىنىڭ قانچىلىك ھەققى بولسا شۇنچىلىك ئېلىپ بېرىلىدۇ. زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ ياخشى ئەمەللىرى بولمىسا، ھەق ئىگىسىنىڭ گۇناھلىرىدىن ئېلىنىپ زۇلۇم قىلغۇچىغا يۈكلىنىدۇ». ھەدىسلەردىن مەيلى قايسى رەۋىش ئۇسۇلدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كىشىنىڭ (مىسۋاك ياغىچى چاغلىق نەرسە بولسىمۇ) ھەققىنى يېۋېلىشىنىڭ ئۇ دۇنيادا بولسىمۇ ئىگىسىگە قايتۇرۇلمىسا بولمايدىغان قورقۇنچلۇق ھەق ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. يەنە بىر ھەدىستە: «خىيانەت قىلماسلىق، راست سۆزلۈك بولۇش، گۈزەل-خۇلۇقلۇق ۋە بىتەمە بولۇپ، ھالال كەسىپ قىلىشتىن ئىبارەت 4 خىسلەت» ئۈستىدە توختالغان. بىر ھەدىستە: «جازانىنى يېگۈچى، يېگۈزگۈچى، يېزىپ بەرگۈچى ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولغۇچىغا لەنەت قىلىنغان». يەنە بىر ھەدىستە: «ئىشلەمچىنىڭ ھەققىنى بەرمەسلىك

چوڭ گۇناھقا ياتىدۇ» دېيىلسە، باشقا بىر ھەدىستە: «ياللاپ ئىشلىتىلگەن ئادەمنىڭ بەدىنىدىن چىققان تەر قۇرۇپ بولغۇچە ئۇنىڭ ھەققىنى بېرىپ بولۇشنىڭ لازىملىقى» تەكىتلىنىدۇ. قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرماي ئارقىغا سۇرۇش زۇلۇم ھېسابلىنىش بىلەن قىينچىلىقى بار قەرزدارنىڭ مۆھلىتىنى ئۇزارتىپ بېرىش ساۋابلىق ئىش سانىلىدۇ. «كىمكى ساختىلىق قىلىدىكەن، ئۇ بىزگە مەنسۇپ ئەمەس» دېگەن ھەدىستە ئېلىم-بېرىمدە ساختىپەزلىك قىلىش، يالغان قەسەم قىلىش، ساختا ماللارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇلارنى سېتىشمۇ ئوخشاشلا ھارام قىلىنغان. ئىسلامدا بىرلىشىپ تىجارەت قىلىشقا رىغبەتلەندۇرۇلىدۇ، ھەدىستە «شېرىك بولۇپ تىجارەت قىلىش بەرىكەتلىك ئۈچ ئىشنىڭ بىرى» قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ. ھەدىسى قۇدسىدا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن مۇنداق دېيىلىدۇ: «مادامىكى بىر-بىرىگە خىيانەت قىلىشمايدىكەن، مەن ئىككى شېرىكنىڭ ئۈچىنچىسى بولىمەن، قاچانكى ئۇلارنىڭ بىرى خىيانەت قىلىدىكەن، مەن چىقىپ كېتىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا شەيتان كىرىۋالىدۇ». بىزنىڭ ئۇيغۇر كارخانىچىلىرىمىز شىركەت بولۇپ ئۇيۇشۇپ مەبلەغ ئۈستۈنلۈكىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىپ بازار قانۇنىيىتى بويىچە سودا قىلىشنى ۋە ئوبراز تىكلەشنىڭ، زورۇرلۇكىنى تېخى دېگەندەك تونۇپ يەتمىگەندەك قىلىدۇ. بىزنىڭ روھانىيىتىمىزگە تەپرىقىچىلىق ھەسەتخورلۇق سىڭىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، سودا-تىجارەت ئىشلىرىمىزدىمۇ بىرلىك، ئويۇشقاقلىق، ئۆزئارا يۆلەشتىن يىراقمىز. بىرمۇنچە كىشلىرىمىز سودا ساھەسىدە ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە چېۋەرلىكى بىلەن ئۆزۈپ چىقىپ ياقا يۇرتلاردا كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان بولسىمۇ، تەشكىللىنىپ بىرەر قانۇنلۇق شىركەت شەكلىنى ئالمىغانلىقى ئۈچۈن سودا رىقابىتىدە «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دېگەندەك چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ ئۈستۈنلۈك قازىنىشقا قۇربى يەتمەيۋاتىدۇ، ھەممىدىن يامىنى «ئايرىلغاننى بۆرە يەر» دېگەندەك ئۇلار بۇلاڭ-تالاڭ، سۈيىقەستلەرگە ئۇچراپ ھەم جېنىدىن، ھەم مېلىدىن ئايرىلىۋاتىدۇ، «ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە» دېگەن ئاتىلار سۆزىمۇ يۇقىرىقى ھەدىس روھىغا ماس ھالدا ھەممە بىرنىيەتتە بىر ياقىدىن باش بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ ئىش كۆرۈشىمىز لازىملىقىنى تەكىتلەپ تۇرۇپتۇ.

«قۇرئان كەرىم»دىكى: «(ئۆلچەم ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي، ئۇلار كىشلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا تولۇق ئالىدۇ، كىشلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا كەم بېرىدۇ» دېگەن ئايەتلەردە تارازا-ئۆلچەمدە ئادىل بولۇش ئالاھىدە تەكىتلىنىشتىن تاشقىرى ھەدىستە: «ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرنىڭ تارازا-ئۆلچەمدە ساختىلىق قىلغانلىقلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك بولغانلىقى» ئەسلىتىپ ئۆتۈلىدۇ. ھەدىسلەردە ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ، ھالال يەپ ھالال ياشاشنىڭ يوللىرى كۆرسىتىلىدۇ، ئەھمىيىتى سۆزلىنىدۇ. «ھالال رىزىق ئىزدەش ھەر مۇسۇلمان ئۈچۈن ۋاجىپتۇر»، «كىمكى ھالال كەسىپ قىلىش يۈزىسىدىن ئاغرىپ قالسا گۇناھلىرى ئەپۇ قىلىنىدۇ »، «رىزىقنى زېمىننىڭ

يوشۇرۇن جايلىرىدىن تەلەپ قىلغىلار»، «كىشىنىڭ ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ يېگەن تامىقى ئەڭ ھالال تاماقتۇر، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشايتتى»، «كىمكى ھالال يېسە، سۈننەتكە ئەمەل قىلسا، كىشىلەرگە يامانلىق قىلمىسا ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ». مانا بۇ ھەدىسلەردە يۇقىرى-تۆۋەن، پاكىز-مەينەت، جاپالىق-يېنىك دېمەي بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ھالال-ھارامنى پەرق قىلىدىغان، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشاشنى شەرەپ بىلىدىغان، تۈزتقان ئىشىدا نەتىجە قازىنىپ باشقىلارغا ئۈلگە بولىدىغان مېھنەتسۆيەر، ئەمگەكچان كىشىلەرنىڭ تىپى سۈرەتلەپ بېرىلىدۇ. داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ شۇنچە كاتتا پادىشاھلىقى، سەلتەنىتى بىلەن يەنىلا قول ئەمگىكىدىن يالتايمىغان. ئۆزى ئىشلەپ يېگەن ھالال ناننىڭ تەمى باشقىچە بولىدۇ. ئەمگەكچان ئادەم چىدامىلىق ۋە ساغلام كېلىدۇ، ئەمگەكچانلار قانچە كۆپ بولسا ئىشلەپچىقىرىش يۈكسىلىپ، يۇرت روناق تاپىدۇ. ھورۇنلۇق، تىلەمچىلىك، تەييارتاپلىق كىشىنى چۈشكۈنلەشتۈرىدۇ، تەمەخورلۇق، تىلەمچىلىك، پىخسىقلىق مۇسۇلمان ئادەمگە ياراشمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىلەمچىلىك توغرىسىدا مۇنۇلارنى دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار تىلەمچىلىك دەرۋازىسىنى ئاچسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا پېقىرلىقنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچىدۇ»، «كىشى تىلەمچىلىك قىلىۋەرسە، قىيامەت كۈنى يۈزىدە گۆش دىدارى بولمىغان ھالدا ھازىر بولىدۇ»، «كىمكى ماڭا كىشىلەردىن بىر نەرسە تىلىمەسلىككە كېپىللىك قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جەننەتتى بولۇشىغا كېپىللىك قىلىمەن». كوچىلاردا دوقمۇش-دوقمۇشتا تىلەمچىلەر كۆزىمىزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلارغا 30~40 تىيىن بېرىش بىلەن قارىماي ئۆتۈپ كېتىش ياكى ئۇلارنى تەنبىھ بېرىپ ئەيىبلەش بىلەن ئىش پۈتەمدۇ؟ مەسىلىنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى قۇتقۇزۇشقا، جان بېقىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئەنسارىيلاردىن بىر ئادەم نەرسە تىلەپ كەلگەن. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن ئۆيىدە بىرەر نەرسىسى بار يوقلۇقىنى سورىغان. ئەنسارىي ئۆيىدە پەقەت يېرىمىنى ئاستىغا سېلىپ، يېرىمىنى ئۈستىگە يېپىنىدىغان بىر يېپىنچىسى ۋە بىر دانە سۇ ئىچىدىغان ياغاچ تاۋىقى بارلىقىنى ئېيتقان. رەسۇلۇللاھ ئۇ ئىككىسىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ ئۇ نەرسىلەرنى كىمنىڭ سېتىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، بىر تەڭگىگە خېرىدار چىققان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى-ئۈچ قېتىم كىمنىڭ ئېشىپ ئالىدىغانلىقىنى سورىغاندا، بىرەيلەن ئىككى تەڭگە بېرىپ ئۇلارنى سېتىۋالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۇلنى ئەنسارىيغا بېرىپ: «بۇ پۇلنىڭ يېرىمىغا ئائىلەڭدىكىلەرگە يېمەكلىك ئېلىپ بەرگىن، يېرىمىغا بىر پالتا سېتىۋېلىپ، مېنىڭ يېنىمغا كەلگىن» دېگەن، ئەنسارىي پالتىنى ئېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پالتىغا ساپ ئورنىتىپ بېرىپ: «بۇنىڭ بىلەن جاڭگالدىن ئوتۇن كېسىپ كېلىپ بازاردا ساتقىن، 15 كۈنگىچە ماڭا كۆرۈنمىگىن» دېگەن، شۇنىڭ بىلەن ئەنسارىي ئوتۇنچىلىق قىلىپ ئون تەڭگە تېپىپ ئۇنىڭ بىر

قىسمىغا يېمەكلىك، بىر قىسمىغا بولسا كىيىم ـ كېچەك سېتىۋالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «مانا بۇ تىلەمچىلىكتىن ياخشى، تىلەمچىلىك قىلساڭ بۇ قىيامەت كۈنى يۈزىڭگە داغ بولۇپ قالىدۇ» دېگەن. تەندۇرۇس، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشاش ئىمكانىيىتى بارلارمۇ پۇل يىغىپ پارازىتلارچە ياشاش مەقسىتىدە دىۋانە قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ «سەدىقە بالانى يەر، تەۋبە گۇناھنى» دەپ تىلەيدۇ. تىلەمچىلىك قىلىش پەس تەبىئەتلىكلەرنىڭ ئىشى بولۇپ، تۆۋەن بولسىمۇ، بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ جان بېقىش ئەلۋەتتە شەرەپلىكتۇر.

كىشىلىك جەمئىيەتتە ئائىلە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، ئائىلە جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۇ چوڭ گەۋدىنى تەشكىل قىلغۇچى كىچىك ھۈجەيرە. ئائىلە تۈزەلسە جەمئىيەت تۈزۈلىدۇ، شۇڭلاشقا ئىشنى ئالدى بىلەن ئائىلىنى تۈزەشتىن باشلاش كېرەك. ھەر ئادەم ئائىلىگە نىسبەتەن ئەقىدىلىك، تەربىيىلىك، ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان، جىددىي پوزىتسىيىدە بولۇشى لازىم. ھەدىستە خۇددى پادىچى ئۆز پادىسى ئۈستىدە مەسئۇل بولغاندەك قىيامەتتە ئەر- ئاياللىق ئۆز ئائىلىسىدىكىلەر ئۈستىدە سوئال ـ سوراق قىلىنىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. بالىنىڭ ئەقىدىسىنىڭ، ئەخلاقىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ پۈتۈنلەي ئاتا ـ ئانىسىدا ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. ھەدىستە: «ئادەم بالىسى (ھەر نۇقسان ئىللەتلەردىن خالىي ھالدا) ساپ ھالەت بىلەن دۇنياغا كېلىدۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى يا خرىستىئان، يا يەھۇدىي، يا مەجۇسى قىلىپ چىقىدۇ، قۇلىقى كېسىك تۇغۇلغان بىرەر ھايۋاننى كۆرگىنىڭ يوقتۇر!» دېيىلگەن. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى نېمە دېگەن چوڭقۇر! ئاتا ـ ئانا پەرزەنتلىرىنى كىچىكىدىنلا توغرا ئەقىدە ئاساسىدا ئېتىقادلىق، سەممىي، تىرىشچان، پەزىلەتلىك قىلىپ تەربىيىلىشى لازىم. قورامىغا يەتمىگەنلەرگە قانچىلىك ئەخلاق تەربىيىسى بېرىۋاتىمىز؟! ئۇلارغا تەلقىن قىلىنىۋاتقان، سىڭدۈرۈلۈۋاتقان تەربىيىنى سەگەكلىك بىلەن قانچىلىك كۆزىتىۋاتىمىز؟! مۇقەررەركى، پەرزەنتلەرگە ئەجدادلارنىڭ ساپ ئەقىدىسىنى سىڭدۈرۈپ، ئۇلارنى دىيانەتلىك، ئەخلاق ـ ھايالىق قىلىپ تەربىيىلىمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلار ئېغىر بەدەل تۆلەيدۇ. تەربىيىسىزلىكتىن تاپتىن چىققان پەرزەنتلىرىنىڭ دەردىدە پۇچۇلۇنۇپ يۈرگەنلەر ئازمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئۈۋالى ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلارغىمۇ ياكى پەرزەنتكىمۇ؟ ئاتا ـ ئانا بولغۇچى پەرزەنتلەردىن تەلەپ قىلىدىغان ئىشلارنى ئالدى بىلەن ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئۆزى كۆرسىتىشى لازىم. ئاتا ـ ئانىنىڭ ئەقىدىسى، گەپ سۆزى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى، كىيىنىشى، ئالاقە ـ مۇناسىۋەتلىرى بالىغا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاتا ـ ئانا قانداق بولسا پەرزەنتلىرىنىڭمۇ شۇنداق بولۇشىنى چۈشەندۈرۈشتە «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق» دېگەن تەمسىل ناھايىتى جايىدا ئېيتىلغان. بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىق تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىدا ئائىلە تەربىيىسىنى يادرولۇق ئورۇنغا قويۇشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەقەززا قىلماقتا. لېكىن، ئۆزىنىڭ بىردەملىك راھىتى ئۈچۈن ئائىلىنى بۇزۇپ باغرىنى يېرىپ چىققان بالىلىرىنىڭ بەختىنى قۇربان

قىلىۋاتقان ئاتا-ئانىلاردا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، ئىمانى بۇرچ نېمە ئىش قىلسۇن؟

ئائىلە گۈزەل ئەخلاقى ئەر-خوتۇننىڭ ئىناق ئۆتۈشى ئاساسىدا تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ. ئىجتىمائىيەتتە ئەڭ كىچىك ھۈجەيرە بولغان ئائىلىنىڭ ساغلاملىقى ۋە ئىناقلىقى جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۇ چوڭ گەۋدىنىڭ بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھاياتى كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. ئەر-ئايالنىڭ بىر-بىرىگە بولغان ساداقىتى، ئۆزىنى ئەمەس قارشى تەرەپنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ ئائىلە مۇھەببىتىنى پەرۋىش قىلىشى، ئىككىلا تەرەپنىڭ ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈشى ئاساسىدا ئائىلە گۈللىنىدۇ، ئائىلىگە بەرىكەت ياغىدۇ، ئەر-خوتۇننىڭ ئىناق ئۆتۈشى ئۈچۈن يالغۇز ھېسسىيات بىرلىكى كۇپايە قىلمايدۇ، ئېتىقاد بىرلىكى، مەسلەك بىرلىكى ئاساسىغا قۇرۇلغان ئائىلىنىڭ ئۇلى مۇستەھكەم، تەربىيىلىگەن پەرزەنتلىرىساپالىق بولىدۇ. ھەدىسلەردە ئاياللارنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلىش، ئۇلارغا ھەر تەرەپتىن ئېتىبار بېرىش ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلىرىڭلاردۇر»، «ئاراڭلاردىكى ياخشى ئادەم ئايالىغا ياخشى مۇئامىلىدە بولغان ئادەمدۇر. ئايالىغا ھەممىدىن ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەم مەن بولىمەن» دېگەن. ئەر-ئايال جېدەللىشىپ ئۆتكەن تۇرمۇشتا ئائىلىۋى بەختتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. مۇنداق ئائىلىدە نە ياخشى پەرزەنت، نە ياخشى ئائىلە مۇھىتى يېتىلدۈرۈش بەك مۈشكۈل. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللار ھەققىدە ئېيتقان: «دۇنيا پايدىلىنىدىغان جايدۇر. دۇنيادىكى پايدىلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ياخشى ئايالدۇر»، «ئى ئاللاھ، شۈبھىسىزكى مەن يېتىم بىلەن ئايالدىن ئىبارەت ئىككى ئاجىزنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلمىغان ئادەمنى گۇناھكار ھېسابلايمەن» (ئەلۋەتتە بۇ يەردە دېيىلگەن ھەق مەنىۋى ھەقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قاتارلىق ھېكمەتلىك سۆزلىرىمۇ بار. ئاللاھ تائالا «سۈرە نىسا»دا: «... ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار)، چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا ئاللاھ كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن» دېگەن. ئەپسۇس، ئايالىنى كەمستىدىغان يولسىزلىقلارنى، زورلۇق-زۇمبۇلۇقلارنى، قىلدىن قىيغىر كەتسە ئايالىنى «گەپ ياندۇردۇڭ» دەپ تىل ئاھانەتكە كۆمۈشلەرنى، كىشىلەر ئالدىدا سەتلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «ئەرلىكىنى» نامايان قىلىشلارنى، ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن «ئاغزىمدىن گەپ چىقىپ كېتىپتۇ» دەپ، پەتىۋا ئىزدەپ يۇرتمۇ يۇرت كېزىشلەرنى، ئىشىكمۇ ئىشىك دوقۇرۇپ يۈرۈشلەرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىزدە، ھەدىس روھىدىن تولىمۇ يىراقلاپ كەتكەنلىكىمىزنى ھېس قىلىمىز.

ئىمانلىق، ئىنساپلىق، پەزىلەتلىك، مەسئۇلىيەتچان ئاتا-ئانا قولىدا تەربىيىلەنگەن بالىلار ئېتىقادلىق، ھايالىق، تىرىشچان، ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك بولۇپ ئۆسىدۇ. ئىجتىمائىي رېئاللىقىمىزغا قارايدىغان بولساق ياش-ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا ئەخلاق جەھەتتىن بۇزۇلۇۋاتقانلارنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى

چۆچۈتىدۇ. پەيغەمبىرىمىز: «ھايا قىلمىساڭ، خالىغىنىڭنى قىل» دېگەن. كېچىلىك بەزمىخانا، قاۋاقخانا، دېسكوخانا، مېھمانخانا، يەنە ئاللىقانداق «خانا»لاردا چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پېتىپ كېتىۋاتقانلارنى، زەھەر چېكىش، قىمار ئويناش، پاھىشىۋازلىقلار بىلەن جەمئىيەت ھاۋاسىنى بۇلغاۋاتقانلارنى، كۈندە دېگۈدەك كۆزىمىزگە چېلىقىپ، قولىقىمىزغا ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان نومۇسسىزلىقلارنى ھېس قىلغىنىمىزدا، «نەئۇزۇبىللاھ» دېمەي تۇرالمايمىز. زامانى ئاۋۋالدىن تارتىپ روھىمىزغا سىڭىپ كەتكەن ئەدەب، ئىنساپ، دىيانەت، نومۇس دېگەنلەرنى بىر يولىلا دو تىكىپ، ئاقىۋەتتە ھەممىدىن ئايرىلىپ گاڭسا-جىسا بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز. شەرمى-ھايا ھەدىسلەردە ئىماننىڭ بىر شاخچىسى دېيىلىپ، ناھايىتى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇلغان. يەنە «كىمكى ئادەملەردىن ئۇيالمىسا، ئاللاھتىنمۇ ئۇيالمايدۇ» دېگەن ھەدىسمۇ بار. يۇقىرىقىدەك نومۇس تۇيغۇسىنى يوقىتىپ، گۇناھلار قايىنىمىغا چۆكۈپ كەتكەنلەردىن شەرمى-ھايانى كۈتۈش مۇمكىنمۇ؟ كىشىلەرنىڭ دىلىدىن ئىنساپ-تەۋپىق كۆتۈرۈلۈپ، ھاۋايى-ھەۋەسكە بېرىلىپ كېتىشى ئەخلاق- پەزىلەتنىڭ خاراپلاشقانلىقىنىڭ، زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقىنىڭ ئالامىتى، ھايانى ئۇنتۇغان ئازغۇنلارنىڭ قەلبىنى قەۋەتلەپ كىر باسقان بولىدۇ، ئۇنى ئېرىغداشقا ھەسسىلەپ كۈچ كېتىدۇ. سەنئەت نامى ئاستىدا بەزى قىز-ئاياللارنىڭ جامائەت سورۇنلىرىدا ئوينىغان يېرىم-يالىڭاچ ھاياسىز ئۇسسۇللىرىنى، كوچىلاردا بەدەنلىرىنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى (شەھۋانى كۆزلەرنىڭ كۆرمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ) ئەتەي ئېچىپ قويۇپ، تاراقشىپ يۈرۈشلىرىنى، ساياق ئوغۇل- قىزلارنىڭ كۈپكۈندۈزدە ئوچۇقچىلىقتا ئۇيالماستىن قىلىپ يۈرگەنلىرىنى نېمە دېگۈلۈك؟! پەيغەمبىرىمىزنىڭ :«ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر»، «شەرمى، ھايا پەقەت ياخشىلىقلا ئېلىپ كېلىدۇ» دېگەن ھەدىسلىرىگە رىئايە قىلمىغاننىڭ تولدۇرۇۋالغۇسىز زىيىنىنى تارتماقتىمىز. ئىمانى بوھران، ئەخلاقى كرىزىس تۈپەيلى ئارىمىزدا يامراپ كېتىۋاتقان زەھەرلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مەغلۇبىيەتچىلەردىن بولۇپ قېلىۋاتىمىز. نۇرغۇن ياشلىرىمىزنىڭ ئېزىپ گۇمراھلىق قاراڭغۇلۇقلىرىدا گاڭگىراپ يول تاپالماي تېمىسقىلاپ يۈرۈشى كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ.

ئىجتىمائىي تۇغرا كەيپىيات تىكلەشتە ئالدى بىلەن ئەخلاقسىزلىق، رەزىللىكلەرنى چەكلەشكە پايدىلىق ئومۇمىي جامائەت پىكرى ھازىرلاشقا تىرىشىش لازىم. ناچار ئىش، ناچار ھادىسىلەرگە، ناتوغرا كەيپىياتلارغا قارىتا ھەر ئادەم تەنقىدىي مۇئامىلىدە بولۇشى كېرەك. ئىسلامىيەتتە كىشىلەرنىڭ ياخشى ئىش قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن توسوش — ئەھلى ئىسلامنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى سانىلىدۇ. بۇ ئەمرىمەرۇپ دېيىلىدۇ. «ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدۇ. ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ. يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ. ئەنە شۇ ياخشىلاردىندۇر» («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 114- ئايەت)

«سىلەردىن كىمكى بىرەر يامان ئىشنى كۆرسە ئۇنى ھەرىكىتى ئارقىلىق توسسۇن. مۇنداق قىلىشقا قادىر بولالمىسا سۆزى ئارقىلىق توسسۇن. بۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا ئۇنىڭغا دىلىدا نارازى بولسۇن، بۇ ئىمانىنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىدۇر» (ھەدىس) ھەدىسلەر روھىي بويىچە ئېيتقاندا ئەمرىمەرۇپ تولىمۇ ساۋابلىق ئىش. «بىرەر ياخشى ئىشنى قىلىشقا ئۈندىگەن ئادەمگە شۇ ياخشى ئىش قىلغۇچىغا قانداق ساۋاب بېرىلگەن بولسا، ئۇنىڭغىمۇ شۇنداق ساۋاب بېرىلىدۇ» (ھەدىس). «ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بىرەر ئادەمنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا سەۋەبچى بولساڭ سېنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ساۋاب بولمايدۇ» (ھەدىس). شۇڭا، ئارىمىزدا ياخشى ئىشلارغا مەدەت بىرىپ، يامان ئىشلارغا لەنەت ياغدۇرىدىغان توغرا كەيپىيات شەكىللەندۈرۈشكە تىرىشىشىمىز لازىم. كۆز ئالدىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان يامان ئىشلارغا، يامان ھەرىكەتلەرگە، ئەخلاقسىزلىقلارغا قارشى ئىنكاس قايتۇرماي، قۇلاقنى يۇپۇرۇۋېلىپ، كۆرسەكمۇ كۆرمەسكە سېلىپ يۈرۈشىمىز شۇنداق ئىشلارنىڭ ئەدەپ كېتىشىگە يول قويغانلىق بولۇپلا قالماي يەنە ئەمرى رەببانى (ئاللاھنىڭ ئەمرى)دىن باش تارتقانلىق بولىدۇ. ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان ناشايان ئىشلارنى كۆرمەسكە سېلىۋالساقمۇ، كۆزىمىزنى يۇمۇۋالساقمۇ بەربىر رېئاللىقتا «نېمە ئامال!» دەپ سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرۇش بىلەنلا ئەھلى جامائەتنىڭ مەسئۇلىيەتتىن قۇتۇلالمايدىغانلىقنى مۇنۇ ھەدىستىن كۆرۈۋالساق بولىدۇ. «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، كىشلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ يامان ئىشلاردىن توسۇشۇڭلار كېرەك. ئۇنداق قىلمىساڭلار، پات يېقىندا ئاللاھ سىلەرگە ئۆز تەرىپىدىن بىر بالا ئەۋەتىدۇ-دە، ئۇ ۋاقىتتا دۇئا قىلساڭلار دۇئايىڭلار ئىجابەت بولمايدۇ (يەنى بالا-قازا قايتۇرۇلمايدۇ)» (ھەدىس). يەنە بىر ھەدىستە: «كوچىلاردا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقۇچىلارنىڭ يول ئۈستىدە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنىڭ بىرسى يولدىن ئۆتكۈچىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، يامان ئىشلاردىن چەكلەش» دېيىلگەن. ئەمرىمەرۇپ ئەھلى ئىسلامغا قارىتا چىقىرىلغان ئاممىۋى چاقىرىق بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ھەربىر جەمئىيەت ئەزاسىنى توغرا يولغا سېلىپ، پۈتۈن جەمئىيەتنى تۈزەش مەقسەت قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ ئۈممىتىم ئەمرىمەرۇپنى تەرك ئەتسە، ئۇلاردىن ئىلاھى ۋەھىينىڭ بەرىكىتى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ» دەپ ئېيتقان. قەلبلەردىن ۋەھىينىڭ بەرىكىتى كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، كىشىنىڭ بۇرچ تۇيغۇسى ۋە ۋىجدانى يوقىلىدۇ، كىشىنىڭ كىشى بىلەن كارى بولمايدىغان، ھەممە ئادەم ئۆز سەنىمگە دەسسەپ يۈرىۋېرىدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە يەھۇدىي دىنىدىكىلەرنىڭ ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر-بىرىنى توسمىغانلىقى — ئۇلارنىڭ لەنەتكەردە بولۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى قىلىپ كۆرسىتىلگەن.

يۇرت ئاكابىرلىرى ئۆزلىرىنى پىنھان تۇتۇپ، ھالىمىزنىڭ تۈزۈلۈشى ئۈچۈن سەئيى كوشىش قىلمىسا، ئەخلاقىمىز بۇزۇلۇشقا يۈزلەنمەي نېمە بولماقچىدى؟ ھۈنەرنىڭ نېمە دېسە ھەشەمەتچىلىك، سۆلەتۋازلىق قىلىپ، ساختا شۆھرەت قوغلىشىپ، رېستورانمۇ رېستوران بەزمە سورۇن تۈزۈش بولىدى. بۇلاردىكى

ۋاقت ئىسراپچىلىقى، ئاش-نان ئىسراپچىلىقى، مەنىسىز پاراڭلارنى دېمەيلا قويايلى. ئىسراپچىلىقنىڭ، چوڭچىلىقنىڭ زىيىنى توغرىسىدا ئايەت، ھەدىسلەردە نۇرغۇن بايانلار بار. ئۇلاردا ئىسراپچىلىق قىلماي، نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. «ئىسراپ قىلماستىن ۋە چوڭچىلىق قىلماستىن يەڭلار ئىچىڭلار، كىيىڭلار ۋە سەدىقە قىلىڭلار» (ھەدىس). «ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىش كۆرگەن ئادەم كەمبەغەللىشىپ قالمايدۇ» (ھەدىس). يەنە بىر ھەدىستە: «پۇل-مالنى ئىسراپ قىلىشىڭلارنى ئاللاھ يامان كۆرىدۇ» دېيىلگەن، قەۋمىنىڭ چوڭلىرى، كاتتىلىرى مىدىرلىمىسا قەۋمىنىڭ ئىشلىرىدا جانلىنىش بولمايدۇ. ئادەتتە ئاۋام بىلىمدارلار، پۇلدارلار، ئەمەلدارلارغا ئەگىشىدۇ، ئۇلار چېكىدىن ئاشقان قائىدە-يوسۇنلار، بىدئەتلەرنى تۈگىتىشتە ئەمەس، ئەۋج ئالدۇرۇشتا باشلامچىلىق قىلىۋاتسا «ۋادەرىخا» دەپ ساقال سىيپاپ ئولتۇرماقتىن باشقا نېمە ئامال! ئىككى نان تاپساق، بىرىنى داپ چالىمىز. مەنمەنلىك قىلىپ، چاكىنا نام-ئاتاق ئۈچۈن باشقىلار بىلەن پۇل خەجلەشتە بەسلىشىپ، قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانلىرىمىز ئازمۇ؟ ھەدىسلەردە ئۆزىنى چوڭ تۇتقانلارنىڭ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدىغانلىقى، قەلبىدە زەررىچە كىبىرى بار ئادەمنىڭ جەننەتكە كىرمەيدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. ئىسراپخورلۇق قاتتىق چەكلەنگەن. ھەتتا، «قۇرئان كەرىم»دە: «ئىسراپخورلار شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرى» دەپ تەسۋىرلەنگەن. باشقىنى قويۇپ تۇرايلى، ئەقەللىيسى سورۇنلاردا زىيادە ئارتۇق ھازىرلانغان تاماقلارنىڭ قاچا-قاچىلاردا تۆكۈلۈۋاتقانلىقى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ داستىخانغا چۈشۈپ كەتكەن يېمەكلىكنى ئادالىۋېتىپ يەۋېتىشنى، قولىدىكى ئاشنىڭ يۇقىنى يالىۋېتىشنى جىكىلىگەنلىكىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە قانچىلىك ئەمەل قىلىۋاتقانلىقىمىز مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرمامدۇ؟

بىزنىڭ مىللى ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدە، ئەنئەنىۋى قائىدە-يوسۇنلىرىمىزدا قەدىرلەشكە تېگىشلىك قىممەتلىك ئەنئەنىلەر، روشەن خاسلىقلار ساقلىنىپ كەلگەن. ئىسلامىي ئېلېمېنتلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئەنئەنىلەردە ھەدىسلەرنىڭ ئىزناسى ناھايىتى روشەن ئايان بولۇپ تۇرىدۇ، ئىمانى سۇسلۇق ئەخلاقى جەھەتتىكى ياتلىشىش تۈپەيلى سىرتنىڭ بەزى ناچار تەسىرلىرى ئارىمىزدا ئۆزلىشىپ، ئىجتىمائىي ئەخلاقىمىزنى چىرىتىپ، زاۋاللىققا يۈزلىنىشنىڭ كەڭ يولىنى ئېچىپ بەرمەكتە. ئەسلىي ئىمان بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، چىن ئېتىقاد بىلەن پەرۋىش قىلىنىپ، مەۋجۇدىيىتىمىزگە، تەبىئىيىتىمىزگە ئىنتايىن ماس ھالدا تۇرمۇشىمىزنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە، ۋۇجۇدىمىزنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن يارىشىملىق ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىزنى چۆرۈۋېتىپ، يات ئەللەردىن ئىمپورت قىلىنىپ بىزگە سۇنۇلغان بەتتام، تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال تۆملەرگە ئېسىلىۋىلىشىمىز، ئامراقلىق قىلىشىمىز «ئوتتا تۇرماي، پوقتا تۇرغان»دەك ئىش ئەمەسمۇ؟ ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشتا سەلەف- سالىھلارنىڭ ئىزىدا مېڭىپ، پاك روھ يېتىلدۈرمىسەك،

ئەۋلادلارنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن ئەجدادلارنىڭ ئەرۋاھى ئاھ ئۇرامدۇ؟

مۇسۇلمانلار جامائەسىنىڭ رېئال ھاياتىغا قارايدىغان بولساق ئىسلام ئەقىدەلىرىگە، ئىبادەتلىرىگە، ئەھلى ئىسلامنىڭ ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇنلىرىغا دىن نامى بىلەن قوشۇلۇپ قالغان كۆپلىگەن بىدئەت، خۇراپاتلارنى كۆرىمىز، كىشىلەر ئويدۇرۇپ چىقىرىپ شەرىئەتكە تاڭغان بۇ بىدئەتلەر ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھ تائالا: «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېئمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم» (سۈرە مائىدە 3-ئايەت) دەۋاتسا، ئۇلار قانداقتۇر ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدە يېتەرسىز بوشلۇقلار بولۇپ، ئۇنى تولدۇرماقچى بولغانمىدۇ؟ «كىمكى بىرەر بىدئەت ئىشنى پەيدا قىلىدىكەن، بۇ بىدئەتكە ئەگەشكەنلەرنىڭ گۇناھىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەستىن پەيدا قىلغۇچىغا ئوخشاش گۇناھ يۈكلىنىدۇ» (ھەدىس). ئۇلارنى بىدئەتچىلىك يولىدىن: «ھىدايەتنىڭ ئەۋزىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىدايىتىدۇر. ئىشلارنىڭ يامىنى دىندا ئەسلىي يوق بولۇپ كېيىن پەيدا بولغان ئىشلاردۇر. بىدئەتنىڭ ھەممىسى گۇمراھلىقتۇر» دېگەن سۆزىمۇ توسۇپ قالالمىغان. «كىمكى ئىسلامدا بولمىغان ئىشنى پەيدا قىلسا، ئۇ نەرسە قوبۇل قىلىنمايدۇ» دېگەن ھەدىسنىڭ روھى بويىچە چوڭ-كىچىك بىدئەتلەرنىڭ ھەممىسى رەت قىلىنىدۇ. نۇرغۇن ھەدىسلەردە ئاللاھنىڭ كىتابى، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى بويىچە ئىش قىلىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبن ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بىر ئادەم چۈشكۈرۈپ: «الهمد لله والهلاه والسلام بلۆ رسول الله» دېگەندە ئابدۇللاھ ئىبن ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنىڭغا: «رەسۇلۇللاھ بىزگە چۈشكۈرگىنىمىزدە سەن ئېيتقاندەك تەلىم بەرگىنى يوق. بىرگە چۈشكۈرگەندە پەقەت ‹الهمد لله› (ھەمدۇسانا ئاللاھقىلا خاس) دېيىشىمىزنى تەلىم بەرگەن» دېگەن. دېمەك، ئابدۇللاھ ئىبن ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىدئەتنى كۆرۈپ تۇرۇپ سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشنى خوپ كۆرمىگەن. ئابدۇللاھ ئىبن مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «كىشىلەر بىرەر بىدئەتنى پەيدا قىلىدىكەن، ئۇنىڭ بەدىلىگە بىرەر سۈننەتنى يوقاتقان بولىدۇ» دېگەن. رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە يېقىندىن ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ بىدئەت ئىشلارغا يولماسلىقنى تەۋسىيە قىلغان. ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر نۇتقىدا: «مەن رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىمەن. بىدئەتتىن يىراقمەن» دېگەن. ئىبن مەسئۇد، ئىبن ئابباس، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىق ساھابىلەرمۇ سۈننەت بويىچە ئىش قىلىشنى، بىدئەت پەيدا قىلماسلىقنى، بىدئەتكە ئەگەشمەسلىكنى تەكىتلىگەن.

كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە بىدئەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا سەل قارالغانلىقتىن، مەيلى ئەقىدە، مەيلى ئىبادەت، مەيلى ئادەت جەھەتلەردە بولمىسۇن نۇرغۇن بىدئەتلەر مەيدانغا كېلىپ، تارىلىشقا باشلىغان. ئالايلۇق پالچىلىق، رەمچىلىق، قۇرچىلىقلار خېلى باش كۆتۈرۈپ قالغان. «قۇرئان كەرىم»دە،

ھەدىسلەردە غەيبنى بىلىش ئاللاھقىلا خاس بولۇپ، ئۇلارنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمنىڭ بىلمەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى بايانلار كۆپ. «كىمكى بىر كاھىنغا (يەنى رەمچىگە) كېلىپ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئىشەنسە، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ» (ھەدىس). «كىمكى بىر پالچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە ئۇستىدە سوراپ (ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنسە) ئۇنىڭ 40 كۈنلۈك نامىزى قوبۇل بولمايدۇ» (ھەدىس). بىر قىسىم ئالدامچىلارنىڭ پال سېلىش، رەم بېقىش ئارقىلىق غەيبتىن خەۋەر بېرىمەن دەپ جۆيلۈشلىرى قىپقىزىل ئالدامچىلىقتۇر. ھەدىس روھى بويىچە ئېيتقاندا، بەزىلەرنىڭ پالچىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىشى كۇفرىغا ئېلىپ بارىدىغان يامان قىلىقتۇر. كېسەل داۋالاش مەقسىتىدە باخشىلارغا پىر ئوينىتىش، داخانلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ چۈشىنىكسىز بىمەنە نەرسەلەرنى ئوقۇتۇپ رەم سالدۇرۇش، ئەپسۇن ئوقۇتۇش ئىسلام شەرىئىتىدە چەكلەنگەن ھارام ئىشلاردۇر. شۇنداقلا كۆز تېگىش، بالا-قازالاردىن ساقلىنىش مەقسىتىدە تۇمار، كۆزمۇنچاق، ھەرخىل مارجان، تاش، بۆرە ھوشۇقى، بۇركۇت تىرنىقى... قاتارلىقلارنى ئېسىۋېلىشمۇ «كىمكى (پايدا ئېلىپ كېلىدۇ ياكى زىيان-زەخمەتنى دەفئى قىلىدۇ، دەيدىغان ئېتىقاد بىلەن تۇمارغا ئوخشاش) بىرەر نەرسە ئېسىۋالىدىكەن، ئۇنىڭ قەلبى ئاللاھتىن شۇ نەرسىگە بۇرۇلۇپ كېتىدۇ» دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنى بويىچە گۇناھلىق ئىشلاردۇر. سەلەف ئالىملاردىن بەزىلەر: «ئايەتلەر ۋە ئاللاھنىڭ نامى زىكرى يېزىلغان تۇمارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇپ بۇنىڭ كارايىتى يوق» دەپ قارايدۇ، شۇنىڭدەك «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ۋە رەسۇلۇللاھتىن ئوقۇلغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان دۇئالارنى ئوقۇپ دەم سالسا دۇرۇس بولىدۇ. مۇسۇلمان بەندە مۇمكىن قەدەر قەسەم ئىچىشتىن ساقلىنىشى، ھەرقانداق ئىشقا قەسەم ئىچىۋەرمەسلىكى كېرەك. قەسەم ئىچىشكە توغرا كەلگەندە ئاللاھ تائالانىڭ ئىسملىرى ۋە سۈپەتلىرى بىلەن قەسەم ئىچىش كېرەك. ھەدىستە: «كىمكى ئاللاھنىڭ غەيرى بىلەن قەسەم ئىچىدىكەن، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ» دېيىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-بوۋىلارنىڭ، مازارى-ماشايىخلارنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ قەسەم قىلىشقا، نان ھەققى، تۇز ھەققى، نان ئۇرسۇن، تۇز كور قىلسۇن ۋەھاكازا دەپ قەسەم قىلىشقا بولمايدۇ. شۇم پال ئالماسلىق توغرىسىدىكى ھەدىسلەردە «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇم پال ئالمايتتى» دېيىلىدۇ. «ھۇقۇشنىڭ ھۇۋلىشى، سول قاپاقنىڭ تارتىشى شۇملۇقنى چىللايدۇ»، «ئايىغى ياراشمىدى»، «ئارا ئايدا توي قىلسا بولمايدۇ»، «پوكۇنى ئىشنى پوكۇنى ۋاقتىدا قىلسا بولمايدۇ...» قاتارلىق قاراشلارنىڭ ھەممىسى ئاساسسىز، خۇراپىي قاراشلاردۇر. كىشىنىڭ تەقدىرىنى يۇلتۇزلارغا باغلاش، جادۇ-سېھىر قىلىش، ئىسسىتقۇ، سوۋۇتقۇ، ئىسرىق سېلىش، نوكچا قاداش، كۆچ-كۆچ قىلىش، ئاشلاش، ئوت كۆچۈرۈش، مېيىت چىققان ئۆيدە 40 كۈنگىچە چىراغ ئۆچۈرمەسلىكلەر بىدئەت، خۇراپاتلىقنىڭ تىپىك ئىپادىلىرىدۇر. ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى دەپ قاراپ مېيىتنىڭ ئۈچ

نەزىرىسنى، يەتتە نەزىرىسنى، قىرىق نەزىرىسنى، يىل نەزىرىسنى ئۆتكۈزۈشنى، مۇسبەتنىڭ بەلگىسى دەپ قارىلىق تۇتۇش، بەلگە ئاق باغلاش، ئاق سېلىشلارنى ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى دېيىشكە بولمايدۇ. مېيىت ئۈچۈن ئۈن سېلىپ يىغلاش، نوغۇچقا تايىنىپ ھازا قوشاقلىرىنى قوشۇپ يىغلاش، ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ھازا تۇتۇش (پەقەت ئېرى قازا قىلغان ئايال كىشىلا ئېرى ئۈچۈن تۆت ئاي ئون كۈن ھازا تۇتۇشى كېرەك) دۇرۇس بولمايدۇ.

ھەدىسلەردە قەبرە قاتۇرۇش، گۈمبەز ياساش، قەبرىگە گەج ئىشلىتىش، قۇرۇلۇش قىلىش، قەبرە ئۈستىدە ئولتۇرۇش، قەبرە يېنىغا مەسجىد سېلىش قاتارلىق ئىشلار مەنئىي قىلىنغان، ھەنەفى، شافىئى، مالىكى، ھەنبەلى مەزھەپلىرىنىڭ ھەممىسدە قەبرە ياساشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكى بىردەك تەكىتلىنىدۇ، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنىڭ شاگىرتى ئىمام مۇھەممەد رەھىمەھۇللاھ «ئاسار» ناملىق كىتابىدا: «قەبرىگە گەج ئىشلىتىش، قەبرە قاتۇرۇش، قەبرە يېنىغا مەسجىد سېلىشلارنى يامان كۆرىمىز» دېگەن. ئىبن ئابىدىن «دۇررۇلمۇختار» كىتابىنىڭ شەرھىسىدە «قەبرە ياساشنى دۇرۇس دەيدىغان ئادەمنى كۆرمىدىم» دەيدۇ. مېيىتنى دەپنە قىلىپ بولۇپ قەبرە ئۈستىگە زېمىندىن بىرغېرىچچە ئېگىز توپا دۆۋىلەپ قويۇش مانا بۇ سۈننەتتۇر. بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ قاراڭغۇ گوردا ياتقانلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ ئەسلەيدىغان جايى ئىبرەت بولغان قەبرىستانلىق ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان، ياسداق قەبرىلەر ئەقىدە نامراتلىقىنىڭ ئىزناسى، سۈننەتتىن يىراقلاپ بىدئەتكە بېرىلىپ كەتكەنلىكىمىزنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا چوقچىيىپ تۇرماقتا. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەھۇدى، ناسارالارنىڭ دىنى قائىدە-يوسۇنلىرىنى دورىماسلىق، ئۇلارغا تەقلىد قىلماسلىق ھەققىدىكى ھەدىسلىرىنىڭ روھى بويىچە ئېيتقاندا، غەيرى دىندىكىلەرنىڭ قەبرە بېشىغا مېيىتنىڭ سۈرىتىنى تىكلەپ قويۇش، ئاخىرەتنى ئەسلىتىپ، ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان قەبرىستانلىقنى گۈل-گىياھقا پۈركەپ، باغچە تۈسىگە كىرگۈزۈش ئىسلام شەرىئىتىگە يات، يامان ئادەتلەردۇر. باشقىلىرى ئاز كەلگەندەك بىھۇدە ھەشەمەتچىلىك، سۆلەتۋازلىقلىرىمىزنى قەبرىستانلىققا كۆچۈرۈپ بېرىپ دەي-دەيگە سېلىۋاتىمىز، مىسىرلىق ئالىم باقۇرى: «ئىسلام دىنى تىرىكلەر ئارىسىدا باراۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن تۇرسا، ئۆلۈكلەر ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلىشقا قانداقمۇ قاراپ تۇرسۇن» دېگەن. ئىسراپچىلىق ھارام تۇرسا نۇرغۇن ئىقتىسادنى سەرپ قىلىپ مېيىت ئۈچۈن قىلچە پايدىسى يوق بىدئەت ئىش – قەبرە ياساشقا بۇنچە ئەھمىيەت بەرگەندىن كۆرە، شۇ پۇلنى مېيىت روھىغا ئاتاپ سەدىقە، خەير-ئېھسان ئىشلىرىغا ئىشلەتسەك، مېيىت ئۈچۈن ساۋابى بولىدۇ ئەمەسمۇ. ئەھلى ئىسلامنىڭ قەلبى ھەدىس روھى بىلەن سۇغۇرۇلۇپ ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتى سۈننەت مىزانى بىلەن ئۆلچىنىپ قېلىپلاشتۇرۇلغاندا، بىدئەتلەرگە بەرھەم بېرىلىپ، سۈننەتنىڭ راۋاجىغا يول ئېچىلغان بولىدۇ.

ھۆرمەتلىك كىتابخان! يۇقۇرىدا پىقىر ھەدىس گۈلشىنىنى سەير قىلىپ، مۇئەييەن غۇنچىلارنى ئۈزۈشكە تەمشەلدىمكى، سىزلەرگە سۇنغىنىم پەقەت بىر غۇنچە. ھەدىس مەزمۇن دائىرەسىنىڭ كەڭلىكىدە مىسالى دېڭىزدۇركى بۇ پەقەت شۇ دېڭىزدىن بىر تامچە. ھەدىس ھېكمەتلىرىگە چوڭقۇرراق چۆكمەكچى بولسىڭىز، «ياخشىلار باغچىسى»نى مۇتالىئە قىلىپ كۆرۈڭ.

سىزگە تەۋپىق، ھىدايەت يار بولغاي!

**************

مەنبە: «ياخشىلار باغچىسى»

# 7ـ قۇرئان كەرىمنى قانداق ئوقۇشىمىز كېرەك؟

**ئەلى ئىززەتبېگوۋىچ**

«قۇرئان كەرىم»نى نەچچە قېتىم قايتىلاپ ئوقۇغانلىغان ئىدىم، بىراق بۇنىڭدىن بۇرۇن «قۇرئان كەرىمنى ھەقىقىي مەنىدە قانداق ئوقۇيمىز؟» دېگەن سوئال ھەققىدە پەقەتلا ئويلىنىپ باقمىغان ئىدىم. بۇ سوئال ھەققىدە ئويلىنىپ كۆردۈم، نەتىجىدە كاللامدا پەيدا بولغان بەزى چۈشەنچەلەرنى سىلەر بىلەن ئورتاقلىششنى مۇۋاپىق كۆرۈپ ئۇشبۇ ماقالىنى يازدىم.

ھەممىدىن ئاۋال شۇنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەككى، «قۇرئان كەرىم»دىكى ئايەتلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ چۈشىنىشكە قەتئىي بولمايدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلىنىش ئۇسۇلىدىن ئايرىم ھالدا تىلغا ئېلىنغان ھەر قانداق بىر ئايەت بىزگە تولۇق مەنىسى بىلەن ھەقىقەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرمەيدۇ. پەقەتلا ئۇنىڭدىن مەلۇم بىر قىسمىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى ئەگەر «قۇرئان كەرىم» بىر پۈتۈن ھالدا ئىزاھلانسا، ئاندىن تولۇق بىر ھەقىقەتنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. يالغۇز بەزى ئايەتلەرنىڭ ئىزاھلىنىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا، بۇ ئەھۋال ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئايەت بىلەنلا چەكلىنىدۇ. بۇ ئەھۋالنى بىر موزايىكىغا ئوخشىتىپ چۈشەندۈرسەك تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولىدۇ. بىر موزايىكا تەگلىكىدە قىزىل ياكى قارا رەڭلەر پەقەت باشقا رەڭلەر بىلەن بىرلىكتە بولغاندا مەنە ئىپادىلەيدۇ. تەگلىكتە تەۋە رەڭدىن ياكى بىر پارچىسىنى ئالغىنىمىزدا بۇ رەڭ ياكى پارچە تەگلىكنى تەشكىل قىلغان باشقا رەڭ ياكى پارچىلار بولماستىن تەگلىكنىڭ گۈزەللىكىنى تولۇق ھېس قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى مىسالغا قاراپ چىقايلى. «ئەي! ئىمان ئېيتقۇچىلار!، سىلەرگە قىساس پەرز قىلىندى» دېگەن «قۇرئان كەرىم» ئايىتى قىساسنى يوللۇق كۆرىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە بولسا ئەپۇ قىلىشقا چاقىرىلىدۇ. يەنى «كىمكى كەچۈرىۋەتسە، ئۇنىڭ ئەجرى ئاللاھ ھۇزۇرىدا بولىدۇ، ئاللاھ زالىملارنى ياخشى كۆرمەيدۇ» دېگەن ئايەت بار. «ئەي ئىمان ئېيتقۇچىلار! ئاللاھ سىزگە ھالال قىلغان رىزىقلارنى ھارام قىلىۋالماڭلار ۋە ھەددىدىن ئاشقۇچى بولماڭلار». بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللارنى تېخىمۇ كۆپ بېرەلەيمىز. «قۇرئان كەرىم»نى ئوقىغان بىرەرسىگە نىسبەتەن بىر قىسىم ئايەتلەردە زىتلىق باردەك بىلىنىشى مۇمكىن. بىراق بۇنداق بولۇشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. ئەكسىچە، ئەھۋال بۇنىڭ دەل ئەكسىچە بولىدۇ. ئىشنىڭ ھەقىقىتى بولسا «قۇرئان كەرىم» ۋە ئىسلامنىڭ يەككە-يېگانە بولۇشىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك. كۆرۈنۈشتە «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ئوتتۇرىسىدا تولۇق ماسلىشىش بار بولۇپ، دەسلەپتە زىتلىق باردەك كۆرۈنىدۇ.

چۈنكى «قۇرئان كەرىم» بىزنى يالغۇز بىرلا ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىمىزنى تەلەپ قىلمايدۇ. ئەكسىچە، ئىككى ئىشنىڭ تەڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» بىزدىن يالغۇزلا قىساس ئېلىشىمىزنىلا تەلەپ قىلمايدۇ. بەلكى بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە كەچۈرۈم قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ تەتۈرىسىنى ئويلىساقمۇ بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم» بىزدىن يالغۇز ئاخىرەت ئۈچۈنلا ئىشلىشىمىزنى تەلەپ قىلمايدۇ، ئەينى ۋاقىتتا بۇ دۇنيا ئۈچۈنمۇ ئىشلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنى بىرى بولماي تۇرۇپ يەنە بىرىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەق ئۈچۈن بولسىمۇ جازادىن باشقا ھېچقانداق بىر ئىشنى ئويلىمايدىغان بىر مۇسۇلماننىڭ ئىمانى مۇكەممەل بىر ئىمان سەۋىيەسىگە يېتەلمىگىنىگە ئوخشاش، يالغۇز كەچۈرۈم قىلىشنىلا ئويلايدىغان بىر مۇسۇلماننىڭ ئىمانىمۇ مۇكەممەل بىر ئىمان ھېسابلانمايدۇ. ئۇنداقتا كامالەتكە يەتكەن مۇسۇلمان ئىككى ئەمرىنىمۇ بىلگەن ھالدا مۆتىدىل ھەرىكەت قىلىدىغان كىشىدۇر. بىر ئاز بۇرۇن يىغىنچاقلاپ ئۆتۈلگەن يەكۈنلەرنى «قۇرئان كەرىم» بىر پۈتۈن ھالدا ئانالىز قىلىنغاندا ئاندىن تولۇق چۈشۈنۈپ يەتكىلى بولىدۇ. بىر قىسمىلا چىقىش قىلىنسا يۈزەكى چۈشىنىۋېلىش كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئىسلام ۋە ئىسلام رىسالىسىنى تولۇق چۈشىنىش ۋە بۇ مەقسەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن مۇشۇ ئۇسۇلنى ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ مۇۋاپىق، دەپ قارايمەن.

يەنە بىر مۇھىم مەسىلە بولسا، «قۇرئان كەرىم»نى ئىزچىل ئوقۇپ تۇرۇش لازىم. بۇ ئۇسۇلنى، «قۇرئان كەرىم» نۇرىنىڭ پارلاقلىقىنى تونۇپ يېتىشىمىز ئۈچۈن ئەڭ ئىشەنچلىك يول، دەپ قارايمەن. چۈنكى «قۇرئان كەرىم»نى ھەر قېتىم ئوقۇغىنىمىزدا يېڭى-يېڭى نەرسىلەرنى چۈشۈنىۋېلىشىمىزغا پايدىسى بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم»گە ھازىرغىچە ھېچقانداق بىر ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلمەستىن شۇ پېتى ساقلىنىپ كەلگەن. بىراق ئۆزگەرگەن بىرلا نەرسە بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ بىز. ئەتراپىمىزدىكى نەرسىلەر، شەرت-شارائىتلار ئۆزگەردى، قىسقىسى دۇنيا ئۆزگەردى. بۇ ئۆزگىرىشلەر بولسا بىزنى يېڭى، ئەمما مۇرەككەپ ۋە چىگىش مەسىلەلەر بىلەنلا بەند قىلىپ قويۇش بىلەن بىرگە، بۇنىڭدىن بۇرۇن ئوقۇغان «قۇرئان كەرىم»دىن پۈتۈنلەي غەپلەتتە قېلىشىمىزنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەمما بىردىنلا قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئايەتلەرنىڭ سادالىرىنى ھېس قىلغىنىمىزدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقىقىي مەنىسىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز قالغانلىقىمىزنى تونۇپ يەتتۇق. ھەر كىمنىڭ بۇ ھەقتە ئويلىنىپ بېقىشىنى ۋە ئۆزى ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. مەن بۇ ماقالەمدە بەزى شەخسىي تەجرىبىلىرىمدىن مىسال بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

بۇنىڭدىن ئىنتايىن ئۇزۇن يىللار بۇرۇن، يەنى ياش چاغلىرىمدا «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇش ئەسناسىدا جىھاد، ئادالەت ۋە ئەمەل ھەققىدىكى ئايەتلەر ئۈستىدە كۆپرەك ئويلىناتتىم. بۇنىڭغا ئۆز ۋاقتىدىكى خاتىرە دەپتىرىم ئىسپات بولالايدۇ. ئاللاھ باشقا نۇرغۇنلىغان دەپتەرلىرىم ئىچىدىن پەقەت

مۇشۇنىلا ماڭا ھېچقانداق زىيان-زەخمەت يەتمەستىن يەتكۈزۈپ بەردى. بۇ دەپتەر «قۇرئان كەرىم»دىن ئېلىنغان بۇ ئايەتلەر ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەر بىلەن تولغان ئىدى. بۇ ئايەتلەرنىڭ بىرىدە دۈشمەنلەرنىڭ ۋە ئىستىبداتنىڭ رەت قىلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇسۇلمانلارنىڭ شەخسىيتى ھەققىدە توختىلىدۇ. «زۇلۇمغا ۋە ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندا ئۆزلىرىنى قوغدايدۇ»(شۇرا، 39). مەن نۆۋەتتى كەلسىلا بۇ ماقالىمدە تەكىتلىگەن ئايەتلەر ھەققىدە ئويلىنىۋاتقاندا، بىر ئاللاھ ھەققىدە توختالغان ۋە دۇنيا ھاياتىنىڭ ئۆتكۈنچى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئايەتلەر ئالاھىدە دىققىتىمنى قوزغىدى. ئاللاھتائالادىن باشقا ھەر نەرسىنىڭ يوق بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر مېنىڭ شەخسىيتىمنى تەسىرى ئاستىغا ئالغانلىقىنى ۋە تەسرىنىڭ ھازىرغىچە مەندە بارلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمەن. چۈنكى ئاللاھ ۋەدە قىلغان ھەقىقەت زىتلىق تاپقىلى بولمايدىغان بىر ھەقىقەت ھېسابلىناتتى. «ھەر نەرسە پانىيدۇر، لېكىن كەرەم ۋە ياخشىلىق ئىگىسى رەببىڭ باقىيدۇر» . يەنى ئاللاھتائالا ئۆز ئالدىغا پۈتۈن شەيئىلەردىن بۇرۇن ۋە ئۆلاردىن كېيىنمۇ مەڭگۈلۈك ئىدى. بۇ دەل ئۆز ئالدىغا ئۆزگەرمەس بىر ھەقىقەت ھېسابلىناتتى. ئانام قازا قىلغاندا ئىنتايىن قايغۇرغان ئىدىم. فەجر سۈرىسىدىكى (27-30) «ئەي ئارام تاپقۇچى جان! سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن. سەن مېنىڭ «ياخشى بەندىلىرىم» قاتارىغا قوشۇلغىن. مېنىڭ جەننىتىمگە كىرگىن» دىگەن ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى بۇرۇن ھازىرقىدەك ھېس قىلىپ باقمىغان ئىكەنمەن. بۇ ئايەتلەر ماڭا بەكلا تەسىر قىلغان ۋە ئۆز-ئۆزۈمدىن مۇنۇ سوئاللارنى سورىغان ئىدىم: «كىممۇ بىرەرسىنىڭ ئانىسى قازا قىلغاندا، ئۇنىڭغا ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن بۇنىڭدىن تېخىمۇ گۈزەل بىر سۆز ئېيتالىسۇن؟». ئۇنداقتا «قۇرئان كەرىم» بىر تەرەپتىن شەرىئەت، يەنە بىر تەرەپتىن جىھادنى ئۆلۈغلايدىغان، يەنە بىر تەرەپتىن بولسا زامانىنىڭ دائىرىسىدىن چىقىش يولى تاپالمايۋاتقانلارغا تەسەللىي مەنبەسى ئىدى. بۇنىڭغا بىنائەن شەخسىي ھاللىرىمىزغا كۆرە دىققىتىمىزنى بىر نەرسە تارتقان بولسا يەنە بىرخىل ئەھۋالدا دىققىتىمىزنى باشقا بىر نەرسە تارتىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋالنىڭ «قۇرئان كەرىم»دىكى ئىپادىلىرى ئىنسانىنىڭ ئالاھىدە ئەھۋاللىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغىنىغا ئوخشاش، ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي شارائىتلارغىمۇ مۇناسىۋەتلىك. ئۇنداقتا جەمئىيەت ياكى تارىخقا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللار، ئېتنىك ئوخشىماسلىقلارنىڭ جەمئىيەتنى پارچىلىشى، كۆز قارىشىمىزنى ئاياللارنىڭ ھوقۇقتا باراۋەرلىكى، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى قاتارلىق مەسىلىلەردە توختالغان ئايەتلەر ئۈستىدە كۆپرەك باش قاتتۇرۇشىمىزغا بۇرايدۇ. مەسىلەن، دىنى قانۇن دەپسەندە قىلىنغان ياكى قايسى خىل شەكىلدە بولۇشتىن قەتئىينەزەر بۇ مەسىلىدىكى ئىتخىلاپلار ۋە ئوخشىماسلىقلار ئەۋج ئالغان بىر جەمئىيەتتە ئۈچ سۆزدىن تەشكىل تاپقان مۇنۇ ئايەت كۆڭتەرتىپكە كېلىدۇ، «دىندا مەجبۇرلاش يوق».

بىز مۇسۇلمانلار ئايەتلەرگە ئوخشاش قارايمىز. بىراق غەيرى مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»دىكى يۇقىرىقى قىسقا ئايەتنىڭ، دىنى كەڭچىلىك نۇقتىسىدىن ئەڭ چوڭقۇر مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى تەكىتلىشىدۇ. بۇ ھەقتە ئوبدان ئويلانساق بولىدۇ. بىراق مەزكۇر مەسىلە قىسقىغىنە بولغان ماقالەمنىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىدۇ.

شۇبھىسىزكى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئوقۇلۇشى ۋە ئاڭلىنىشى ھەققىدە نېمىنى كۆزدە تۇتقانلىقىم ئۈستىدە توختىلىشىمىز لازىم. بەزى ئىنسانلار مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى چۈشىنەلمىگەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇنى پايدىسى ئىنتايىن ئاز ئىشتەك ئويلىشۋالىدۇ. مەن بۇ قاراشقا قوشۇلمايمەن ۋە ھاياتىمدا پەقەتلا ئېسىمدىن چىقمايدىغان بىر ۋەقەنى بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتمەكچىمەن. بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل بۇرۇن بىر خەلقئارالىق ئىسلام يىغىنىغا ئىشتىراك قىلغان ئىدىم. يىغىن ياۋروپانىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرىدە چاقىرىلغان ئىدى. يىغىنغا كۆپ ساندىكى ئۆلىما ۋە ئالىملار ئىسلام چۈشەنچىسىنىڭ يېڭىلىنىش مەسىلىسى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ۋە تەتقىقاتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن قاتناشقان ئىدى. ھەر كۈنى يىغىننىڭ باشلىنىشىدا ۋە ئاخىرىدا دۇنيادا تونۇلغان قارىلار تەرىپىدىن قۇرئان خەتمە قىلىنىۋاتاتتى. ئۆلىما ۋە ئالىملار ماقالە ئوقۇۋاتقاندا بەزى يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ بىر-بىرىگە پىچىرلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالاتتۇق. بىراق «قۇرئان كەرىم»دىن ئايەتلەر ئوقۇلۇشقا باشلانغاندا زالدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلايتى. يىغىن ئىشتىراكچىلىرى پۈتۈن زېھنى بىلەن «قۇرئان كەرىم» تىلاۋىتىنى ئاڭلايتتى. قارىنىڭ ئېغىزىدىن «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىغاندىكى ئەھۋال بىر دەريانىڭ جىمجىت ۋە ئاستا ئېقىشىغا ئوخشايتتى. ئارقىدىن ئىنسانىنى تېخىمۇ ئۇزاقلارغا باشلىغان بىر شارقىراتمىنىڭ بېشىغا ئېلىپ كېتەتتى. قارى تىلاۋەت قىلىۋاتقان «راھمان سۈرەسى»دىكى «رەببىڭنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟» ئايىتى يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنى گويا بىپايان ئوكيانلارغا باشلاپ كەتتى. مەن بۇ گۈزەل مىنۇتلاردا شۇنى ھېس قىلدىمكى، تىلاۋەت قىلىنىۋاتقان ئايەتلەرنى تولۇق چۈشەنگەن ئىدىم. ئۆزەمنى مۇھاكىمە يىغىنى جەريانىدا يىغىن ئىشتىراكچىلىرىغا شۇنچىلىك يېقىن ھېس قىلدىم. باشقىلارنىڭ يۈزىدىمۇ شۇ ئىپادىنى كۆرگىلى بولاتتى. يەنى «قارىمامسىز؟ ھەممىمىز ئىسلامدا قېرىنداشقۇ؟».

بۇ ئىشتىن كېيىن «قۇرئان كەرىم»نى چۈشۈنۈپ ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى ھېس قىلدىم. پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبلىرى «قۇرئان كەرىم»نى مۇشۇ شەكىلدە ياكى باشقا بىر شەكىلدە چۈشىنەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە «قۇرئان كەرىم»نى چۈشىنىپ ئوقۇشمۇ ۋاجىپتۇر.

*****************

مەنبە: ئۇيغۇرئونلايىن.نت،

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: قۇتلۇق بىلگە

ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 03 June 2011

# 8-ماتتەي ۋە ئانارخان پاجىئەسى

## ئىمىر ھۆسيىن قازىباجىم

### كىرىش سۆزى

مىلادىيە 1911 - يىلى شۇن جۇڭشەن جانابلىرى رەھبەرلىكىدىكى شىنخەي ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن مەملىكىتىمىزدە پادىشاھلىق تۈزۈمى ئاخىرلىشىپ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئەينى چاغدا شىنجاڭنىڭ ئۆلكە باشلىقى بولغان يۈەن داخۇا 1912 - يىل 6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ، ئورنىنى ياڭ زېڭشىنغا بوشاتتى. ئۇ ، 1914 - يىلى مافۇشىڭنى قەشقەرگە تىتەي قىلىپ بەلگىلىدى. مافۇشىڭنىڭ قەشقەرگە تىتەي قىلىپ تەيىنلىنىشىدىكى سەۋەبلەر بىر قانچە تۈرلۈك بولۇپ ، ئاساسلىقى شۇكى ، ئۇ ياڭ زېڭشىن بىلەن يۇرتداش ، ئۇنىڭدىن قالسا ، ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭنىڭ باش ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدار بولۇشىغا مافۇشىڭ ئۈچ ۈرۈمچىدە تۇرۇپ تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ ، جامائەت پىكرى تەييارلاپ ئاكتىپ خىزمەت قىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ياڭ زېڭشىننىڭ قارىشىچە ، ما فۇشىڭ ۋەزىيەتكە قىزىقمايدىغان سىياسىي كور، كونىلىقتا مەھكەم ئېسىلىۋالىدىغان قالاق، بىلىمسىز ۋە نادان خاراكتېرلىك شەخسىيەتچى ئادەم ئىدى.

ئاڭلىشىمچە ، مافۇشىڭ يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ خۇاپىڭ ناھىيىسىدىن بولۇپ ، 1866 - يىلى خۇيزۇ دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ، بالا ۋاقتىدا چامباشچىلىق ماھارىتى ئۆگىنىپ، يۈننەندە تۆۋەن دەرىجىلىك ھەربىي ئوفىتسېر بولغان، كېيىن خېنەن ئۆلكىسىنىڭ مەسلىھەتچى سانغۇنلىقىغا تەيىنلەنگەن ۋە گۇناھ ئۆتكۈزۈپ شىنجاڭغا پالانغان . ما فۇشىڭنىڭ 1914 - يىلىدىن 1924 - يىلىغىچە بولغان 10 يىل جەريانىدا ، قەشقەردىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىغە سالغان زۇلۇملىرى توغرىسىدا ئۆز دەۋرىدىكى قەشقەر خەلقىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تارىخىي خاتىرىلەر قالغان. كىشىلەر ئۇنى 《يۈننەن ما تىتەي》 دەپ ئاتاشقان.

مەن بۇ ئەسەرگە كىرگۈزگەن تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ، بىر قىسمىنى ئاشۇ تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ۋە شېڭ شىسەي دەۋرىدە قەشقەر يېڭىشەھەر

ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى بولغان، يېڭىشەھەر قىچچىلىق مۇھەممەتبەگ دېگەن كىشى تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەن. ما تىتەي ئوردىسىنىڭ ئىچكى ئەھۋالى بىلەن ئانارقىزنىڭ پاجىئەسىنى ئۆز ۋاقتىدا ما تىتەي ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان ، ھازىر قەشقەر شەھىرى ئەبرىشىمكا كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق كىيىم تىككۈچى كېرەم مەككە دېگەن كاسىپنىڭ سۆزلىسىدىن سۈرۈشتۈرۈپ ، تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرغان ئىدىم، بۇ ۋاقىت 1929 ـ 1931 ـ يىللار ئىدى. بۇ ئەسەردە بايان قىلىنغان تارىخىي ۋەقە ۋە كەمىنە مۇئەللىپ تۈزۈپ ، كىرگۈزۈلگەن نەزمىلەر ەد يېتەرسىزلىك ھېس قىلىنغان مەزمۇنلار بولسا، جامائەتنىڭ ئەپۇ نەزىرىدە تولۇقلاپ كېتىشىنى سورايمەن.

## بىرىنچى باب ما فۇشىڭنىڭ قەشقەرگە تىتەي بولۇپ تەيىنلەنگەنلىكى ۋە مەنسەپكە ئولتۇلغانلىقىنىڭ بايانى

ميلادىيە 1914 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئۆلكە باشلىقى ياڭ زېڭشىن ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتقان خۇيزۇ باتالىيون باشلىقى ما فۇشىڭ ئىسىملىك كىسىنى چاقىرتىپ ، ئۇنى قەشقەر ۋىلايىتىگە تىتەي قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى ئۇقتۇرغان. ئاندىن ما فۇشىڭدىن كۆتىدىغان ئۈمىدى، ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشتىكى بىر قاتار سىياسىي قاراشلىرىنى بايان قىلىپ ، مۇشۇ بويىچە ئىش كۆرۈشىنى قاتتىق جېكىلەپ، ئۇنى قەشقەرگە يولغا سالغان.
مافۇشىڭ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، چېڭسەن دارىن دېگەن كىشىدىن تىتەيلىك تامغىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، رەسمىي تىتەيلىك مەنسىپى بىلەن يېڭىشەھەردىكى ئوردىدا ئولتۇردى. ئۇ ئۆزىگە قاراشلىق ھەربىي قىسمىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بارلىق سىياسىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى ، قەشقەردە تۇرۇشلۇق چاررۇسىيە ، ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ خادىملىرىنى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى چاقىرىپ، كاتتا زىياپەت قىلىپ كۈتۈۋالدى. ئۇ ، زىياپەتتە سۆز قىلىپ ، ئۆزىنىڭ ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن قەشقەرگە 《تىتەي 》 لىككە بەلگىلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلدى، ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشتىكى سىياسىي كۆزقاراشلىرىنى بايان قىلىپ ، بۇرۇنقىلار ماڭغان يولدا ماڭىدىغانلىقى ، ياڭ زېڭشىننىڭ سىياسىتىنى ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىجرا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە كۆپ توختىلىپ ئۆتتى. ئاردىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ماتىتەي قەشقەر شەھرىدىن نوپۇزلۇق ئاخۇن، ئىشان، باي، سودىگەر،

سودىگەرلەر ئۈيۈشمىسى باشلىقلىرىنى يېڭىشەھەردىكى ئوردىسىغا چايغا چاقىردى ۋە كاتتا زىياپەت بەردى. ما تىتەي خۇيزۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە بېشىغا ئاق داكا سەللەپ يۆگەپ ، ئۈچىسىغا قەدىمكى ئۇزۇن چاپوزە كەڭرى چاپان، پۇتىغا مەسە ـ كالاچ كىيىپ، يەنە سەككىز نەپەر مۇھاپىزەتچىگە سەللە ئوراتقۇزۇپ ۋە ئۇلارنى قوراللاندۇرۇپ ، زىياپەتتىكى كىشلەر ئالدىغا 《ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم》 دەپ كىرىپ كەلدى. ئۇ، قەشقەر شەھىرىدىن چىققان ئاخۇنلار بىلەن قول بېرىپ كۆرۈشتى، ئارقىدىن باي ، سودىگەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ چىقىپ، كۆپچىلىككە قاراپ: 《ئارىڭىزلاردا قارىي بولسا قۇرئان تىلاۋەت قىلسۇن》 دېدى. ئاپپاق خوجا جامەسىنىڭ قارىيىسى مىرزا قارىي يۇقىرى ئاۋاز بىلەن قىرائەت قىلغاندىن كېيىن ، ما تىتەي ئورنىدىن تۇرۇپ ئاخۇنلاردىن دۇئا ئالدى.

-ـ-ھەربىرلىرىگە ئۆلكە باشلىقى ياڭ دارىن جياڭجۈن جانابلىرىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈش بىلەن ھەربىرلىرىنىڭ سالامەتلىكىنى سوراپ ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي، ـدېدى ما تىتەي مېھمانلارغا قاراپ، ـ مېنىڭ ئىسمىم يۈنئەن ما فۇشىڭ ، ئەرەبچە ئېيتقاندا مۇھەممەد يۇنۇس ، مىللىتىم خۇيزۇ ، ئىسلام دىنىدىكى ھەنەپىل مەزھىبىدە ، چوڭ مەسچىت خۇيزۇ ئېتىقادچىلىرىدىن بولىمەن . ئۇلۇغ ئىلتىپاتلىق ياڭ جياڭجۈن دارىن جانابلىرى مېنى ھەربىر پۇقرا ـ خەلقىنىڭ تىنچلىق ئىچىدە تۇرمۇشلىرىنىڭ پاراغەتتە ئۆتۈشى ئۈچۈن خىزمەتكە ئەۋەتتى.

ماتىتەي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

-ـ-قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قايسى رايوندىكى دوتەي ، شەنگەنلەر مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلمايدىغان بولسا، ئېغىر ئالۋان ـ ياساق سالسا ، ساڭلاردىكى ئاشلىقلارغا خىيانەت قىلدىغان بولسا ، سىلەر ئۆز ۋاقتىدا كېلىپ ماڭا ئەھۋالنى ئېيتىپ قويۇڭلار . ھەممە ئىشنى ئادالەت بىلەن سورايمەن. قىمارۋازلىق، پاھىشۋازلىق، پارىخورلۇق، مۇشتۇمزورلۇق ئىشلارغا يول قويمايمەن؛ ئەپيۇن ، نەشە چەككۈچىلەرنى قاتتىق جازالايمەن.

زىياپەت زالىدا ئولتۇرغانلار بىردەك : 《ئۇلۇغ ئىلتىپاتلىق جياڭجۈن دارىنىنىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولسۇن، دۆلەت ـ ھۆرمىتى زىيادە بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭمۇ ئۆمرى ئۇزاق ، ئىقباللىرى يۇقىرى بولسۇن》 دەپ توۋلىشىپ ، مۇبارەكلەش تەنتەنىسى باشلىنىپ كەتتى.

ما تىتەي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە شۇنداق دېدى:

-ـ-مەن ئۈچ خىل ئىشنى قىلماقچىمەن. بىرىنچى ،مەسچىت ياسايمەن، ئىككىنچى، كۆۋرۈك سالىمەن، ئۈچىنچى ، چۆل ـ باياۋان ، بىنەم يەرلەرگە دەرەخ تىكىپ ، پۇقرالارغا ئاسان بولۇش ئۈچۈن تۆگمەن ـ سوقىلارنى قۇرۇپ چىقىمەن.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان يۇقىرى ئەمەللىك ئالۋان ـ ياساق چاپقۇچىلارنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ : 《 بىزلەر ھەممىمىز ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئۇلۇغ دانا ھەرىكەتلىرىگە پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ياردەمدە بولىمىز》

دەپ ۋەدە قىلىشتى.

سۆز تۈگىگەندىن كېيىن كەگرى داستىخان سېلىنىپ، قۇيماق بىلەن چاي قويۇلۇپ، ھەر خىل يېمەكلىك بىلەن زىياپەت بېرىلدى .زىياپەت ئاخىرىدا ئاخۇنۇملارغا بىر قىشتىن قارىچاي، بايلارغا بىر كىيىملىكتىن ماسكا تاۋار رەخت قويۇلدى.

زىياپەت ئاخىرلاشقاندا ، ما تىتەي : 《مەن بۇ ھەپتە ئاپپاق خوجا مازىرى بىلەن ھېيتگاھ جامەسىنى كۆرۈپ چىقمەن》 دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان قەشقەردىكى كاتتا باي -- ئۆمەرباي دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇپ : 《مېنىڭ ئۆيۈم ئاپپاق خوجامغا بارىدىغان يول ئۈستىدە . شۇڭا، جانابلىرىغا مالال كەلمىسە ، ئۆيۈمگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ ئۆتسىلە ، كۆپ خۇرسەن بولار ئىدىم》 دەپ ماتىتەينى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن زىياپەت ئاخىرلىشىپ مېھمانلار ئۆزاپ چىقتى.

مېھمانلار يېڭىشەھەردىن يانغۇچە ئۆزئارا : 《 ماتىتەي ناھايىتى ياخشى مەنسەپدار ئىكەن. قەشقەر ۋىلايىتىگە مۇشۇنداق ئەمەلدارنىڭ كېلىشى ناھايىتى ياخشى ئىش بولدى 》 دېيىشىپ ، خۇشال ھالدا قەشقەر شەھىرىگە قايتىپ كىرىشتى.

يېڭىشەھەر تىتەي ئوردىسىدىكى زىياپەتتىن قايتقان قەشقەر شەھىرىدىكى يۇقىرى قاتلام ھەر ساھە كىشىلىرى ما تىتەينىڭ قەشقەر شەھىرىگە كىرىشىنى كۈتۈپ تۇرىدىغان بولدى. ئارىدا بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ما تىتەينىڭ ئاپپاق خوجا مازىرىغا كېلىش خەۋىرى ئاڭلاندى. بارلىق باي، سودىگەرلەر ، ئاخۇنلار ئۆمەربايىنىڭ چايخانىسىغا يىغىلىپ مەسلىھەتلىشىپ ، ماتىتەينى قارشى ئېلىش ئۈچۈن، قىزىل دەرياسىنىڭ بويىدىكى 《سەككىز تاش》 دېگەن يەرگە كېلىپ ، ماتىتەينىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. بىر ھازادىن كېيىن، ما تىتەي نۇرغۇن ھەربىي قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ھىمايىسىدە كاناي چېلىپ ، جاراڭ ـ جۇرۇڭ ئاۋاز بىلەن سېرىق ماكازا تاۋار چاپان كىيگەن ھالدا تەيفۇنجا(بىخەتەر قومۇش مەپە) مەپىدە ئولتۇرۇپ يېتىپ كەلدى .باي ، ئاخۇنلار ماتىتەينىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام قىلىپ ، ھۆرمەت بىلدۈرگەن ھالدا ، بىرلىكتە قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ ، ھېيتگاھ جامەسى ئالدىدا توختىدى.

ما تىتەي باشلىق بارلىق كىشىلەر ھېيتگاھ جامەسىگە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ بولغاندا ، ما تىتەي ئۆمەربايدىن : 《 بۇ جامەنى كىم ياسىغان؟》 دەپ سورىدى. ئۆمەرباي ھېيتگاھ جامەسىنىڭ بىر قانچە قېتىملىق ياسىلىش تارىخىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ما تىتەي》 : بۇ جامەنىڭ ياسىلىشىدىن ناھايىتى خۇشال بولدۇم. مەن يېڭىشەھەردىمۇ چوڭ جامەدىن بىرنى ياستىمەن》 دېگەندە ، ئەتراپىدا تۇرغان باي ـ ئاخۇنلار ما تىتەينىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ ، 《بىزمۇ ياردەم قىلىمىز》 دەپ ۋەدە بېرىشكەن بولدى.

ما تىتەي ھېيتگاھ جامەسىدىن يېنىپ ئاپپاق خوجا مازىرىغا راۋان بولدى. ئاپپاق خوجا مازىرىغا

بارغاندا ، مازار قارىغۇچىسغا ئىشكنى ئاچقۇزۇپ ، مازار ئىچىدىكى قەبرىلەرنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، مازار شەيخلىرى بىلەن مازاردىكى تىلەمچىلگەرگە 50 سەر داچەننى ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ قايتتى.

ماتتەي ئاپپاق خوجا مازىرىدىن قايتىپ، يول ئۈستىدە ئۆمەر باينىڭ نەزەرباغىدىكى تۆمەن دەريا بويىغا سېلىنغان باغ هويلىسغا كېلىپ چۈشتى .ما تتەي ئۆمەربايىنىڭ باغ هويلا گۈلزارلىقىنى ئايلىنىپ چىقتى. ئۆمەرباي باشلىق قەشقەر شەهرىدىكى بارلىق بايلار، ئاخۇنلار ما تتەيىنىڭ شەنىگە كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇردى. ما تتەي كېتەر ۋاقتىدا ئۆمەرباي 15 پارچە چوڭ قىزىل گۈللۈك خوتەن گىلىمى ، 100 جۇپ بېيجىڭ خەيۋەن چىنىسى قاتارلىق ئېسىل بۇيۇملارنى ماتتەيگە سوۋغا قىلدى.

## ئىككىنچى باب ماتتەينىڭ ئوردا ـ راۋاق سالدۇرغانلىقى ۋە سوخو قەلئەسىنى بىنا قىلدۇرغانلىقىنىڭ بايانى

ماتتەي بارلىق مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ هوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ ، بۇ ئورۇنلارغا ئۆزىگە سادىق، ئىشەنچلىك ئادەملەرنى بەلگىلەپ، بۇرۇنقى ئەمەلدارلارنى ئورنىدىن ئېلىپ تاشلىدى. قەشقەر ۋىلايىتىدىكى هەربىر ئورۇنغا يېڭىدىن ئەمەلدار تەيىنلىدى. بۇلار بەگ، يۈز بېشى ، پاششاپ، چەكادە (ئامانلىق ـ تازىلىق خادىمى) قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. مەسىلەن، شاپى موللا، فەن لۇڭگەن ، لۇ شجاڭ ، نۇجيا ، ما پىلاڭ، هاۋاخان بەگ ... قاتارلىقلار .ئۇلار ئالدى بىلەن يېڭىشەهەر ئەتراپىدىك خۇيزۇ دېهقانلارنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى》 دارىنغا لازىم》 دەپ تارتىپ ئالدى. بۇندىن باشقا ، دېهقان ـ چارۋىچىلارغا ئالۋان ـ ياساق قويىدى، بېرەلمىگەنلەرنى ئۇرۇپ قامىدى. ئېغىر ئالۋان ـ ياساق دەستىدىن نۇرغۇنلىغان كەمبەغەللەر ئۆي ـ ماكانىنى تاشلاپ، ياقا يۇرتلارغا قېچىپ كەتتى. بەزى قېرى، مېيىپ كىشىلەرنىڭ ئالۋان ـ سېلىقتا بەرگۈدەك هېچ نەرسىسى قالمىغاچقا ، نارەسىدە قىز ـ ئوغۇللىرىنى هىندىستانلىق جازانىخورلارغا سېتىپ، ئالۋان ـ سېلىقنى تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. بۇ كىشىلەرنىڭ بالىلىرىنى سېتىۋالغانلاردىن قەشقەر كونىشەهەر بورا خىلتاي(هازىرقى بۇلاقسۇ يېزىسى) رايونىدا بىر قانچە هىندى خازانىخور بولۇپ، بۇلار سوپى باي هىندى، باي موللا هىندى، پارس باي، چەندان باي ، جەندىرالى باي هىندى دېگەنلەردىن ئىبارەت. 70 ياشقا كىرگەن باي موللا هىندى بورا خىلتاي رايونىنىڭ چارەك كەنتىدىكى كەمبەغەل دېهقان سالماق دېگەن كىشىنىڭ سۇلتانخان ئىسىملىك 12 ياشلىق قىزىنى 25 سەر كۈمۈش تەڭگىگە سېتىۋالغان بولۇپ، بۇ نارىسىدە قىزنى ئۆزىگە

خوتۇن قىلىپ بىر قانچە پەرزەنت كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن .سۇلتانخاندىن تۇغۇلغان دەۋلان، مۇتىرام ئىسىملىك باللىرىنى ئېلىپ ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەن . ئاشۇ ھىندىلار ئېلىپ كەتكەن باللارنىڭ ئەۋلادلىرى ھازىرمۇ بار.

ماتتەيىنىڭ ئەمەلدارلىرى خەلققە سالغان ئالۋان - ياساق ھېسابىغا بېيىپ كەتتى. ما تىتەي قول ئاستىدىكى ھەربىر چېرىك باشلىقى بەش - ئالتىدىن قىز - ئاياللارنى نىكاھىغا كىرگۈزۈپ خوتۇن قىلىش بىلەن ئۇلارنى خارلاپ، قىمار، نەشە، ئەپيۇن چېكىشتەك يامان ئادەتلەرگە ئۆگەتتى، كېچىلىرى پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىگە ئوغرىلىققا چۈشۈشكە مەجبۇرلىدى. مەسىلەن ، ماتتەيىنىڭ چېرىكلىرىدىن 50 چېرىكنىڭ باشلىقى بولۇۋالغان نامەت شىجاڭ سەككىز ئايالنى يۇقىرىقىدەك ناشايان ئىشلارغا سالغان . ئۇنىڭ روزىۋانەك ، ھەمرا بارماق دېگەن خوتۇنلىرى بىرقانچە ئوغرىلار بىلەن بىرلىشىپ ئەسكى ئىشلارنى قىلغان. ما تىتەينىڭ قول ئاستىدىكى بارلىق چېرىك ۋە كوۋەندەيلەر ( نازارەتچى ) پۇقرالارنى ئۆزى خالىغانچە ئۇرۇپ - سوقۇپ، قىمارۋازلىق، پاھىشىۋازلىق، ئەپيۇنكەشلىك ، پارىخورلۇق، ئوغرىلىق قاتارلىق ناشايان ئىشلار ئەۋجىگە چىققان. ئۆز ۋاقتىدا بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىچە نەزم توقۇلغان :

چېرىك يېتىلەپ يۈرگەن بەش - ئالتىدىن ياڭگاڭزە (خوتۇن(،
نان دېسە سۇرۇپ قوغلاپ ئۆلگۈچە ئۇرۇپ گاڭزە (جازا قورالى(،
سوغۇقتا توڭۇپ ئۆلگەن جوگان بالا باڭگازە(پەتەك ، كىچىك ئايال(،
سوپاڭدا ئىچىپ ياتقان كۇبرۇسى بىلەن لاڭگازە (ھاراقنى توڭى بىلەن كۆتۈرۈپ ئىچىپ، يۆلىنىپ ئولتۇرۇش(،
ھەر كۇندە چېكەر ئەپيۇن خوتۇنى بىلەن بەش باڭزە(چېكىشكە تەيارلىغان بەش پىلتە ئەپيۇن.(

بۇ خىلدىكى ھايات ئەندىزىسىدىن خاتىرجەم بولغان ماتتەي ئۇرۇمدىكى ئوغلى ما جىۋونى قەشقەرگە يۆتكەپ كىلىپ، 1918 – 1919 - يىللىرى ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىچكى تىنچلىق ساقلاش ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارلىقىغا نىتەي(بىرگادا قوماندانى دەرىجىلىك ئەمەل) قىلىپ بەلگىلىدى . ما تىتەي يەنە ئۆز قىزى داشۇجيانى يۇقىرى مەمۇرىي مەنسەپكە بەلگىلىدى.

ما تىتەي ھېچقانداق ئەمەلدارغا ئەمەلىي ھوقۇق بەرمەي، ۋىلايەت، ناھىيە ۋە يەرلىك مەئەلدارلارنىڭ ھوقۇقىنىمۇ ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈرۈۋالدى .ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىر قەدەر ياخشى بولغان دېھقان، تىجارەتچى، چارۋىچى ، ئاخۇنۇم ۋە ئىشانلارغا 100 – 200 يامبۇ (50 سەر كۈمۈشكە تەڭ) غىچە پۇلنى مەجبۇرىي بېرىشنى بۇيرۇپ، بۇ پۇللارنى يىغىۋالدى. پۇل بېرەلمىگەن ياكى ئارقىغا

سوزغان كىشلەرنى قامىدى. مەسىلەن، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى بارىن يېزىسىنىڭ موللىسى ئەمەت ئاخۇن خەلپىتىمنى قاماپ، 100 يامبۇ، 5000 سەر كۈمۈش تەڭگە ئالغاندىن تاشقىرى، ماتتەيىنىڭ قىزى داشۈجيا 1000 سەر كۈمۈش ، 20 يامبۇ ئېلىپ ، ئاندىن قاماقتىن چىقاردى. بۇ خىلدىكى ئەھۋاللار كۆپ بولغان ئىدى.

بۇ ئىشلاردىن سىرت، ماتتەي ئۆزىگە تەۋە ناھايىتى كاتتا، ھەشەمەتلىك ئوردا ـ سارايى سالدۇرۇشقا پەرمان ئېلان قىلغان. ئۇ ، يېڭىشەھەرگە ئوردا ـ سارايى سالدۇرۇش ئۈچۈن، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى بارلىق ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنى يىغىپ، ئوردىغا كېرەكلىك ياغاچ ـ تاشلارنى خەلققە سېلىق قىلىپ چېچىپ، ئوردا سېلىشقا كىرىشكەن. ئوردا غايەت زور ۋە كاتتا بولۇپ، ئوردا ئىچىگە راۋاق ياستىپ چىققان. بۇ ئوردىغا تىتەي يامۇلىدىن كەلگۈچە 1500 مېتىر ئارىلىققا كۆۋرۈكلۈك يول ياساپ شەھەر ئۈستىدىن ئۆتكۈزگەن. بۇ ئاسمان كۆۋرۈككە غايەت زور تۈۋرۈكلەرنى ئىشلەتكەن. كۆۋرۈكلۈك يولدا ما تىتەي ئوردىسىدىن يامۇلغا، يالمۇلدىن ئوردىغا قايتقۇچە تۆت چاقلىق ئورۇس ھارۋىسىغا چىقىپ كەلگەن ۋە كەتكەن. بۇ ئوردىغا 《لۈ》(قەيتۇر ، راۋاق) دەپ نام بەرگەن. ئوردا ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك يەتتە ئۆي بولۇپ، ھەممىسى ھەشەمەتلىك ياسالغان.

ماتتەي 500 تۈگمەن ياساتقۇزغان، تۈگمەن تاشلىرىنى نەچچە مىڭ ئادەم تاغدىن توشۇپ ئېلىپ كەلگەن. تۈگمەن ياساش چىقىمىنى خەلقتىن ئالغان. نامرات خەلق ياتتەيىنىڭ ھاشار ـ سېلىقلىرىغا تۇتۇلۇپ، ئىشلەش جەريانىدا مۇنداق قوشاقلارنى توقۇغان :

ئىشلە ، باللار ئىشلە ، جاننىڭ بارىچە ئىشلە،
ئىشلەپ ئاشنى بىز تاپساق ، داشۈجيا خېنىم چىشلە.

يىللار بويى ئىشلەيمىز سوقا بىلەن تۈگمەنگە ،
بىر ئاز ئارام ئالساق بىز، ئۇردۇ چېرىك ـ بەڭگە(ئەپيۇنكەش چېرىك.(

كېچىلەردە يول يۈردۇق، قار ـ يامغۇر، شۇۋىرغاندا ،
ئانام كۆرۈپ يىغلايدۇ پۇتلىرىم قاپارغاندا.

تۈگمەن تېشى كۆتۈرۈپ، ھاردۇق يەتسە چوڭ سايدا(يېڭىسارنىڭ غەربىدىكى چوڭ ساي(،
ھامان ئۇرغىنى ئۇرغان پۇت ـ قولۇمغا بازغاندا(كالتەك.(

بۆرنۇم قانىدى دوستلار خا ياغاچ كۆتۈرگەنچە،
ھەيدەپ ئۇرار كۈۋەندەي قوۋۇرغام كوكۈرگۈنچە.

يىغلاپ يالۋۇرۇپ تۇرساق 《ئۇششۇق - مۇتتەھەم》 دەيدۇ،
رەھمە ئەتكىلى چېچكىم يوق، بېگىم پارنى يەيدۇ.

ئىشلە ، باللار ئىشلە يىغلىغان بىكار ئىكەن.
ئانىسى تۇغۇپ قويسا ، تىتەيگە چاكار ئىكەن.

ماتتەي ئۆزىنىڭ نام - شۆھرىتىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈش ئۈچۈن، قەلئەلىك شەھەر سېلىش نىيىتىگە كەلدى. بۇشەھەرگە زۇلۇم بىلەن ئۇل سېلىش، ئادەم قېنى بىلەن لاي ئېتىش ، ئادەم جەستى بىلەن سېپىل قوپۇرۇشتەك دەھشەتلىك ئىش ئىدى. ما تىتەي قەلئەلىك شەھەرنى سېلىشقا قارار قىلىپ، شەھەر سېلىش ئۈچۈن مۇۋاپىق كېلىدىغان يەر ئىزدەتتى. ئۇ، چاپارمەنلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن تازغۇن جاڭگىلىنىڭ جەنۇبىدىكى پاقىلىق دېگەن كەڭرى جاڭگالنى كۆرۈپ كەلدى. ماتتەي قەلئەلىك شەھەر سېلىش ھەققىدىكى بۇيرۇقنى ئۆز كاتىپىغا يازدۇرۇپ پەرمان ئېلان قىلدى. قەلئەلىك شەھەرنىڭ سېپىل قورۇلۇشىغا ، جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ھەر كۈنى 60 مىڭ كىشى قاتناشتى. سېپىل قۇرۇلۇشىغا ئىشلەش جەريانىدا، كېسەللىك ۋە ئاچلىق تۈپەيلى بىرقانچە يۈز كىشى ئۆلۈپ كەتتى.
قەلئەلىك شەھەر قۇرۇلۇشىغا ئالۋان - سېلىق سېلىش جەريانىدا ما تىتەينىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى شاپى موللا ماتۇۋڭ يېزىسىدىن 500 چارەكلىك يەر - زېمىن ئالدى، باغ - ھويلا ياساتتى. فەن لۇڭگەنمۇ بۇ جەرياندا بېيىپ كەتتى. ماتتەي سوخو قەلئەسىنىڭ سېپىللىرىنى بىر ئايدا پۈتكۈزۈپ، سېپىل ئىچىگە بىرقانچە رەت ئىمارەتلەرنى سالرۇرۇپ ، قەلئە ئىچى - سىرتىغا بىرقانچە يۈزمىڭ تۈپ مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەرەخ تىككۈزدى . بۇنىڭغا 《تىتەي پاشا بېغى》 دەپ نام بەردى.
ما تىتەي سوخو قەلئەسىنى كۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن 《سوخو قەلئەسىنىڭ كۆتكەنلىكىنى مۇبارەكلەش》 دېگەن نام ئاستىدا ، پۈتكۈل قەشقەر ۋىلايىتىدىكى پۇقرا ۋە يەرلىك ئەمەلدارلارغا سېلىق چاچتى. بۇ سېلىقنى چېچىش ھارپىسدا ما تىتەينىڭ باللىرى، فەن لۇڭگەن ، شاپى موللا ، ھاكىم مىراقبەگ ، يۈز بېشلار جامائەتچىلىك ئىچىدە : 《سوخو قەلئەسىنىڭ پۈتكەنلىكىنى مۇبارەكلەش لازىم》 دېگەن سۆزنى تارقاتتى. ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ ھاكىم ، مىرابېگ ، يۈزبېشى ، قازى ، ئەلەملىرى ھەركەتكە كېلىپ ، ھەركىم ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا سوۋغا تەييارلاپ، ما تىتەينىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ قويدى. بۇ سوۋغىلار ئىچىدە تىللا ، يۇمبۇ، زىلچا - گىلەم ، تاۋار - دۇردۇن، زەرباب ، تەتىللا ،

كەمچەت ؛ تۆگە، ئات ، قېچىر ، ئېشەك، ئۆكۈز ، سېغىنلىق ئىنەك ، چوڭ قوي؛ تاغ هايۋانلىرىدىن بۇغا، مارال ، شىر ، يولۋاس، ئېيىق، كىيىك؛ قۇشلاردىن قارا قۇش، لاچىن ، قارچىغا، بۇلبۇل، شاتۇتى قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇ سوۋغىلارنى قىسمەن يۈزبېشىلار، بەگلەر خۇشامەت يۈزىدىن ، بەزىلىرى قورقۇنچ يۈزىسىدىن، بەردى. ئالتە ئاي ئىچىدە كېلىپ بولغان بۇ سوۋغىلارنىڭ ھەممىسى كەڭ كەمبەغەللەرگە چاچقان سېلىقتىن يىغىلغان ئىقتىسادقا كەلگەن ئىدى. ماتتەي بۇ سوۋغىلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تولىمۇ خۇشال بولدى.

## ئۈچىنچى باب يېڭىسارلىق بەگنىڭ ئانارقىزنى ئۆيىدىن ئالداپ ئېلىپ چىققانلىقى ۋە ماتتەيگە سوۋغا قىلغانلىقىنىڭ بايانى

ماتتەي ياش قىزلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ، ئۆز غالچىلىرى ئارقىلىق :《تىتەي پاشانىڭ ئوردىسىغا بىر قانچە كېنىزەك لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، تىتەي پاشاغا يارىغۇدەك ساھىبجامال قىزلارنى ئېلىپ كېلىپ، تىتەي پاشاغا تۆھپە قىلىپ خىزمەت كۆرسىتىش كېرەك》 دېگەن گەپنى تارقاتتى. بۇ رەزىل تەشۋىقاتتىن خەۋەردار بولغان ئاۋام خەلق ئەندىشە ئىچىدە غەمگە پاتتى. بەزىلەر قىزلىرىنى ئېلىپ ھەر تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. قىسمەن ۋىجدانسىز يۇرت باشلىقلىرى ماتتەيگە ياخشى كۆرۈنۈش ۋە ئۆز ئەملىنىڭ تېخىمۇ ئۆستۈرۈلۈشىنى ئويلاپ، تەرەپ – تەرەپكە قاتراپ، كىملەرنىڭ چىرايلىق، ساھىبجامال قىزى بارلىقىنى سۈرۈشتە قىلىشقا باشلىدى.
قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ مەلۇم رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق ئانارقىز ئىسىملىك بىر يېتىم بالا بار ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى بەختىۋاي ئىككى يىل بۇرۇن ماتتەينىڭ خانئېرىق دەرياسىغا ياساتقان تۈگمەنلىرىگە تاش كەلتۈرۈش سېلىقىغا ھەيدىلىپ ، 《ئېتىم چاغرى》(يېڭىسارنىڭ ئوچا يېزا تەۋەسىدىكى كەنت بولۇپ، شۇ كەنتنىڭ غەربىدىكى تاغدىن تۈگمەن تېشى چىقىدۇ) نىڭ تېغىدا تۈگمەن تېشى قومارغىچىلىك، تاغ گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ ۋاپات بولغان ۋە شۇ ئورۇنغا دەپنە قىلىنغان . ئۇنىڭ ئايالى سارىخان يېتىم قالغان ئانارقىزنى بېقىپ چوڭ قىلغان. ئانارقىز بەكمۇ ساھىبجامال ، قارا قاشلىق، قارا چاچلىق ، چولپان كۆزلۈك ، بو قەدرى نازىنىن ، سۆزى چۈچۈك ،ئەقىللىق ، ئۆزى يېقىملىق، ئىشچان، هوشيار بولغاچقا، يۇرتتىكى نۇرغۇن يىگىتلەرنىڭ كۆزى چۈشكەن ئىدى. ئانارقىز ئۆز يۇرتىدىكى ئۆزى بىلەن تەڭدېمەتلىك روزى باتۇر ئىسىملىك ئەمگەكچان ، زېرەك يىگىت بىلەن

مۇھەببەتلەشكەن بولۇپ، توي قىلىشقا سەككىز كۈن قالغان ئىدى. ئانارقىز 17 ياشتا بولۇپ، كىچە - كۈندۈز تۈل ئانىسى سارىخاندىن ئايرىلمايدىغان بالا ئىدى. بۇ ئىككى ئاجىزە بىر - بىرى بىلەن مۈڭدىشىپ، بىر - بىرىگە تويماي، غۇربەتچىلىك بىلىنمەي هايات كەچۈرۈپ كېتىپ باراتتى.

ئانارقىز گۈزەلدۇر جامالىدە نۇر،
هايالىق، ۋاپادار، ساداقەت زوھۇر(قوزغىلىپ چىققۇچى.(

ئانىسىغا مۇشفىق ئانارقىز ئەجەب،
خۇي - خۇلقى ، ئەخلاقى تامامى ئەدەپ.

يۈزى قىپقىزىل ئەتىرگۈلدۇر پورەك،
چېچەن ، كۆڭلى نىزۇك ، ئاجايىپ زېرەك.

بويى تال چىۋىقتۇر يېشىل نوتىدەك،
چىشى ئۈنچىدۇر، لېۋى شاتۇتىدەك.

ئوماق يۈز، خۇمار كۆز، قارا قاشلىرى،
يېيىلغان مۈرىسىگە ئۇزۇن چاچلىرى.

بېشى چىلگىگە ئوخشاش ، كېلىشكەن بۇرۇن،
قىلار ئىشنى ئويلاپ، سۆزىدۇر ئورۇن.

قولىدۇر مىسالى يىپەكتىن سىلىق،
بېلى بىر سىقىمچە، تېنىدۇر بېلىق.

ئەگەر كۈلسە خۇش خۇلقىدىن نازلىنىپ،
ئۈنى كۆرسە كىم بولار مۇھەببەتكە غەرق.

بۇ رايوندىكى بەگ ئۆز كۆڭلىدە 《ئانارقىزنى ماتتەيگە تۆھپە قىلسام، بۇ تۆھپەم بەدىلىگە مېنىڭ

مەنسىپىم تېخىمۇ يۇقىرى بولۇشى تۇرغان گەپ》 دەپ ئويلاپ، خوتۇنى بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ، قىزى ئارقىلىق ئانارقىزنى ئۆيىدىن ئالداپ ئەكېلىش قاپقىنىنى قۇرۇپ چىقتى. بەگنىڭ ئايالى قىزىغا: 《قىزىم، ئىچىڭ پۇشۇپ زېرىكىپ قالدىڭ، باغدا مېۋىلەرمۇ پىشىپ كەتتى. سەن ئانارقىزنى چاقىرىپ كېلىپ، باغدا بىرلىكتە كۆڭۈل ئېچىڭلار، مەن مانتا ئېتىپ تۇراي 《دېگەن ھىيلە گەپ بىلەن قىزىنى يولغا سالدى. بەگ ئاقتۇ (ئاقتۇ 1955 - يىلىغىچە يېڭىسار ناھىيىسىگە قاراشلىق بولۇپ، ھازىر قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا تەۋە ناھىيە ) بازىرىدىن ئۈچ جىڭ گۆش كەلتۈردى. بەگنىڭ قىزى سارىخاننىڭ ئۆيىگە بېرىپ ، ئانارقىزغا : 《جۇرۇڭ، بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ باغدىكى مېۋىلەرنى يەپ ، ئويناپ كېلىك .ئانام ئۆز ئاغزى بىلەن سىزنى باشلاپ كېلىشنى ئېيتتى》 دەپ ، ئانارقىزنى باشلاپ كەلدى. ئانارقىز بگنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە ، بەگنىڭ خوتۇنى دەرھال خۇش تەبەسسۇم بىلەن:

—ۋاي بالام ئانارقىز، كېلىڭ قىزىم، تازا ياخشى ۋاقتىدا كېلىپسىز. مېنىڭ قىزىم زېرىكىپ، بىرگە ئوينايدىغان كىشى بولمىغاچقا، سىزنى چاقىرتىپ كەلگەن ئىدىم. سىلەر باغدا سەيلە قىلغاچ ئويناپ تۇرۇڭلار، مەن سىلگە غىزا قىلىپ بېرەي، — دەپ مانتا ئېتىشكە قوپۇپ ، ناماز شامدىن ئۆتكەندە مانتىنى پىشۇرۇپ داستىخانغا قويدى. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ئانارقىز: 《كەچ بولۇپ كەتتى، ئانام ئەنسىرىمىسۇن، مەن كېتەي》 دەپ ئورنىدىن قوپتى. ھىيلىگەر بەگنىڭ خوتۇنى : 《خاتىرجەم بولۇڭ ، بىز سىلەرنىڭ ئۆيگە كىشى ئەۋەتتۇق، سىلىنى قىزىم بىلەن قونۇپ قالدۇ، خاتىرجەم بولسۇن دەپ 》 دېگەن ياغلىما گەپلەر بىلەن ئۇنى قوندۇرۇپ قالدى. يېرىم كېچە بولغاندا ، بەگ ئۆيىدىكى يىللىقچىغا ھارۋىنى قوشتۇرۇپ، ئانارقىز بىلەن قىزىنى ئويغىتىپ ھارۋىغا چىقىشنى بۇيرۇدى. ئانارقىز:《 بۇ كېچىدە قەيەرگە بارىمىز》 دەپ ھەيران قالدى. بەگ مۇغەمبەرلىك بىلەن : 《بىزنىڭ تۇغقانلار ئىچىدە توي بولىتى، قىزىم بىلەن ئىككىڭلارنى شۇ يەرگە ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلىمەن》 دېدى. ئانارقىز: 《مېنىڭ كىيىمىم مۇشۇنداق تۇرسا، قانداق بارىمەن، ئۆيگە بېرىپ كىيىم يەڭگۈشلەپ كېلەي》 دېگەندە ، بەگنىڭ خوتۇنى : 《غەم قىلمىسىلا بالام، قىزىمنىڭ كىيىملىرى كۆپ》 دەپ ئانارقىزغا ئۆز قىزىنىڭ ئېسىل كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ قويدى. ئانارقىز:《بۇ كېچىدە ماڭغۇچە ، تاڭ ئاتقاندا بارساق بولمامدۇ》 دېگەندە، بەگ:《 ھازىر ھاۋا ياخشى، ئەتە ماڭساق بەك ئىسسىققا قالىمىز》 دەپ جاۋاپ بەردى.

بەگ ئۆز قىزى بىلەن ئانارقىزنى ھارۋىدا ئولتۇرغۇزۇپ، سوخو يولىغا راۋان بولدى. ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە يوپۇرغا دەرياسىنىڭ بويىدىكى 《يېڭىئېرىق ئاغزى 》 دېگەن يەردە ئولتۇرۇشلۇق بىر كاززاپ دوستىنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. بەگ بۇ دوستىغا پىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى دېدى. بەگنىڭ دوستى بۇلارنى مېھمان قىلغان بولدى. ئانارقىز بىر مۇدھىش ۋەقەنىڭ ئۆز بېشىدا سادىر بولىدىغانلىقىدىن گۇمان قىلىپ قارىسا ، تويىدىن ھېچقانداق ئەسەر يوق. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:《 مەن كېتەي، ئانام ئەنسىرەپ

قالمسۇن》 دەپ ، ئۆينىڭ دەرۋازىسى تېشىغا چىقىۋالدى. بەگ شۇملۇق ئىشلىتىپ: 《سىز كەتسىڭىز بولىدۇ، مېنىڭ قىزىم 3 – 4 كۈن بۇ دوستۇمنىڭ تويىدا ئويناپ كەتسۇن، مەن سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي》 دەپ ، يول بىلمەيدىغان ئانارقىزنى هارۋىدا ئولتۇرغۇزۇپ، سوخو قەلئەسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

بەگ ئالدى بىلەن ئانارقىزنى شاپى موللىغا كۆرسەتتى. شاپى موللا ئانارقىزنىڭ هۆسن - جامالى، قەددى - قامىتىگە قاراپ هەيران قالدى - دە، بەگ بىلەن ئانارقىزنى دەرهال ماتتەينىڭ قېشىغا باشلاپ كىردى. يېڭىسار بېگى ماتتەيگە سالام قىلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئۆزىنى تونۇشتۇردى، ئاندىن ئانارقىزنى كۆرسىتىپ: 《جانابىي پاشا ئالىيلىرى، ئۆزلىرى ماقۇل بولسىلا، بۇ قىزنى ئۆزلىرىگە تەقدىم قىلدىم》 دەپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇردى. ما تىتەي ئانارقىزنى كۆرۈپ ناهايىتى خۇشال بولۇپ، يېڭىسار بېگىگە قوشۇمچە ئۆز يۇرتىنىڭ پاششاپلىق ئەملىنى ئاتا قىلدى.

## تۆتىنچى باب ئانارقىزنىڭ ماتتەي ئوردىسىدىكى كەچۈرمىشى ۋە ئۇنىڭ سۆيگىنى روزى باتۇر قىساس يولىدا قۇربان بولغانلىقىنىڭ بايانى

ماتتەي ئوردىسىغا كىرىپ كالغان ئانارقىز ئوردا هاياتىدا قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى هەققىدە قورقۇنچلۇق گۇمان - ئەندىشىلىرىنى مەيۈسلەنگەن هالدا ئويلاپ، چوڭقۇر ئازاب بىلەن هەسرەت چېكىشكە باشلىدى. يەنە ئانىسى سارىخاننىڭ سەرسان - سەرگەردان بولۇپ، ئۆزىنى ئىزدەۋاتقانلىقى؛ ئۆزىنىڭ مۇهەببەت سۆيگۈسى بولغان روزى باتۇر ئانارقىزنىڭ غايىب بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، مۇهەببەت ئوتىدا قانداق ئازابلىق كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى بىرمۇبىر كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ ، هەسرەتلىك كۆز ياشلىرىنى تۆكتى.

ماتتەي كەچ كىرىش بىلەن ئۆز ياتىقىغا ئانارقىزنى چاقىرتىپ كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئانارقىزنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ هۆسن - جامالى تولىمۇ گۈزەل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ نەپسى تاقىلدىدى. ئۇ ، ئانارقىزنىڭ تېنىنى سىلىغان بولۇپ ئۆزىگە تارتىپ، شالداما كالپۇكىنى ئانارقىزنىڭ يۈزىگە مايىل قىلدى. بۇ ئەهۋالنى كۆرگەن ئانارقىزنىڭ ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولىشىپ، زار - زار يىغلىدى. ئانارقىزنىڭ پاك جىسمى بۇ بەتبەخ تەرەپكە مايىل بولماي، يوروۇق دۇنيا كۆزىگە قاراڭغۇ كۆرۈنۈپ، يېتىمچىلىكىنىڭ ، جۇدالىقىنىڭ دەرد - پىراقىدا: 《 بۇ ئازابقا قالغۇچە خۇمدانغا تاشلىنىپ ئوتتا كۆيۈپ ئۆلسەم رازى

ئىدىم. ئاھ ، دەردىم!» دەپ يىغلاپ كەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ما تتەي « ئانارقىز بۇگۈن كەلدى، مېنىڭ شارائىتىم بىلەن 2 ـ 3 كۈن تونۇشسۇن» دەپ ئويلاپ، شۇ كۈنى كېچىسى ئۆز نەپسىنى باشقا خوتۇنلىرى بىلەن قاندۇرغان بولدى.
ماتتەينىڭ قىياپىتى تۈلۈم چاشقاندەك سەت ، كۆزلىرى جۇۋالدۇرۇز تۆشۈكىدە ئىدى .

قېرى، پاسكىنا ، كۆكيۆتەل ، سەت ، رەزىل،
تۈگمەس يامانلىق قىلىپ نەچچە يىل.

يۈزىدە قېنى يوق بوغۇملۇق چايان،
ئىچىدە زەھىرى كۆپ، بېشى تاز يىلان.

ئېچەكلىرى ئۇنىڭ يۈزىدىن ئېگىز،
بۇ تازنىڭ كۆزى يا چېكىت ، يا بىگىز.

سېسىق ياغدا پىشقان مونەك باشلىرى،
كى بىر يەردە تۇرغان كۆزى ، قاشلىرى.

بېشى يالتىراقتەك قىلىۇر قار ياغار،
تۈلۈم گەردىنىدە يىرىك تۆكمۇ بار.

تاماق يېسە ماكماك ئاقىدۇ شالى،
ماغزاپقا تولىدۇ چاشكا ، پىيالى.

پاناق بۇرنىدىن پوتلا ، زەرداپ ئاقار،
كۆزىدىن داۋاملىق چاپاقلار چىقار.

چىشى يوق بۇنىڭ ئېيىق ئاغزىدەك،
قاپاق ، مەگزى ئۇششۇق قاپاق لازىدەك.

ئەگەر ماڭسا مايمۇن سۇپەت دوڭغىيار،
قاچان ماڭسا مەلئۇن سۇرەت قىڭغىيار.

ھاياتى بۇنىڭكى داۋاملىق ھاراق،
ھاراق ئىچمىسە كۆزىدىن يوقىلار قاراق.

ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ماتتەي ئوردىدا خىزمەت قىلىۋاتقان دەڭسەيچى (ماتتەينىڭ ئوردىسىدىكى ئايال خىزمەتكار) ئايالغا: «بۈگۈن ئانارقىزنى يوتقانغا ھازىرلاش ئۈچۈن تەييارگەرلىك قىلىشقا سەن مەسئۇل» دېدى. دەڭسەيچى ئايال ماقۇللۇقنى بىلدۈرۈپ، تىتەي يېنىدىن چىقتى. ئۇ دەرھال ئانارقىزنى يۇيۇندۇرۇپ - تازىلاپ ، بەدىنىگە خۇش پۇراق ئەتىر چېچىپ، يېڭى كىيىم كىيدۈرۈپ تەييارلىدى. بۇ خىل ھالەتنى كۆرگەن ئانارقىز ئۆزى ئۈچۈن چوڭ بالا - قازانىڭ يۈزلەنگەنلىكىنى، بۇ زۇلمەتلىك كېچىنى ئويلاپ ، بارلىق ئەزالىرىغا تىترەك ئولىشىپ، ھېچ ئىلاجىنى قىلالماي ھەسرەت ئىچىدە قالدى.
كەچ سائەت يەتتىلەردە ماتتەينىڭ شۇم نەپسى تاقىلداپ، كۆپ ھاراق ئىچىپ مەست ھالىتىدە ياتاق ئۆيىگە كىرىپ، دەڭسەيچى ئايالغا ئانارقىزنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. دەڭسەيچى ئايال ئالدىراپ - تەمتىرەپ ئانارقىزنى يېتىلەپ تىتەي قېشىغا كەلتۈردى. ئانارقىزنىڭ كۆزىدىن ئوت يېنىپ، ئۆزىنى بىلەلمەي ھالى خاراپ، ھەرىكەتلىرى سۇسلىشىپ، قورققىنىدىن تىنىق چىقىرىشقا قادىر بولالماي قالدى. قېرى تىتەي دەڭسەيچى ئايالغا ئىشارەت قىلىپ، ئانارقىزنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئانارقىز بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ نارازىلىق بىلدۈرۈپ، قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى تاپالمىغان ھالەتتە پەرىشان بولدى. دەڭسەيچى ئايال ئانارقىزنى قېرى تىتەيگە قوشۇپ، ئۆزىنىڭ ملەڭزىسى تېشىدا ئۇخلىماي ئولتۇردى. بۇ، تىتەي ئوردىسىنىڭ ئادىتى ئىدى. مەسىلەن، كېچىدە تىتەي بىر ئايال بىلەن بىرگە ياتقاندا ، ئىككى نەپەر دەڭسەيچى ئايال ملەڭزە تېشىدا ئۇخلىماي ئولتۇراتتى. ما تىتەي ھاراق مەستلىكى بىلەن ئانارقىزنى مۇباششىرەتكە (ئەيش - ئىشرەت) يۈز كەلتۈرۈپ، بىچارە ئانارقىزنىڭ نازۇك تېنىنى مەجرۇھ قىلدى.
شۇنىڭدىن كېيىن، بىچارە ئانارقىز ئەلەم - ھەسرەت ئىچىدە كېسەل بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ماتتەي ھەر كېچە شۇم نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ، بۇ خىل ئىپلاس ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇردى. بىچارە ئانارقىز ئۆلۈمگە رازى بولۇپ، بۇ ۋەھشىي چىلبۆرىگە يېقىن يولاشقا ئۇنىماي، ئۆز دەردى بىلەن كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. ئانارقىزنىڭ كېچىلىك ئىسيانىدىن غەزەپلەنگەن ما تىتەي ئانارقىزنى يالىڭاچلاپ، ئىككى تىللىق ئىنچىكە سىم قامچا بىلەن ئۇرۇپ نازۇك بەدىنىنى قانغا بويىدى.

ئانارقىزنىڭ پاجىئەلىك ئەھۋالىغا ھەمدەم بولغۇدەك ھېچ كىشى چىقمىدى.

ئانارقىز ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ ئەتىسى سارىخان ئانا قىزىنىڭ كەلمەيۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەپ، بەگنىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ دەرۋازىنى قاقتى. بەگ خوتۇنى دەرۋازىنى ئاچتى. سارىخان :《 ئۆزلىرىنىڭ قىزى مېنىڭ قىزىمنى بۇ ئۆيگە ئېلىپ كەتكەن. شۇڭا، قىزىمنىڭ دېرىكىنى ئالاي دەپ كەلدىم》 دېدى. بەگنىڭ خوتۇنى سارىخانغا قاراپ:《قىزلىرى ئاخشام بۇ ئۆيدىن ئۇزاپ چىقىپ كەتكەن》 دەپ جاۋاب بەردى. بىچارە سارىخان بۇ مۇدھىش جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، پۇت - قوللىرىدا قان يوق، نەگە بېرىشنى بىلەلمەي، ئۆز يېزىسىنى ئايلىنىپ: 《 كۆز نۇرۇم ئانارقىز قايدىسەن؟ 》 دەپ توۋلاپ، يىغلاپ سەرسان بولدى.

ئانارقىزنى ماتتەيگە تۆھپە قىلغان يېڭىسار بېگى قوش ئەمەللىك بولۇپ، خۇشال ھالدا ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، بۇ ئەھۋاللارنى خوتۇنىغا مەلۇم قىلىپ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرغان بولدى. ئۇ ، ئەتىسى يۇرتتا ئۆزىنىڭ قوشۇمچە پاششاپلىق مەنسىپىنى ئېلان قىلدى. بۇ قارا يۈرەك بەگ تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ ، ئالۋان - سېلىقنى بىرگە ئون قىلىپ خەلقتىن يىغدى ھەم ئۆز تەۋەسىدىكى ئوغرىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى ئوغرىلىتىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى. خەلق بۇ مۇناپىق بەگدىن بىزار بولۇپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي قېلىشتى.

ئانارقىزنىڭ مۇھەببەت ئوتىدا كۆيۈپ سەرسان بولغان روزى باتۇر 》 ئانارقىزنىڭ يېتىپ كېتىشىگە مۇشۇ مۇناپىق بەگ سەۋەبچى بولۇشى مۇمكىن، بۇ بەگ ناھايىتى زومىگەر بولۇپ كەتتى. خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ - تالىدى. شۇڭا، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەي》 دېگەن قارارغا كەلدى. ئۇ، مەلۇم بىر كېچىسى بەگنىڭ ئۆگزىسى ئارقىلىق ئۆيگە چۈشۈپ ، كارۋات ئۈستىدە ياتقان ئادەمنى كالتەك بىلەن ئۇرۇۋاتقاندا ، يان ئۆيدىكى باشقا كىشىلەر تۇيۇپ قېلىپ، روزى باتۇرنى تۇتۇپ باغلىدى. روزى باتۇر كالتەك بىلەن ئۇرغان ئادەم مۇناپىق بەگ بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئوغلى ئىكەن. ئەسلىدە بەگ باشقا ئۆيدە ياتقان بولۇپ، روزى باتۇرنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ساقلىنىپ قالغان ئىدى.

ئەتىسى بەگنىڭ غالچىلىرى روزى باتۇرنى تىتەي يامۇلىغا ئېلىپ كېلىپ سولاتقۇزدى. روزى باتۇر 《 ئىست! بۇ مۇناپىق بەگ نېمشقا مەن كىرگەن ئۆيدە يوق بولغىيتتى. بولغان بولسا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسەم، ئاندىن مېنىڭ دەردىم ۋە خەلقنىڭ دەردى چىقار ئىدى》 دەپ ئويلىدى. بەگنىڭ باللىرى روزى باتۇر ئۈستىدىن تىتەي ياموُلىغا ئەرز سۇنۇپ:《بىزنىڭ قېرىندىشىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەتتى》 دەپ شىكايەت قىلدى .تىتەي ياموُلى بۇ ئەرزنى قوبۇل قىلىپ، روزى باتۇرنى 《 ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل》 دەپ ھۆكۈم قىلىپ، جازا مەيدانىغا ئېلىپ چىقىپ، مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى . شۇنداق قىلىپ، روزى باتۇر قىساس يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلدى .

# بەشنچی باب  ئانارقىزنىڭ ماتتەي ئوردىسىدىن بىرىنچى قېتىم قاچقانلىقى ۋە تۇتۇلۇپ قېلىپ، قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ بايانى

ماتتەينىڭ 40 خوتۇنى بار ئىدى. بۇ 40  خوتۇنغا مەسئۇل بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى جېدەل ـ ماجىرالارنى سۈلھى ـ سالا بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ ئەپلەشتۈرۈپ قويىدىغان ۋە ماتتەينىڭ باللىرىغا پەند ـ نەسىھەت قىلىپ تۇرىدىغان ئايالنىڭ ئىسمى لەيلىخان ھاجى ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى خوٍيزۇ، ئانىسى ئـۇيـغـۇر ئىدى.

ئاڭلىشىمىزچە ، لەيلىخان ھاجىنىڭ دادىسى ماتتەي بىلەن بىر جەمەت بولۇپ، خوٍنەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭشا شەھەر ئەتراپىدىكى جياسەن ناھىيىسىدىن ئىدى .ئۇ كىشى تېۋىپلىق كەسپى بىلەن 19 ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شىنجاڭغا چىقىپ، ئاۋۋال قەشقەر شەھرىدە تۇرغان ، كېيىنرەك يېڭىشەھەرگە چىقىپ ئورۇنلىشىپ قالغان. ئۇنىڭ ئايالى زۇمۇرە خېنىم قەشقەر شەھەر ئىچى يۇمىلاقشەھەر كۆلبېشى مەھەللىسىدىن بولۇپ ، تۇنجى قىزى لەلە خېنىمنى كىچىكىدىن تارتىپ ياخشى تەربىيىلەپ قۇرئان ساۋاتىنى چىقارغان. ئۇنى ئۆي ئىشلىرىغا پىشۇرغاندىن باشقا ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەردە ھەق ـ ناھەقنى كۆزىتىش ۋە تەھلىل قىلىشقا يېتەكلىگەن. ئۇ قىز رەسىدە بولغاندا ، سابىرھاجىم باجگىر دېگەن كىشىگە كىچىك خوتۇنلۇققا بەرگەن . سابىر ھاجىم باجگىرنىڭ ئۆيى قەشقەر شەھەر ئىچى ئېگىز ئېرىق مەھەللىسىدە ئىدى. ئۇنىڭ چوڭ خوتۇنىدىن ئالانۇر خېنىم، نەبجان ئىسىملىك ئىككى پەرزەنتى بولغان؛ لەلە خېنىمدىن تۇرسۇن خېنىم، تۇ خېنىم، تۇنسا خېنىم ئىسىملىك ئۈچ پەرزەنت تۇغۇلغان. تۇرسۇن خېنىم رەسىدە بولغاندا ، ئىسھاقجان دېگەن كىشىگە ياتلىق بولۇپ، نۇرىمان خېنىم ، ئەسقەرجان ۋە ئەختەرجان  دېگەن ئۈچ پەرزەنت كۆرگەن().

ماتتەي قەشقەرگە كەلگەن يىلى لەلە خېنىم 33 ياشتىن ئاشقان بولۇپ، مەھەللىدە ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارىسىدا زور شۆھرەت تېپىپ 《گۇناھدىن پاك، دىيانەتلىك ئايال》 دېگەن مەنىدە 《لەيلىخان ھاجى》 دەپ ئاتالغان. ماتتەي جەمەت سۈرۈشتۈرۈپ، لەيلىخان ھاجىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى سوخودىكى ئوردىسا خىزمەتكە تەكلىپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن لەيلىخان ھاجى پەيزى ـ پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ، سوخودىكى ماتتەينىڭ ئوردىسىغا چىقىپ، ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ۋە كەسكىن بىر تەرەپ قىلغان. ئۇ سېمىز، ئوتتۇرا بوي، پېشانىسىدە بىر تال مەڭ بار، چىرايلىق، ئاق كۆڭۈل ۋە ئىنسانپەرۋەر ئايال ئىدى .

يېقنقى يىللار مابەينىدە ئۇ ، ماتتەيىنىڭ بۇزۇق ئەخلاقىدىن بىزار بولۇپ يۈرەتتى .ئانارقىز كەلگەندىن كېيىن، نىكاھ ئاخشىمى ئۇنىڭ يېنىدا بولدى ۋە ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپتى. لېكىن، ئۇنىڭغا يېقىنلاشسا ، ماتتەيىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى، كۆڭلىدە ئانارقىزغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلاتتى.
لەيلىخان ھاجى بىر كۈنى پۇرسەت تېپىپ ئانارقىزنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى ـ دە، ئۇنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى سورىدى، ئانارقىز لەيلىخان ھاجىدىن ۋاپانىڭ ھىدى كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، يىغلاپ تۇرۇپ ئۆز دەردىنى تۆكتى.

ۋاي ئانارقىز كېچە ـ كۈندۈز غەم بىلەن ئاۋارىكەن،
روھىي زەربە، تەن خاراب، باشىدا مىڭ دىشۋارىكەن.

سارغىيىپ گۈلى يۈزلىرى، قەلبى ئۇنىڭ يۈز پارىكەن،
مېھرىبان ئاناسىنى ياد ئېتىپ بىچارىكەن.

لەيلىخان ھاجىغا يىغلاپ دەرد تۆكۈپ ھەم يالۋۇرۇپ،
دېدى ئۇ :《جانىم ئانا غۇربەتتە مەن ياتتىم غېرىب.

بۇ مېنىڭ مۇشكۇللىرىمنى قىل ئاسان، سەن يول تېپىپ،
بۇ دوزاختىن قۇتقۇزۇپ قويغىن ، كېتەي تېزراق قېچىپ. 》

رەھىم قىلدى لەيلىخان ھاجى مۇڭلۇقكى ھالىغا،
سارغىيىپ سولغان قىزىلگۈلدەك ھۆسن ـ جامالىغا.

دەل جاۋاب بەرمەك ئۈچۈن قىزنىڭ تىلەك ـ سوئالىغا،
ئويلىنىپ كەلتۈردى بىر پۇرسەتنى ئۇ خىيالىغا.

لەيلىخان ھاجى ئانارقىزنىڭ دەردلىك ، ئوتلۇق يىغىسىغا بىتاقەت بولۇپ، رەھىم ـ سەپقەت ھېسسياتى قوزغىلىپ، ئانارقىزنى قاچۇرۇۋېتىشنى قارار قىلدى .ئەگەردە ئانارقىز ماتتەي ئوردىسىدىن سالامەت قېچىپ قۇتۇلسا: 《ئۇلۇغ تىتەي ، ئۆزلىرىگە خوتۇن كەم ئەمەس...》 دېگەنگە ئوخشاش تىتەيىنىڭ كۆڭلىنى ئانارخاندىن سوۋۇتىدىغان سۆزلەرنى قىلاي، دەپ پىلان تۈزدى. ئۇ ، 《تىتەيىنىڭ

ئانارقىزدىن كۆڭلى سوۋۇپ، ئانارقىزنى ئىزدىمىسە ئەجەب ئەمەس》 دېگەن خىيال بىلەن كۆڭلىنى توختىتىپ، كەچقۇرۇنلۇقى ماتتەيىنىڭ مىخازە خېنىم دېگەن خوتۇنىنى دەڭسەيچى ئاياللار ئارقىلىق راسا يۇيۇپ ـ تاراپ، ئەتىر چاچتۇرۇپ، تىتەي بىلەن بىرگە بولۇشقا تىتەيىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگۈزدى.

شۇ كۈنى يېرىم كېچە بولغاندا ، لەيلىخان ھاجى ئانارقىزنى ماتتەيىنىڭ زۇلۇم ئوردىسىدىن قاچۇرۇۋەتتى.بىچارە ئانارقىز شۇ قاچقىنىچە قايسى تەرەپكە مېڭىشىنى بولمەي، يىقىلىپ ـ قوپۇپ بىرھازا ماڭغاندىن كېيىن ، سوخونىڭ شىمال تەرىپىدىكى دەرەخ كۆرۈنگەن تەرەپنى كۆزدى ـ دە، شۇ تامان قېچىپ تۈغچى يولىغا كىردى. ئانارقىز قېچىپ كېتىۋېتىپ غېرىب ئانىسى سارىخاننى ياد قىلىپ ئەسلىدى ۋە ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈشنى ، ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى تاشلاپ ئەلەم ـ ھەسرەتلىرىنى تۆكۈشنى ئويلىدى. شۇ مېڭىشى بىلەن ناماز بامدات ۋاقتىدا چۆلنىڭ بىر تەرىپىگە چىقىپ، قەيەرگە بېرىشنى بىلەلمەي بىر ھازا تۇرغان ھالەتتە، جاڭگالنىڭ بىر تەرىپىدىكى جىگدىلىكنىڭ ئىچىدىن تۈتۈن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. يېقىن كېلىپ قارىسا ، يالغۇز ئۆيىنىڭ مورىسىدىن چىقىۋاتقان تۈتۈن ئىكەن. ئانارقىز ئىككىلەنگەن ھالدا ئاستا قەدەم بىلەن ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئۆي ئىچىگە سەپسېلىپ قارىسا ، ئۆيدە بىر بوۋاي بىلەن بىر موماينىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ، ئۆيگە كىرىپ بوۋاي بىلەن مومايغا سالام بەردى. بوۋاي بىلەن موماي :《كېلىڭ بالام》 دەپ ئوچاق ئالدىدىن ئورۇن بوشىتىپ ئانارقىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئانارقىز بوۋاي بىلەن موماينىڭ قولىدىكى سايمان ئارقىلىق قوي يۇڭىدىن يىپ چىقىرىپ، قۇ (ئىشتانباغ (توقۇۋاتقانلىقىنى كۆردى.

بۇ ئەر ـ خوتۇن چارۋا بېقىش بىلەن ھايات كەچۈرۈۋاتقان كەمبەغەل چارۋىچىلار بولۇپ، بوۋاينىڭ ئىسمى غازىۋاي ، ئايالىنىڭ ئىسمى شەرىخان ئىدى. ئانارقىز ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن، موماي ھال ـ ئەھۋال سوراپ مېھرىبانلىق كۆرسەتتى ۋە دەرھال چاي قاينىتىپ ، داستىخان سېلىپ تائام بەردى .ئانارقىزنىڭ سۇنۇق كۆڭلى بىر ئاز ئېچىلىپ، بىچارىلىق بىلەن چولپان كۆزلىرىدىن باھار يامغۇرىدەك ياش ئاققۇزۇپ، بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۆزىنىڭ يېڭىساردىن ئىكەنلىكى ، غېرىب ئانىسى سارىخاندىن خەۋەر ئالالمىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلىغان غازىۋاي بىلەن شەرىخانلارنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىشىپ كەتتى .غازىۋاي ئانارقىزغا تەسەللى بېرىپ: 《مەن سىزنى ئۆيۈمدە ساقلاپ قالاي ، جاھان تىنجىغاندىن كېيىن ، ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي》 دەپ ئۆيىدە ئېلىپ قالدى.

ماتتەي شۇ كېچىسى خوتۇنى مىخازە خېنىم بىلەن بىرگە بولۇپ، ئەتىسى كۈن يورۇغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ غاڭزىسىنى شورىغان ھالدا دەڭسەيچى ئاياللاردىن ئانارقىزنى سورىدى. دەڭسەيچى ئاياللار: 《ئانارقىز پەنجىرىلىك كاڭدا ئۇخلاپ قالدى》دەپ جاۋاب بېرىشتى. ماتتەي دەرھال

ئانارقىزنى يېنىغا كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى .دەڭسەيچى ئاياللار پەنجىرىلىك كاڭغا يۆگۈرۈپ، ئۆيگە كىرسە ئانارقىز يوق، پەقەت ئۇنىڭ دوپپىسى چۈشۈپ قالغان ئىكەن. 《ئانارقىز خالا جايىدا بولسا كېرەك》 دەپ چىقىپ قارىسا ، ئۇ يەردىمۇ يوق بولۇپ چىقتى. دەڭسەيچى ئاياللارنىڭ رەڭگىرويى ئۆچۈپ، ھاياتلىرىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ھالدا قېرى تىتەي قېشىغا كىرىپ ئەھۋالنى بايان قىلىپ ، ئانارقىزنىڭ يوقلىقىنى ئېيتتى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان تىتەي پۈتنى يەرگە ئۇرۇپ نۇجيانى(تىتەي يېنىدىكى ئىش باشقۇرغۇچى) چاقىرتىپ: 《بۇ ئىككى دەڭسەيچى ئايالنىڭ پۇتىغا جۇلۇزە(تاقاق) سېلىپ قاتتىق ئۇرۇپ، ئىشكەل بىلەن كىشەنلەپ سولاقخانا قازى ئۆيگە قامايسەن》 دەپ ھۆكۈم قىلدى. ئارقىدىن ئۇ لەيلىخان ھاجىنى چاقىرتىپ، ئانارقىزنىڭ يوقالغانلىق ئەھۋالنى سۈرۈشتە قىلغاندا ، لەيلىخان ھاجى : 》 ئىلتىپاتلىق تىتەي دارىن ، ئانارقىز بولسا ئۆزلىرىدەك ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك پاشانىڭ قەدىرىنى بىلمەيدۇ. چۈنكى ، ئۇ تۆۋەن ئائىلىدىن چىققان ئىشلەمچى بىر ئاددىي قىز . بولمىسا ، بۇ خىلدىكى ئەقىلسىزلىقنى قىلماس ئىدى. ئانارقىز ئۆزىنىڭ بەخت ـ تەلىيىگە ئۆزى نۇقسان يەتكۈزۈپ، بۇرۇنقى گادايلىق تۇرمۇش بىلەن ئۆتتۈشنى خالاپتۇ .شۇڭا، ئانارقىز قەيەرگە بارسا، مەيلى بارسۇن. ئانارقىزنى ئىزدەش ئۆزلىرىنىڭ سۈپەتلىرىگە لايىق كەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بىرقانچە ساھىبجامال قىزلار ئۆزلىرىگە نېسىپ بولماي تۇرىدىغۇ؟》 دېدى. ئۇ، مۇشۇ سۆز بىلەن تىتەينىڭ راينى ياندۇرغان بولسىمۇ، قارا دىلى ئانارقىزغا زىيادە مايىل بولغان ما تىتەي كۆڭلىدە 《 ئانارقىز مېنى خالىمىدى. بۇ ئىش مەن ئۈچۈن نومۇس》 دېگەن مۇددىئا بىلەن لەيلىخان ھاجىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، فەن لۇڭگەن بىلەن چىڭ كۇۋەندەينى چاقىرتىپ، بولغان ۋەقەنى بايان قىلىپ، ئانارقىزنى ئۈچ كۈن ئىچىدە تېپىپ كېلىش ئۈچۈن قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈردى ۋە : 《تېپىشمىساڭ بېشىڭنى ئالىمەن》 دەپ تەھدىت يۈرگۈزدى.

فەن لۇڭگەن بىلەن چىڭ كۇۋەندەي ئوردىدىكى نۇرغۇن چېرىك ۋە يايى ، بەنتۇر ، شياڭيۇ ، خانتۇرلارنى ئەگەشتۈرۈپ، ئانارقىزنى جىددىي ئىزدەشكە ئاتلاندى. بۇ خىل قاتتىق ئىزدەش جەريانىدا ، سوخو ئەتراپىدىكى يېزىلار بىلەن يېڭىشەھەر ۋە يېڭىسار ناھىيىلىرى تەۋەسى يېزىمۇ يېزا ئاختۇرۇلۇپ، بىر قانچىلىغان بىگۇناھ كىشىلەر گۇمان بىلەن تۇتۇلۇپ، ئۇرۇپ قاماپ قويۇلدى. ئۇلار كەسكىن، دەھشەتلىك ئىزدەش بىلەن ئاخىرى بىچارە ناتىۋان ئانارقىزنى تۇغچى جاڭگىلىدىكى ئۆيدىن تېپىپ، غازىۋاي بىلەن ئانارقىزنى زەنجىر بىلەن ماتاپ ئات ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ، ما تىتەينىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى.

ماتىتەي بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىپ پۈتنى يەرگە ئۇرۇپ، دەرھال : 《غازىۋاينىڭ قولنى كەس 《!دەپ ھۆكۈم قىلدى. غازىۋاي بىچارە پەرياد چېكىپ يىغلاپ تۇرۇپ:« تىتەي پاشىم، مەن

بولسام غېرىب قۇلۇڭمەن، گۇناھىمنى تىلەيمەن» دەپ تىتەينىڭ ئالدىدا يىتۋالدى. ما تىتەينىڭ چاپارمەنلىرى: 《ھۆكۈم بىر》 دەپ، بىچارە غازىۋاينى سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ، سوخو دەرۋازىسىنىڭ تېشىدا قولىنى بېغىشىدىن كېسىپ، سوخو دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويدى. بىچارە غازىۋاي قولىنىڭ كېسىلشى بىلەن ھوشىدىن كېتىپ، بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن جاراھەت تۈپەيلى ۋاپات بولدى. ئېرىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن شەرىخانمۇ ۋاپات بولدى.

ماتتەينىڭ غالچىلىرى ئانارقىزنى سولاقخانىغا كىرگۈزۈپ، نازۇك بەدىنىنى يالىڭاچلاپ، ئىككى تىللىق ئىنچىكە سىم قامچا بىلەن قاتتىق ئۇرۇپ ، نارازەت ئاستىغا ئالدى. بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ماتتەي ئانارخاننى ئۆز ھۇجرىسىغا كەلتۈرۈپ، يەنە زورلۇق قىلىپ بىرگە بولدى. ئانارقىز ئېغىر تاياق زەربىسى بىلەن ھەسرەتلىك يۇرگەن بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ گۈلدەك چىرايى سارغىيىپ، تولا يىغلاپ يۇزلىرى يېرىلىپ كەتتى. ما تىتەي ھەر كۈنى ئانارقىزنى زورلاۋەرگەنلىكتىن، بۇ بىچارە ئاخىرى ئۆلۈۋالماقچى بولدى.

بۇ قەپەس ئىچرە ئانارقىز زەپمۇ بولدى خار - زار،
يىغلىدى قان - ياش بىلەن نازۇك بەدەن، كۆزى خۇمار.

كەتتى ئاھ ، ھەسرەت بىلەن قىزنىڭ ئەجەب ئۆمرى باھار،
ئاخىرى بىچارە قىز ئۆلمەكنى قىلدى ئىختىيار.

## ئالتىنچى باب ئانارقىزنىڭ ماتتەي ئوردىسىدىن ئىككىنچى قېتىم قېچىشقا ئۇرۇنۇپ جازالانغانلىقى ۋە ئانىسى سارىخاننىڭ قىزنى ئەسلەپ، ھەسرەت چەككەنلىكىنىڭ بايانى

ئانارقىزنىڭ گۈل يۈزلىرى سارغىيىپ ، ھەسرەت - نادامەتتە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، ۋىجدان ئازابى ئىچىدە تەن سالامەتلىكى ناچارلىشىپ كېتىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، لەيلىخان ھاجى ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ ھال ئەھۋالىنى سوراپ، غەملىك كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ، ئۇنى يەنە قاچۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئانارقىز لەيلىخان ھاجىغا كۆپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ كۆز يېشى قىلدى .ئارىدىن بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ماتتەيگە زۇكام تېگىپ تېنى ساقسىز بولۇپ قالدى .تېۋىپلار ماتتەينىڭ

تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ:《 جانابىي ئالىيلىرى ، بىر ھەپتە خوتۇندىن يىراق بولغانلىرى ياخشىدەك تۇرىدۇ، بۇ بىزنىڭ مەسلىھەتىمىز》 دېيىشتى .ماتتەي تېۋىپلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بىر ھەپتە ياش خوتۇنلىرىنى ئۆزىدىن يىراق قىلدى. بۇ جەرياندا ئانارقىز 3 – 4 كۈن ئارام ئالدى. پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئاق كۆڭۈل لەيلىخان ھاجى ۋەدىسگە ۋاپا قىلىپ، ئانارقىزنىڭ يېنىغا كىردى. ئۇ، بوٖگۈن كېچە دەرھال ئوردىدىن قېچىشنى ئانارقىزغا ئېيتىپ، يول راسخوتى ئۈچۈن تۆت سەر خاپيۇ )قەشقەردە بېسىلغان پۇل) بىلەن بەش نان بېرىپ: 《سىز بۇرۇنقى يەرلەردە تۇرماڭ، يىراق يەرلەرگە قېچىپ كېتىپ، جېنىڭىزنى قۇتقۇزۇڭ 》 دەپ چىقىپ كەتتى.

شۇ كېچىسى ئانارقىز ئوردا ئىچىدىن مېڭىپ ، دەرۋازىغا كەلسە، دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇ يەردىن يېنىپ، ئارقا شەرقىي تامدىكى پەنجىرىدىن بىر ئاماللارنى قىلىپ سىقىلىپ چىقىپ كېتىپ بارسا، ھاراق ئىچكەن بىر چېرىككە يولۇقۇپ قالدى. چېرىك دەرھال كېلىپ ئانارقىزنى تونۇۋالدى. ئۇنىڭ ئانارقىزنى تونۇۋېلىشىدىكى سەۋەب شۇكى ، ئانارقىز بىرىنچى قېتىم قاچقاندا ، ئاختۇرۇشقا قاتناشقان ۋە مەرھۇم غازىۋاينىڭ ئۆيىدىن ئانارقىزنى تاپقانلار ئىچىدە بۇ چېرىكمۇ بار ئىدى. چېرىك ئانارقىزنى تۇتۇۋېلىپ، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، ئۇنى ئوردا دەرۋازىسىغا ئېلىپ كەلدى ـ دە، ئىچكىرىدىكىلەرنى توۋلاپ دەرۋازىنى ئاچقۇزدى. شىجاڭ پانۇس كۆتۈرگەن ھالدا چىقىپ ئانارقىزنى ياندۇرۇپ كىردى ۋە ئەھۋالنى يېرىم كېچىدە ماتتەيگە مەلۇم قىلدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ما تىتەي ئانارقىزنى كىشى كۆرمەيدىغان يەرگە تېرىك كۆمۈۋېتىشنى بۇيرۇق قىلدى. بىراق، شۇ كۈنى ماتتەي يېنىدا قونغان فۇدى ما دارىن ئىسمىلىك ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەرباب بولۇپ، ما تىتەي ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھۆرمەت قىلاتتى. فۇدى ما دارىن بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: 《 ھەي ماتتەي، بۇ ئىشىڭ خاتا. چۈنكى، ئانارقىز كىچىك بالا ئىكەن، ئەقلى كەم، سېنىڭ قەدىڭنى بىلگۈدەك ئاڭ ئۇ قىزدا يوق. ئۇنى تېرىك كۆمۈۋېتىش سەن ئۈچۈن ياخشى ئەمەس. شۇڭا، ئانارقىزنى بىرقانچە كۈن ئۆز مەيلىگە قويۇپ ئاسراش لازىم ئەمەسمۇ؟》 دېدى. بۇ مەسلىھەت ماتتەينىڭ غەزىپىنى ياندۇردى. ئۇ، ئانارقىزنى ياتقىغا قايتۇرۇپ قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىشنى بۇيرۇدى. ئانارقىزغا تىتەينىڭ خوتۇن ـ ئاياللىرى ۋە دەڭسەيچىلىرى قاتتىق دەشنام، ھاقارەت ـ سۆزلىرىنى ياغدۇردى. لەيلىخان ھاجىدىن باشقا ھېچ كىشى ئانارقىزغا ھېسداشلىق قىلمىدى. ئانارقىز كېچە ـ كۈندۈز يىغلاپ، يۈرەكلىرى سىقىلىش بىلەن ئۆتتى، ئەھۋالى كۈندىن ـ كۈنگە ناچارلىشىپ، بۇ زۇلمەتلىك كۈنلەردىن قاچان قۇتۇلارمەن دېگەن غەمكىن ئوي ـ خىيال بىلەن تۇردى.

ئانارقىزغا بۇ ئۆي بولدى بىر دوزاخ،
نازارەت ئاستىدا قويۇلدى توزاق.

قىلدى ئۆلۈمنى ئانارقىز تەلەپ،
قېچىشنىڭ يولى ئەمدى بەك ئۇزاق.

كېچەيۇ كۈندۈز تەنە ـ دەشنام كۆپ،
يىغلىتار ئۇنى مەسخىرە ـ مازاق.

ئاسماقچى بولدى ئۆزىنى ئانار،
چىقمىدى خالىي يەر، يا بىرەر قازناق.

زەھەر ـ زۇقۇمدۇر بۇنداق يېگەن قەنت،
مەھكۇم ياشاشتىن ئۆلۈم ئەلاراق.

ساربخان ئانا يالغۇز بالىسى ئانارقىزدىن ھايات تۇرۇپ ئايرىلغاندىن كېيى، ئۇنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي، سېغىنىش ئوت ـ پىراقىدا كېچە كۈندۈز تولا يىغلاپ، سەۋدا (نېرۋا كېسەللىكى) گە مۇپتىلا بولدى. ئۇ، يۈرتتىن چىقىپ، چۆل ـ باياۋانلارنى كېزىپ: 《جانىم بالام بارمۇ سەن، جانىم ئانارىم قايدىسەن؟》 دەپ يىغلاپ نالە ـ پەرياد قىلدى، بارا ـبارا ئۆزىچە تولا سۆزلەيدىغان ، قوشاق توقۇپ يىغلايدىغان بولۇپ قالدى .

قايدىن تاپۇرمەن جانىم ئانارىم،
نە بولدى ھالىڭ كۆزى خۇمارىم.

سەندىن ئايرىلىپ چۈشتى جۇدالىق،
ئەي مېھرىبانىم، جان غەمگۇزارىم.

ھىجرىڭ پىراقى ئۆرتەر جېنىمنى،
غۇنچە ئاچمىغان ئەي گۈل باھارىم.

دەردىڭدە تارتتىم بىر يىل ئەلەمنى،

يوقتۇر بۇنىڭغا سەبرۇقارارىم.

يولۇڭغا تەلمۈرۈپ مەن كېچە ـ كۈندۈز،
كۆزۈم تېشلدى ئەي كۆزقاراقىم.

مىسكىن تېنىمگە ئەردىلىك ھالاۋەت،
سەن قايدا بولدۇڭ ئەي يادىكارىم.

سەنسىز جاھاندا غۇربەت بىلەن خار،
بولدۇم رەپىقسىز، يوق ئېتىبارىم.

قايدىن تاپارمەن باسقان ئىزىڭنى،
شۇ يەردە ئۆلسەم كۆمسە مازارىم .

ئىزدەپ يۈرەرمەن قايدا ھاياتلىك،
يالغۇز قوزامسەن، ۋاي خاكسارىم.

كەتتىڭمۇ ياكى دۇنيا يۈزىدىن،
جانىم ئانارقىز سەن تاجدارىم.

بولماس جاھاندا ھېچكىم مېنىڭدەك،
يادىم سېنىڭدە بۇ ئاھۇزارىم.

خۇنىڭغا زامىن بولسا بالاخور،
ئالغاي جېنىمنى ھەق، بېرەي بارىم.

داداڭ غېرىبمۇ قەيەردە ئۆلگەن،
ۋاي بەختىۋاي سەن، ۋاي روزىگارىم.

# يەتتىنچى باب ئانارقىزنىڭ ما تىتەي ئوردىسىدىن ئۆچۈنچى قېتىم قېچىپ، ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلگەنلىكى ۋە ئانىسى سارىخان قىزىنىڭ قەبرىسىدە جان ئۈزگەنلىكىنىڭ بايانى

ئانارقىز غەمكىن، سولغۇن چىراي، ھەسرەتلىك كۆن ئۆتكۈزۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، لايلىخان هاجى ئانارقىزنىڭ يېنىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ 》 :قىزىم، كۆپ رىيازەت ، جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئىشلار بېشىڭىزدىن ئۆتتى. سىزگە مەن بىر نىجاتلىق يولىنى تاپىمەن》 دېدى. ئانارقىز لەيلىخان هاجىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ يىغلاپ》 :سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى بۇ دۇنيادا ياندۇرالمىسام، ئۇ دۇنيادا ياندۇرىمەن》 دەپ يۈرەكنى ئېزىدىغان روھىي هالەتتە لەيلىخان هاجىنى قۇچاقلىۋالدى. ئۇ، لەيلىخان هاجىنىڭ سۆزىدىن ئۆزىگە تەسەللى تاپتى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتۈپ ، تۆتىنچى كۈنى ماتىتەي يېڭىشەھەر تىتەي يامۇلىغا بىر ئىش بىلەن كىرىپ كەتتى. لايلىخان هاجى بۇ ئاسانغا چۈشمەيدىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئانارقىزنىڭ يېنىغا كىردى. قىسقىچە ئەھۋال سوراپ بولغاندىن كېيىن:

—ئانارقىزىم، سىزگە قېچىش پۇرستى كەلدى، بۈگۈن كېچىدە بۇ يەردىن چىقىپ كېتىپ، جاڭگال تەرەپكە تېز قېچىڭ. شۇ يەردە بىرەر رەھىمدىل كىشى يولۇقۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، ئاندىن سىز ئۆز يۇرتىڭىزغا بېرىپ، ئانىڭىز بىلەن دىدارلىشىپ، خەيرلىشىپ، مەخپىي هالدا كىشىگە كۆرۈنمەي ئاقسۇ تەۋەسىگە ئۆتۈپ كېتىڭ، — دەپ ئانارقىزنىڭ قولىغا بەش سەر تەڭگە، بەش نان بېرىپ، —بۇ سىزگە يوللۇقۇم بولسۇن، — دېدى — دە ، ئۇنى ئوردا ئىشىكىدىن چىقىرىپ قاچۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ قاچقانلىقىنى ھېچ كىشى تۇيماي قالدى. ئانارقىز شۇ قاچقىنىچە سوخونىڭ جەنۇبىدىكى قومۇشلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئانارقىزغا ھەمدەم بولىدىغان ھېچ كىشى يوق ، قومۇشلۇقتا ماڭار يولىنى تاپالماستىن سەرگەردان بولۇپ تۇرغان چاغدا ، ما تىتەينىڭ قوي ـ كالىلىرىنى باقىدىغان پادىچىلارنىڭ ئىتلىرىنىڭ قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئانارقىز دەرھال قومۇشلۇقنىڭ شەرقىي تەرىپىگە قاراپ مېڭىپ، تاكى تاڭ ئاتقۇچە تىكەنلىك جاڭگالدا يۈرۈپ، ئەتىسى جاڭگالدا كىشى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ قومۇشلۇق ئىچىدە ياتتى. شۇ هالدا ئانارقىز ئىككى كېچە ـ كۈندۈز قومۇشلۇق ئىچىدە تۇردى. ئۈچۈنچى كۈنى كېچىسى قاتتىق بوران چىقىپ، يۈز ـ كۆزلىرىگە قۇم ـ تۇپراق كىرىپ، نازۇك جىسمى ۋە ھەممە ئەزاسى قۇم ـ ئەخلەتلەرگە كۆمۈلۈپ ، گۈل يۈزى قومۇش ياپرىقىدەك سارغىيىپ

كەتتى.

بۇ قىز ياتىدۇ غەمدە،
قومۇش ئارىسى نەمدە.

سۆزلەشكىلى ھەمدەم يوق،
قايغۇ بىلەن ماتەمدە .

بىچارە ئانارقىز قومۇشلۇق ئىچىدە غەمدە يېتىپ ، ئۇچىنچى كۈنى كۈندۈزدە ئادەملەرنىڭ سۆزلەشكەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى. بۇ سۆزلىشىۋاتقان كىشىلەر تازغۇندىن قومۇش ئورۇغلى كەلگەن دېھقانلار بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە مەزمۇندا سۆزلىشىۋاتاتتى: 《ما تىتەينىڭ كىچىك خوتۇنى قېچىپ كەتكىلى ئۈچ كۈن بولۇپتۇ. ما تىتەي ئېلان چىقىرىپتىمىش، ھەرقانداق كىشى ماتىتەينىڭ كىچىك خوتۇننى تېپىپ بەرسە مەنسەپ بېرىمىش، كىمدە كىم بولسۇن، بۇ ئايالنى ئۆيىدە يوشۇرۇپ قالسا ياكى كۆرۈپ خەۋەر قىلمىسا، ئۇنداق كىشىلەر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنارمىش، بارلىق مال ـ مۈلكى پادىشاھلىق مۈلكىگە ئايلاندۇرۇلارمىش. بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق چېرىك باشلىقى ، شىجاڭلار ، بەگ ، مىراب، بەنتۇر، خانتۇر، بىرلىكتە تامامىي يۇزبېشىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ ، بارلىق يېزا ـ سەھرالارنى ئاختۇرۇپ، ما تىتەينىڭ بۇيرۇقىنى بازارمۇبازار جاكارلاپ يۈرۈپتۇ. بۇ جاكارنى ئاڭلىغان قىسمەن جارا كۆڭۈل كىشىلەر ما تىتەينىڭ قاچقان خوتۇننى تېپىپ مەنسەپكە ئېرىشمىز دەپ يۈرتمۇيۇرت ئات چاپەتۇرۇپ يۈرۈپتۇ》 ئانارقىز قومۇشلۇق ئىچىدە تۇرۇپ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ، قازاغا رىزا بولۇپ، ھايتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، بۇ دۇنيانى ئۆزىگە زىندان دەپ بىلدى.

ما تىتەي يېڭىشەھەر تىتەي يامۇلىدا ئىش بېجىرىپ تۇرغان ھالەتتە، ئانارقىزنىڭ ئوردىدىن قېچىپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان ناھايىتى قاتتىق ئاچچىقلاپ، سوخودىكى ئوردىدا تۇرۇۋاتقان بىرقانچە دەخسەيچى ، كۆزەتچىلەرنى قىسمەن چېرىك باشلىقلىرىنى ئىشكەل بىلەن قاماققا ھۆكۈم قىلغان ۋە ئانارقىزنى تېپىش ھەققىدە بۇيرۇق چىقارغان ئىدى.

بىچارە ئانارقىز قومۇشچىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھاياتىدىن كېچىپ غەم بىلەن بۇ كۈننى ئۆتكۈزدى. كەچ كىرىپ خۇپتەن نامىزى ۋاقتىدا ئاسماندىكى تولۇن ئاي نۇرى پۈتۈن جاڭگالنى يورۇتقان پەيتتە، ئانارقىز بىچارە بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىپ، غېرىپ ئانىسى بىلەن مەڭگۈلۈككە ئايرىلىش جۇدالىق ھەسرىتى بىلەن ئاسماندىكى ئايغا قاراپ مۇنداق دېدى: 《ئەي ئاي، سەن مېنىڭ غېرىب ئانام بار ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە نۇرۇڭنى چاچقىن، مەن غېرىب ناتىۋان

ئانارقىزدىن جاپاكەشتە بولغان، جۇدالىق ئەلەملىرى بىلەن خۇن - زەرداپ يۇتقان يالغۇز ئانام سارىخانغا سالام يەتكۈز. مەن بۇ دۇنيادىن ئۇ دۇنياغا كەتتىم. ئانام مېنىڭ روھىمغا دۇئا قىلسۇن. ۋاي ئانام سارىسان ، مەن سەندىن ئايرىلدىم، سەن مەندىن ئايرىلدىڭ. مەرھۇم دادام بەختىۋاي، سەنمۇ غېرىبلىق، جاپا - ئەلەم بىلەن جۇدالىق تېغىدا ۋاپات بولدۇڭ. مەنمۇ ئەمدى جۇدالىق بايىۋانىدا جۇدالىق ھادىسىسى بىلەن ئەجەل دەرياسىغا غەرق بولدۇق. ئاھ، قېنى مېنىڭ مېھرىبان ئانام! قېنى مېنىڭ غېرىب دادام! ئۇلار گۇۋاھ بولۇپ مېنىڭ تارتقان ئەلەملىرىمنى كۆرسە ئىدى، قانچىلىك ئازابلىق ئەھۋالنى كۆرگەن بولاتتى. ئاھ، ئۇلار بۇ ئەلەملىرىمنى كۆرگەندىن كۆرمىگىنى ياخشىراق. 《

ئانار قىز شۇنداق دېگىنىچە، قومۇشلۇننىڭ جەنۇبىنى كېسىپ ئۆتىدىغان خان ئېرىق دەرياسى بويىغا قاراپ قۇيۇندەك تېز يۈگۈرۈپ كەتتى. ئانارقىز دەريا بويىغا كېلىپ، ئۆزىگە يۈزلەنگەن بالادىن ئۆلۈمنى ياخشى كۆرۈپ، پىغان - ھەسرەت بىلەن يىغلاپ: 《ئاھ ، يالغۇز ئانام! — دەپ ئانىسى بار تەرەپكە قاراپ تەلمۈرگەن ھالدا، — سېنى خۇداغا تاپشۇردۇم》 دېدى دە، قاتتىق بىر ئاھ - ھەسرەت بىلەن پاك تېنىنى خانئېرىق دەرياسىغا سىيلدۇرۇپ قويۇپ بەردى.

بۇ ۋاقىت كۈزنىڭ ئاخىرلاشقان ۋاقتى، يەنى 12 - ئاينىڭ بېشى بولۇپ ، دەريا سۇلىرى قار مۇز بىلەن ئارىلىشىپ ئېقىپ تۇرغان كۈنلەر ئىدى. يېزا - قىشلاقلار كۆكە تۇتىدىغان سۇلىرىنى دەرياغا قويۇپ بېرىدىغان ۋاقىت بولغاچقا، دەريادا سۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئانارقىز دەرياغا چۈشۈش بىلەن ئۇنىڭ تېنىنى قار - مۇزلار يۆگەپ يۇتۇپ ئېلىپ كەتتى. بۇ دەھشەتلىك ۋەقەگە گۇۋاھ بولغۇچى ئۇچار قۇشلار دەريا بويىلاپ قانات قېقىپ، تۈرلۈك ئاۋازلار بىلەن سايرىشىپ، ئانارقىزغا ماتەمدە بولدى. بۇ يەرگە قومۇش ئورۇش ئۈچۈن كېلىپ، قومۇشلۇقتا قونۇپ قومۇش ئورىدىغان دېھقانلار ئۇچار قۇشلارنىڭ كېچىدىكى غەلىتە ھەرىكەتلىرىگە قاراپ، بىر خىل قورقۇنچلۇق ۋەقەنىڭ سادىر بولغانلىقىنى ھېس قىلىشتى.

بولدى ئاجايىپ سۈرلۈك قومۇشلۇق،
قاتتىق سادالار ھەم قورقۇنچلۇق.

جاڭگالدا تىترەر قومۇش چېقىنداق(بىر خىل ئۆسۈملۈك(،
بۇلۇتلۇق كۆكتىن چۈشمەس يورۇقلۇق.

بۇ دەشت - باياۋان تولغان ساداغا،

تورغاي، قىرغاۋۇل پەريادى كۆچلۈك.

توغراق بېشدا قىقاسۇ پەرياد،
چۈغۈندەك، پاختەك، قارغا، ھۇۋقۇشلۇق.

دەريا سۈيىمۇ ئۆركەشلىگەن ھال،
جاڭگال ـ باياۋان ماتەم تۇتۇشلۇق.

جاڭگالدا تۇرغان كالا ۋە قويلار،
سەكرەپ ۋە ئىرغاپ مۆ دەپ بېھوشلۇق.

جاڭگالدا قونغان قومۇشچى دېھقان،
قورقۇنچىدىن يوق كۆزى يۇمۇشلۇق.

بۇنداق ۋەقە بولمىغاندۇر ھېچ،
بۇ سىر ھېچكىمگە بولماس ئۇقۇشلۇق.

كەتتى جاھاندىن ئەپسۇس ئانارقىز،
دەريا بويىدا ماتەم تۇتۇشلۇق.

ماتتەيىنىڭ جاللاتلىرى ئانارقىزنى ئىزدەپ ھېچقانداق يەردىن تاپالماي، بىرقانچىلىغان بىگۇناھ ئادەملەرنى گۇمان بىلەن تۇتۇپ قاماپ قويىدى.ئانارقىزنى تاپالمىغىنىغا ئاچچىقلىنىپ ناھايىتى چېچىلغان ماتتەي بۇ ئىشنى ناھايىتى مەخپىي تۇتتى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىرىنچىدىن قەشقەردىكى ئىككى خارجى كونسۇل (سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى بىلەن ئەنگلىيە كونسۇلى (دىن نومۇس قىلدى؛ ئىككىنچىدىن ماتتەيگە قارشى كىشىلەر ئانارقىزنى ئۇرۇمچىگە ئېلىپ بېرىپ، ياڭ زېڭشىن ئالدىدا مېنى ئەيىبلەپ ئوسال قىلارمۇ دېگەن ئەندىشىدە بولدى.

مەرھۇم پاك جىسىملىق، ساپ كۆڭۈل ئانارقىزنىڭ قەستىنى خانئېرىق دەرياسىنىڭ سۈيى ئېقىتىپ، دەريانىڭ ئايىغىدىكى 《شاۋاز كۆۋرۈكى》 نىڭ قوزۇقلىرىغا چىرماشتۇرۇپ قويغان ئىدى. ئارىدا 2 ـ 3 ئاي ئۆتۈپ ھاۋا ئىسسىدى. جاھان سېرىق ئاپتاپ بولۇپ، دەريادىكى مۇزلار ئېرىپ، سۇلار ئۆز ھالى

بلەن ئېقشقا باشلىغان مەزگىلدە ياپچان، يېڭىسارلىق يولۇچىلار كۆۋرۈك ئۈستىدىن ئۆتتۈۋېتىپ، بىر ئايالنىڭ قوزۇققا چىرمىشىپ قالغان جەسىتىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ جەسەتنىڭ چاچلىرى سۇدا لەرزان يەلپۈنۈپ، دەريانىڭ قىرغانلىرىغا ئۈنگەن قىياق مايسىسىدەك لەيلەپ تۇراتتى .بىرنەچچەيلەن كۆۋرۈك ئاستىغا چۈشۈپ، جەسەتنى قوزۇقتىن ئاجرىتىپ ئېلىپ، كۆتۈرۈپ قىرغاققا چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر جۈۋان بالا ئىكەن. بۇنى كۆرگەن يولۇچىلار ئىچ ئاغرىتىپ: 《بۇ كىمدۇ؟》 دەپ تونۇيالماي ھەيران بولۇشتى.

قاراپ باقسا تولۇن ئايدەك قىز يېتىپتۇ،
ئۆزى نازۇك ، قىزىلگۈلدەك يۈز يېتىپتۇ.

ۋۇجۇدىدا دەرد ـ ئەلەمنىڭ زەخمىتى كۆپ،
سۇزۇك بەدەن ، قارا قاشۇ كۆز يېتىپتۇ.

قوزۇققا چىرمىشىپتۇ بۇ ھۆرى تەلئەت،
ئۈنىڭ جىسمىنى ئوراپ مۇز يېتىپتۇ.

بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان مۇشۇ ئەتراپتىكى دېھقانلار كېلىپ، جەسەتنىڭ كىيىملىرى بىرئاز ئازادە تۇرغان ھالەتتى كۆرۈپ، يۈز بېشى، بەگلەرگە مەلۇم قىلىشتى. تازغۇنلۇق نىيازبەگ كېلىپ كۆرۈپ ۋە پەم پاراسەت بىلەن سىزىپ:《بۇ ، ماتتەينىڭ قاچقان خوتۇنى بولسا كېرەك》 دەپ فەن لۈڭگەنگە مەلۇم قىلدى. فەن لۈڭگەن كېلىپ ئانارقىزنى تونۇپ، ماتتەيگە خەۋەر قىلدى. ما تتەي ئەھۋالنى ئۇقۇپ نومۇس قىلىپ، مەرھۇمە ئانارقىزنىڭ جەستىنى 《شاۋاز كۆۋرۈكى》 نىڭ شىمالىدىكى 《 جاڭگال مازار》 غا دەپنە قىلدۇرۇپ: 《 بۇ ھەقتە گەپ ـ سۆز تارقاتقانلارنى ئاڭلىسام تۇتۇپ تىلىنى كېسىمەن》 دەپ بەگ ، يۈزبېشىلەرگە قاتتىق تاپشۇرۇق قىلدى. مەرھۇمە ئانارقىزنىڭ جەستىنى كۆرگەن ۋە ئۇنى سۇدىن چىقىرىپ ئالغان يولۇچىلارنىڭ قىسمەنلىرى يېڭىسارلىق ئىدى. ئۇلار يېڭىسارغا قايتقاندىن كېيىن، 《شاۋاز كۆۋرۈكى》 دە تېپىلغان جەسەت ۋەقەسىنى كىشىلەرگە سۆزلەپ تارقىتىۋەتتى. بۇ خەۋەر قۇلاقتىن ـ قۇلاققا ئاڭلاندى.

سارىخان بىچارە ئانارقىزنىڭ ۋاپات بولغان خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، نالە ـ پەرياد قىلىپ يىغلىغانچە يۇرتىدىن چىقىپ پىيادە مېڭىپ 《شاۋاز كۆۋرۈكى》 گە يېتىپ كەلدى. بۇ جايدا كىشىلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ ۋە ئەھۋالنى ئۇقۇپ، يىغلىغانچە ئۆزىنى كاچاتلاپ پەرياد قىلىپ، مەرھۇمە

ئانارقىز دەپنە قىلىنغان 《جاڭگال مازار》غا يېتىپ كەلدى. ئۇ، ئانار قىزنىڭ قەبرىسىنى قۇچاقلاپ پەرياد كۆتۈرۈپ، گاھى هوشىدىن كېتىپ، گاھى هوشىغا كېلىپ، بىر قانچە كۈن قەبرىستانلىقتا ياتتى. سارىخاننىڭ بۇ هالىدىن شۇ ئەتراپتا ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەر بىخەۋەر ئىدى. مازار ئارىلاپ ئۆتكەن قىسمەن يولۇچىلار سارىخانغا نان ـ پان بېرىشتى. بۇ جەرياندا سارىخاننىڭ تېنى زەئىپلىشىپ كەتتى.

بىر كېچىسى سارىخان قىزنىڭ قەبرىسىگە يۆلىنىپ ئۇيقۇغا كېتىپ، چۈشىدە ئانارقىزنى كۆردى. ئانارقىزنىڭ هۆسن ـ جامالى ناهايىتى گۈزەل، چاچلىرى بېلىگە چۈشكەن، قولىدا بىر دەستە گۈل بار، ئۇ ئانىسى سارىخانغا قاراپ 》 :هەي ئانا، سېنى تولا سېغىندىم. مەن يولۇڭغا ئىنتىزار، سەن پاتراق يېنىمغا كەل 《دەپلا غايىپ بولدى، سارىخان بۇ چۈشنى كۆرۈپ ئويغىنىپ ، يۈرەك ـ باغرى ئېرىپ سۇ بولدى، ئۆزى دەرمانسىزلىنىپ ئورنىدىن تۇرالماي قەبرىستانلىقتا يېتىپ قالدى.

تاڭ ئېتىشى بىلەن بىر جۈپ ئەر ـ ئايال قەبرىستانلىققا كېلىپ، قۇرئان ـ تىلاۋەت قىلىپ دۇئا ياندۇرغاندىن كېيىن، بىر ئايالنىڭ قەبرىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغانلىقنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئەهۋال سورىدى. سارىخان بولغان ۋەقەلەرنى قىسقىچە سۆزلەپ كېلىپ ، بۈگۈن كۆرگەن چۈشنى ئۇلارغا ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئاغزىدىن لەختە ـ لەختە قان كېلىپ، ئانارقىزنىڭ قەبرىسىگە بېشىنى قويۇپ جان ئۈزدى. بۇ هالنى كۆرگەن ئەر ـ ئايال دەرهال يۇرتقا خەۋەر قىلدى. جامائەت يىغىلىپ، سارىخاننى يۇيۇپ ـ تاراپ ۋە نامىزىنى چۈشۈرۈپ، مەرهۇمە ئانارقىزنىڭ قەبرىسى يېنىغا دەپنە قىلدى. بۇ ئانا ـ بالا ئىككى دەردمەن قوش قەبرە ئىچىدە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى.

# ئاخىرقى سۆز

هەقىقەت يولىدا قۇربان بولغۇچى قىزلاردىن قەشقەر ۋىلايىتىدە ئىككى نەپەر ۋاپادار ، پاك روهلۇق ئىنساق ئۆتكەن. ئۇنىڭ بىرسى، يېڭىشەهەر ناهىيە باتوقايدىن چىققان رابىيە ئۆز سۆيگىنى سەيدىنگە ۋاپادارلىقى بىلەن ئۆزىنى تەلۋىچۈك دەرياسىغا تاشلاپ ۋاپا يولىدا ۋاپات بولغان ئىدى. بۇ ۋەقە ئۆتمۈشتە ئابدۇرېهىم نىزارى قەلىمىنىڭ سايرىشى بىلەن يېزىلغان ۋە سەهنىلەشتۈرۈلگەن . ئىككىنچىسى ، مانا بۇ بۇ ئانارقىز پاجىئەسى بولۇپ، رابىيە ـ سەيدىدىن بىلەن ئانارخان پاجىئەسى بىر ـ بىرىدىن قېلىشمايدىغان ھەسرەتلىك ، يادىكارلىق ھېكايىلاردۇر.

ئانارقىزنى ئالداپ، ماتتەيگە سوۋغا قىلغان هېلىقى يېڭىسارلىق بەگ ئۇزاق ئۆتمەي پارالىچ كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ، بىرقانچە يىل داۋالىنىپمۇ ساقىيالماي، خارلىق تارتىپ ئۆلدى. بۇ مۇناپىق بەگنىڭ

جەستىگە يۇرت ئەھلى لەنەت ـ نەپرەت بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا خەلققە سالغان زۇلۇملىرىنى بىرمۇ بىر ئەسلەشتى.

ئانارقىزنى مەجبۇرىي تۇتۇپ تۆھپىگە،
سولاپ بەردى مەلئۇن تاۋار كۆرپىگە.

ئانارقىز قىساسى بۇ مەلئۇنغا ھەق،
لەنەت قىلدى ئۇنىڭغا جىمكى خەلق.

مەرھۇمە ئانارقىز ئۆزىنى تاشلىغان دەريا بويىدىكى قومۇشلۇقتا بەش كۈن يېتىپ ـ قوپۇپ قومۇش ئورۇغان تازغۇن يېزا تار ئازاقلىق قەيسەر، ئۆستەڭبويىلىق سەلەي بوۋاي ئاشۇ كېچىدە يۈز بەرگەن پاجىئەنى كۆرگەن بولسىمۇ، ھېچبىر ئىلاجىنى قىلالمىغان. ئۇلار بۇ سىرنى ھېچ كىشىگە دېمەي، تاكى ماتتەي ئۆلگەندىن كېيىن باشقىلارغا سۆزلەپ بەرگەن.

بۇ ۋەقەدىن 11 ئاي ئۆتكەندە ، ما تىتەيگە ئۆلۈم بۆھرانى يۈزلەندى . ماتتەي ياڭ زېڭشىنغا بوسۇنماي، چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن قەشقەردە ئۆزى بەگ ـ ئۆزى خان بولۇۋالغان ئىدى. ئەينى چاغدىكى قەشقەر ۋالىيسى جۇرۇيىچى بىلەن قەشقەر كونشەھەر ئامبىلى ما شاۋۋۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق زىددىيەت بولغاچقا ، ماتتەي بۇ ئەھۋالنى ياڭ زېڭشىنغا مەلۇم قىلمايلا، ئۇلارنىڭ ئەملىنى ئېلىپ تاشلاپ، تامغىسنى تارتىۋېلىپ، قەشقەردىن ھەيدەپ چىقارغان .ياڭ زېڭشىن بۇ ئەھۋالنى ئۇققان بولسىمۇ، لېكىن ما تىتەيگە گېپىنى ئۆتكۈزەلمەي ئىلاجسىز ھالدا جۇرۇيىچىنى ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى ، ما شاۋۋۇنى ئۈچتۇرپان ئامبىلى قىلىپ تەيىنلىگەن.

ياڭ زېڭشىن بىر مەزگىلدىن كېيىن ، ماتتەينى يوقىتىش ئۈچۈن ، ئۈچتۇرپان ئامبىلى ما شاۋۋۇغا مەخپىي بۇيرۇق بېرىپ، ئۇنى قوراللاندۇرۇپ، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدۇرغان ما شاۋۋۇ ـ 1924 يىل 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ماتتەينى تۇتۇپ ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىجرا قىلغان. ماتتەينىڭ جەستىگە 18 پاي ئوق ئېتىلىپ، بىرقانچە كۈن دارغا ئېسىلغان. ئۇنىڭ توپلىغان بارلىق مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ ، ۋەيران بولغان.

قىلاي پاش ئەمدى ماتتەي دېگەن زالىمنى مەككارنى،
قىلىپ يالغان مۇسۇلمانلىق ، يوقاتقان ئۇ نومۇس ـ ئارنى.

هۆكۈم سۈرگەن ئىدى ئون يىل بولۇپ پىرئەۋنىن كەبى ياۋۇز،
يالاپ قەشقەر ۋىلايەتنى ، يەنە ھەم تويمىغان قارنى.

ھاشارغا تۈتۈلۈپ پۇقرا ياغاچ - تاشنى يۈدۈپ ھارماي،
توشۇپ سوخۇغا يول ئالغان كېچىپ يامغۇر بىلەن قارنى.

ئېرىق - ئۆستەڭ ئېلىپ سايدىن تۆگۈرمەن - سوقىلار چۆرۈپ،
تىتەيگە ئىشلىگەن كۈن - تۈن توسۇپ ئۆستەڭ بىلەن يارنى.

تولا ئالۋان كېلىپ پۇقرا تۈرالماي ئۆيدە بىر كۈن،
قېچىپ تاغۇ باياۋانغا، ماكان قىلغان يوچۇن غارنى.

تىتەينىڭ نامىغا ئۆتكەن ھېسابسىز يەر - زېمىن ، ئۆي - جاي،
كۈمۈش - ئالتۇنغا تولدۇرغان سېلىپ بىرقانچە ئامبارنى.

كىشىنىڭ بىر چىرايلىق خاتۇنى يا قىزىنى كۆرسە،
ھايا قىلماي》 ماڭا بەر》 دەپ ئەۋەتكەن غالچا - ھەمكارنى.

قارا لايىنى 《 ئېسىل موم 》 دەپ ھۇنەرۋەنگە سېتىپ زورلاپ،
ئامانلىق بەرمىگەن قاچ - قاچ قىلىپ ھەر ھەپتە بازارنى.

زۇلۇم دەستىدە پۇقرالار ئېتىلغان، گۇندىغا چۈشكەن،
كىشەن - زەنجىرگە بەنت بولۇپ گۇناھسىز يىگەن ئازارنى.

كېسەل چاپلاشسا بۇ جانغا شەھەر سەھرادا دوختۇر يوق،
كۆرۈڭلار ھەر تاماندا ئاۋۇغان قەبرىنى ، مازارنى.

جاھالەت بىرلە تولغان يۇرت، مائارىپتىن ئەسەر يوقتۇر،
ئوغۇل ياشلار كەسىپ ئەتكەن نەشە، ئەپيۇننى ، قىمارنى.

مانا ئاخىر بۇ پەلىد ئىتنىڭ پەيمانى تولۇپ تاشتى،
ئەجەل ئوقى كېلىپ تەگدى، ئاڭا تىكلەپ ئېگىز دارنى.

## كىلىش مەنبە:
## ئەپەندىم مۇنبىرى

# 9ـ بىر خەنىنىڭ سەپسەتىسى: ئەبەدىي مۇقۇملۇق ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنى پۈتۈن جۇڭگوغا تارقاقلاشتۇرۇۋېتىش كېرەك

**زور مىقداردىكى ئۇيغۇرلارنى ئىچكىرىدە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغاندىلا ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ**

**ـ ۋاڭ دا خاۋ ـ**

**ـ ئىلنازە تەرجىمىسى –**

ئەسلى تېما: شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تارقاق ئولتۇراقلىشىشى دۆلىتىمىز ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسى ـــــ مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە شىنجاڭ ئازسانلىق مىللەتلىرى فورماتسىيىسى(ئىجتىمائىي رايون) «جۇڭخۇا كوچىسى» بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى مۇلاھىزە

## قىسقىچە بايان

شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر ۋە ئىچكىرىدىكىلەرنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش، دۆلەتنى تونۇش ئېڭىنى كۈچەيتىش،مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش،دۆلىتىمىزنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىدىكى نوپۇس زىچ ئولتۇراقلاشقان، ئىقتىسادى كۈچى بىر قەدەر كۈچلۈك ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 1000 شەھەرنى تاللاپ، شىنجاڭ ئازسانلىق مىللەتلىرى فورماتسىيىسى بەرپا قىلىپ، بىر تۇتاش «جۇڭخۇا كوچىسى» دەپ نام بېرىپ، شىنجاڭ ئازسانلىق مىللەتلىرىنىڭ «جۇڭخۇا كوچىسى»غا

كۆچۈپ ئولتۇراقلىششى، تۇرمۇش كەچۈرۈشكە پىلانلىق، تەشكىللىك يەكچىلىك قىلىش تەكلىپىنى بېرىمەن.
«جۇڭخۇا كوچىسى»نىڭ يادرولۇق قۇرۇلۇشى،مەخسۇس شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، مىللىيچە قول، ھۈنەر-سەنئەت بويۇملىرى سېتىلىدىغان ئۈنۈۋېرسال بازار ۋە مۇسۇلمانچە يېمەك-ئىچمەك كوچىسى بولۇپ،تىجارەتچىلەر ئاساسەن شىنجاڭدىن كەلگەن ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرى؛شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «جۇڭخۇا كوچىسى»دا مېھمانخانا، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە كارخانىلارنىڭ شۇجايدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى تەسىس قىلىنىپ، فورماتسىيىنىڭ ھەرخىل تۇرمۇش ۋە مۇلازىمەت مۇئەسسەسەلىرى مۇكەممەل بولىدۇ.

## ئاساسى ئىدىيە

مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مىللەتلەر مەنپەئەت قۇرۇلمىسىنى ياخشىلىماق زۆرۈر.پەقەت مىللەتلەر مەنپەئەت قۇرۇلمىسىنى ياخشىلىغاندىلا، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تۈپتىن ياخشىلىغىلى بولىدۇ.مىللەتلەر مەنپەئەت قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش،مەنپەئەت قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق مىللەتلەر ئېھتىياجىنى ئۆزگەرتىش، بىر تەرەپنىڭ ئېھتىياجىنى ئىككى تەرەپنىڭ ئېھتىياجىغا، پاسسىپ ئېھتىياجنى ئاكتىپ ئېھتىياجغا، تاشقى ئېھتىياجنى ئىچكى ئېھتىياجغا، سۇبيېكت ئېھتىياجنى ئوبيېكتىپ ئېھتىياجغا، ئۆزئارا زىيانلىق ئېھتىياجنى ئۆزئارا پايدىلىق ئېھتىياجغا ئۆزگەرتىش.
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تۈپتىن قوغداش ئۈچۈن، ئاۋۋال چوقۇم دۆلەت مەنپەئەت قورۇلمىسىنى ئىلمىي، مۇۋاپىق، ئەتراپلىق پىلانلاش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك، ھەرقايسى مىللەتلەت ئوتتۇرىسىدا يۈكسەك دەرىجىدە قارشى تەرەپنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، مىللەتلەر مەنپەئىتى يۈكسەك بىرلەشكەن مەنپەئەت قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلىش. بولمايدىكەن، مىللەتلەت ئىتتىپاقلىقى يىلتىزسىز دەرەخ،مەنبەسىز سۇدۇر.
ئەگەر ئىككى مىللەتنىڭ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ماكانى ئۆزئارا بىكىنمە ھالەتتە، چەك-چېگراسى ئېنىق ئايرىلغان، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى بىر خىل ماددىي ئالماشتۇرۇش ۋە ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشقا قارىتا يۈكسەك ئېھتىياج بولمىغان مەنپەئەت قۇرۇلمىسى بولسا، ئۇنداقتا بۇ ئىككى مىللەت ئارىسىدا ئاسانلا توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ.ئەكسىچە، ئەگەر بۇ ئىككى مىللەت ئوخشاش بىر ماكاندا تۇرمۇش كەچۈرسە، بۆلۈنۈش ۋە بېكىنىۋېلىش تەس بولىدۇ،ئۆزئارا مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ماددىي ۋە ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشقا يۈكسەك ئېھتىياج بولغان مەنپەئەت قۇرۇلمىسى بولىدۇ-دە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى

قوغداش مۇقەررەر هالدا بۇ ئىككى مىللەتنىڭ ئورتاق تالىلىشى بولۇپ قالىدۇ.
مىللەتلەر مەنپەئەت قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك ھەمدە زىچ ھالدا ئۇچراشتۇرۇشى لازىم،ئاكتىپ ۋە تولۇق ئالاقە باغلاش، ئۇچرىشىش ۋە ئالاقە باغلاشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بارلىق توسالغۇلارنى يوقىتىش،ئادىل ئۇچرىشىش ۋە ئالاقە باغلايدىغان سەھنە يارىتىش كېرەك،مۇشۇنداق قىلغاندىلا مىللەتلەر مەنپەئەتىنىڭ بىرلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.
شىنجاڭنىڭ تىنىچ ئازاد بولغىنىغا 60 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، نۇرغۇن جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ جايلىشىشى يەنىلا مىللەتلەر ئارا «توخۇلىرىنىڭ چىللىشى، ئىتلىرىنىڭ قاۋىشى ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ، ئۆمۈرۋايەت بېرىش كېلىش قىلماسلىق» تەك بېكىنمە ھالەتتە. بۇگۈنگە قەدەر دۆلىتىمىزدە ئىلمىي مۇۋاپىق بولغان مىللەتلەر مەنپەئەت قۇرۇلمىسى ھاسىل بولغىنى يوق،بۇ دۆلىتىمىزنىڭ زور ئىستراتېگىيىلىك خاتالىقى، 60 يىل ئالتۇن ۋاقىت بىكاردىن-بىكارغا ئىسراپ بولۇپ كەتتى. يېقىنقى 30 يىلدا، شىنجاڭدا«ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ئۇزۇلمىدى، بەلكى يۇقىرى ئۆرلەشكە(زورىيىشقا) يۈزلەندى.بۇ مىللەتلەر مەنپەئەتىنىڭ بىرلىشىشىگە ئۇزاق مۇددەت توسقۇنلۇق قىلغان دۆلىتىمىز مىللەتلەر مەنپەئەت قورۇلمىسى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. 60 نەچچە يىلدىن بېرى، شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر ئىزچىل زىيادە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ھالىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە. مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خەنزۇلار توپى بىلەن يۈزمۇيۈز، ئادەتتىكىدەك، بىۋاستە ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش ۋە مەنپەئەتتە تۇرتكە بولۇش كەمچىل. بۇ خىل ۋەزىيەتنىڭ يوشۇرۇن خەۋپى چەكسىز، يەنە مۆھلەتسىز داۋاملاشتۇرىۋېرىشكە بولمايدۇ.
شىنجاڭدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، موڭغۇل، تاجىك، شىبە، مانجۇ، ئۆز※بېك، رۇس، داغۇر ۋە تاتار قاتارلىق 13 مىللەت ئولتۇراقلاشقان. تەبىئەت ۋە تارىخ قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى، كۆپ ساندىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ كىشىلىرى بىر ئۆمۈر دىگۈدەك شىنجاڭدىن، ھەتتاكى تۇغۇلغان يۇرتىدىن ئايرىلىپ باقمىغان، ئۇلار كىچىكىدىن باشلاپلا بىرقەدەر بېكىنمە ۋە مۇستەقىل رايونلاردا تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بولۇپ، ئاھالىنىڭ ئېقىش ئاكتىپچانلىقى يېتەرسىز. ئاساسەن خەنزۇلارنى كۆرەلمەيدىغان مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، خەنزۇلار بىلەن بىۋاستە مەنپەئەت مۇناسىۋىتى كەمچىل. بۇنداق مۇھىتتا مىللەتلەر ئارا توسۇق پەردىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. دۆلەتنى تونۇش ئېڭى نىسبەتەن ئاجىز، ئاسانلا «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.بۇنداق كۆن كەچۈرۈش ھالىتى ۋە مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ جايلىشىش قۇرۇلمىسى شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ئېغىر دەرىجىدە چەكلەپلا قالماي، يەنە دۆلەتنى تونۇش ئېڭى ھەمدە ۋەتەننى سۆيۈش مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچىگە زور دەرىجىدە كاشىلا بولىدۇ.
شىنجاڭدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە قاتتىق تەھدىت سالدى.

«ئۆچ خىل كۈچ» كە يۇقىرى بېسىم بىلەن قاتتىق زەربە بېرىش ھالىتىنى ساقلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، زور كۈچ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، «ئۆچ خىل كۈچ»نىڭ تەسىرىنى چەكلەشكە مەلۇم دەرىجىدە پايدىلىق بولسىمۇ، لېكىن مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلالمايدۇ، چوقۇم يەنە دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېقىشى ۋە جايلىشىشىغا قارىتا ئەتراپلىق لايىھە تۈزۈپ چىقىش لازىم، مەنپەئەتنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، مىللەتلەر مەنپەئەت قۇرۇلمىسىنى ئىلمىي تەڭشەش ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرى قوشۇلۇپ ئايرىلماس مەنپەئەت مۇناسىۋىتى، مىللەت مۇناسىۋىتى ھاسىل قىلىش، ھەمدە ھېچكىم ھېچكىمدىن ئايرىلالماسلىقتەك مىللەت مەنپەئەت قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم، پەقەت مۇشۇلارلا دۆلىتىمىزنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئاساسىي كاپالەتتۇر.

نۆۋەتتە، شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئولتۇراقلىشىش سانى ناھايىتى ئاز. شىنجاڭدىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ ئاز سانلىق مىللەت ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇيغۇرلار پۈتۈن مەملىكەتتىكى 31 ئۆلكە،ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشقان، ئاساسلىق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، جەمئىي 8345600 ئادەم، ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ 99.36 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

بۇندىن باشقا، ئۇيغۇرلار باشقا رايونلارغا جايلاشقان، خۇنەن، خېنەن، گۇاڭدۇڭ، جياڭشى، سىچۈەن ۋە بېيجىڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 2000 دىن ئاشىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە شىنجاڭ ئازسانلىق مىللەتلىرى فورماتسىيىسى(ئىجتىمائىي رايون) «جۇڭخۇا كوچىسى» بەرپا قىلىش بولسا، «جۇڭخۇا كوچىسى» نى شىنجاڭنىڭ ئىچى ۋە سىرتى ئادەم، ئەشيا ئوبوروت ۋە ئىنفورماتسىيە (ئۇچۇر) ئالماشتۇرۇش سەھنىسى قىلىپ ياساش ۋاستىسى بىلەن شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدا كەڭ كۆلەملىك، چەمبەرچاس مەنپەئەت مۇناسىۋىتى شەكىللەندۈرۈش،ئىقتىسادىي مەنپەئەتنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش ئارقىلىق دۆلەتنى تونۇش ئېڭىنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئەمەلىي مەنپەئەت ۋاستىسى ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرگە شىنجاڭ بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ ئايرىلماس مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. مەنپەئەت تونۇشىنىڭ ئاساسىدۇر، ئۆزئارا يۈكسەك بېقىندى مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بولمىسا، ھەرقانداق ئاتالمىش «تونۇش تەربىيىسى» دەرەخ بېشىدىن بېلىق ئىزدىگەنلىكتۇر(بىھۇدە، مەنىسىزدۇر).

## «جۇڭخۇا كوچىسى» مۇلاھىزىسى

نۆۋەتتىكى پۈتۈن مەملىكەت شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئاساسىدا، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئۇسۇلىدا يېڭىچە ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېڭىلىق يارىتىش، «جۇڭخۇا كوچىسى قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇش يەنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىدىكى نوپۇس زىچ ئولتۇراقلاشقان، ئىقتىسادى كۈچى بىر قەدەر كۈچلۈك ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 1000 شەھەرنى تاللاپ، شىنجاڭ ئازسانلىق مىللەتلىرى فورماتسىيىسى بەرپا قىلىپ، بىر تۇتاش «جۇڭخۇا كوچىسى» دەپ نام بېرىپ، شىنجاڭ ئازسانلىق مىللەتلىرىنىڭ «جۇڭخۇا كوچىسى»غا كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىشى، تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە پىلانلىق، تەشكىللىك يەككىلىك قىلىش.

[ ئالاقدار ماتېرىيال: 2010-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن مەملىكەتتە جەمئىي 34 ئۆلكە دەرىجىلىك مەمۇري رايون ( تۆت بىۋاستە قاراشلىق شەھەر، 23 ئۆلكە، بەش ئاپتونوم رايون، ئىككى ئالاھىدە مەمۇري رايون )، 333 يەرلىك دەرىجىلىك مەمۇري ئورگان ( 283 يەرلىك دەرىجىلىك شەھەر، 17 ۋىلايەت، 30 ئاپتونوم ئوبلاست، ئۈچ ئايماق )، 2856 ناھىيە دەرىجىلىك مەمۇري ئورگان ( 853 شەھەرگە قاراشلىق رايون، 370 ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر، 1461 ناھىيە، 117 ئاپتونوم ناھىيە، 49 خوشۇن، ئۈچ ئاپتونوم خوشۇن، ئىككى ئالاھىدە رايون، بىر ئورمان رايون ).]

«جۇڭخۇا كوچىسى»غا ئىشلىتىلىدىغان يەر ھەمدە مەبلەغنى ھەرقايسى قۇرۇلۇشقا ياردەم بېرىدىغان ئۆلكىلەر ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ ۋە مەسئۇل بولىدۇ، ئورتاق باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ياردەم بېرىدىغان تەرەپ باج يىغىش دائىرىسىدىن بەھر ئالسا بولىدۇ.

«جۇڭخۇا كوچىسى»نىڭ يادرولۇق قۇرۇلۇشى،مەخسۇس شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، مىللىيچە قول، ھۈنەر-سەنئەت بويۇملىرى سېتىلىدىغان ئۇنۇۋېرسال بازار ۋە مۇسۇلمانچە يېمەك-ئىچمەك كوچىسى بولۇپ،تىجارەتچىلەر ئاساسەن شىنجاڭدىن كەلگەن ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرى، پايدا زىيىنىغا ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ؛شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «جۇڭخۇا كوچىسى»دا مېھمانخانا، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە كارخانىلارنىڭ شۇجايدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى تەسىس قىلىنىدۇ؛ «جۇڭخۇا كوچىسى»غا مەسچىت سېلىنمايدۇ، كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىشنى خالايدىغانلار چوقۇم بۇ شەرتنى قوبۇل قىلىشى كېرەك، فورماتسىيىنىڭ باشقا ھەرخىل تۇرمۇش ۋە مۇلازىمەت مۇئەسسەسەلىرى مۇكەممەل بولىدۇ.

«جۇڭخۇا كوچىسى» فورماتسىيىسى ئاھالىسىنىڭ 70 پىرسەنتتىن كۆپرەكى ئۇيغۇرلار، بۇلار ئاساسلىقى جەنۇبى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت،ئوبلاستلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇرلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. كۆپ ساندىكىلىرى 45 ياشتىن تۆۋەن بولسا مۇۋاپىق، 30 ياشتىن تۆۋەن ياشلارنى ئاساسى ئورۇنغا

قويۇلدۇ،چۈنكى بۇ ياشتىكىلەر يېڭى مۇھىتقا ئەڭ ئاسان ماسلىشالايدۇ.
«جۇڭخۇا كوچىسى» غا كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىدىغان كىشىلەرنى شىنجاڭدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت قاتتىق تەكشۈرۈپ تاللايدۇ، پارتىيە ئەزالىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىسى، سەپتىن چېكىنگەن ھەربىيلەر، تىرورلۇق ۋەقەلەردە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قازا قىلغانلار ئالدىن تاللىنىدۇ؛ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان، جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئارخىپى بارلار ياكى ناچار قىزىقىشى بارلار بىردەك كۆچۈپ كىرىشكە بولمايدۇ، كىرىش ئېغىزىنى قاتتىق كونترول قىلىپ، «جۇڭخۇا كوچىسى»دا خىزمەت قىلىدىغان ۋە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ھەربىر شىنجاڭلىق كىشىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاقكۆڭۈل دوستانە، قائىدە-قانۇنلارغا رىئايە قىلىدىغان، بايرىقى روشەن، ئاڭلىق ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەمدە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىيالايدىغان كىشىلەردىن ئىكەنلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم.
كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەنلەر 60 كۋادىراتتىن چوڭ ئەرزان ئىجارىلىك ئۆيلەردىن بەھرىمان بولىدۇ، ئايلىق ئىجارە ھەققى 50 يۈەندىن 100 يۈەنگىچە؛ ئەگەر شۇجايدىكى دوختۇرخانىلاردا بالا تۇغسا، پەقەت پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە ئۇيغۇن بولسىلا، تۇغۇت خىراجىتى بىلەن تولۇق تەمىنلىنىدۇ؛ كۆچۈپ ئوتۇراقلاشقانلار ئەسلى يۇرتىنى ساقلاپ قالسا، ھەرۋاقىت شىنجاڭغا قايتىپ تۇرمۇش كەچۈرسە بولىدۇ، ئۆز خاھىشى بويىچە شۇ جايدا رويىخەتكە ئالدۇرسىمۇ بولىدۇ.
«جۇڭخۇا كوچىسى» نىڭ شىنجاڭلىق ئاققۇن نوپۇسلارنى ئىدارە قىلىدىغان ئىقتىدارى بولۇپ، 1000 «جۇڭخۇا كوچىسى» غايەت زور ھەمدە ئەتراپلىق، تورلاشقان شىنجاڭلىق ئاققۇن نوپۇسلارنى ئىدارە قىلىدىغان سىستېمىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەرۋاقىت ئاققۇن نوپۇسلارنىڭ ئۇچۇرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدۇ.
«جۇڭخۇا كوچىسى» كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقانلارغا «بىرلىكلەشتۈرۈش» بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ياخشى بولغان مۇقىملىقنى قوغداش سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىدۇ، شىنجاڭلىق ساقچىلارنى كۆندىلىك ئىجتىمائىي تەرتىپنى ساقلاشقا ئەۋەتىدۇ، « بىنورمال كىشىلەرنى» ئەتراپلىق نازارەت قىلىپ، «جۇڭخۇا كوچىسى»نى «ئۈچ خىل كۈچ»نى ئۈزۈپ تاشلىغان، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە سىڭىپ كىرگەن قاراۋۇلخانا ۋە مۇداپىئە سېپىگە ئايلاندۇرىدۇ؛ «جۇڭخۇا كوچىسى»غا كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقان شىنجاڭلىق كىشىلەرگە قارىتا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ياكى ناچار قىلمىشى بايقالغان ھەرقانداق بىرى بىردەك ئەسلى يۇرتىغا قايتۇرىلىدۇ، «نۆل سەۋر-تاقەت» يولغا قويۇلۇپ، قىلچە بىخەستىلىك قىلماستىن «جۇڭخۇا كوچىسى»نىڭ خەيرلىك، ئىناق پاك دۇنيالىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.
«جۇڭخۇا كوچىسى»نىڭ يەنە ئەمگەك كۈچلىرى ۋاستىچىلىك رولىمۇ بار بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا شىنجاڭلىق ئەمگەك كۈچلىرىنى چىقىرىش(ئېكسپورت) بۇرچىنى زىممىسىگە

ئالدۇ.

(بۇ يەردە 99 خەت قسقارتىۋتىلدى) ( بۇيەردە يەنە قانداق ئويۇن بارلىقنى بىر ئاللادىن باشقا ئاپتور ئۆزى بىلمىسە.... تەرجىمە قىلغۇچىدىن)

## «جۇڭخۋا كوچىسى» قۇرۇشنىڭ مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتى

## «جۇڭخۋا كوچىسى» شىنجاڭ تاۋارلىرىنى سېتىش سۇپىسى

«ئۈچ خىل كۈچ» نىڭ ئۈزلۈكسىز بۇزغۇنچىلىق قىلىشى تۈپەيلى،نۇرغۇنلىغان ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى كىشىلەر شىنجاڭغا كېلىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ، مەسىلەن، «5-ئىيۇل ۋەقەسى» يۈز بەرگەندىن كېيىن، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە 1450 ساياھەت ئەترىتى شىنجاڭغا ساياھەت قىلىش پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، شىنجاڭ بىراقلا 4396 نەپەر چەتئەللىك ساياھەتچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 84940 گە يېقىن ساياھەتچىدىن قۇرۇق قالدى؛ 2011-يىلى 7-ئايدا، شىنجاڭنىڭ خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدە ئارقىمۇ-ئارقىدىن ئۈچ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرى يۈز بېرىپ، ئىنتايىن ناچار تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى.

شىنجاڭنىڭ «ئۈچ خىل كۈچ» بىلەن بولغان كۈرىشى ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇرەككەپ ھەم كەسكىن بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئاخىرلاشتۇرغىلى بولمايدۇ،شىنجاڭدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق بۇزغۇنچىلىق ۋەقەلىرىنىڭ يۈز بېرىشى، ساياھەت كەسپىگە ئەجەللىك زەربە بولۇپلا قالماستىن بەلكى نۇرغۇنلىغان خوجايىنلارنىڭ يەل-يېمىش قاتارلىق تاۋارلارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كېلىش قىزغىنلىقىنى سۇسلاشتۇرىۋاتىدۇ ، «جۇڭخۋا كوچىسى» شىنجاڭ تاۋار-مەھسۇلاتلىرىنىڭ يۇرۇشتۇرۇش مەركىزى بولۇپ، ھەرقايسى جايلاردىكى ساياھەتچىلەر ۋە خوجايىنلار شۇجايدىكى «جۇڭخۋا كوچىسى» دىن بىۋاستە سېتىۋالسا، سودىلاشسا بولىدۇ، بۇ تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان بۇزغۇنچىلىقىنى زور دەرىجىدە ئازايتىدۇ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات مۇھىتىنى ئىشەنچلىك كاپالەت مېخانىزمىغا ئىگە قىلىدۇ،دېھقانلار بۇرۇنقىدەك ئېتىز بېشىدا ئولتۇرۇپ، پىشىپ مەي باغلاپ كەتكەن مېۋىلەرگە قاراپ خورسىنمايدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 1000 «جۇڭخۋا كوچىسى» قۇرۇش بولسا 1000 شىنجاڭ تاۋارلىرىنى سېتىش سۇپىسى قۇرغان بىلەن باراۋەر بولۇپ، بۇ بىر غايەت زور تاۋار سودىسى تورى. يىللىق سېتىلىش مىقدارى ئون مىلياردقا يۈەنگە يېتىپ، بۇ غايەت زور ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىدىغان

خەلق قۇرۇلۇشى بولىدۇ، شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ كىرىمنى تۇراقلىق ئاشۇرۇشتا كۈچلۈك كاپالەت قىلىش رولى بار.

## «جۇڭخۇا كوچىسى» شىنجاڭلىقلار ساياھەت كۈتۈۋېلىش مۇلازىمەت مەركىزى

نۇرغۇن شىنجاڭلىق ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىشنى مۈشكۈل چاغلاپ، شىنجاڭدىن ئايرىلىشنى، ئىچكىرىگە بېرىشنى خالىمايدۇ، سەۋەبى ياتاق تاماق قولايسىز. بىرىنچىدىن شىنجاڭنىڭ سىرتىدىكى نۇرغۇن شەھەرلەردە مۇسۇلمانچە ئاشخانىلار ناھايىتى ئاز بولۇپ، تاماق يېيىش قىيىن؛ ئىككىنچىدىن، «شىنجاڭلىق ئوغرى»، «ئۈچ خىل كۈچ» مەسىلىسى تۈپەيلى نۇرغۇنلىغان شىنجاڭنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەردە بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان شىنجاڭلىقلارنى چەتكە قېقىش پسىخىكىسى پەيدا بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كۆپلىگەن مېھمانخانىلار شىنجاڭلىق كىشلەرنىڭ ياتاقتا يېتىشنى قوبۇل قىلمەيدۇ، بۇ شىنجاڭلىقلار بولۇپمۇ شىنجاڭلىق ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ ھېسسىياتىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، بۇ شەك-شۈبھىسىزكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا قىلىنغان بۇزغۇنچىلىق.
ياتاق تاماقنىڭ قولايسىز بولىشى شىنجاڭلىقلارنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بولغان قىزىقىشنى قاتتىق چەكلەپ، ھېسسىيات جەھەتتىن تەبئىيلا توسۇق بارەدەك، ئايرىۋېتىلگەندەك تۇيغۇغا كىلىپ قالىدۇ، بۇ شىنجاڭلىق ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ دۆلەتنى تونۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى چوڭ توسالغۇ.
مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 1000 «جۇڭخۇا كوچىسى» قۇرۇش بولسا 1000 شىنجاڭلىقلار ساياھەت كۈتۈۋېلىش مۇلازىمەت مەركىزى قۇرغان بىلەن باراۋەر. «جۇڭخۇا كوچىسى» رايونىدا تاماق يېيىش، يېتىپ قوپۇش، ساياھەت قىلىشنىڭ ھەممىسى شىنجاڭلىقلارنى «ئۆيىگە قايتقانغا ئوخشاش» راھەت ھېس قىلدۇرىدۇ، بۇ شىنجاڭلىق ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ساياھەت، سودا-سېتىق، ئۆگىنىش، خىزمەت قىلىش ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈش ئارزۇسىنى زور دەرىجىدە ئۇرغۇتىدۇ، ئۇلارنىڭ دۆلەتكە بولغان تونۇشىمۇ مۇقەررەر ھالدا مۇشۇنىڭ بىلەن كۈنسايىن كۈچىيىدۇ.

## «جۇڭخۇا كوچىسى» شىنجاڭلىق ئاقتۇن نوپۇسلارنى ئۈنۈملۈك ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق

ئۆزاقتىن بۇيان،شىنجاڭنىڭ سىرتىدا شىنجاڭلىق ئاققۇن نوپۇسلارنى ئىدارە قىلىش ئىزچىل بىر قىيىن مەسىلە بولۇپ، شۇجاي يەرلىك ھۆكۈمەتنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى شىنجاڭلىق ئاققۇن نوپۇسلار بارغانسىرى كۆپىيىپ، ھەرخىل زىددىيەتلەر تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ، بۇ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشتا ھەل قىلىشقا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان پەۋقۇلئاددە رېئال مەسىلە.

خېنەن ئۆلكىسىنىڭ جېنپىڭ ناھىيىسى دۆلىتىمىز تەرىپىدىن «قاش تېشى ئويمىچىلىق يۇرتى» دەپ نام بېرىلگەن بولۇپ، كەسپكارلار 100مىڭدىن ئاشىدۇ. 2006-يىلدىن تارتىپ، شىنجاڭدىن كەلگەن ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر بۇ يەردە سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىشنى باشلىغان، نۆۋەتتە بۇ جايدا ئۇزۇن مۇددەت سودا بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر ئاممىسى 600 كىشىدىن ئاشىدۇ، ئاققۇن نوپۇس سانى ئەڭ كۆپ بولغان چاغلاردا 2000غا يېتىدۇ، ئاساسلىقى قاشتاش بويۇملار، قاش تېشى ماتېرىياللىرى سودىسى، يىمەك-ئىچمەك، ترانسپورت قاتارلىق كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، 2010-يىلى 8-ئاينىڭ ئاخىرلىرى، شىنجاڭنىڭ خوتەن ناھىيىسىدىن بولغان 100 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر باققال شەندۇڭنىڭ جىنەن شەھرىگە كېلىپ قوغۇن ساتتى، يەرلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بۇ «شەھرىمىزنىڭ شەھەر باشقۇرۇشىغا نۇرغۇن قولايسىزلىقلارنى ئېلىپ كەلدى، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا يۇشۇرۇن ئاپەت ئېلىپ كەلدى» دەپ قارىدى.

«جۇڭخۇا كوچىسى» نىڭ مەملىكىتىمىزدىكى جايلىشىشى قۇرۇلمىسى شەكىللەنسىلا، چوقۇم كۆچلۈك جەلپ قىلىش كۈچى بولغان شىنجاڭلىق ئاققۇن نوپۇسلار توپلاشقان رايونغا ئايلىنىدۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 1000 «جۇڭخۇا كوچىسى» قۇرۇش بولسا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 1000 «شىنجاڭلىق ئاققۇن نوپۇسلارنى باشقۇرۇش پونكىتى» قۇرغان بىلەن باراۋەر بولۇپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ سىرتىدىكى شىنجاڭلىق ئاققۇن نوپۇسلارنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى « چېچىلاڭغۇ، قالايمىقان، تۇراقسىز» ھالىتىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ، شىنجاڭلىق ئاققۇن نوپۇسلارنى ئىدارە قىلىش قىيىن بولۇش، مۇقىملىقنى قوغداش قىيىن بولۇش قاتارلىق مەسىلەرنى تۈپتىن ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

«جۇڭخۇا كوچىسى» غايەت زور خىزمەتكە ئورۇنلىشىش بوشلۇقى بىلەن تەمىنلەيدۇ

مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 1000 «جۇڭخۇا كوچىسى» قۇرۇش كەلگۈسى ئون يىلدا شىنجاڭنى 500 مىڭدىن ئوشۇق خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ئورنى بىلەن تەمىنلەيدۇ، بۇ شىنجاڭنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش بېسىمىنى يەڭگىللىتىدۇ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈشتىكى مۇھىم ئەھمىيەتكە گەپ سىغمايدۇ.

شىنجاڭ يەكەن ناھىيىسى شىنجاڭدىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ ناھىيە بولۇپ، 780 مىڭ نوپۇسى بار،

يەكەننى «جۇڭخۇا كوچىسى قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇشتىكى ئۈلگە قىلىشقا بولىدۇ. يەكەن ناھىيىسىدە ھەر يىلى 16000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تولۇقسىزنى پۈتتۈرىدىغان بولۇپ، 12000 غا يېقىن ئوقۇغۇچى تولۇق ئوتتۇرىنى ئوقۇيالمايدۇ.بۇ باللارغا تېخنىكىلىق تەربىيلەش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، «جۇڭخۇا كوچىسى» ئارقىلىق تونۇشتۇرۇپ مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خىزمەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلسا بولىدۇ.

«جۇڭخۇا كوچىسى» مىللەتلەر كەڭ قورساقلىقنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىدۇ

نوپۇسنىڭ كۆچۈشى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىكى ئاساسىي ئەھۋال.لىكىن بەزى كىشلەرنىڭ چەتكە قېقىش پىسخىكىسىنىڭ شەكىللىنىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. نۇرغۇن ئىچكىرى ئۆلكىلىك خەنزۇلار شىنجاڭدا ئوقۇۋاتىدۇ، خىزمەت قىلىۋاتىدۇ ھەمدە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ، بەزى شىنجاڭلىق ئازسانلىق مىللەت ئاممىسى بۇلارنى سەل يەكلەيدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 1000 «جۇڭخۇا كوچىسى» قۇرۇش نۇرغۇنلىغان شىنجاڭلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنى شىنجاڭنىڭ سىرتىغا چىقىپ تۇرمۇش كەچۈرۈش پۇرستىگە ئىگە قىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ سىرتىغا چىقىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان شىنجاڭلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇس سانىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭلىق ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ياتلارنى يەكلەش كەيپىياتى(خۇيى) ئۈزلۈكىدىن سۇسلىشىدۇ. خەنزۇلار ئازسانلىق مىللەلەر رايونىغا كىلىپ تۇرمۇش كەچۈرسە بولىدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ خەنزۇلار رايونىغا بېرىپ تۇرمۇش كەچۈرسە بولىدۇ، بۇ خىل «سىنىڭ رايونىڭدا مەن بار، مىنىڭ رايونىمدا سەن بار» قۇرۇلمىسى ھەر قايسى مىللەتلەرنى تېخىمۇ كەڭ قورساق قىلىدۇ،جەمئىيەتمۇ شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ ئىللىقلىشىدۇ.

«جۇڭخۇا كوچىسى» بولسا غايەت زور پروپېللېر (ئىتتەرگۈچ)، سىڭدۈرگۈچى ۋە مۇقىملاشتۇرغۇچى «شىنجاڭلىق ئوغرى»مەسلىسىنىڭ يامان تەسىرى، بولۇپمۇ «5-ئىيۇل» ۋەقەسى ھەمدە «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ ئۈزلۈكسىز زوراۋانلىق تېرورلۇق بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ يامان تەسىرى، شىنجاڭنىڭ ئوبرازىنى، شىنجاڭلىق ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوبرازىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى، نۇرغۇن شىنجاڭنىڭ سىرتىدىكى كىشلەردە شىنجاڭغا نىسبەتەن ئۇقۇشماسلىق پەيدا بولۇپ، شىنجاڭغا بېرىپ ساياھەت قىلىشتا «بىخەتەرلىك تۇيغۇسى»كەمچىل.

مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى شەھەرلەردە 1000 «جۇڭخۇا كوچىسى» قۇرغاندا يەرلىكلەر شىنجاڭلىق ئازسانلىق مىللەتلەر بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىش جەريانىدا ،شىنجاڭنى ھەقىقي چۈشىنەلەيدۇ. ھەربىر «جۇڭخۇا كوچىسى» شىنجاڭنى چۈشەندۈرىدىغان، شىنجاڭنى تەشۋىق قىلىدىغان كۆزنەك، بۇ شىنجاڭنىڭ ئوبرازىنى ياخشىلاشقا، ئۆزئارا ئىشەنچنى ئاشۇرۇشقا، ئىچكىرى ئۆلكىلىك

كىشلەرنىڭ شىنجاڭغا ساياھەتكە كېلىش ھەۋىسىنى قوزغاشتا ئىنتايىن چۈشقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

3000000 ئادەم تۇرمۇش كەچۈرىدىغان 1000 «جۈشخۋا كوچىسى» غايەت زور ئادەم، ئەشيا ئوبوروت ۋە ئىنفورماتسىيە (ئۇچۇر) ئالماشتۇرۇش سەھنىسى بولۇپ، بىر چوڭ پروپېللېرغا ئوخشايدۇ، شىنجاڭ ئازسانلىق مىللەتلىرى بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خەنزۇلار ئارىسىدىكى ئالاقىنى ، ئۆزئارا چۈشىنىشنى، ئۆزئارا ياردەم قىلىشنى، ئۆزئارا ھەمكارلىششنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، شىنجاڭ ئازسانلىق مىللەتلىرى بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى يۈكسەك بىقىندى مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، شىنجاڭ ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىششىنى، شىنجاڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق كەسىپلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھالقىما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشىنى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ نەتىجىسىدىن ئورتاق بەھرلىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ «جۈشخۋا كوچىسى» ھەم كاتتا بىرلەشتۈرگۈچ بولۇپ، جۈشخۋا مىللەتلىرىنىڭ قۇشۇلۇشنى چوقۇم كۈچلۈك ھالداتىزلەتكۈسى، «جۈشخۋا كوچىسى» دا سودا قىلىدىغانلارنىڭ جانجان مەنپەئىتى شىنجاڭ ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن ناھايىتى زىچ،گۈللىنىش ۋە زاۋال تېپىشتا تەقدىرداش بولغاچقا، ئۇلار ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا تەۋرەنمەيدىغان ئامىغا ئايلىنىدۇ، بۇ شجاڭنىڭ ئىچىدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرگە ھەل قىلغۇچ ئاكتىپ تەسىر پەيدا قىلىدۇ، «جۈشخۋا كوچىسى» دۆلىتىمىز ئەبەدىي ئەمىنلىكنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان كاتتا «مۇقىملاشتۇرغۇچ».

## «جۈشخۋا كوچىسى قۇرۇلۇشى» نى يولغا قويۇشتىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ

«جۈشخۋا كوچىسى قۇرۇلۇشى» نى يولغا قويۇشتىكى ئەڭ چوڭ مەسىلە قۇرۇلۇشقا سىلىنىدىغان مەبلەغ ۋە ياكى بازار ئېچىش مەسىلىسى بولماستىن بەلكى تار بولغان مىللەت ئاڭ مەسىلىسى، يەنى نۇرغۇن كىشىلەر شجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كۆچۈپ ئولتۇراقلىششىنى خالىمايدۇ.

ھازىرغىچە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرگە قارىغاندا، ھەقىقەتەن بىر قىسىم شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا جىنايەت ئۆتكۈزۈش قىلمىشى، ھەتتا زوراۋان-تېرورچىلىق قاتارلىق دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان سالىدىغان ئېغىر جىنايەت قىلمىشلىرى مەۋجۇت. نەچچە يىل ئىلگىرى، شىنجاڭ «ئۇچ خىل كۈچ»لىرى ئالىلبۇرۇن گەنسۇ،سەنشى، چىڭخەي، خېنەن، خېبېي، شەندۇڭ، گۇاڭدۇڭ، بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق ئون نەچچە ئۆلكە رايونلاردا سىڭىپ كىرىپ ئۇلتىماتىزىمنى تەشۋىق قىلىپ تەشكىلات ئەزالىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ياكى قانۇنسىز دىن

تەربىلەش ئورۇنلىرىنى قۇرۇش، ۋە ياكى قورال ياراغ سېتىۋېلىش، پارتلاتقۇچ ماتېرىياللىرىنى ياساش، ياكى يەرئاستى تىرورلۇق مەشىق مەيدانى قۇرۇش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا ئېغىر تەھدىت سالغان، بۇ ھەقىقەتەن ئەگىپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان رېئال مەسىلە. ھالبۇكى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، «جۇڭخۇا كوچىسى» نى قۇرمىغان تەقدىردىمۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يەنىلا ئۆزلۈكسىز كۆپىيىۋاتقان شىنجاڭلىق ئاققۇن نوپۇسلار مەۋجۇت بولۇپ، ھەرخىل جىنايى قىلمىشلىرى سادىر بولۇۋېرىدۇ، بۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى ساقلانغىلى بولمايدىغان مەسىلە.
شىنجاڭلىق كىشىلەرنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئەركىن چىقىپ كىرىشىنى چەكلەش مۇمكىن بولمىغان ئىكەن،ئۇنداقتا «جۇڭخۇا كوچىسى» قۇرۇش ئەكسىچە شىنجاڭلىق ئاققۇن نوپۇسلارنى ئىدارە قىلىش قىيىن بولۇشتەك مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلالايدۇ، ھەرخىل جىنايەت قىلمىشلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ۋە زەربە بېرىشكە، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پىتراپ يۈرگەن «ئۈچ خىل كۈچ» ئۇنسۇرلىرىنى نازارەت قىلىشقا تېخىمۇ پايدىلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە سىڭىپ كىرىشىنى توسۇپ قويغىلى بولىدۇ.
يىۋۇ جېجىياڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى كىچىك شەھەر بولۇپ، جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەن ئون يىل ئىچىدە يىز تەرەققىي قىلىپ چەتئەل سودىگەرلىرى توپلاشقان «دۇنيا ئۇششاق تاۋارلار يۇرتى»غا ئايلاندى، 2011-يىلى يىۋۇ شەھىرىنىڭ يەرلىك نوپۇسى 640000 بولۇپ، سىرتتىن كەلگەن دائىمىي تۇرۇشلۇق نوپۇش 590000، چېگرادىن كىرگەن چەتئەل سودىگەرلىرى 440000 ئادەمقېتىمدىن ئاشقان. بىر ھەپتىدە يىۋۇدا سودا قىلىدىغان، كېلىپ كېتىپ يۈرىدىغان ئافغانىستان سودىگىرى 500دىن ئاشىدۇ، نۆۋەتتە پۈتۈن يىۋۇ شەھرىدە 12 مەكتەپ چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇپ، 23 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن 360 دىن ئارتۇق چەتئەللىك ئوقۇغۇچى يىۋۇدا مائارىپ تەربىيىسى ئالىدۇ، جۇڭگونىڭ يىۋۇ شەھرى 590000 چەتئەللىكنى قوبۇل قىلالىغان ئىكەن، ئۇنداقتا جۇڭگونىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىكى شەھەرلىرى نېمىشقا ئۆز دۆلىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلىرىنى قوبۇل قىلالمايدۇ؟
جۇڭگو مەلۇم بىر مىللەتنىڭ جۇڭگوسى ئەمەس، جۇڭگو دۆلەت ئىچىدىكى 56 مىللەتنىڭ ئورتاق جۇڭگوسى، ھەرقانداق بىركىشىنىڭ باشقا مىللەتنى چەتكە قېقىش ھوقۇقى يوق. ھەرقانداق جۇڭگو پۇقراسى ــــ قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جۇڭگو چېگراسى ئىچىدىكى خالىغان جايدا تۇرمۇش كەچۈرۈش ھوقۇقى بولىدۇ، ھەرقانداق كۆچۈش ئەركىنلىكىگە قويۇلغان چەكلىمىنىڭ ھەممىسى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىغا قىلىنغان ئېغىر بۇزغۇنچىلىق. پەقەت زور مىقداردىكى شىنجاڭ ئازسانلىق مىللەت ئاممىسى ئەركىن ھالدا مەملىكىتىمىزنىڭ ھارقايسى جايلىرىدا ساياھەت

قىلالىغان، سودا-سېتىق، ئۆگىنىش، خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنالىغان ۋە تۇرمۇش كەچۈرەلىگەندىلا، شىنجاڭ ئەڭ چوڭ مۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ، جۇڭگو ئەڭ چوڭ مۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرى شىنجاڭلىق ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىنى قوبۇل قىلغۇدەك كەڭرى كۆكسى-قارنى بولۇش كېرەك. پەقەت خەنزۇلار ئازسانلىق مىللەتلەرنى ئۆز قېرىنداشلىرى ئورنىغا قويالىغاندىلا، ئازسانلىق مىللەتلەر ئاندىن خەنزۇلارنى ئۆز قېرىنداشلىرىدەك كۆرىدۇ: پەقەت خەنزۇلار ئازسانلىق مىللەتلەرنى بىر ئائىلە كىشلىرىدەك كۆرەلىگەندىلا، ئازسانلىق مىللەتلەر ئاندىن خەنزۇلارنى بىر ئائىلە كىشلىرىدەك كۆرىدۇ، بىز ئازسانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى تار مىللىي ئاڭغا قارشى تۇرىمىز،شۇنداقلا خەنزۇلار ئارىسىدىكى تار مىللىي ئاڭغىمۇ قارشى تۇرىمىز. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا ھەرقايسى مىللەتلەر بۈيۈك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى بۈيۈك گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.

ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئارىسىدا ئالاقە يۈز بەرسىلا، چوقۇم زىددىيەت ۋە توقۇنۇش كۆرۈلىدۇ، ھەتتا بەزىدە بىرقەدەر ئېغىر قارشىلىششىمۇ بولىدۇ. لېكىن بۇ مەسىلىلەر پەقەت قويۇق ئالاقە جەريانىدا ئۈنۈملۈك ھەل قىلىنىشقا ئېرىشىدۇ. ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىدىكى زىددىيەت ۋە توقۇنۇش ئەسلىدىنلا مىللەتلەر ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بولۇپ، ئۆزئارا چۈشىنىشتىكى مۇھىم ھەمدە ساقلانغىلى بولمايدىغان ۋاستە. مىللەتلەر ئارىسىدا ئالاقىنىڭ كەمچىل بولۇشى ئەڭ خەتەرلىك ئىش. ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئۆزئارا قويۇق ئالاقە باغلاش مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپكى چىقىش يولى، بۇنىڭدىن باشقا چارە يوق.

«جۇڭخۇا كوچىسى قۇرۇلۇشى» نى يولغا قويۇش شىنجاڭلىق ئاققۇن نوپۇسلارنى ئۈنۈملۈك ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق بولۇپ، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ، جايلاردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ، پۈتۈن دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەر مەنپەئەتىنىڭ يۈكسەك بىرلىكىشى بولمىسا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇقىملىقى بولمايدۇ، دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكى بولمايدۇ.شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تارقاق ئولتۇراقلىشىش مەسىلىسىگە قارىتا چوقۇم دۆلەت ستراتېگىيىسىنىڭ يۈكسەكلىكىدىن تونۇش، ھەرگىزمۇ تار مىللىي ئاڭنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ستراتېگىيىسى پىلانىغا دەخلى قىلىشىغا يول قويۇشقا بولمايدۇ.

ئەگەر بەزىلەر ئېچكىرى ئۆلكىلەردە شىنجاڭلىق ئازسانلىق مىللەتلەر فورماتسىيىسىنى ئىدارە قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمىسە، ئۇنداقتا نېمىگە ئاساسەن ھۆكۈمەتنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 12000000 دىن ئاشىدىغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى ياخشى باشقۇرالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ؟

# خاتىمە

دۇنيادا مەنپەئەتتىن ھالقىغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەۋجۇت ئەمەس،مەنپەئەتتىن ھالقىغان مىللىي بۆلگۈنچىلىكمۇ مەۋجۇت ئەمەس.پەقەت مۇكەممەل مەنپەئەت قۇرۇلمىسى بولغاندىلا مىللەتلەر مەنپەئەتىنىڭ يۈكسەك بىرىكىشى بولىدۇ.مىللەتلەر مەنپەئەتىنىڭ يۈكسەك بىرىكىشى بارلىق مىللەتلەر زىددىيىتىنى پەسەيتىشنىڭ، مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسى. پەقەت مىللەتلەر مەنپەئىتى يۈكسەك بىرىككەندىلا مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا قارشىلىشىشى ۋە زىددىيەتلىشىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ؛پەقەت مىللەتلەر مەنپەئىتى يۈكسەك بىرىككەندىلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بولىدۇ؛ پەقەت مىللەتلەر مەنپەئىتى يۈكسەك بىرىككەندىلا دۆلەتنىڭ پارچىلىنىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ؛ پەقەت مىللەتلەر مەنپەئىتى يۈكسەك بىرىككەندىلا ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىككە تولۇق كاپالەتلىك قىلغىلى، دۆلىتىمىزنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئۇزۇندىن بېرى شىنجاڭ مەسىلىسى ئۆزگۈرۈشچان ھالەتتە بولۇپ، نۇرغۇن يۇشۇرۇن خەۋپلەر توگتىشكە تىگىشلىك. شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدايدىغان قاتتىق چارە تەدبىرلەر بىر يەرگە باردى، تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى ـــــــ جامائەت خەۋپسىزلىكى، قورallىق قىسىم قاتارلىق زورلۇق كۈچلەرگە تايىنىش ۋاقىتلىق بولۇپ ماھىيەتتىن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، پەقەت مىللەتلەر مەنپەئەت قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ستراتېگىيىسىگە تۇتۇش قىلغاندىلا ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزىگىلى بولىدۇ، قىيىندىن قېچىپ ئاسىنىغا ئېسىلىش، ئالدى كەينىگە قاراش، ئىككىلىنىپ بىر قاراغا كېلەلمەسلىك، مۇلاھىزە قىلىپلا ھەل قىلماسلىق شىنجاڭ مەسىلىسىنى قان بىلەن كىرگەن خۇي، جان بىلەن چىقىدىغان قىلىپ قويىدۇ.شىنجاڭ مەسىلىسى خالىغان ۋاقىتتا ھەل قىلسا بولىدىغان مەسىلە ئەمەس، ئەڭ ياخشى ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويسا ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدۇ. تارىخ بىزگە بەرگەن شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى كۆپ قالمىدى. بىزدە بۇنىڭغا نىسبەتەن خاتىرجەم شارائىتتا تۇرغاندا خەۋپنىمۇ ئويلايدىغان ئاڭ ۋە تەخىرسىز تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك. ئەگەر شىنجاڭ مەسىلىسىدە يەنە ئېغىر ستراتېگىيىلىك خاتالىق كۆرۈلسە، چوقۇم دۆلەت ۋە مىللەتكە ئورنىنى تولدۇرۇپ بولمايدىغان ئېغىر ئاپەت ئېلىپ كېلىپ. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى مۈشكۈل ئەھۋالغا قالدۇرىدۇ.

2009-يىلى 9-ئاي دەسلەپكى نۇسخا

2012-يىلى 6-ئاينىڭ 10-كۈنى ئۆزگەرتىلگەن نۇسخا

# 10-يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت

**ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن**

**1**

سۇمۇرۇغ مېنى جاۋاھىرلار غارىغا ئېلىپ كىردى. قولۇمغا <<جاھاننامە>> ئەينىكىنى ئالدىم. كۆزۈمگە قىزىل يۇلغۇنلۇق يولدا مەرۋايىتتەك تىزىلىپ كېتىۋاتقان تۆگە كارۋىنى كۆرۈلدى...

<<جاھاننامە>> دىن

1980 - يىللارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كېچىسى سەمەرقەندتىكى «ئۇلۇغبەگ رەسەتخانىسى» تەسۋىرلەنگەن ئالبومنى قولۇمدا تۇتۇپ، چوڭقۇر خىيالغا چۆكتۇم. تەسەۋۋۇرۇم بوشلۇقىدا ئالتۇن قاناتلىرىنى دالا گۈلخانلىرىنىڭ يالقۇنلۇق ئۆركەشلىرىگە ئۇرۇپ قايتا تۇغۇلغان سۇمۇرۇغنىڭ جەسۇر ئوبرازى چاقناپ، ئۇنىڭ خۇش بېشارەتلىك كۈلكە ئاۋازى ياڭرىغاندەك بولدى. بەئەينى جالالىدىن رۇمى ئېيتقاندەك: ئەقىل مەنتىقە بىلەن يەكۈنلىيەلمەيدىغان بىر ھەقىقەتنى قەلبىم مۇھەببەت بىلەن ئالدىن ھېس قىلغۇدەك، بىر ئۈمىدۋار، ئىللىق روھىيەت ۋۇجۇدۇمنى شېرىن لەرزىگە سالدى. كۆز ئالدىمدا بىرەر يېڭى بايقالغان يۇلتۇز ئەمەس، بەلكى يېڭى ئىقبال - ئانا يۇرتۇمنىڭ ئەزگۈ گەۋدىسى ئۈستىگە چۈشكەن ئەنقا قۇشىنىڭ شولىسى جىلۋىلەندى، بىردىنلا ئەقلىمگە كەلدىم: «كەلگۈسى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ!»



مەن شۇ ماۋزۇدىكى ماقالەمنى يېزىپ ئىككى يىل ئۆتكەندە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 – يىل 2 – سانىدا ئېلان قىلىشقا مۇيەسسەر بولالىدىم. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى «كاساندىرانىڭ جۆيلۈشى (كاساندىرا – رىم ئەپسانىلىرىدىكى ئالدىن بىلگۈچى)» ھېسابلانغان بۇ ھۆكۈم، مانا 1992 – يىلى سېنتەبىردە ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان خەلقئارا يەرمەنكە يىغىنى ئارقىلىق رېئال تارىخنىڭ تۈنجى سەھىپىسى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى.

ھەئە، شۇنداق! بىر نەچچە ئەسىر «ئەسھابۇلكەھۇق»دەك ئۇخلىغان «يىپەك يولى» روھى ئويغاندى. مىلادىيدىن ئىلگىرى ياۋروپا – ئاسىيا بوشلۇقىدا جەۋلان قىلغان «يىپەك يولى» سۇمۇرۇغى قايتا قانات قاقتى. تارىخ ئۆزىنىڭ ئۈچىنچى ئېراسىغا قەدەم قويدى.
جۇڭگونىڭ ئىشكىنى سىرتقا چوڭ ئېچىۋېتىش، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان ئالاقىنى تەخىرسىز يولغا قويۇش سىياستىگە ئۇل سالغان ھازىرقى زامان ئېڭى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى شەرق – غەرب ئالاقىلىرىنىڭ يىپەك يولى ئوتتۇرا ئۆتكىلىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مۇز قاتلىمىنى ئېرىتىۋەتتى. زامانىۋى تاشيول، ياۋروپا – ئاسىيا ئىككىنچى تۆمۈريولىنىڭ پائالىيەتكە كىرىشى، ھاۋا قاتنىشى كېلىشىملىرى بىلەن تېلېگراف – تېلىكس ئالاقىلىرىنىڭ قايتا جانلىنىشى قۇم بارخانلىرى ئىچىگە غەرق بولغان قەدىمكى يىپەك يولى خارابىلىرى ئۈستىدە يېڭى يىپەك يولىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى نامايان قىلدى! ئالەم زۆرۈرىيەتلىرى شۇنى تەقەززا قىلدىكى، بۇ ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس تارىخىي يۈزلىنىشنى توختىتىش مۇمكىن ئەمەس!

قەدىمكى رىم ئالىمى لۇكرەئوس ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي تۇرمۇشىنى تۇنجى قېتىم «كونا تاشقورال دەۋرى» دەپ ئاتىدى. بۇ قاراش 19– ئەسىردە قوبۇل قىلىندى. 1865– يىلى جون. لوبىك «كونا تاشقورال (پالەئولەتىك) دەۋرى»، «يېڭى تاشقورال (نەئولەتىك) دەۋرى» ۋە مىس (برونزا)، تۆمۈر قورالرى دەۋرى قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1877 – يىلى ئامېرىكىلىق قەدىمكى دەۋر تارىخىي تەتقىقاتچىسى مورگان «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق مەشھۇر ئەسرىدە ئىنسانىيەت تارىخىنى «ياۋايىلىق دەۋرى»، «ۋارۋار(نادان) لىق دەۋرى»، «سىۋىلىزاتسىيە(مەدەنىيەت) دەۋرى» دەپ ئۈچكە بۆلگەن، ئالدىنقى ئىككى دەۋرنى جون. لوبىكنىڭ «كونا تاشقورال دەۋرى» بىلەن «يېڭى تاشقورال دەۋرى»گە تەققاس قىلغان، تۆمۈر ۋە دۆلەت پەيدا بولغاندىن كېيىنكى دەۋرنى «سىۋىلىزاتسىيە دەۋرى» دەپ ئاتىغاندى.

مەن يېڭى يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشىنى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت ئالاقىلىرى تارىخىنىڭ ئۈچىنچى ئېراسىنىڭ مۇقەددىمىسى دەپ قارايمەن. بۇ ئاساسسىز ئېيتىلغان ئەمەس، ئەلۋەتتە!

مىڭچە، ياۋروپا – ئاسىيا – ئافرىقىدىن ئىبارەت «كونا قۇرۇقلۇق»تا مىلادىدىن بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرى باشلانغان ۋە يېقىنقى زامان تەسۋىرىي ئىبارىسى بويىچە «ئۇلۇغ يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان قەدىمكى كارۋان ئالاقىلىرىدىن بۇرۇن ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەرق – غەرب يۈرۈشىنى باشلىغان. ھازىرغىچە، قىسمەن ئەپسانە ئەدەبىياتىغا ئايلىنىپ كەتكەن، قىسمەن ئاسىيا، ياۋروپا، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا قىيا – غار سىزمىلىرى، ئىندىئان ئىمپېرىيىلەردىن قالغان پىرامىدا ۋە قەسىر خارابىلىرى شەكلىدە ئىزاھسىز تىلسىم بولۇپ تۇرۇۋاتقان «غەيرىي رەسمىي تارىخ» ئەنە شۇ ئەڭ قەدىمكى شەرق – غەرب مەدەنىيەت قانىلىنىڭ تارىخىي شەھىرى ھېسابلىنىشى لازىم.

قەدىمكى سىبىرىيە كىشىلەر نەزىرىدە ئاللىقانداقتۇر «بوش ماكان»، «ئورمان پادىشاھلىقى» بولۇپ تۇرماقتا. بىز ئەگەر بۇ ماكانىنىڭ 10 مىڭ يىل، ھەتتا تېخىمۇ يىراق زامانلاردىكى «غەيرىي رەسمىي تارىخ»ىغا نەزەر سالساق، ئۇنىڭدا ھەرىكەتچان ئىپتىدائىي ئىنسانىنىڭ ئاللىقاچان شەرق – غەرب سەپىرىنى باشلىۋەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. ھازىرقى ئورال – ئالتاي تىللىرى تۈركۈمىدىكى خەلقلەرگە تونۇش ئادىتى، فولكلور – ئەپسانىلىرى، سەنئەت رىتىملىرى ئوخشاپ كېتىدىغان قەدىمكى سىبىرىيىلىكلەرنىڭ بىر قىسمى تەخمىنەن 20 مىڭ يىللار ئىلگىرى ئاسىيا بىلەن ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئەڭ يېقىن ئىككى تۇمشۇقى – «ئۈزۈلۈش» ۋە «ئۈزۈلدى» ئارىلىدىكى تۇتاش مۇزلۇق ئارقىلىق ئالياسكا ۋە شىمالىي ئامېرىكا، كېيىنچە جەنۇبىي ئامېرىكىغا ئۆتكەن. ئۇلار مايمۇنسىمان ئىنسان ئىزى تېپىلمىغان بۇ زېمىندا ئۇزاققا سوزۇلغان ئىپتىدائىي تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرۈپ، ھىندىستانغا بارىمەن دەپ «ئوتلۇق يەر» بوغۇزىدا تۇتقۇن بولغان كولومبو تەرىپىدىن ناتوغرا ھالدا «ئىندىئان»لار دەپ ئاتالغان. ئۇلار غەربىي ياۋروپالىقلارنىڭ قىرغۇچى ۋە قۇللاشتۇرغۇچى ھەربىي يۈرۈشلىرىدە خانىۋەيران بولۇشتىن ئىلگىرى «ئولمېك مەدەنىيتى»، «تىئوتۋاكان مەدەنىيتى» قاتارلىق ئاجايىپ مەدەنىيەت تىپلىرىنى ياراتقان. مىسىر پىرامىدىلىرى سىياقى ئۇلۇغۋار ھەم سىرلىق «تەڭرى ماكان – تىئوتۋاكان» پىرامىدىسى بىلەن فرانسىيىدىكى مەشھۇر ئالتامىرا غار سىزمىلىرى، ئىسپانىيىدىكى راسكو غار سىزمىلىرى، يېقىندىلا فرانسىيىنىڭ مارسىل شەھىرى يېنىدىكى كىچىك دېڭىز قولتۇقىدىن تېپىلغان سۇ ئاستىدىكى غارغا سىزىلغان رەسىملەر ئەنە شۇ ئەڭ قەدىمكى، ئەمما تېخى سىرى يېشىلمىگەن شەرق – غەرب مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى پائالىيەتچان مەدەنىيتى، مىڭچە، مۇشۇ قانال ساھىلىغا كۆمۈلگەن. ئۇ مۆجىزە شەكلىدە ئېچىلغۇسى ۋە بىزنىڭ قاتمال تارىخىي قاراشلىرىمىزغا يېڭى مەنزىرە، يېڭى ئوزۇق بېغىشلىغۇسى.

بۇ بىرىنچى مەدەنىيەت ئېراسىنىڭ كېيىنكى سەھىپىسى سومەر – ئاندىرونوم – ئارى تۈركۈمىنىڭ سكتاي – ساك قەبىلىلىرىنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3000 – يىللىرىدىن تاكى 1000 – يىللىرىنىڭ

كېيىنكى يېرىمىغىچە – شەرقتە كۆكفۇزى، غەربتە سوقرات ئالەمگە كەلگۈچە بولغان دەۋرلەرگىچە داۋاملاشقان. ۋەھالەنكى، چىن – خەن ئىمپېرىيىلىرى، گرېتسىيە، ئاخمانىيلار ئىمپېراتورلىرى غەرب ۋە شەرقكە يۈرۈش قىلىپ، «ئۇلۇغ يىپەك يولى» بەرپا بولغۇچە ئۆتكەن بۇ بەھەيۋەت مەدەنىيەت باسقۇچىمۇ تېخى يورۇتۇلغىنى يوق!

رەسمى ئېتىراپ قىلىنغان، تەخمىنەن مىلادىدىن 5 – 6 ئەسىر ئىلگىرى تەدرىجىي شەكىللىنىپ، 15-، 16 – ئەسىرگىچە ئىككى مىڭ يىلدەك داۋام قىلغان يىپەك يولى ئالاقىلىرىنى مەن شەرق – غەرب مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ ئىككىنچى تارىخىي ئېراسى دەپ قارايمەن.

ئاتنى «جاھانكەزدى» ۋاستە قىلغان، ئەڭ قەدىمكى «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى»نى ياراتقان خەلق ئەڭ دەسلەپكى شەرق – غەرب ئالاقىلەر لىنىيىسىنى ئاچقاندىن كېيىن، تۆگىنى «جاھانكەزدى» ۋاستە قىلغان، قەدىمكى «يىپەك يولى مەدەنىيىتى»نى شەكىللەندۈرگەن يېڭى شەرق – غەرب ئالاقىلىرى باشلاندى. ئىككى مىڭ يىلغا يېقىن داۋام قىلغان بۇ قايناق ئالاقە يولى ياۋروپادا ئەدەبىيات – سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى، دېڭىز – ئوكيان قاتنىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، يېڭى قۇرۇقلۇقلارنىڭ بايقىلىشى ۋە سانائەت ئىنقىلابىنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن چۆلدەرەپ قالدى. نەتىجىدە، شەرقتىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرى تەدرىجىي سوۋۇپ، ئۇنىڭ موجىزىدار يادىكارلىقلىرى خارابىغا ئايلاندى. ئەينى يىللاردىكى قايناق مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ مەركىزىدە پائالىيەت قىلىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىمۇ بارا – بارا تەبىئىي يوسۇندا يىپەك يولىنىڭ سىمۋولى بولغان چۆل كېزەر تۆگىنىڭ خاراكتېرىگە ئەمەس، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، بېشىنى قۇمغا تىقىۋېلىشنى ئامان – ئېسەنلىك دەپ بىلىدىغان تۆگىقۇشنىڭ خاراكتېرىگە ئوخشاپ قالدى.

مانا ئەمدى «قاناتلىق تۆگە» ئوبرازىنى سىمۋول قىلغان شەرق – غەرب ئالاقىلىرىنىڭ ئۈچىنچى تارىخىي ئېراسى باشلاندى، ھەربىر ئالاقىدار ئېراسىنىڭ ئۆز ئەپسانىلىرى، رىۋايەت – لەگەندىلىرى، ھېكايە – داستانلىرى، ئەقىدە ھېكمەتلىرى بولغىنىدەك، ئۈچىنچى ئېرامۇ ئۆز سەھىپىلىرىنى ئۆز زامانىغا مۇناسىپ لەگەندا ۋە ھېكمەتلەر بىلەن بېزەندۈرگۈسى. «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» ئىككىنچى ئېرانىڭ – يىپەك يولى ئالاقىلىرىنىڭ مەركىزىي ئاسيادا بىنا قىلغان موجىزىدار خەزىنىسىدىكى خۇددى ئەنقا تۇخۇمىنىڭ توققۇز گۆھىرىدىن ئىبارەت.

## 2

## يولدا تەشەببۇسكار ئورۇننى ئىگىلىگەن مىللەت مەدەنىيەتتە ئىلگىرى كەتكەن مىللەتتۇر.

## – خىيال دەپتىرىمدىن

**يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ بىرىنچىسى يول ۋە سىرتقى تىجارەتتىن ئىبارەت.**

يىپەك يولى – ئۆز زامانىسىدىكى سان – ساناقسىز تۈرمۈش رىتىملىرى، ھېسسىيات دولقۇنلىرى، تەپەككۇر ئېقىملىقى، تاغ – جىلغا، يايلاق – بوستان قاتناش ئىزلىرى بىلەن سەپەر مەنزىلگاھلىرى قوشۇلۇپ ھاسىل بولغان ئەڭ ئۇلۇغ قانات سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى.
يىپەك يولى قەدىمكى ئاتلىقلار مەدەنىيىتى دەۋرىدىكى يايلاق – دالا يولىدىن پەرقلىق ھالدا قەدىمكى ئىمپېرىيىلەر، شەھەر – قەلئە مەملىكەتلىرى بويلاپ سوزۇلدى. چۆل – جەزىرە ۋە بوستانلىقلار ئۇنىڭ مېلودىيىسىنى تەشكىل قىلدى. بۇ خۇددى چالغۇ تارىلىرىغا ئوخشاش، ئىككى مىڭ يىللىق شەرق – غەرب مەدەنىيىتىنىڭ گارمونىك ئاھاڭىنى چېلىپ كەلگەن ئۇلۇغ قانات ئىدى.

يىپەك يولىنى ھەرقايسى مىللەتلەر ئاچقان. ئۇنىڭدا يۈرگەن كارۋانكەش سودىگەرلەرنىڭ تۆھپىسى لەشكەر تارتىپ، جەڭ سۈتۈقلىرىنى ياڭراتقان پادىشاھ – سەركەردىلەرنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. ھەسەل ھەرىسى بىلەن رەڭدار كېپىنەكلەردەك گۈلدىن گۈلگە قونۇپ بەرگ جامىدا شەبنەم ئىچكەن كارۋان تارتقۇچى سودىگەرلەر شاراپىتىدىن يىپەك يولىدا ماددىي مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭغا مەدەنىيەت جاۋاھىراتلىرى ئالمىشىپ تۇردى. يىپەك يولىنىڭ ئاۋانگارت كارۋانلىرى ھېسابلىنىدىغان ئۇيغۇر ئەجدادلىرى بۇلمىش ۋە خەنزۇ مەنبەلىرىدە «خۇرجا(贿胡)» دەپ ئاتالغان بۇ سودىگەرلەردە ئىككى ئالاھىدىلىك بولغانىدى:

ئۇلار ئۆز ماكانىدا يۆتكەلمەي دۇكان – ساراي ئاچىدىغان ھۆپىگەر تىجارەتچىلەرنىڭ ئەكسىچە، يۇرتمۇ– يۇرت، قەلئەمۇ قەلئە، تاغمۇ تاغلاردىن ئېشىپ خەلقئارا ئالاقىنىڭ ئۇلۇغ توقۇلمىسىغا ئارقاق بىلەن ئورۇش تارتقۇچىلار ئىدى. ئۇلار يىراق ئەجدادلىرى – ئارىيان – سكتاي – ساكلارنىڭ «جاھانكەزدى» ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شەرقنى غەربكە، غەربنى شەرققە «يۆتكەپ كېلىش» جەريانىغا ئۆلمەس تۆھپە قوشتى. ئۆز ماكانىدا رەستە قۇرۇپ، دۇكان – ساراي ئاچقان تىجارەتچىلەر بۇ توقۇلمىغا گۈل چەكتى.
ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ئىككىنچى ئالاھىدىلىكى، ئۇلار ئەينى زامان مەدەنىيىتى ۋە مىللىي ئۆرپ – ئادىتىگە تويۇنغان بولغاچقا، ئالدى بىلەن مەدەنىيەت تارقاتقۇچىلار بولدى. ئۇلار سودىگەر كەلگەندە «قىلنى قىرىق يارغان» بىلەن، دوستلۇق، مېھماندوستلۇق، ساخاۋەتكە كەلگەندە، «ئالتۇن چاچقۇ چاچىدىغان» مەردانىلاردىن ئىدى.

يىپەك يولى تۆپەيلى، قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا ئادەتىغنا يايلاق ياكى بوستان مەدەنىيىتى رايونى ياكى يېزا ئىگىلىكى رايونى بولماستىن، بەلكى خەلقئارا سودا – تىجارەتنى تىركەك قىلغان يېزا ئىگىلىكى، هۈنەر – سەنئەت مەدەنىيىتى ۋە چارۋا ئىگىلىكى دىيارى ئىدى. ئاددىي يىپەك – مەشۇتقا سكتاي – ساك ئالتۇنپەزلىرى ئەنئەنىسى بىلەن ئىش قوشۇپ «زەرهەل»، «كىمخاپ» قىلىپ، يىراق رىم – مىسىر دىيارىدا يۇقىرى باهادا ساتقان «خورجا» كارۋانلىرى تۆپەيلى ئۇيغۇر خەلقى تارىختا ئۈچ ئامەتكە ئىگە بولغانىدى:

ئۇنىڭ بىرى، تەكلىماكان ئەتراپىدا ھەشەمەتلىك ئوردا – شەھەرلەر، خەلقئارا ئالاقە تۈگۈنلىرىنى مەيدانغا كەلدى. ئەينى زاماندا رىم، باغدات، چاڭئەن، لوياڭ شەھەرلىرى ئۇلار بىلەن هۆسنداش بولدى. ئۇ چاغلاردا ھەرقايسى ئوكيانلار ساھىلدا «ئايغا تاقاشقان بىنالار» بىلەن بېزەلگەن ھازىرقى پورت – شەھەرلەر بولمىغان.

ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، ئۇيغۇر قاتارلىق غەربىي يۇرتلۇقلار ئۆز دەۋرىنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىدە ئالدىنقى قاتاردا نىسبىي مەنىدە پاراۋان ۋە مەئىشەتلىك تۇرمۇشتا ياشايتتى. بىز تاڭ سۇلالىسىنىڭ سەلتەنەتلىك پايتەختىدە ھەشەمەتلىك ئوردا بەگزادە، خانزادىلىرىنىڭ مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ كىيىنىش – تارىنىش (ھەتتا گۈللۈك بۆك كىيىش)، زىبۇ – زىننەت، ئوي – روزىغار، تاماقلىنىش، ئات مىنىش، سەنئەت ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغىغانلىقىنى ھېچقانداق غەربىي نورمال ھادىسە دەپ قارىمايمىز.

ئۇنىڭ ئۈچىنچىسى، غەربىي يۇرتلۇقلار ئۆز دەۋرىدە نەمۇنىلىك مەدەنىيەت مۆجىزىسى ياراتتى. ئەگەر غەربىي يۇرت ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ھېسابلانغان «خۇرجا» سودىگەرلىرىنىڭ خەلقئارالىق سودا كىرىمگە يۆلەنمىگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ ئەقلىمىزنى لال قىلىۋاتقان مۇنداق زور ھەجىمدىكى تاشكېمىر سەنئىتى قەسىرلىرى تىزمىسىنى يارىتالمىغان بولاتتى. مەلۇمكى، شىمالىي ۋەي خانلىقى ئۆز دەۋرىدە پۈتۈن ۋەي خانلىقىنىڭ ئاساسلىق مالىيىسىنى سەرپ قىلىپ بىر قانچىلا تاش كېمىر سەنئەت سارىيىنى سالالىغانىدى. قاراخانىيلار، كېيىنچە تۆمۈرىلەر دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئاجايىپ بىناكارلىق مۆجىزىلىرىمۇ (ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپى ساقلانمىغان) خەلقئارا سودا ۋە ئىقتىسادىي جۇغلانمىدىن ئايرىلمىغان. بۇ غەربىي يۇرتنىڭ ئەينى زاماندا خەلقئارا سودىنى باش بۇلاق كۆزى قىلغان ئىقتىسادىي قۇدرىتىنى كۆرسىتىدۇ.

يىپەك يولى ۋە خەلقئارا سودا – تىجارەت تۆپەيلى پوچتا، بېكەت، قانۇن ۋە پۇل مۇئامىلىسى تارىخقا كىرىپ كەلدى. قاتناش لىنىيىلىرىنىڭ خەت – ئالاقە كارۋانچىلىقى – پوچتا، «خۇرجا قوناق»–بېكەت – مەنزىلگاھلىرى مەيدانغا چىقتى. يول بىخەتەرلىكى، سودا كارۋانلىرىنىڭ تۈركۈملىشىشى، قاراقچىسىزلاشتۇرۇش، قورۇل بېجى، قورۇلدىن ئۆتۈش يول ئىگدارچىلىق مەزمۇن قىلىنغان قانۇنچىلىق

قۇرۇلۇشى راۋاجلاندى. يىپەك يىلى ئىقتىسادىي ئالاقىلىرى پۇل مۇئامىلىسى، ئاقچا ۋە ئالتۇن ـ كۆمۈر تەركىبى مەسىلىسىنى مەركىزىي ئورۇنغا قويدى. يىپەك يولى بويىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مېتال پۇللىرىنىڭ يۈرتىمىزدىن كۆپلەپ تېپىلىشى، شىنجاڭدا ئەينى زاماندا قويۇلغان مەتال ئاقچىلارنىڭ ھەرقايسى ئەللەرنىڭ تارىخىي ئىزلىرىدىن تېپىلىشى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ.

يىپەك يولىدىكى بىرىنچى ھېكمەت ـ يول ۋە ئۇنى چۆرىدىگەن سودىگەرلەر گۇرۇھى، بېكەت ـ رابات، شەھەر ـ قەلئە، شەھەر مەدەنىيىتى، قانۇن ۋە پۇل مۇئامىلىسى مەدەنىيىتى مەخسۇس تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان كاتتا تېما، شۇنىڭدەك ئۇ يېڭى يىپەك يولى قۇرۇلۇشىدا ئەتۋارلاشقا مۇناسىپ جىلۋىدار جاۋاھىرات.

ئىنسان ـ سەنئەتنى ياراتقۇچى ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن سۈپەتتۇر. ھۈنەر ـ سەنئەت ئىنساننىڭ ئۆز نۇسخىسىنى تامغا قىلىپ تۇرمۇشنى خاتىرىلەش تارىخىدىن ئىبارەت.

- خىيال دەپتىرىمدىن

## يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ ئىككىنچىسى ھۈنەر ـ سەنئەت مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت.

ئۇ ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە تۇنجى سەنئەت ھوجرىسى شەكلىدە قىزىقىپ بېرىشىدىن تاكى ئۇنىڭ پۈتۈن ماددىي مەدەنىيەت بۇيۇملىرىغا ھۈنەر ـ سەنئەت چېچەكلىرى نەقىش قىلىشقىچە بولغان سىمۋوللۇق نەفاسەت قەسرىنى ئۆز كۆكسىگە جۇلالاندۇرغانىدى.

مەلۇمكى، ئىنسان كونا تاشقورال دەۋرىدىلا ھۈنەرۋەن سۈپىتىدە گەۋدە كېرىپ تاشقى ئالەم ئوبيېكتلىرىغا نەزەر تاشلىغان. ئۇلار كىيىنچە ھەتتا يۇلتۇزلار تولغان ئاسمان سەتھىنمۇ ھەرخىل گېئومېترىك سىزىقلار ياكى شەكلەن ئوخشاتماسلىق بىلەن «چومۇچ»، «تاروزا»، «قوزا»، «چوڭ ئەيىق»، «ئالتۇن قوزۇق» قاتارلىق تەققاس ئىسىملار بىلەن ئاتاپ، ئۇلارغا ھۈنەر ـ سەنئەت سىمۋولىزم تۈسىنى بەرگەن. قەدىمكى غار سىزمىلىرى ئەنە شۇنداق مەيدانغا كەلگەن.

يېڭى تاشقورال دەۋرى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ھۈنەر ـ سەنئەت بىخ سۈرگەن ۋە باھار چېچەكلىرىنى ئېچىلدۇرغان دەۋر بولدى. بىز قىيا تاش سىزمىلىرىدىن، توتېم قالدۇقلىرىدىن، بولۇپمۇ كۆپلەپ تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك بۇيۇملاردىن يىپەك يولىدىن ئىلگىرى مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۈملىرى ماھىر ھۈنەرۋەنلەردىن بولغانلىقىنى بىلەلەيمىز. مەشھۇر ئاندورونوپلار مەدەنىيىتى، ئافناشەفلار مەدەنىيىتى، تاكار مەدەنىيىتى، قاراسۇغ مەدەنىيىتى، ئۇرۇمچى يېنىدىكى ئالغۇي قەدىمكى قەبرىگاھلىقى بىلەن ئالتاي بازىرى، چەرچەن ـ لوپ زاغۇنلۇق تېپىدىكى قەدىمكى قەبرىگاھلىق قاتارلىق قەدىمكى

مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تېپىلغان ئات- ئەگەر جابدۇقلىرى، تۇرمۇش ۋە زىبۇ- زىننەت بۇيۇملىرى، ئالتۇن ۋە تۆچقا ئىشلەنگەن ئەۋرىشىم - قاتلىما هايۋان تەسۋىرى چۇشۇرۇلگەن سەنئەت دۇردانىلىرى، بولۇپمۇ ئالمائاتا يېنىدىكى كونا قورغاندىن تېپىلغان مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5 -، 6 - ئەسىرگە تەئەللۇق سكتاي قەھرىمانىنىڭ ئالتۇن قاسراق زەنجىردە ياسالغان نەقىشلىك جەڭ كىيىمى، دۇبۇلغا ۋە خەنجىرى سكتاي - ساك هۈنەر - سەنئىتىنىڭ نادىر ئۈلگىسىنى ياراتتى.

مەركىزىي ئاسىيا هۈنەر - سەنئىتى توقۇش ساهەسىدە غايەت زور تارىخىي تۆھپە ياراتقان. بىز ئاددىي يۇڭ رەخت توقۇشتىن (مەسلەن، بازىرىق قەدىمكى قەبرىلىرىدىن تېپىلغان ئات - تۆگە كارۋانلىرى چۈشۈرۈلگەن گىلەم جىيەكلىرى بىلەن ئاتلىق يىگىت ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى نامرات كىشى كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن رەڭدار گىلەملەر)، تاۋار - دۇردۇن، ئەتلەس توقۇش ۋە كالۋۇتۇندا گۈل چېكىشكىچە مەركىزىي ئاسىيا هۈنەر- سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ماھارىتى ۋە ئالەمشۇمۇل داڭقىنى بىلىمىز.

ئەتلەس، جۈملىدىن ھەرخىل گۈل- نەقىشلىك كىيىم نۇسخىلىرى مەركىزىي ئاسىيادىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىن كۆپلەپ تېپىلغان. بىز سەمەرقەنت يېنىدىكى ئەپراسىياپ قەلئە خارابىسىدىن، پەنجىكەنت، باراھشاھ، جۈملىدىن دەندان ئويكۆك، قىزىل، قۇمتۇرا، شورچۇق، بېزەكلىك بۇددا تاشكېمىرلىرىغا سىزىلغان تام رەسىملىرىدىن ھەرخىل يىپەك ۋە زەرباپ كىيىم نۇسخىلىرىنى كۆرىمىز. بۇلار ئىچىدە ئەتلەس شۇنچە داڭ چىقارغانكى، كەييۇەن يىللىرى (713 - 742) چاڭئەندە «ئەتلەس ئۇسسۇلى» ئوينالغان. لى جۇلىڭ «بەش پارچە شاڭچىڭ نەزمىسى» دېگەن شېئىرىدا ئەتلەس ئۇسسۇلىنى مۇنداق تەرىپلىگەن:

پۈتتى ئەتلەس نەغمىسى ئاسماندا قوزغالدى شامال،
ئون ۋىلايەت ئۈستىنى باستى ئىپار ئۆتمەي هايال.
شۈي نىڭ «هۇئاڭچىڭگۇڭ قەسرىدە دۇشرىنگە مۇشائىرە» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغان:
ئۇچۇرۇپ ماموق كەمەرنى ياگرىسا لەرزان سادا،
تاشلابان يەڭگىل قەدەمنى ئەۋرىشىم <<ئەتلەس>> كىيلۇر.
مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ ئەتلىسى ئوتلۇق دەشت - چۆل ۋە يېشىل بوستان مەنزىرىسىنى سىمۋول قىلغان(布元火) بولۇپ، ئۇ كۆپلىگەن شائىرلارنىڭ شېئىرغا ئىلھام بولغان.
ئەلىشىر نەۋائى ئەتلەسنى ئاسمان نۇرلىرىغا، شەپەقكە ئوخشاتقان ۋە مۇنداق يازغان:
پەلاسى هۇزنىمەن، ئەي ئەتلەس چەرە،
ماڭا لايىق ئەمەس ۋالا قۇماشىڭ.
(مەنىسى: ئەي پەلەك ئەتلەس مەن پالاستەك غەمكىنمەن، ماڭا ئالىي كىيىملەر لايىق ئەمەس).

چۈن تۈشەرلەر ئاقىبەت ئۈستۈڭگە هارا بىرلە قەرش،
نى ئاسىغ ئاستىڭدا گەر چەرھ ئەتلەسدىندۈر فىراش.
(مەنىسى: ئۈستىڭگە ئاهىر تاش – تۈپراق چۈشىدىغان تۇرسا، ئەگەر ئاستىڭدا چەرھ ئەتلىسدىن كۆرپە سېلىنغان بولسىمۇ ئۇنىڭ نېمە پايدىسى؟)
هارا تۈبگە ياتقۇڭ، يوق سۇد ئەگەر يۈز يىل
كۆك ئەتلەس ئۈستىدە جىسمىڭنى ياتىپ ئاغنات.
(مەنىسى: كۆك (ئاسمان) ئەتلىسى ئۈستىدە يۈز يىل يېتىپ جىسمىڭنى ئۆرناتقىنىڭ بىلەنمۇ هېچ پايدىسى يوق، چۈنكى ئاخىر بەربىر تاش ئاستىدا ياتىسەن).
بىز يىپەك يولىنىڭ مەركىزىي هالقىسىدىكى مەتال ۋە توقۇلما هۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئاجايىپ جەلپكار پاۋلىئونىغا نەزەر سالساق، هەرخىل كىيىم – كېچەك، مەتال توقا – تاسما، پىچاق – خەنجەر، ئاپتوۋا – چىلاپچا، باش – ئاياغ كىيىملىرى، زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى، يىمەك – ئىچمەك ئەسۋابلىرى، ياغاچ قىرما ۋە قاشتېشى ئويمىلىرى، بىناكارلىق قۇرۇلما ۋە نەقىش – بېزەك هۈنەر – سەنئىتى، تېرە – بۇلغارى هۈنەرۋەنلىكى، مەي، مۇرابا، گۈلقەنت، ئەدرەك، پاتاسى ئىشلەش تېخنىكىسىنىڭ نەقەدەر يۇرۇشلەشكەن ۋە خېرىدارلىق بولغانلىقىنى كۆرىمىز. مەركىزىي ئاسىيانىڭ چالغۇ قوراللارنى ئىشلەش تېخنىكىسى ئەزەلدىن مەشهۇر بولغان.
يىپەك يولى ئىبارىسى كېيىنكى ۋاقىتتا ئىستېمال قىلىنغان بولۇپ، بۇ يولدا شەرق – غەربنىڭ، جۈملىدىن مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئات، يىپەك گەزلىمە، زەر كىمخاپ، قاشتېشى ۋە ياقۇپ، ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى، تېرە – يۇڭ، پار – پۈر، چاي، دورا– دەرمەك، هوش پۇراق ماتېرىياللار، پاختا – چىگىت، گىلەم– كىگىز قاتارلىقلار سودىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغاچقا، هۈنەر – سەنئەت ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى راسا راۋاجلانغان.
يېغلىق – جەنگو زامانىدا جاۋ بېگلىكىنىڭ پادىشاهى جاۋ ئۇلىن (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 325 – 229 يىللار) قوشۇن تۈزۈش ئۈچۈن تارىختا مەشهۇر «خۇلاردىن كىيىنىشنى ئۆگىنىش» هەرىكىتىنى قوزغىغانىدى. هەن زامانىسىدا كېڭەيمىچى ئىمپېراتور لىۋچى مەركىزىي ئاسىيا مۇزىكىلىرى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر پاسونىدا هەربىي ئوركېستىر ۋە چەۋەنداز قوشۇن قۇردى. شىمالىي سۇلالىلەر، سۈي – تاڭ سۇلالىلەر دەۋرىدە، بولۇپمۇ كەييۇئەن (713 – 742) يىللىرى چاڭئەندە مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ئۆگىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. يۈئەن جىڭنىڭ «فاچۈي» ناملىق شېئىرىدا:
بولدى ئۇيغۇرچە ياسانما قىز – ئايالار مەشغۇلى،
زور ماهارەت بولدى چالماق سازنى ئۇيغۇرسىمان.

ئاتقا ئۇيغۇرچە مىنىش، زىبۇزىننەت، تىل ئۆگىنىش،

بولدى بەس – بەستلىك ھەۋەس بۇ ئەللىك يىلدىن بۇيان.

دەپ يازغىنى، خۇئارۇي خانىمنىڭ «قەسىر نەزمىسى» دېگەن شېئىرىدا:

مىنگىنى ئۇيغۇر ئېتى، ئۇيغۇر لىباسى كىيگىنى،

جىلۋە قىلدى بۇ لىباستا تال چىۋىقتەك بەللىرى.

- دەپ يازغىنى ئەينى زامان رېئاللىقىنىڭ شېئىر–نەزمىلىرىدە ئەكس ئەتكەن قىسمەن ئۆچۈرى ئىدى. يىپەك يولىدىكى ئىككىنچى ھېكمەت – ھۈنەر – سەنئەت مەدەنىيىتى يالغۇز ھەرقايسى ئەللەر ئېتنولوگىيە مەزمۇنلىرىغا ھۆسن قوشۇپ قالماي، ھازىرقى ئۇيغۇر قاتارلىق يىپەك يولى ئوتتۇرا ئۆتكىلىدىكى خەلقئارا تۇرمۇشىدىمۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە مەپتۇنكار ئېستېتىك سېھرىنى نامايان قىلىپ كەلدى. يېڭى يىپەك يولى پۈتۈن دۇنيا بىر – بىرىگە يانداشقان ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىلگەن كۆپ قانالىق خەلقئارا ئىقتىساد ۋە بازارغا قاراپ يۈزلەنمەكتە. ئىشەنچ بىلەن ئېيتىش مۇمكىنكى، ھۈنەر – سەنئەت مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ يېڭى مۇمكىنلىكلىرىنى ئىشقا سالغۇسى ۋە ھۈنەر – سەنئەتنىڭ يېڭى، ئاۋات مەنزىرىسى بىلەن ئۆز ئەنئەنىلىرىنىڭ يېڭى زامان فورماتسىيىسىنى تۈزگۈسى.

ئىنسانىيەت ئۆز بەخت – سائادىتىنىڭ نۇرلۇق يۇلتۇزلىرىنى تېپىش يولىدا ئاسمان جىسىملىرى بىلەن تونۇشتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئاسمان يورۇتقۇچلىرىنى بىلىش ھالىتى ئۆزىنىڭ بەخت – سائادەتكە قانچىلىك ئېرىشكەنلىك بىلەن توغرا تاناسىپ بولۇپ قالدى.

- خىيال دەپتىرىمدىن

## يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ ئۈچىنچىسى تەبىئەتنى بىلىش ھېكمىتىدىن ئىبارەت.

قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ ئاسترونومىيە، ھاۋارايى، جۇغراپىيە ۋە ھېسابلاش قاراشلىرى ئەڭ قەدىمكى ئالەم يارىلىش ئەپسانىلىرى بىلەن بىللە يىراق ئۆتمۈشتە مەيدانغا كېلىشكە باشلىغانىدى. قەدىمكى قاراخان تەڭرىم، مەرگەن تەڭرى، قۇياش ئىلاھى مىترا توغرىسىدىكى قاراشلار ئۆزىنىڭ ئەپسانىۋى خاراكتېر ئالغانلىقى بىلەن يەنە ئىپتىدائىي ئالەم قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى. ئىپتىدائىي ئالەم قاراشلىرى ئىپتىدائىي كوسمولوگىيىلىك – ئاسترونومىيىلىك قاراشلارنىڭ بىخى ھەم ئۆزۈقى بولدى. چەكسىز ئالەم بوشلۇقىنىڭ كۆز بىلەن كۆرۈنىدىغان قىسمى ھەر دەرىجىلىك ئىلاھىيەت قاراشلىرىغا ئاساس سالغاندەك، يەنە ئاسترونومىيىلىك ساددا قاراشلارغىمۇ ئاساس سالدى.

چەكسىز زېمىندىكى سەپەر مۇساپىسىدە قۇياشقا قاراپ تەرەپلەرنى، يۇلتۇزغا قاراپ پەسىللەرنى پەرقلەندۈرۈش ئېھتىمال ئىپتىدائىي ئاتلىقلار مەدەنىيىتىنىڭ ئاسترونومىيىلىك ساۋاتى بولسا كېرەك.

ئۇلار 12 ئوكەك (بۇرچ) بويىچە دەسلەپكى ئاي ۋە يىلنى بەلگىلىگەن. غارلارغا ئاتىنىڭ رەسمىنى سىزىپ، ئۇنىڭ بېشىغا تەكرار سىزىق ياكى چېكىتلەرنى تامغا قىلىش، ھەتتا ئاي، كۈن شەكلىنى چېكىش ئارقىلىق ھەربىر يىلدا بىر قېتىم ئات قۇربانلىق قىلىپ، يېڭى يىلنى كۈتۈۋالغانلىقنى خاتىرىلەپ دەسلەپكى سالنامە بېكىتكەن. كېيىنچە، 12 يىلنى بىر مۆچەل بىلىدىغان، ھەربىر يىلنىڭ مەلۇم ھايۋان نامىدا ئاتايدىغان ئادەت پەيدا بولدى. بۇنداق مۆچەلدىكى 12 يىلنى 12 ھايۋان نامىدا ئاتاش ئارى – سومەر، سكتاي – ساك ياكى تۈركىي خەلقلەر زامانىدا مەيدانغا كەلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

شامان باخشىلىرى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مۇنەججىملىرى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ۋە ھەربىي يۈرۈشلەردە خان مەسلىھەتچىسى بولغان. يۇلتۇز كۆرۈش، چۈش ئۆرۈش، يادا تاش ئارقىلىق يامغۇر ياغدۇرۇش شىمالىي دىغارلار زامانىدىن ياكى يېقىنقى قۇمۇل ۋاڭلىرى دەۋرىگىچە ساقلانغان. «شەرھى ئاساسۇل مۇسلىمىن» دېگەن كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە، «تۈرك پەيغەمبەرلىرى» دېگەن تەرەپتە «ئامان»، «ئەمىق»، «ئۇمىد»، «پۇراھ»، «تاھىن»، «تابۇي»، «كوسان»، «ئەركىل»، «ساۋان»، «سوغۇن»، «دىۋىل»، «سالاق»، «تاپقىر»، «ئانۇق»، «قىتىن»، «نارۇن»، «ھامۇن»، «چىجىل»، «پاسان»، «ياۋۇق»، «ياھۇر» قاتارلىق كىشى نامىلىرى تىلغا ئېلىنغان. بۇ بەلكى قەدىمكى شامان مۇنەججىملەرنىڭ نامىلىرى بولسا كېرەك. گاباڭىن خانىم قاتارلىقلار ئېلان قىلغان «تۇرپان تېكىستلىرى» ئارىسىدا ئاسترونومىيە، ھاۋارايى ۋە ياداگەرلىك، پالنامىلارغا ئائىت سەھىپىلەرنىڭ ساقلانغانلىقى قەدىمكى ئۇيغۇر مۇنەججىملىكىنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىدىن دالالەت بېرىدۇ.

يىپەك يولىنىڭ مەركىزىي بەلۋېغىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر توپلىغان ئاسترو – ماتېماتىكىلىق بىلىملەر شەرق بىلەن غەربنىڭ ئۆلچەم–ھېسابلاش بىلىملىرى بىلەن قوشۇلۇپ، يېڭى سىنكرتىك قاتلام ھاسىل قىلدى. ئەل خارەزمى، فەرغانى، فارابى، ئىبنى سىنا، بىرۇنى، ئومەر ھەييام، نەسرىدىن تۇسى، ئۇلۇغبەگ قاتارلىق ئۇلۇغۋار ئىلىم ئەللامىلىرى ئۆز پائالىيىتى ۋە ئەسەرلىرى ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئاسترو – ماتېماتىكىسىنىڭ ئىلمىي ئۇلىنى قۇردى. بۇ، يىپەك يولىنىڭ مەركىزىي ئوچىقىدا روياپقا چىققان غايەت كاتتا ئىلمىي ھېكمەت دۇردانىسىدۇر.

ئۇلۇغ تەبىئەت ئالىمى، ئاسترو-ماتېماتىكا ئىلمىنىڭ يىپەك يولىدىكى بۈيۈك ئاساسچىسى مۇھەممەد مۇسا ئەل خارەزمى (783 – 850) ئۆزىنىڭ «ئاسترونومىيىلىك جەدۋەل»، «مۇزىكا توغرىسىدا رىسالە»، «ھىندى رەقەملىرى توغرىسىدا رىسالە»، بولۇپمۇ ئالگېبراغا ئاساس سالغان «ئەلجەبىر ۋەل مۇقابەلە» نامىلىق ئەسەرلىرى شۇنداقلا خەلىپە مەمۇن دەۋرىدىكى «بەيتۇل ھېكمەت» دەپ ئاتالغان پادىشاھلىق كۇتۇپخانىسىدىكى ئىلمىي خىزمەتلىرى بىلەن مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ جاھان مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان ئەڭ نازۇك ئىلمىي تۆھپىسىنىڭ ئۇلۇغ نامايەندىسى بولدى.

ئەھمەد ئىبن مۇھەممەد ئەل فەرغانى (؟ – 861) قەشقەرگە يېقىن فەرغانىدە تۇغۇلۇپ، خەلىپە مەمۇن ئاكادېمىيىسىدە (ئىشخانىسىدا)، كېيىنچە مىسىردا ئاسترو – ماتېماتىكا ۋە ئۆلچەم ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ «كىتابەتى ئۇسۇل ئىلمۇل نۇجۇم»، «يەتتە ئىقلىم ھېسابى»، «ئەل فەرغانىنىڭ جەۋەللىرى»، «ئالماگىستاغا بەغىشلايدىغان پەلەكىيات رىسالىسى»، «پەكە چەمبەرلىرى سەۋەبىياتى»، «ئاي يەرنىڭ ئۈستىدە ۋە ئاستىدا بولغاندا ۋاقىت ئېنىقلاش رىسالىسى»، «ئەلمەجەستى ھەققىدە»، «ئىلمۇل ھەيە (پەلەك ئىلمى)»، «ئۇستۇرلاپ بىلەن ئەمەل قىلىش كىتابى»، «ئۇستۇرلاپ ياساش ھەققىدىكى كىتابى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئامېرىكا، رۇسىيە، مىسىر، ھىندىستان، ماراكەش، گېرمانىيە، فرانسىيىلەردە ساقلانغان. ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى 1145-، 1175-، 1193-، 1533-، 1537-، 1590- 1910- يىللىرى ئىئوئناسۋىل، فىرارد كرەمون، گوۋل، رەگومونتان، شيونىر، ھىرستمان، كامپاني، روزەنفلىد، دوربروۋىسكي، سەرگىيۋە، ۋىدەمان قاتارلىق كىشىلەر تەرىپىدىن ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئەبۇنەسىر فارابى (870 – 950) «پەنلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى»، «شەرھى ئەل مەجەستى»، «كىتابۇل لەۋھىق»، «ئېۋكلىدنىڭ 1 – ۋە 5- كىتابلىرىدىكى قىيىن مەسىلىلەرگە شەرھى»، «گېئومېترىك نازۇك شەكىللەر توغرىسىدىكى كىتاب»، «يۇلتۇز ھەققىدىكى سۆھبەتتە توغرا ۋە ناتوغرىلىق ھەققىدە رىسالە»، «ئارىفمېتەكا مۇقەددىمىسى»، «تەسەۋۋۇرلۇق گىئومەترىيىگە مۇقەددىمە»، «بوشلۇق ۋە مىقدارى»، «خىمىيە ئىلمىنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ ئارىستوتېلدىن كېيىنكى ئەڭ كاتتا تەبىئەتشۇناس پەيلاسوپلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئەبۇئەلى ئىبن سىنا (980 – 1037) فارابى ناتۇرال پانتېئىزملىق پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى، بۈيۈك «شەيھۇل رەئىس»، تىبابەتشۇناس بولۇش بىلەن بىللە، ئۇ ئەللۇددەۋلەنىڭ تاپشۇرۇشى بىلەن بىر مەزگىل ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىش بىلەن شۇغۇللانغان.
ئىبن سىنا ئۆزىنىڭ «كىتابۇششىغا»، «دانىشنامە»، «كۆزىتىش ئەسۋابى ياساشتا ئەۋزەل ئۇسۇل كىتابى»، «يەرنىڭ ئەلەم مەركىزىدىكى ھالىتى»، «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ كۆرۈنمە مۇساپىلىرى»، «يورۇتقۇچىلارنىڭ كىچىلىك كۆرۈنۈشى ھەققىدە»، «ئاسمان سفىراسى ۋە ئادەملەرنىڭ ئوي – ماكانلىرى»، «شەمس ۋە قەمەرى يىل پەسىللىرىنىڭ ھەمدە كېچە ۋە كۈندۈز زامانلىرىنىڭ قانۇنىيىتى»، «يۇلتۇزلار ھۆكۈمىنىڭ رەددىيىسى»، «جۇرجان شەھرى ئۇزۇنلۇقىنى تۈزىتىش ھەققىدىكى رىسالە» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، مېخانىكا، مۇزىكا مەسىلىلىرى توغرىسىدا كەڭ توختالغان.

ئەبۇل ۋاپائەل بۇزجانى (940 – 998) خۇراساندا تۇغۇلۇپ، باغداتتا كاتتا ماتېماتىك ۋە ئاسترونوم بولۇپ تونۇلدى. ئۇ «ئاسترونومىيگە مۇقەددىمە كىتاب»، «ئارىفمېتىكىغا مۇقەددىمە»، «ئارىفمېتىكا ھەققىدە رىسالە»، «ئاسمان سفىراسىنىڭ چوڭ ئايلىنىشىنى ئېنىقلاش ھەققىدە كىتاب»، «ئەل مەجەستى»، «دىئوفانت ئەسىرىدىكى جۈملىلەرنى ئىسپاتلاش ھەققىدە كىتاب» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئىبىن سىنا ۋە بەرۇنىنىڭ بۇ زاماندىشى بىرونى بىلەن كېلىشىپ باغدات ۋە خارەزىمدە ھىجرىيىنىڭ 387 – (مىلادىيە 997 -) يىلىدىكى ئاي تۇتۇلۇشىنى بىللە كۆزەتكەن.

خارەزملىك ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبىن ئەھمەد ئىبىن يۇسۇپ كاتىپ خارەزمى مىلادىيە 990 – يىلى يازغان «مەفاتىھۇل ئۇلۇم(ئىلىم ئاچقۇچى)» ناملىق ئەسىرىدە ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە ھەققىدە توختالغان.

خوجەندلىك ئەبۇمۇھەممەد ھەمىد ئىبىن قىدىر ئەل ھۇجەندى ئەسىرنىڭ ئۇلۇغ ئاسترونومى ۋە ماتېماتىكى بولغان. ئۇ رەي شەھرىدە فەھرۇد دەۋلە (977 – 996) سارىيىدا ئىلمي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ «ئېۋكىلىدنىڭ ئېغىشى ھەققىدە»، «ئاسترونومىيە قانۇنى»، «فەھرى سەكستانتى(فەھرۇد دەۋلەگە ئاتالغان ئاسترونومىيىلىك ئەسۋاب)»، «ئۇستۇرلاپنىڭ ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى ھەققىدە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بولغان. ياي شەكىللىك سەكستانت نۇسخىسى ئۇلۇغبەگ رەسەتخانىسىدىمۇ ساقلانغان.

خارەزملىك ئەبۇرەيھان بىرۇنى (973 – 1048) ئەينى زاماندا خارەزمدىن چىقىپ كەتكەن كىشىلەرنى ئاتايدىغان ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە «بەرۇنى(سىرتتىن كەلگەن)» نامىدا ئاتىلىپ شۆھرەت قازانغان. ئەبۇرەيھان مۇھەممەد ئىبىن بەرۇنى «يۇلتۇزلار ھەققىدىكى بىلىمگە مۇقەددىمە»، «ھىندىستان»، «فارماكوگنوزىيە»، «مەنرالوگىيە»، «گەئودىزىيە»، بولۇپمۇ «قانۇن مەسۇدىي» ناملىق قامۇس كەبى ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ پەلسەپە جەھەتتە ئارىستوتېل ۋە فارابىغا ئەگەشكەن. ئەشەرنىڭ دىموكراتنىڭ ئاتوم تەلىماتىنى روھانىيلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ، ئاتومنىڭ ماددىي جىسىملىقنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ھەققەتىنىڭ ئۆلچىمى نوپۇز دېگەن قاراشنى رەت قىلغان ۋە نوپۇز – ئىلىمنىڭ نوپۇزى دەپ قاراشنى پەندە تەجرىبە ۋە مۇھاكىمىنى بىللە ئېلىپ بېرىشنى تەۋسىيە قىلغان. ئۇنىڭ ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيىگە قوشقان تۆھپىلىرى يەر مەركەز (گەئوسەنتىر) قاراشلىرىنىڭ ئۆلنى تەۋرەتكەن.

ئومەر ھەييام (1040 – 1123) نىشاپۇردا تۇغۇلۇپ، خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان مۇتەپەككۇر، شائىر ۋە ئاسترونوم ئىدى. ئۇ سالجۇق تۈرك شاھلىرىدىن مەلىك شاھ ھوزۇرىدا،

ۋازىر نىزامۇلمۇلك هامىيلىقىدا «مەلىك شاھ ئاسترونومىيە جەدۋىلى»نى ئىشلەپ، سالجۇقىيلار كالېندارىنى تۈزگەن ئۇ «ئالگېبرا ۋە ۋەلمۇقەبەلە ۋەزىپىلىرىنى ئىسپاتلاش ھەققىدە رىسالە»، «ئارىفمىتكىدىكى قىيىن مەسىلىلەر»، «ئەۋكەلىدنىڭ مۇقەددىمىلىك كىتابىدىكى قىيىنچىلىقلارغا شەرھى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئۆمەر ھەييام ئۆز رۇبائىيلىرى ئارقىلىق كوسمۇلوگىيىلىك چۈشەنچىلىرىنى ئىنان تۇرمۇشى قاراشلىرى بىلەن قايتا يۇغۇرۇپ، زامانىسىنىڭ ئىنسانپەرۋەر ئىدىيىلىرىنى جۇلالاندۇرغان.

چىڭگىزخانىنىڭ ئىستېلاچىلىق يۈرۈشلىرى تىنجىغاندىن كېيىن خانبالىقتا (بېيجىڭدا) جامالدىن ناملىق ئۇيغۇر مۇنەججىمنىڭ شۆھرىتى شەرق ئاسمىنىنى قاپلىغانىدى.

ھىلاكۇخان دەۋرىدە ياشىغان خۇراسانلىق ئالىم ئابدۇجاپپار مۇھەممەد ئىبن ئەلھەسەن نەسرىددىن تۇسى(1201 – 1274) ئوتتۇرا ئاسىيا مۇتەپەككۇرلىرى قەسرىدە ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا ۋە پەلسەپە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ «پېتولمىنىڭ ئەلمەجەستىگە شەرھى»، «ئەۋكەلىدنىڭ مۇقەددىمىسىگە شەرھى» قاتارلىق ماتېماتىكىغا دائىر 12 كىتاب يازدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «ئاسترونومىيىلىك داستان» ناملىق شېئىرىي ئەسىرىمۇ بار. نەسرىددىن تۇسى «ئىلھانىيە ئاسترونومىيە جەدۋىلى»نى ئىشلەپ چىققان ۋە مارغى رەسەتگاھىغا يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇنىڭ ئەسلىددىن، پەھرىددىن ۋە سەدرىددىن قاتارلىق ئۈچ ئوغلىمۇ مەشھۇر ئاسترونوملاردىن بولغان.

تومۇرىيلەردىن مۇھەممەد تاراغاي ئۇلۇغبەگ(1394 – 1449) يىپەك يولى ئاسترو – ماتېماتىكا ئىلمىدە ئەڭ ئاخىرقى ئۇلۇغ تەبىئەتشۇناس سۈپىتىدە پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ ئاسترونومىيە تەتقىقات گۇرۇپپىسى – ئەلى قۇشچى، كېيىنكى زامان ئالىملىرىدىن جەمشىد قۇشچى، ئالائىددىن قۇشچى ئۇشبۇ ئىلمنى ئۇلۇغبەگ يەتكۈزگەن ماقامغا يەتكۈزۈلمىدى.

ئاسترونوم ئۇلۇغبەگ ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي مەكتىپى «تۆت ئۇلۇس تارىخى»، «ئارىفمېتىكا رىسالىسى»، «ئاسترونومىيىنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا تەپسىلات»، «ئاساسىي فىگورىلار ھەققىدە تەپسىلات»، «سىنۇس ھەققىدە رىسالە» بولۇپمۇ تۆت قىسىملىق «يېڭى كوراگان ئاسترونومىيە جەدۋىلى(1437 – يىلى تاماملانغان)» ناملىق ئەسەرلىرىنى يازدى. ئۇنىڭدا 1022 يۇلتۇز خاتىرىلەنگەن ۋە بىر يىل 365 كۈن 6 سائەت 9 مىنۇت 10 سېكۇنت بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئۇلۇغبەگنىڭ پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلۈشى يىپەك يولىنىڭ گۈللەنگەن پەسلىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭدىن گەرچە ئەلىشىر ناۋائى، زاھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر، بايا رەھىم مەشرەپ،

مۇھەممەد سدىق زەلىلى، مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى ۋە ئابدۇرېھىم نىزارىدەك ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر مۇتەپەككۇر شائىرلار مەيدانغا كەلگەن، ئامانىنساخان، قىدىرخان ۋە دەرۋىش ئەلىدەك مۇزىكشۇناسلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان، خاندەمر، مىرزا ھەيدەر، موللا موسا سايرامىدەك تارىخشۇناسلار قەلەم تەۋرەتكەن بولسىمۇ، بۇيۈك تەبىئەت ئىلمى بويىچە، خۇسۇسەن ئالەمشۇمۇل دەستۇر ياراتقۇچى ئۇلۇغ تالانت ئىگىلىرى مەيدانغا كەلمىدى. ھۇماقۇشى بۇنداق تالانت ئىگىلىرىنىڭ تۇغۇلمىنى يىپەك يولىغا ئەمەس، بەلكى غەربىي ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكىغا كۆمگەنىدى.

ئېلىمىزنىڭ تارىخىمىزنىڭ ئاساس سېلىش؛ نۆل (لاتىنچە، «يوق») ئۇقۇمىنى سان – سىفىرگە ئېلىپ كىرىش؛ ئالگېبرا تەڭلىمىلىرىنى مەيدانغا ئېتىش؛ گىئومېترىيە بولۇپمۇ تىرىگىنومېترىيىنى ئورە تۇرغۇزۇش؛ سان چۈشەنچىلىرىنى ئېنىقلاش؛ سىنۇس ۋە كوسىنوس، ئىنتېگرال ۋە دىففېرېنسىئاللىق كاتېگورىيىلەرنى تۇرغۇزۇش؛ ئېھتىماللىق نەزەرىيىسى ۋە ماتېماتىكا لوگىكىسىغا ئاساس سېلىش؛ ئاسترونومىيىلىك ئەينەك ۋە ئەسۋابلار ئىشلەش؛ يۇلتۇزلار (1022 يۇلتۇزلۇق گۇمبەز) جەدۋىلى ئىشلەش؛ كالېندار توزۇش؛ ئېكۋاتورنىڭ قىيپاشلىقنى ئۆلچەش، يۇقىرىدىن تاشلانغان نەرسىنىڭ شەرقكە يۆتكىلىپ چۈششىدىن يەرنىڭ غەربتىن شەرقكە ئايلىنىشىنى گەپوتەزا قىلىش؛ ئاينىڭ تۇتۇلۇشى، تولۇشى ۋە دېڭىز دولقۇنىنى ئېنىقلاش؛ زېمىننى ئىقلىم (بەلۋاغ ۋە زۇنىنار)لارغا بۆلۈش؛ ئالخىمىيە ۋە ساختا ئاسترونومىيىلىك قاراشلارنى تەنقىد قىلىش؛ گرېك ماتېماتىكلىرى ۋە مۇنەججىملىرىنىڭ تار دائىرىلىك قاراشلىرىنى قايتا كۆزىتىپ باھالاش... مانا بۇلار مۇھەممەد مۇسا ئەل خارەزمىدىن ئۇلۇغبەككىچە بولغان ئالتە ئەسىر ئىچىدە ئىلىم دۇنياسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئالتە ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. ئەمما، بۇ موجىزىدار زېمىندا بۆلۈنمە ھاكىمىيەتچىلىك ئۇرۇشلىرى، ئىشانچىلىق ئەسەبىيلىكلىرى، كىتاب كۆيدۈرۈش، ئىنسانپەرۋەر مۇتەپەككۇرلارنى دارغا ئېسىش، نەچچە ئونلاپ كاللا مۇنارى ياساش، ئابدۇقادىر داموللامغا قەست قىلىش، مەمتىلى ئەپەندىنى كۆيدۈرۈش، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قازا چىللاش ۋە زىيالىيلار ھۇسەمەتھورلۇقىدىن باشقا تەبىئەت ئىلمىدە قايسىبىر نادىر چېچەك ئېچىلدى؟!

يوقلۇق بارلىقنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق باھالىغۇچىسى. ئېيتىۋاتقانلىرىمىز سالنامە – تارىخلاردا سۆزلەنمىگەن تارىخ پەلسەپىسى ھەقىقەتلىرى.

يىپەك يولى قايتا ئېچىلدى! ئۇ ئۆزىگە خاس تىلسىم ئامەت ۋە موجىزىدار بەرىكەتلىرى بىلەن خەلقىمىزگە شاراپەت ئېلىپ كەلگۇسى. ئىشىنىمىزكى، ئەگرى – توقايلىقلاردىن ئۆتۈپ، يوقاتقان ئۇلۇغ ھېكمەت – تەبىئەت ئىلمى جاۋاھىراتلىرىنى خەلقىمىز يەنە ماھىر قوللىرىغا ئالغۇسى.

ئەگەر ئۆز تەشۋىشلىرىڭدىن خالاس بولساڭ، پەلەك تەشۋىشلىرىنىمۇ بەجا قىلالايسەن.

ـ ئىبن سىنا

## يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ تۆتىنچىسى تېبابەت ھېكمىتىدىن ئىبارەت.

ئىنسانىنىڭ تاشقى ئالەم مۆجىزىلىرىگە قىزىقىشىدىن ئۆز روھىيتى ئىچىگە يوشۇرۇنغان غايىۋى ھەم تەنقىدىي ئىككى قۇتۇپلۇق مەنىۋى دۇنياغا قەدەم قويۇشىدىكى دەسلەپكى ئۆتكەل ئاسترو ـ ماتېماتىكىلىق ئىزدىنىشلەردىن تېبابەتچىلىك پائالىيىتىگە يۈزلىنىش بولدى. ئەمما، تاكى گۇمانىستىك پىكىر ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگىچە ئىنسان ئۆز جىسمىنى تەبىئىي ياكى غەيرىي تەبىئىي ـ ئىلاھىي ئوبيېكت سۈپىتىدە كۆزىتىشتى.

دەسلەپكى تېبابەتچىلىك ئىپتىدائىي ئىنسانىنىڭ ئۆزىنى ھىمايە قىلىشى، بەدەنلىرىگە پۇراقلىق گىياھلار سۈركىشى، ھەرخىل ھاشارات ۋە چاققۇچى ھايۋانلارغا قارشى لاي ـ لاتقىلار بىلەن بەدەنگە قاتلام ياكى نەقىشلەر چېكىشى، كىيىنچە پىرىخونلۇق ـ ئوقۇش، داغلاش ۋاستىلىرى بىلەن داۋام قىلدى. ئېھتىمال، بۇ خىل ساددا تىببىي پائالىيەت يىپەك يولىدىن ئىلگىرىكى مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ دائىمىي ھەمراھى بولسا كېرەك.

ئاتلىقلار مەدەنىيىتى كۆچمەن ھايات ۋە پائالىيەتچان تۇرمۇش رىتىمىنى پەيدا قىلدى. جاراھەت ۋە سۇنۇق، تۇغۇت ۋە ئىچ ئۆتكۈ ئۇ چاغدا ئىپتىدائىي تېبابەتچىلىكنىڭ دائىمىي، ئەمما جىددىي تېمىسى ئىدى. سكىتاي مەتال ئىدىشى سىرتىغا سىزىلغان «سۇنۇق تېڭىش» رەسىمى بىزگە ئارىيلار زامانىدا ئاتلىق مەركىزىي ئاسىيا ئاھالىلىرى ئۆز زامانىسىنىڭ مائىر ھەرۇرگىلىرى بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

خەنزۇلارنىڭ «سىرىق پادىشاھ نامىلىق يېزىلغان ئىچكى كېسەللىكلەر دەستۇرى» نامىلىق كىتابىدا، مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ بۇنىڭدىن ئۈچ مىڭ يىللار ئىلگىرىلا زەھەرلىك دورىلار بىلەن داۋالاش ئۇسۇلى تىلغا ئېلىنغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرى يېزىلغان «ئەۋلىيا تەرىقچى نامىغا يېزىلغان شىپالىق گىياھلار» نامىلىق كىتابتا مەركىزىي ئاسىيا دورىلىرى ھەققىدە توختالىغان. سۈي ـ تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە «غەربىي يۇرت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رېتسىپلىرى»، «غەربىي يۇرت مەشھۇر تېۋىپلىرىنىڭ تۆت جىلدلىق مەخپىي رېتسىپلىرى»، چىڭ چەن يازغان «خۇرلارنىڭ شىپالىق گىياھلىرى»، سۇڭ سىماۋ يازغان «بىباھا دورا نۇسخىلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەردە مەركىزىي ئاسىيانىڭ تۆت زات ئاساسىدىكى تېبابەتچىلىك پەلسەپىسى ۋە شىپاگەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى تىلغا ئېلىنغان. ئېيتىش كېرەككى، بۇنداق تۆت زات ئاساسىدىكى تېبابەتچىلىك ئەنئەنىسى مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 6 ـ 8 ـ ئەسىرلەردە قارا

دېگىز ساھىلدا ھەرىكەتلەنگەن مەركىزىي ئاسىيالىق سكىتايلار ئارقىلىق قەدىمكى گرېتسىيە تېبابەتچىلىكىگە كۆچلۈك تەسىر كۆرسەتكەندى. ھېپپوگراتىنىڭ «تۆت فىزىس» قارىشى ئەنە شۇنداق شەكىللەنگەن.

يىپەك يولىدا ئىسلامىيەت مەدەنىيىتى شەكىللىنىشتىن ئىلگىرى مەركىزىي ئاسىيا تېبابەتچىلىكى جەسەت يېرىپ كۆرۈش؛ جەسەت مومىيالاش؛ تېڭىقچىلىق؛ سامساق – ھاراق – ئاچچىق تاش ئېلىش؛ كۆز ئوپېراتسىيىسى؛ ئىلغا؛ قان ئېلىش؛ ماساج قىلىش؛ تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش؛ ھەرخىل گىياھلىق گۆڭگۈرت كىسلاتاسى (تىزابى)، بروم كىسلاتاسى، كۆمۈشلۈك بروم كىسلاتاسى چىقىرىش؛ چېچەك، كېزىك، كۆزگە پەردە چۈشۈش، ئاشقازان ياللۇغى، قان تولغاق، زۇكام، جاراھەتلىنىش، داغ چۈشۈش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا زور نەتىجە قازانغان. 633-يىلى چىمەنقۇلى تاڭ گاۋزۇڭ (لى شىمىن)نى دەۋۋار كېسىلىدىن داۋالاپ ساقايتقان. 1970-يىلى شىئەننىڭ جەنۇبىدىكى تاڭفىن ۋاڭفۇدىن «قۇت(告利)» تامغىلىق ئىدىقۇت پۇلى ۋە ئىدىقۇتلۇقلار كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن دورا ئېچىش قاچىسى تېپىلغان. شۇ دەۋردە چاڭئەندە «ئىدىقۇت ئۆمۈر بەخت شەربىتى» ناملىق ماددا تۇلھايات دورىسى سېتىلغان.

«تۇرپان تېكىستلىرى» قاتارلىق تېبابەتچىلىك رىساللىرى پارچىلىرى تېپىلغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بىر قاتار كېسەللىكلەر، دورا ماتېرىياللىرى ۋە تېبابەتچىلىك ئۇسكۈنىلىرىنىڭ نامى كۆرسىتىلىشتىن باشقا، تېببىي مەزمۇندىكى ئەقلىيە سۆز ۋە نەزمىلەردىن پارچىلار بېرىلگەن.

1229-يىلى خانبالىق(بېيجىڭ)تا ئۇيغۇر دورىگەرلىك مەھكىمىسى قۇرۇلدى، مەشھۇر خرۇرگ نەزەر، ھەربىي دوختۇر يەھيا، ئەيشى بۇلمىش قاتارلىقلار خانبالىق ۋە سىچۇەنلەردە خىزمەت ئۆتىدى. ئىدىقۇتلۇق ئەنزاڭ «شىپا گىياھلىرى»، «مۇشكۇل ئاغرىقلار» دەستۇرلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى. ئېيتىش كېرەككى، بۇ نوقۇل قۇبلايخان زامانىدا ئىچكى ئۆلكىلەردە يۈز بەرگەن ھادىسە بولۇپ قالماي، يەنە پۈتۈن چىنگىزخان قوشۇنلىرى ۋە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئايىغى يەتكەن غەربىي ئاسىيادىمۇ بىر ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ھادىسە ئىدى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە 36 جىلدلىق «غۇز دورا نۇسخىلىرى» دېگەن ئەسەر يېزىلدى.

ئىسلامىيەت يىپەك يولى تېبابەتچىلىكىنى چەكلىگىنى يوق، ئەكس ھالدا غەربتە گرېك تېبابەتچىلىكى، شەرقتە جۇڭگونىڭ «جۇڭيى» تېبابەتچىلىكى ئوتتۇرىلىرىنى ھىندىستان، ئىران، ئەرەب ۋە ئەنئەنىۋى مەركىزىي ئاسىيا تېبابەتچىلىكى ئاساسىدا تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇردى.

يىپەك يولى تەپەككۇر گۈلزارلىقىدىكى ئۇغلۇ باغۇەن، جاھان پەلسەپە تارىخىدا ئارىستوتىلدىن كېيىنكى «ئىككىنچى ئۇستاز» ئەبۇ نەسىر فارابى ئەتتۇركىي (870-950) نەزەرىيىۋى تىبابەتچىلىكنى

يېگى ئۇل بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ تۆت زات، ھايات ۋە مۇھىت، جىسىم ۋە روھ، تاشقى ۋە ئىچكى سېزىش ھەم تەپەككۇر ئەزالىرى ئۈستىدە ناتۇرال پەلسەپىلىك قائىدىلەرنى قويۇشتىن تاشقىرى، ئاناتومىيىسى، گالەن تېبابەتچىلىكى، تېبابەتچىلىك كلاسسىفىكاتسىيىسى ئۈستىدە خاس ئەسەر ياكى سەھىپە يازدى.

ئىبىن سىنا(980–1037) فارابى دۇنيا قاراشلىرىنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە پەلسەپە، تېبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە ئۆزىگە خاس كاتتا تۆھپىلىرى ساھىبى بولدى.

ئىبىن سىنا بىر تەرەپتىن، شەرقنىڭ يۇرەك – تومۇر تەلىماتىنى تەتقىق قىلسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مەشھۇر ئىران ئالىمى ئەبۇلھەسەن تەبۇر (؟ – 923) نىڭ «فىردەۋسول ھېكمەت (ھېكمەت بەغى)»، باغداتلىق مەشھۇر دوختۇر ئەررازى(850–923) نىڭ «كىتابۇلئەسرار»، «ئەلھاۋىي»، «كىتابۇلتىب ئەلمەنسۇرى» ناملىق ئەسەرلىرى بىلەن ئىبىن ئابباسنىڭ «كاملۇل سىنا ئەلتىببىيە (تېبابەتچىلىك تولۇق دەستۇرى)» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ئىبىن سىنا يىپەك يولى تېبابەتچىلىكىنىڭ يۈكسەك چوققىسىنى تىكلىدى. ئۇنىڭ «ئەششىفا»، «دانىشنامە»، «ئەلقانۇن فىت تىب»، «تىببىي داستان» قاتارلىق ئاجايىپ ئەسەرلىرى خۇددى نۇر چېچىپ تۇرغان ئالتۇن يۇلتۇز بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىر قانچە ئەسىرگىچە شەرق ۋە غەربتە تېبابەتچىلىك قوللانمىسى ۋە دەرسلىكى قىلىندى، «شاھى تېبابەت» دەپ شوھرەتلەندى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن ئىمادىدىن قەشقىرى قاراخانىيلار دەۋرى تېبابەتچىلىك ئاسمىنىنى جىلۋىلەندۈردى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي تېبابەتچىلىككە ئائىت سىستېمىلىق مەلۇماتلارنى تىلغا ئالدى. ئىمادىدىن قەشقىرى ئۇيغۇر تىلىدا «شەرھى ئەلقانۇل» ناملىق ئەسەر يېزىپ، ئىبىن سىنا قاراشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك شەرھى شەكلىدە راۋاجلاندۇردى ۋە بېيىتتى. ئېيتىلىشچە، ئىمادىدىن قەشقىرى يەنە «شەرھى ئەششىفاھ»نى يازغان.

كېيىنچە، خىزىر خوجىنىڭ ۋەزىرى قەمەرىددىن، ئەلائىددىن خوتەنى، جامالىددىن ئاقساراي، مۇرادبەگ قەشقىرى، سەئىد مۇختار بۇلاقبەگ قاتارلىق ئۇيغۇر ھۆكۈمالىرى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە ئۆچمەس تۆھپىلەر قوشتى.

بىز يىپەك يولىدىكى بىقىياس قىممەتلىك ھېكمەت بولغان تىبابەتچىلىكنىڭ 10 مىڭ يىللار مابەينىدە تاراملاپ توپلىشىپ، زور ئىقىن ھاسىل قىلغان غايەت زور ئىلمىي خەزىنە ئىكەنلىكىنى؛ ئۇنىڭ يىپەك يولى داۋام قىلغان 2000 يىل ئىچىدە ئىلمىي سىستېمىغا كىرگەنلىكى؛ خارابىلىششى، غەربىي ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىش تۇپەيلى، خۇددى چەۋگەن توپىدەك غەربىي ياۋروپالىقلار قولىغا ئۆتۈپ قالغانلىقى؛ نىجادىيەت ئىزدەشكە مەجبۇر بولغانلىقى؛ ھەممىنى ياۋروپادىن ئىزدىگۈچى تەپەككۇر دەلدۈشلىرىنىڭ مىللىي تىبابەتچىلىكنى «ساختا پەن» دەپ يوقتىشقا ئىرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا قويۇپ «تارىخنى قايتا ئويلاش» ئىلىپ بارساق، قەلبىمىزدە ئالتۇنغا بەرمەس مۇنداق ئۈچ ھۆكۈم ئورۇن ئالىدۇ: شانلىق ئۆتمۈش. پاجىئەلىك چۈكمىش ۋە نۇرانە كەلگۈسى!

يىپەك يولى قايتا ئىچىلدى! ئۇ، ۋاقىت رىتىملىرى بىلەن زېمىن ۋە تۇرمۇش سەھىپىلىرىگە زەر چىكىدۇ. خۇددى شاكال يىرتىپ تارىخ سەھنىسىگە قەدەم قويىدۇ. تىبابەت ئىلمى – نەزەرىيۋى تەپەككۇر ۋە ئىختىرا، ئەمەلىي داۋالاش ۋە تېخنولوگىيە چېچەكلىرى، گەرچە بىردىنلا بولمىسمۇ تەدرىجىي بۇ ئاۋات ئالاقىلەر قانىلىغا غۇجمەكلىشىدۇ. داۋا ۋە شىپاسىز رەنجى – ئەلەمدە ئۆتكەن خەلقتىن تىبابەت ئاسمىنىنىڭ يېڭى چولپانلىرى ئاپىرىدە بولىدۇ. بۇ، تارىخنىڭ ئۇلۇغ نۆۋەت ئىلتىپاتى بولۇپ، بۇ مۇمكىنلىكنى رىئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئەجىر – ئەمگەك تەلەپ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

نەغمە – ناۋا جانلىق مىللەت، ئوتلۇق قەلبىنىڭ ملودىك تىنىقى. ئۇ، ئىنسانىنىڭ ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ئىپادىلەيدىغان ئەپسۇنكار مەدەنىيەت

- خىيال دەپتىرىمدىن

## يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ بەشىنچىسى ناخشا – ئۇسسۇل ھېكمىتىدىن ئىبارەت.

ناخشا – ئۇسسۇل ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ تۇنجى، رىتىملىق ئىپادىلەنگەن پوتېنسىئال ئاڭ پارتلىشى، ھېسسىيات ئارقىلىق ھېسسىياتقا تامغا بېسىشى ۋە ھايۋاناتتىن تۈپ پەرقلەنگەن روھىيەت ئۇيغۇنلۇقى بولۇپ، قەدىمكى زامانلاردىلا مەيدانغا كەلگەن. مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى ئاھالىلىرى ئەڭ دەسلەپكى مۇھەببەت ۋە ئېتىقاد، پەسىل ۋە ئەمگەك، ئىشرەت ۋە مۇڭ (مەرسىيە) قوشاقلىرى، ئۇسسۇللىرىنى ياراتقان خەلقلەردىن ئىدى. مەركىزىي ئاسىيا ئاھالىسى بىلەن ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ ناخشا – ئۇسسۇل جەھەتتىكى ئورتاقلىقى قەدىمكى بۇغا يولى، ئات يولى ئالاقىلىرى دەۋرىدىلا خېلىلا قېلىپلاشقان ناخشا – ئۇسسۇل مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى دەلىللەيدۇ.

ناخشا – ئۇسسۇل ۋە ئۇنىڭغا بېقىنغان ئىپتىدائىي چالغۇ قوراللىرى رىتىملىق ئېتنىك مەدەنىيەت ئۇستىدە يېڭى تاشقورال دەۋرىدە گەنىزىسلىق (پەيدا بولۇشلۇق) بالا ياتقۇسىدا ئۆزىنىڭ ئېتنولوگىيىلىك قېلىپىنى تۈزدى. زامان قانچە سوزۇلمىسۇن، تەرەققىيات قانچە ئۆزگىچە بولمىسۇن، يېڭى تاشقورال دەۋرى ھەر خىل مەدەنىيەتلەر ئۆز قېلىپلىرىنى تۈزگەن دەۋر بولدى. ھەممە نەرسە خاس نۇسخا، قېلىپ، تەرتىپ، ئۆلچەمگە ئېرىشتى. ھەر خىل روشەن گىئومەتىرىك نەقش نۇسخىلىرى مەيدانغا كەلدى. توتېم ۋە ئۇرۇقداش جامائەدىكى مۇراسىملار، كوللېكتىپ بەزمە – بايرام پائالىيەتلىرى، كېيىنچە شامان، زورو-ئاستىر ئېتىقادى ناخشا – ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئىلھام بېغىشلىدى.

قەدىمكى گرېك تارىخچىسى ھىرىدوتنىڭ «تارىخ» ناملىق كىتابىدا ماسساگېتلار(ئۇلۇغ ساكلار) گۈلخان يېقىپ، ئوتقا مەۋە تاشلاپ، شىركەيپ بولۇپ ناخشا – ئۇسسۇل ئوينايدۇ، دېگەن تارىخىي ئۇچۇرى؛ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىلەن مەركىزىي ئاسىياغا كەلگەن ئورىئاننىڭ «ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى» دېگەن كىتابىدا يەرلىك خەلقنىڭ خۇددى گرېكلاردىكى دىئونۇس بايراملىرىدەك مەي سەيلىلىرىنىڭ بارلىقى ھەققىدىكى ئۇچۇرى؛ قەدىمكى خەنزۇ مەنبەلىرىدە سەرىق پادىشاھنىڭ كوئىنلۇن تېغىغا كۆي ئوگىنىشكە كىشى ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدىكى بايانلار؛ قۇتۇبى قىزىلىيار، ئالتاي، بارىكۆل قىيالىرىدىكى يالىڭاچ ئۇسسۇللۇق رەسىملەر؛ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ناخشا – ئۇسسۇللۇق قوشاق نەمۇنىلىرى؛ پۈتۈن مەركىزىي ئاسىيادىن تېپىلغان ئۇسسۇل كۆرۈنۈشلۈك قىيا سىزمىلىرى يىپەك يولىدىن ئىلگىرىلا مەركىزىي ئاسىيانىڭ ناخشا – ئۇسسۇل ماكانى ھالىتىدە تۈرغانلىقىنى دەلىللەيدۇ.

يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى مەركىزىي ئاسىيا ناخشا – ئۇسسۇل مەدەنىيىتىنى ھەم فولكلور، ھەم كلاسسىك شەكىلدە راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. شەھەر – قەلئە مەملىكەتلىرى ۋە مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشى، خەلقئارا سودا ۋە كۆتۈش مۇلازىمىتىنىڭ تەقەززاسى بۇ خىل سەنئەتكە تارىخىي قىممەت بېغىشلىدى.

يازما مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشچە، خەن سۇلالىسى قۇرۇلغان ۋاقىتتىلا خوتەننىڭ «يۈتيەن نەغمىسى» خەن ئوردىسىغا مەلۇم بولغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا جاڭ چيەن قۇمۇل دىيارىدىن «ماھادۇر» كۈيىنى چاڭئەنگە ئېلىپ بارغان. لى يەننيەن بۇ چوڭ كۈيدىن پايدىلىنىپ 28 نەغمە ئىشلىگەن. كېيىنچە «دۇر» ئىبارىسى گرېكلاردا «دۇرۇس مېلودىيىسى» نامىدا ئىشلەنگەن.

382- يىلى ھەربىي تەۋەككۇلچى لۇي گۇئاڭ كومىراجىۋانى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كۇسەنگە قوشۇن تارتىپ كەلگەندە، بۇ جاينىڭ ئاۋات بۇددا مەدەنىيەت مەركىزى ئىكەنلىكىنى كۆرگەن. ئۇ 20 مىڭ تۇياق ئات – قېچىرغا كۇسەننىڭ بايلىقى، زىبۇ – زىننەتلىرى، بۇددا دىنى نەمۇنىلىرى ۋە كۇسەن – چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ لياڭجۇ(جاڭيې) گە قايتقان. نەتىجىدە دەشتئاتا (دۇنخۇئاڭ – ساجۇ) بۇددا تاشكېمىرلىرى، لياڭجۇ نەغمىسى مەيدانغا كەلگەن.

568- يىلى تۈرك قاغانى مۇقانخاننىڭ قىزى ئاسىنا مەلىكە جۇ سۇلالىسىنىڭ ئىلمپەز ئىمپېراتورى يۈيۋېنيۇڭغا ياتلىق بولغاندا كۇسەنلىك مەشھۇر مۇزىكا نەزەرىيىچىسى سۇجۇپنى ۋە بىر قاتار مۇزىكا، ئۇسسۇل ماھىرلىرىنى چاڭئەنگە ئېلىپ بارغان. كېيىنچە سۇجۇپنىڭ «12 تېمىفىراتسىيىلىك كۇي قانۇنى» ئاساسىدا سۇي – تاڭ زامانىدىكى خەنزۇ مۇزىكىچىلىقى ئىنقىلاب خاراكتېرلىك يېڭىلانغانغان.

كۇسەندە يەنە ۋىدۇساكا ناملىق مۇزىكا ئۇستازى بولۇپ، مەخسۇس چوڭ نەغمىلەر ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى مەلۇم.

تارىخىي مەنبەلەردە يېزىلىشچە، يىپەك يولى راسا گۈللەنگەن دەۋرلەردە چاڭئەندە ئۆتكەن ساۋمياۋدا، ساۋگاڭ، بەيمىندا، بەيجەشۇڭ، فەيشىگفۇ، فەيشىڭلۇ قاتارلىق مەشھۇر مۇزىكىشۇناسلار مەركىزىي ئاسىيالىق ئىدى. ئەينى زامان شائىرلىرىدىن دۇفۇ، لىبەي، بەيجۈيى، ۋاڭۋەي، يۈئەنجىڭ، لىيەنشى قاتارلىق ئەدىبلەر مەركىزىي ئاسىيا مۇزىكا – ئۇسسۇل سەنئىتى توغرىسىدا گۈزەل مىسرالار قالدۇرغان.

بىز خوتەندىن، مارالبېشى تۇمشۇقتىن، قىزىل – قۇمتۇرا قاتارلىق جايلاردىن، شورچۇقتىن، ئىدىقۇت شەھەر خارابىسى، تۇيۇق، يارغول ۋە بېزەكلىك تاشكېمىرلىرىدىن ئەينى زامان مۇزىكا – ئۇسسۇل ۋە چوڭ نەغمىلەرگە ئائىت كۆپلىگەن نەپىس كۆرۈنۈشلەرنى كۆرىمىز.
سۇڭ سۇلالىسى زامانىدا مەركىزىي ئاسىياغا ئەلچىلىككە كەلگەن ۋاڭ يەندى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئۈچۈر بېرىشىچە، ئاۋات ئوردىلاردا ئوردا مۇزىكا – ئۇسسۇللىرى بولغان، ئۇ، ئوردىلار خارابىلاشقاندا خەلق مەشرەپ- مۇقاملىرى شەكلىدە داۋاملاشقان. بىز «دولان مۇقامى» نىڭ مۇقەددەسلەشكەن ھەرىكەت شەكلى، قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ ئەركىن- ئازادە ناخشا – ئۇسسۇل شەكلىدىن بۇ مۇقاملارنىڭ باشتىن كەچۈرگەن تارىخىي سەرگۈزەشتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ بىلىمىز.

ئىسلامىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن گەرچە يۈزەكى ھادىسە جەھەتتە ناخشا (مۇزىكا) – ئۇسسۇل سەنئىتى نىسبىي چەكلىنىشكە ئۇچرىغاندەك بولسىمۇ، ئەرەب- ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى تۈپەيلى

مۇزىكا سەنئىتىدە شەرق-غەرب مۇزىكا مەدەنىيەتلىرى يەنە بىر قېتىملىق تارىخىي ئۇچرىشىشقا مۇيەسسەر بولدى. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇتۇقى ئەرەب ۋە غەيرىي ئەرەب مۇزىكىلىرىدىكى راۋاجلىنىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەبۇ ناسىر فارابى ئۆزىنىڭ «كىتابۇلمۇسقەل كەبىر»، «كىتابۇلمۇسقەل سەغىر» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە يېڭى مۇزىكا نەزەرىيىسى- غەيرىي پىفاگور مۇزىكىلىق ئاۋاز قارىشى، مۇزىكا يۇكشۇناسلىقى نەزەرىيىسى، ئەرەب – تۈرك مۇزىكا – نەغمە تەلىماتى، چالغۇ قورالىلار ئىسلاھاتى، ھەرپلىك نوتا قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئىبن سىنا فارابى مۇزىكا تەلىماتلىرى ئاساسىدا 12 پەدە ھەققىدە توختالدى.

سالجۇقىيلار پۈتۈن ئىران ئىگىزلىكىنى ئىگىلىگەن مۇھىتتا ئەزەربەيجان تۈركلىرىدىن سەفىئۇددىن ئەلمۇمىن ئەلى ئۇرمەۋىي فارابى مۇزىكا نەزەرىيىسى بويىچە ئاۋاز(لار) قاتارىنى 12 پەردە (مۇقام) غا ئايرىشنى، ئەينى زامان كلاسسىك كويلىرىنى 12 مۇقام بويىچە 12 مۇجەسسەم(ئائىلە)گە ئايرىشنى تىلغا ئالدى. نەتىجىدە ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئەرەبچە «مۇقام» ئىبارىسىنى قوبۇل قىلدى، ئەرەب ۋە پارسلار ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۈلگىسىدە فارابى نەزەرىيىلىرى بويىچە ئۆز مۇزىكىلىق مۇجەسسەملىرىنى تۈزەشكە كىرىشتى.

يىپەك يولى ئوتتۇرا بەلۋېغىدا قاراخانىيلار، تۆمۈرىلەر دەۋرىدە مۇقام، ناخشا، ئۇسسۇل، شېئرىيەت سەنئىتىنىڭ يېڭى ئۈلگىلىرى مەيدانغا كەلدى. سەئىدىيە دەۋرىدە ئامانىنساخان ۋە قىدىرخان باشلىغان ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى تەرتىپكە سېلىشتەك ئۇلۇغ خىزمەت ئىشلەندى. ئۇيغۇر مۇقاملىرى يەنە بىر قېتىم، ئۆز ئىچىگە «مەشرەپ نەغمە»، «داستان نەغمە»، «چوڭ نەغمە» قىسىملىرىنى قوشقان ھالدا چوڭ تىپتىكى يۇرۇشلەشكەن كلاسسىك مۇقام ھالىتىگە ئېرىشتى. شۇنداق قىلىپ، غەربتە ياۋروپا كلاسسىك مۇزىكا ژانىرى – سىمفونىيىلەر مەيدانغا كەلگەن زاماندا، شەرقتە ئۇيغۇر مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە شېئرىيىتىنى بىر گەۋدە قىلغان ناخشا – ئۇسسۇل تىپىدىكى كلاسسىك سەنئەت مۇجەسسىمى – مۇقام مەيدانغا كەلدى.

يىپەك يولىدىكى ناخشا – ئۇسسۇلدىن ئىبارەت بۇ ئەڭگۈشتەر ئۆزىنىڭ ھەربىر تارىخى قاتلىمىغا ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ يىراق ئەجدادلىرىنىڭ بەدىئىي ئۇتۇقلىرىنى ئۇل ۋە ئوزۇق قىلغان بولۇپ، ئۇ، مەنبەسى يىراق، ئەقلىي قايناق، تۈزۈلمىسى گۈزەل، ئۇنۇمى ئەۋزەل سەنئەت مۆجىزىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەزەلدىن ناخشا – ئۇسسۇلنى، باشقىچە ئېيتقاندا، مۇزىكا، شېئرىيەت، ئۇسسۇل، تىياتىرنى بىر

گەۋدە قىلغان گەنئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ كەلدى. ئۇ ئەزەلدىن ئەلنەغمىلىك – ئومۇمىي خەلق (ئاممىۋىلىق) خاراكتېرىنى ساقلاپ كەلدى. ئۇ ئەزەلدىن تەپەككۇر تېرەنلىكى بىلەن ھېسسىيات ئۇچقۇرلۇقى؛ ئەدەپ – ئىتىكىلىقى بىلەن ئىشرەت – جۇشقۇنلۇقى؛ ئاكلاش، كۆرۈش، ھېس قىلىش قاتارلىق ئۆتتۈشمە تەسىرچانلىقى؛ ئوردا – كلاسسىك شەكلى بىلەن خەلق مەشرىپى – فولكلور شەكلىنى بىللە ساقلىغانلىقى قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نامايىش قىلىپ كەلدى.

ئۇيغۇر ناخشا – ئۇسسۇللىرى ۋە مۇقام مەدەنىيىتى باي ۋە گۈزەل گەۋدىسى بىلەن تارىختا ئىككى چوڭ دۇنياۋى مەدەنىيەت تىپى – سۇي – تاڭ مەدەنىيەت تىپى ۋە ئەرەب مەدەنىيەت تىپى، ئىككى چوڭ خەلقئارا شەھەر – چاڭئەن ۋە باغداتتا زور شۆھرەت قازانغانىدى. ئۆز دەۋرىدە ئالەمدە يېگانە قەسىرلەرگە قوبۇل قىلىنىپ، ئۇ يەردە «ساماۋى نەغمە»دە قارىلىپ، مۇزىكا ئىسلاھاتى پەيدا قىلىپ، شەرقتە كورېيە، ياپونىيە، غەربتە مىسىر، تونىس، سۈرىيىگە قەدەر تەسىر كۆرسىتىلىشى بۇ موجىزىدار ھېكمەت دۇردانىسىنىڭ ھاياتىي ئىقتىدارى ۋە مەدەنىيەت مەپتۇنكارلىقىنىڭ دەلىلى بولدى! ۋەھالەنكى، يىپەك يولى خارابىلىشىپ ئەۋزەللىك بۇلاقلىرى قۇرۇغان شۇنداقلا مىسلىسىز تالان – تاراجغا ۋەخورلۇققا ئۇچرىغان ئۇيغۇر خەلقى بۇ سەنئەت گۆھىرىنى ئۆزىنىڭ گاداي چاپىنى ۋە جاراھەتلىك قەلبىدە نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان تۇتىيادەك ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلدى.

يىپەك يولى قايتا ئېچىلدى! قەدىمكى شەرق پادىشاھ ھېكايىلىرى بىلەن گرېك ھېكايىلىرىدە بىردەك قەيت قىلىنغان، تۈمشۇقلىرىدىكى تۆشۈكچىلەردىن ھەرخىل ئاۋاز – گامالار ياڭراپ، گۈزەل مېلودىيە كۈيلەيدىغان قەقنۇس قۇشى ئۆز ئۇستىدىكى رىيازەت توزانلىرىنى سىلكىۋېتىپ، قايتا ئەپسۇنكار نەغمە – ناۋا ياڭرىتىدىغان يېڭى ئېرا ئېچىلدى! ئەۋلادلىرىمىزنىڭ نېسىۋىسىدە قانچىلىغان ۋىدۇسكا، سۈجۈپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، فارابى، ساۋمىياۋدا، بەيمىندا، فىشكىفۇ، دەرۋىش ئەلى، ئامانىنساخان، قىدىرخان يەركەندى قازانغان ئىپتىخار قىسمەتلىرى بارلىقىغا گۇمانىم يوق! ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ماكىدونىيىدىن چىقىپ، شىمالىي ئەرەبىستان ۋە مىسىرنى، ئىران زېمىنىنى، ھىندىستاننىڭ يېرىمى بىلەن ئالدىنقى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئالغانىدى. چىنگىزخان رۇس تۇپرىقى، خارەزم دەشتى ۋە باغدات ئەتراپىنى ئالدى. ئاخىرىدا ئۆز قوشۇنلىرى يۇزلىگەن مىللەتلەر تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتتى. ئېلىمپەزلىكتىن يەتكىنى ئەلەم – ھەسرەت بولدى. ئەكسىچە ھومىر داستانلىرى، «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرى، ئۇيغۇر مۇقاملىرى لەمەپەزلىكتىن نۇر قەدەم بولدى. ئۇ ئۇزاق بولمىغان ئەسىرلەر ئىچىدە باشقا يۇلتۇزلارغا قەدەم قويغان ئىنسان بىلەن بىللە كائىنات رېتىملىرىگە كامالەت قوشقۇسى!

## يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ ئالتىنچىسى تەسۋىرىي سەنئەت مۆجىزىسىدىن ئىبارەت.

بۇ ئەلۋەتتە بىناكارلىق، ھەيكەلتاراشلىق، نەققاشلىق، رەسساملىق، ئويمىچىلىق ساھەلىرىدە غەربىي يۇرتلۇقلار ئېرىشكەن كامالەت كارامىتىگە قارىتىلغان.

يىپەك يولىدىن ئىلگىرى بۇ زېمىندا كۆپلىگەن قىيا رەسىملىرى ۋە قەدىمكى قەبرىگاھلىقلار، شەھەر – قەلئە ئەسلىھەلىرى، جۇملىدىن ھەرخىل ئىلاھلارغا ئائىت لاي ياكى تۇچتا قۇيۇلغان فىگورىلار (ئەكونلار) بولغان.

يىپەك يولى ۋە ئانچە كېچىكمەي مەيدانغا كەلگەن بۇددىزم سەنئىتى بۇ دىيارنىڭ تەسۋىرىي سەنئەت مۇجەسسىمىگە يېڭى كۈچ بېغىشلىدى. خوتەندىن تاكى قۇمۇلغىچە بىر قاتار بۇددا ئىبادەتخانىلىرى، بەكسۇنلار (تالىپلار) ئىستىقامەتگاھلىرى، بۇددا ھېكمەت زاللىرى، جەسەت مۇنارلىرى، بۇددا تاشكېمىر (مىڭئۆي) لىرى مەيدانغا كەلدى.

بۇ بىناكارلىقلار ھەققىدە جۇڭگونىڭ ۋە چەت ئەللىك غەربىي يۇرتقا كېلىپ – كەتكەن سەيياھلىرى كۆپلىگەن گۈزەل ۋە ھەيۋەتلىك جۈملىلەر قالدۇرۇشقان. ئۇنىڭ مۇھىمى شۈبھىسىزكى، فاشىيەن بىلەن تاڭ شۈئەنزاڭنىڭ ساياھەتنامىسىدۇر.
ئىسلامىيەتتىن كېيىن بولسا، مەشھۇر ئەدىب سابىر تىرمىزى (؟ – 1151) بىر قاتار شېئىرلىرىدا ئۆزى كۆرگەن قەندىھار تاشكېمىرلىرىنى مۇنداق تىلغا ئالىدۇ:

باھار پەسلى كەلتۈر، يېڭى تەرىفى باھار ئەيلە،
ئويۇڭنى قەندەھار بۇتخانىسىدەك لالىزار ئەيلە.
ئۇ قەندىھار بۇتخانىسىنى تىلغا ئالغاندا، چىن نەققاشلىرى ۋە قەشقەر گۈزەللىرىنى بۇ سەنئەتنىڭ جېنى دەپ، مۇنداق يازىدۇ:
بولدى باغ بۇتخانا يەڭلىغ لالە گۈللەر ھۆسنىدىن،
راستتىن ئېيتسام چىنۇ قەشقەرلىك سەنەملەر بەرق ئۇرار.
يۈزى نەققاشى چىن سەنئەتلىرىدىن نىشان بەرگەي،
مەگەر بۇ خىل نىشانلاردىن يۈزى ھەربىر زامان بەرگەي.
تۆمۈرىيلەردىن بايسۇنقۇر مىرزا 1419 – يىلى چىنغا ئەۋەتكەن ئەلچىلەر تەركىبىدىكى غىياسىددىن نەققاش ئۆزىنىڭ «سەپەرنامە»سىدە غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى سەنئەتنى «ئاجايىبۇل

لەتايىق» دەپ ھەيرەتتە ماختىغان.

غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئېپادىلەنگەن تەسۋىرىي سەنئەت كامالىتىنى ئىسلام دۇنياسى ئەدىبلىرى چىن سەنتى، چىن نەققاشى دەپ ئۇنى ماھىر رەسسام بۇلمىش مانى نامىغا باغلاپ ئۆز مىسرالىرىنى بېزەشكەن. ئۇلار ھەتتا گۈزەلنى، گۈزەللىكنى، ئۇستا رەسسامنى باھالىغاندا «چىن سەنتى»، «مانى نۇسخىسى»دىن ئۇستۇن دېيىش ئارقىلىق يۇقىرى كۆتۈرگەن. بايسۇنقۇر مىرزا سارىيىدىكى خەتتات شاھى سەبزە ۋارىنى بىر شائىر ماختاپ مۇنداق دېگەن:

گەر بەچىن نۇشەئى تەسۋىرزى پەشى تۇبەرەند،

تاچھورۇنى دىھەد دەرفەننى ھۇد مانىيرا.

(مەنىسى: سېنىڭ سىزغان بۇ نۇسخاڭ ئەۋەتىلسە مەگەرچىنگە، بېشىنى كۆتۈرەلمەي مانىمۇ ئەلۋەتتە بۇ پەند)

دېمەك، تەسۋىرىي سەنئەتتە رىم، گرېك، مىسىر، ھىندىستان ئەمەس، بەلكى چىن – ماچىن دەپ ئاتىلىدىغان بۇ قەدىمىي يۇرتىمىز ماھارەت پەللىسى ھېسابلىغان. ئەلىشىر نەۋائىمۇ ئۆز غەزەللىرىدە مۇنداق يازغان:

ئۇل سەنەمگە سەجدە قىلسام، زاھىدى ھۇدبىن، نە ئەيب.

بۇتپەرەس بولماق كۆپ ئارتۇقراقكى بولماق ھۇدپەرەست.

(مەنىسى: ئەي، ھاكاۋۇر زاھىت، ئۇ سەنەمگە سەجدە قىلسام، بۇنىڭ نېمە يامىنى بولسۇن، ئۆز ئۆزىگە مەغرۇرلىنىشتىن بۇتقا سەجدە قىلىش ئەۋزەلرەك ئەمەسمۇ؟)

كۆپ دىل ئارا شەكىللەرىكىم چەكتى چىن سورەتگەرى،

ئاچمادى بىر چەھرە ھەرگىز سۇرەتىنىڭ نەققاشدەك.

(مەنىسى: چىن رەسساملىرى نۇرغۇن زوقلىنارلىق رەسىملەر سىزغان بولسىمۇ، ئەمما سېنىڭ سۇرەت – قىياپىتىڭدەك بىرسىمۇ تەبەسسۇم قىلغىنى يوق.)

بولماسە ئول بۇت قاشى مېھرابىم ئىچرە جىلدە ساز،

قىبلەگە كاپىرمەن، ئەر باش تىندۇرۇپ قىلسام ناماز.

(مەنىسى: ئەگەر مېھرابىمدا خۇددى بۇتتەك سەنەم قەشى جىلۋە قىلىپ تۇرمىسا، قىبلىگە قاراپ ناماز ئوقۇسام كاپىر بولۇپ كېتەي.)

ۋاھ، نە يۈزدۇر بەلكى تەقلىدىن قىلىپ نەققاشى چىن،

چەكسە يۈز سۇرەت، بىردىن يۈزدىن نەمۇدار ئەيلەسەم.

(مەنىسى: پاھ، بۇ نېمىدېگەن گۈزەل يۈز، ئۇنىڭغا ئوخشىتىپ چىن نەققاشى يۈز رەسىم سىزسا، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنىڭ يۈزدىن بىرگە نىشانە قىلسام.)

ئۆزلۈكمىنىڭ قەيدىدىن بىر مەي بىلە قىلدىڭ خالاس،
ۋاھ، نەدەي، ئەي مۇغ ساقىا بۇت بىرلە زۇننارىم فدا.

(مەنىسى:) بىر مەي بىلەن مېنى ئۆزلۈكمىنىڭ ئارغامچىسىدىن قۇتۇلدۇرۇۋەتتىڭ، نېمە دەيمەن، ئەي مەيخانا، ساقىا جىسمىمنىڭ بۇتى بىلەن زۇننارىم سەدىقە بولسۇن.)

دەۋرىمىزگە كەلگۈچە غەربىي يۇرت بۇددا بىناكارلىقى، ھەيكەلتىراشلىقى ۋە تام – تاختا رەسسەملىق سەنئىتى يادىكارلىقلىرىدە يەرلىك دەرىجىدە، ئەمما خارابە ھالىتىدە ساقلانغاندى. ئۇنى گرونىۋەدىل، لىكوك، ستەين، پېللىئوت ۋە داگونىڭ ئېكسپېدىتسىيە خادىملىرى پارچىلاپ، بۇزۇپ ئېلىپ تېخىمۇ ۋەيران قىلىشتى. شۇ چاغدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خوتەن، مەلىكئاباد، كونا نىيە، دەندان ئۆيلۈك، ئۇچما راۋاق، توققۇز ساراي، ئالاقاغا، سىم – سىم، دۇلدۇل ئوقۇر، سۇ بەشى، قىزىل ساراي، قۇمتۇرا، مازارباغ، شورچۇق، مىرەن، كروران، يارغول، تۇيۇق، سىڭگىم ئېغىز، ئىدىقۇت شەھىرى، بېزەكلىك قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان تاشكېمىرلەر، ئىكون – بۇت ۋە قورچاقلار، تام رەسىملىرى، سىزما ۋە ياغاچ ئويمىلار، يىپەككە سىزىلغان رەسىملەر جاھان سەنئەت تارىخىدىمۇ ئۆزىنىڭ زور ھەجىملىكى، رەڭدارلىقى، كۆركەم – نەپىسلىكى بىلەن يەنىلا تەئەججۇپلىنەرلىك ئىدى. ئۇلار ئارىسىدا دەندان ئۆيلۈكتىن تېپىلغان لاكشمى (ئۇز تەڭرى) رەسىمى، ئات ۋە تۆگىلىك سەپەرنىڭ تاختىغا سىزىلغان رەسىمى، سۇ بەشىدىن تېپىلغان مۇزىكا – ئۇسسۇل – تىياتىرلىق كۆرۈنۈشى سىزىلغان جەسەت كۈلى قۇتىسى، قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 36 – غارىدىكى تام رەسىملەر، قۇمتۇرا يېڭى 1 – غار تورۇسىدىكى كۆركەم لىباسلىق بۇتساتىۋالار تىزمىسى، شورچۇقتىكى ياغاچ ئويما ھەيكەللەر ۋە بىراخمانىنىڭ لاي ھەيكەللىرى، ئىدىقۇت شەھىرىدىكى مانى ئىبادەتخانىسىغا سىزىلغان مانى ۋە مۇخلىسلىرىنىڭ تام رەسىمى، بېزەكلىكتىن تېپىلغان ساكيامۇنىنىڭ ھېكمەت سۆزلىشى قاتارلىقلار يۇقىرى كلاسسىك تەسۋىرىي سەنئەت دۇردانىلىرى ئىدى.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن بىناكارلىق، بولۇپمۇ ئوردا – قەسىر، ئاتاقلىق شەخسلەرگە ئاتالغان مەقبەرە، مەسچىت – جامە، مەدرىسە، مۇنار، رەسەتگاھ، باغ – سەيلىگاھ، ئولتۇراق جاي بىناكارلىقى ئالاھىدە يەرلىك ۋە غەربىي ئاسىياچە قۇرغاق رايونلارغا خاس «ئىسلام ئۇسلۇبى» بويىچە راۋاجلاندى. بۇنداق بىناكارلىقلار مۇنار، گۈمبەز، دەھلىز، راۋاق، مېھراب، تاكچا(ئويۇق)، ئوچاق – مورا، سۇپا، ياپما ئايۋان، تورۇس، تۈۋرۈك، باسما(پەلەمپەي) قاتارلىقلارنى چىرايلىق لايىھىلەش، ئۇنى رەڭدار خىشلىرىدىن، گەج نەقىشلىق ياكى ياغاچ ئويى ماتېرىياللاردىن ئىشلەش ئومۇملاشتى. قاراخانىيلار زامانىسىدا قەشقەر، بالاساغۇن، ئۆزكەنت، بۇخارا، سەمەرقەنت، خوتەن قاتارلىق كاتتا شەھەرلەردە بۇنداق ياسىداق ئىمارەتلەر كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى. چىڭگىزخانىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى يالغۇز بىناكارلىق موجىزاتلىرىنىلا ئەمەس، يەنە پۈتۈن سۇرۇك شەھەرلەرنى تۈزلىۋەتكەندى. تۆمۈرلەر ۋە

سەئىدىيلەر دەۋرىدە «ئەھمەد يەسسەۋى»، «ئائىشە بۈۋى»، «يۈسۈپ ھەمەدانى»، «گورەمىر»، «بۈۋى خانىم»، «ھاشى زىندە» قاتارلىق مەقبەرىلەر، يەكەن «ئالتۇنلۇق» مازىرى، سەمەرقەنت تىگىستان مەدرىسەلىرى، ئۇلۇغبەگ رەسەتخانىسى قاتارلىقلار قۇرۇلدى.
يىپەك يولىنىڭ خارابلىششى تەسۋى سەنئەتكىمۇ قاتتىق زەربە بولدى. يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى، دەل تارىخنىڭ زامانىۋى شەھەر بىناكارلىق ۋە مەدەنىيەتلىك تۇرار جاي قۇرۇلۇشىنى راسا تەقەززا قىلغان دەۋرگە توغرا كەلدى، ئىشىنىمەنكى، غەربىي يۇرتتا سەنئەت ئىلمىگە لايىق ئەنئەنىۋى بىناكارلىق تارىخىغا ئىگە يەرلىك ئاھالە پات ئارىدا بىناكارلىق، ھەيكەلتاراشلىق، مۇھىت سەنئىتى، رەسساملىق، ئويمىكەشلىك، نەققاشلىق سەنئەتلىرى جەھەتتە دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى خەلقلىرىگە يېتىشىۋالىدۇ.
يىپەك يولىدىكى تارىخنىڭ ئۆلگەن ھادىسىلەر قەبرىستانلىقىدىن ئۆلمەس تۆت ماھىيەتلىك مۆجىزە – تارىخ شەھى، سەنئەت يوپۇرمىقى، ئەدەبىيات گۈلى ۋە ھېكمەت ئۇرۇقى ئۈنۈپ يېتىلگەن. ئۇنىڭدا ئۆتمۈش كەلگۈسىگە تارىخىي تەپەككۇر، بەدىئىي تەپەككۇر ۋە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر شەكلىدە ئۇچۇر يەتكۈزىدۇ.

- خىيال دەپتىرىمدىن

## يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ يەتتىنچىسى تىل – ئەدەبىيات غەزىنىسىدىن ئىبارەت.

مەلۇمكى، تىل سىستېمىسى ۋە دەسلەپكى ئەپسانە، رىۋايەت ۋە قوشاق فولكلورى يىپەك يولى بەرپا بولۇشتىن ئىلگىرىلا مەۋجۇد ئىدى. ھەرخىل بەلگە ۋە تامغىلار ئىپتىدائىي ئۇچۇر ۋاستىسى قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نۇسخىلىرى قىياتاشلار، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىن كۆپلەپ تېپىلدى.

يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن مەركىزىي ئاسىيا تىل – ئەدەبىياتىدا يېڭى ئىپادىلەش ئۇسلۇب – ۋاستىلىرى ۋە سەنئەتنىڭ ئالامەتلەر مەيدانىغا چىقىشقا باشلىدى.

تارىخى تەتقىقاتچىلىرى غەربىي يۇرت ۋە پۈتكۈل مەركىزىي ئاسىيادا ھەرخىل يېزىقلار قوللىنىلغانلىقىنى، ھەرخىل تىللاردا ئەسەرلەر يېزىلغان ياكى تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ئېيتىشتى. ھەقىقەت شۇكى، غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ بىراق ئەجدادلىرى – ئارىيلار – سكتايلار – ساكلار بالقاش – بايقال ۋادىلىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا غەربتە قارا دېڭىز، قىزىل دېڭىز ساھىلىنى، جەنۇبتا ھىندىستان ۋە مىسۇپوتامىيىنى، شەرقتە موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي قىسمىنى، تاكى قەشقەرىيىگىچە ئىگىلىگەن ياكى

ئۇ جايلارغا تەسىر كۆرسەتكەندى. نەتىجىدە بۇ كەڭ زېمىندا ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەدەنىيەت ئۆزئۇۋېرسال ھادىسىسى پەيدا بولغان. غەربىي يۇرتتا كېيىنكى ۋاقىتلاردا قوللىنىلغان قاراشتى يېزىقى، ئەنەتكەك(سانسكرىت) يېزىقى، رونىك شەكلىدىكى ئورخۇن يېزىقى، سوغدى يېزىقى شەكلىدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق يېزىقلار تېگى – تەكتىدىن قەدىمكى ئۇچۇرلۇق تامغىلار بىلەن ئارى – سىكتايلار كەزگەن غەربىي ئاسىيا ۋە پامىر – ھىندىستان يېزىقلىرىنى دەۋر قىلىپ، بىرىدىن بىرىگە ئالمىشىپ كەلدى. بۇ يېزىقلارنىڭ يېقىنلىقى خۇددى نوھ ئەپسانىسىدىكى نوھ پەرزەنتلىرى تۇر، كەنان، ياپەسنەك شۇنچە تومۇرداش بولغان.

غەربىي يۇرت فولكلورىمۇ ئالللقاچان مىللىي چېگرىدىن ھالقىغان بولۇپ، «چىستانى ئىلىك بەگ»، «ماناس»، «پەرھاد ۋە شېرىن»، «تومارىس»، «رۇستەم»، «ئوغۇزنامە»، «گىلگامىش»، «دەدەقۇرقۇت»، «ئەپراسىياپ»، «سىياۋۇش» ۋە بۇددىزىمغا ئائىت يۈزلىگەن «يارالمىش جاتاكا ھېكمەتلىرى» كۆپ ئېتنىك ۋە كۆپ جۇغراپىيىلىك تەركىبكە ئىگە بولغان.

ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى تىل – ئەدەبىيات جەھەتتىكى ئاساسلىق جاۋاھىرات – «ئاۋېستا»، «رىگاۋىدا»، «ئەپراسىياپ» لەگىندىلىرى بىلەن بۇددىزىم نوملىرى ھېسابلاندى.

غەربىي يۇرتتا كۆپلىگەن نوم ئەدەبىياتشۇناسلىرى ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرلىرى كومراجىۋا، فى ھويلان، ئەنزاڭ، سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ قاتارلىق تىلشۇناس – تەرجىمشۇناس ئالىملار بولدى. كومراجىۋانىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبى خەنزۇ نەزمچىلىكىنى بەش خەتلىك شەكلىدىكى يەتتە خەتلىك شەكىلگە كۆتۈرۈشتە ئىلھام بەخش ئۈلگە بولۇپ قالدى.

ئۇرخۇن ئۇيغۇر خەلقى تېررىتورىيىسىدىن تېپىلغان «توققۇز ئۇيغۇر خاقان»، «مۇيۇنچۇر»، «بىلگە قاغان»، «تۇنيۇقۇق»، «كۆلتېگىن»، «كۆلچۇر» ئابىدىسى قاتارلىقلار تالاس – يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدىن ئۆزىنىڭ ئەدەبىي كومپوزىتسىيىسىگە ئىگە كلاسسىك تاش پۈتۈنلۈك خاراكتېرى بىلەن پەرقلەندى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا قايتا ئىشلەنگەن «ئوغۇزنامە»، «چىستانى ئىلىك بەگ»، «مايترى سىمىت»، «ئالتۇن يارۇغ» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەر ئەينى زامان نەسرىي – نەزم ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلانغانلىقىنى، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ كۆپ قىرلىق ئىلگىرىلىگەنلىكىنى كۆرسەتتى. دەرۋەقە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مانىزم بىلەن بۇددىزىم (كېيىنچە، بەشبالىقتا يەنە ئىسلام دىنى)، گرېك، پارسى، ھىندى، خەنزۇ، تىبەت، موڭغۇل تىللىرى بويىچە ئىلمىي، دىنىي ۋە

ئەدەبىي تەرجىمە بىللە بولۇش مەنزىرىسى شەكىللەنگەندى. كۆچۈرۈش بىلەن مىخ مەتبەئە ئۇشبۇ مەدەنىيەت دەرگاھىغا ھوسن قوشتى. خانبالىق(بەيجىڭ) ئوردىسى ۋە خەنلىن ئاكادېمىيىسىدە ئۇيغۇر ئالىملىرى ئىشلىگەن، موڭغۇل ھۆكۈمرانى بىلەن ئىچكى ئەللەرگە تارقىلىپ كەتكەن ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىدىن مەشھۇر شېئىرىيەت ۋە «يۈئەن چۈي» تىياتىر مۇئەللىپلىرى يېتىشكەن مەدەنىي مۇھىت بارلىققا كەلدى. بۇ ھال ئۇيغۇرلارنىڭ باغدات خەلىپىلىكلىرىگە، سالجۇق تۈركلىرى، چىنگىزخان قوشۇنلىرى بىلەن غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىغا قەلەم ۋە ماھىرلىرى بولۇپ يېتىلىشىنىڭ شەرقىي ئاسىيادىكى ئىككىنچى ۋارىيانتى ياكى قانتىنى ھاسىل قىلدى. ماۋەرائۇننەھر، خارەزم ۋە خۇرسانىنى ئىشغال قىلىشتا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى چىنگىزخان قوشۇنلىرىغا كۈچلۈك چەۋەنداز ئەترەتلىرىنى قوشقاندى. مەلۇم مەنىدە، زامانىسىنىڭ ئەقىل چەشمىسى بولغان ئىدىقۇت – بەشبالىقلىقلار ئۆز جاۋاھىرلىرىنى شەرقىي دېڭىز، كاسپىي دېڭىزى، ئەرەب دېڭىزى ۋە ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ساھىللىرىغا چاچقاندى. ئۇ كېيىنچە موڭغۇل ئاتامانلىرى ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان دەھشەتلىك ھاكىمىيەت تالىشىش جەڭلىرىدە، سالماقلىق ئاھالىسىنى سېرىق ئۇيغۇرلار زېمىنىغا كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. خىزىر خوجا ئىدىقۇت دىيارىدا ئىسلام ئاچقاندا، بۇ دىيار ئاللىقاچان ھالدىن كەتكەن ھالەتتە ئىدى. ئىسلامىيەتتىن كېيىن تۇرپان – قۇمۇل دىيارىنىڭ دەرمەھەل مەدەنىيەت ھەسەن – ھۈسەنلىرىنى جىلۋىلەندۈرەلمىگەنلىكى، مېنىڭچە، ئەنە شۇ ئىچكى خوراشتىن بولغان.

قاراخانىيلارنىڭ مۇسۇلمانلىششى يىپەك يولىدىكى غەربىي يۇرت ئۆتكىلىنىڭ بىر تۈتاش «تۈرك ئىسلام مەدەنىيەت چەمبىرى» ھاسىل قىلىشىنى تېزلەتتى. تىل – ئەدەبىياتتا يېڭى تارىخىي دەۋر ئۇپۇق ئاچتى. يېزىق شەكلى، ئېتىقاد مەزمۇنلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بەزى تەتقىقاتچىلار ھۆكۈم قىلغاندەك غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا ھەرگىزمۇ جىددىي چۈشكۈنلۈك يۈز بەرگىنى يوق. ئەكسىچە، ئەرەب – ئىسلام مەدەنىيتى يىپەك يولى ئالاقىلىرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى. تارىخ بۇ ئۇلۇغ قانالدا يېڭى مەدەنىيەت ئۇچرىششلىرى ۋە سەنكرتىزمىغا مۇمكىنلىك تۇغدۇردى. ئىسلامىيەت شەكلىدىكى گۈمبەزلىك كارۋان سارايلىرى، مەسچىت مۇنارىلىرىدا ئوقۇلغان ئەزان كۈيلىرى يىپەك يولى ئالاقىلىرىغا ھېچقانداق دەخلى – توسقۇنلۇق كەلتۈرگىنى يوق.

ئەل خارەزمى، ئەل پەرغانى، ئەل فارابى، ئەل خوجەندى، ئىبن سىنا ئەسەرلىرى ئەرەب دۇنياسىدا سوقرات، ئەپلاتون، ھىپوگرات، ئارىستوتىل، ئېۋكەلىد، گاللى، پېتولمى ئەسەرلىرى بىلەن بىللە بۇ ئۇلۇغ ئۆركەشنىڭ شەرقىي پاۋلىئوننى ھاسىل قىلدى. ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشى ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشىنىڭ بالىياتقۇسىغا ئۇرۇق سالدى. بۇ ھەقىقىي تارىخنىڭ تارىخىي ھەقىقىتى سۈپىتىدە بىگۇمان ھەقىقەتتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدىن كېيىن، يەنە بىر شاھ ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى ياراتتى. فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سى يىپەك يولدا «ئاۋەستا»دىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ داستان بولغاندى. بىز بۇ ئۈچ ئەسەرنى خۇددى ئارىستوتىل، «ئىككىنچى ئۇستاز» ئەلفارابى ۋە ئىككىنچى ئەلفارابى – «شەيخۇل رەئىس» ئىبىن سىنادەك ئوبرازلىق تەپەككۇر تارىخىغا ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتكەن ئۈچ ئەڭگۈشتەر ھېسابلايمىز.

مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، مۇھەممەد فەزلانىنىڭ «سوراھ»، مۇھەممەد زەمەھشەرىنىڭ «مۇقەددىمۇتۇل ئەدەپ» قاتارلىق ئۈچ چوڭ لۇغىتى قەشقەرلىك فى ھۇيلانىنىڭ «نوم مەنىلىرىنىڭ تەپسىلىي تەپسىرى» ناملىق تىلشۇناسلىق دەستۇرىدىن كېيىن يىپەك يولدا مەيدانغا كەلگەن غەربىي يۇرت تىلشۇناسلىقىنىڭ يېڭى ئۇتۇقى بولدى.

فىردەۋسىنىڭ مەھمۇد غەزنەۋىگە تەقدىم قىلغان «شاھنامە»سىدىن كېيىن، ئەزەربەيجان تۈركلىرىدىن نىزامى گەنجەۋى، دېھلىدە ئىستىقامەت قىلغان خۇسراۋ دېھلەۋى، سەدىددىن قەشقىرىنىڭ شاگىرتى ۋە كۈيئوغلى نۇرىددىن ئابدۇراخمان جامى بىلەن ئۇلۇغ مۇرەببىي ئەلىشىر نەۋائى ياراتقان «خەمسە»چىلىك بەس – بەسى ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىگە قارشى ئىنسان ۋە ئەرك تېمىسىنى خەمسە شەكلىدە ئىپادىلەشنىڭ يېڭى ئۈلگىسىنى كۆرسەتتى. نەسرىددىن رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، ئەبەيدۇللا لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانلىرى ئۇنىڭغا ياندىشاتتى.

ئەلىشىر ناۋائى تەرىپىدىن «تۈرلەرنىڭ پىر ئۇستازى» دەپ ئاتالغان ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ «دىۋان ھېكمەت» ناملىق مەشھۇر زىلزىلىگۈي ئەسىرىدىن كېيىن باقىرخانى، باباچىن، بابارەھىم مەشرەپ، خوجا نەزەر ھۇۋەيدا، مۇھەممەد سىددىق زېلىلى، مۇھەممەد بىنىي ئابدۇللا خاراباتىنىڭ بىر قاتار گۇمانىستىك – سوپىستىك ئىدىيىدىكى ئەركىن پىكىرلىك پەلسەپىۋى لىرىكىلىرى يىپەك يولدا مانىزىم، زورروئاستېرىزم ۋە بۇددىزم زامانىدا ھەرخىل شەكىلدە ئىپادىلەنگەن، ئىنسانىي قاراڭغۇلۇق ۋە ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىنتىلىشلىرىنىڭ يېڭى، ئۆزگىچە راۋاجى بولدى.

يىپەك يولى غەربىي يۇرت تىل – ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات تەجىمچىلىكى ۋە تىماتىك پىكىر ۋە پېرسوناژلىرىنىڭ خەلقئارالىق بىلەن خاراكتېرلەندى. دىيارىمىزدىن ئىزوپ مەسەللىرى، مانى دەستۇرلىرى، بۇددا نوملىرى، نىستورىئان رىسالىلىرى بىلەن «كەلىلە ۋە دەمنە»، «مىڭ بىر كېچە»، «جاھار دەرۋىش»، «شاھنامە» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرى تېپىلغانلىقى ھېچقانداق ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. يىپەك يولدا يارىتىلغان «ئاۋېستا»، «شاھنامە»، «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، «گۈل ۋە نەۋرۇز»، «چاھار دەرۋىش» ۋە ھەرقايىسى «خەمسە» تىزمىلىرىدا چىن خاقانى،

خوتەن رەستىسى، خارەزم چۆللۈكى، ھىندى راھىبى، ئىران دەرۋىشى، ئەرمەن گۈزىلى، ئەرەب ھەكىمى، ئېفوپىيە زەنگىسى، يۇنان سەركىسى، ساك قەھرىمانى، تۇران مەرگەنلىرى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، دۇنيادا بۇنداق خەلقئارا قىياپەتلىك ئىككىنچى تەسۋىرىي تەپەككۇر موجىزاتىنى يەنە تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

كۆپ قىرلىق ۋە سېھرى بەخش بۇ خىل تىل – ئەدەبىيات يىپەك يولىنىڭ خارابىلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل كلاسسىك خاراكتېرىدىن قالدى.

يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى بىزگە نوقۇل رۇسىيە ئارقىلىق كىرگەن ياۋروپا ئەدەبىياتى ژانىرىدىكى ئىجادىيەت سەمەرىلىرىدىن داۋاملىق پايدىلانغاندىن تاشقىرى، بىر زامانلاردا قەلەمكەشلىرىمىزنى دۇنياۋى سەۋىيىگە كۆتۈرگەن يىپەك يولى زامانىدىكى ئەدەبىيات مىراسلىرىمىز بىلەن قايتىدىن تونۇشۇش ۋە يېڭى يىپەك يولىغا خاس يېڭى ئىستىلدىكى ئەدەبىيات گۈلزارى بەرپا قىلىش يولىدا ھېكمەتلىك پىكىر يۈرگۈزۈشىمىز ۋە ھېكمەتلىك ئىزدىنىشىمىز لازىملىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئۇلۇغۋارلىق شەخسىنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى ياراتقان تارىخنىڭ ئىشى، ئەلۋەتتە.

دۇنيادا ھېچقانداق گۈزەللىك ۋە مۇقەددەسلىك ئىنساننىڭ ئىنسانغا بولغان ئىنسانىي مۇئامىلىسىدەك چىن ۋە ئالىيجاناب بولغان ۋە بولالىغان ئەمەس.

- خىيال دەپتىرىمدىن

## يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ سەككىزىنچىسى مېھماندوستلۇق گۈلشىنىدىن ئىبارەت.

مېھماندوستلۇق – بىر خىل مەدەنىيەت، ئۇنى پەقەت جاھان كەزگەن كىشىلا ھېس قىلىشى، چۈشىنىشى ۋە بەجا قىلالىشى مۇمكىن. مېھماندوستلۇق – ئۇ ئاددىيلا ئادەمگەرچىلىك، ئىجتىمائىي ئالاقە، ھېسداشلىق بولماستىن، بەلكى بىرەر خەلقتە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ئارقىلىق مىڭلىغان يىللار داۋامىدا ئەنئەنىگە ئايلانغان كىشىلىك مەدەنىيەتنىڭ ساخاۋەتچان گۈلشىنىدۇر. يۇقىرىقى سەككىز ھېكمەت تۆپەيلى ئۇشبۇ ھېكمەت چەشمىسى قايناق ۋە راۋان!

قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيالىقلار بىر قاتار سەۋەبلەر بىلەن مېھماندوستلۇق ئەنئەنىسىگە ئېرىشكەن.

ئۇلار بۇغا يولى، ئالتۇن يولى، قاشتېشى يولى ۋە يىپەك يولى ئارقىلىق كونا قىتئەنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى كەزدى، ھەرخىل يايلاق، ئورمان، جەزىرە، قەلئە ۋە ساھىللاردا تۇرمۇشنىڭ تەمىنى تېتىشتى. ئۇلۇغ

ئەمەلىيەت كىتابى – «سەپەر كىتابى» ئۇلارغا مېھماندوستلۇق مەدەنىيىتى ۋە زۆرۈرىيەتلىرىنى ئۆگەتتى. ئۇيغۇرلاردىكى «يازدا يېپىنچا، قىشتا ئوزۇق»، «بۇغداي نەنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ بولسۇن» دېگەندەك مىڭلىغان تەمسىللەر مۇشۇ سەپەر سەرگۈزەشتىلىرىدىن مۇجەسسەملەنگەن.

ئۇلار ئەتراپى ئېگىز تاغ، ئوتلۇق چۆل بىلەن قورشالغان زېمىندا ياشىدى. ئۇلار تۆت تەرەپنى بولۇپمۇ شەرق بىلەن غەرب كارۋان يولىنى نىجادىيەت ئېقىنى دەپ بىلدى. تۆگە- ئات كارۋانلىرىنىڭ كولدۇرما– قوڭغۇراقلىرى ئۇلارغا ساخاۋەت ئىپادىلەش ۋە سودا – تىجارەت قىلىشتىن دېرەك بېرەتتى. مېھماننى سودىگەر ياكى راھىب ئىپتىخارى ۋە يىپەك يولى ئاۋاقىلىرىدىكى بۇرچى ئىدى. بىز فاشيەن، شۈئەنزاڭ، گەردىزى، ۋاڭ يەندى، ماركوپولو، ئىبن بەتۇتە خاتىرىلىرىدىن بۇنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز. «غەربكە ساياھەت» ئەپسانىسى قانداق يېزىلغان بولمىسۇن، شۈئەنزاڭ(تاڭ سىڭ) قۇمۇلدىن تاكى مىڭ بۇلاق تۇرك يابغۇلۇقى ئارىسىغىچە بولغان بۇ ۋادىدا بۇ خىل مېھماندوستلۇقنىڭ خاسىيتىدىن بەھرىمەن بولغان.

ئۇلار يىپەك يولىدىكى خەلقئارا سودىگەر سۇپىتىدە ھېسابلانسىمۇ يېڭىلمەس ئىدى. ئۇلار يەنە، ئەنئەنە بويىچە ھەر يىلى مەلۇم مىقداردا چارۋىنى چۆللەرگە ھەيدەپ بۆرە ۋە يىرتقۇچلارغا يېگۈزۈشنى ئۇدۇم بىلەتتى. ئۇلار ھاراق ساتقاندا سۈت– قېتىقنى ئاقچىغا سېتىشنى راۋا كۆرمەيتتى. ئۇلار، گاھىدا ئاۋات ھاكىمىيەت مەركەزلىرىگە «ياغما» بولۇپ بېسىپ كىرسىمۇ، تاۋار – دۇردۇنلارنى، ئات، قاشتاش، دورا – دەرمان بەدەلسىز ئېلىپ كەتمەيتتى، ئۇلارنىڭ بەگ ۋە خانلىرى مەلۇم يىلدا باج – سېلىق كەچۈرۈمى ياكى «خەزىنە بولۇش» نامىدا سەدىقە خاراكتېرلىك چاچقۇ چاچاتتى. ئۇلار سودا كارۋانلىرى بىلەن بىللە باشقا يۇرتتىكى بەگ – خان – پادىشاھلارغا سوۋغا – تارتۇق ھەدىيە قىلىپ تۇراتتى. بۇ خۇددى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدىكى ئارتۇق قاننى ئېلىشقا ئوخشاش ئىقتىسادىي «مۇھتەتەڭپۇڭلۇقى» ئادىتىنى شەكىللەندۇرەتتى. بۇنىڭسىز بالا – قازا ئىلاھلىرى غەزەپلىك قوترايدۇ، دېگەن ئەقىدە بۇ ئادەت بىلەن بىللە ساقلىنىپ كەلدى. ھارغان ئات – ئۇلاقنى يايلاق ياكى چۆپلۈكلەرگە تاشلاپ قويۇپ، يىللار ئۆتكەندە تېپىپ ئالغىچە ئۇنىڭغا باشقا ھېچ كىشى ئالا نىيەتتە بولماسلىق ئادىتى تاكى ئەسىرنىڭ 50 – يىللىرىغىچە ساقلاندى.

غەربىي يۇرت كارۋان سارايلىرى، ئاشپۇزۇل – چايخانىلىرىدا ئۈچ نەرسە – ياخشى تائام، ياخشى سۆھبەت، ياخشى كەيپىيات ھۆكۈم سۈرەتتى.

چاي، شەربەتلەر بىلەن مەينىڭ تۈرلىرى كۆپ، تەسىرى شىپالىق بولغان. بىز بالبال ۋە تاشكېمىر تام رەسىملىرىدىن قىلىچ – خەنجەر ئاسقان غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ قولىدا مەي جامى تۇتقان مەڭگۈلۈك

خاترىسنى كۆرىمىز. غەربىي يۇرت مەي مەدەنىيتى خەنزۇ ئەدەبىياتىدا لى بەي باشلىغان مەينامە نەزمىلىرىگە ئىلھام بولغانلىقىنى كىم ئىنكار قىلالىسۇن! گۈلقەنتچىلىك، مۇرابىا – قىيام ۋە شەربەت تېخنىكولىگىيىسى غەربىي يۇرت داستىخانلىرىغا تېخىمۇ لەززەت بېغىشلىدى. غەربىي يۇرت ئەسلى شۆھرىتىگە لايىق شەربەت ماكانى ئىدى.

گۆش تائاملىرى – قوي، كىيىك، قۇش، بېلىق، قارامال گۆشلىرىدىن زىخ، تونۇر، گۈلخان، قازان، قاسقاندا تەييارلىنىدىغان يېمەكلىكلەر؛ ئۇن، گۈرۈچ، پۇرچاق، كۆكتاتلاردا ھازىرلىنىدىغان يۈزلىگەن تائام تۈرلىرى؛ سۈت بىلەن ياسىلىدىغان ھەرخىل يېمەكلىكلەر غەربىي يۇرت تائام باغچىسىنى يىپەك يولىنىڭ يورۇق دۇنيادىكى «فىردەۋسول ئەلا» بېھىشىگە ئايلاندۇردى. ھەرخىل پېچىنە – پىرەنىكلەر بىلەن نەچچە ئون خىل توقاچ – نانلار يىپەك يولى سەپەرلىك جابدۇنۇشىنى ئاسانلاشتۇردى. تۇرپان ئاستانە قەبرىگاھلىقىدىن ئۇنىڭ بىر قىسىم نەمۇنىلىرى تېپىلدى.
ياخشى سۆھبەت – دۇنيادىن خەۋەر تېپىش ۋە ئىلىم – ھېكمەتتىن ئۈچۈر تېپىشتىكى مۇھىم ۋاستە ئىدى. سودا كېلىشىملىرى، ھېكايەت ۋە ھاپىزلىق، ئەقلىيە ۋە نەسھەت ئاڭلاشمۇ ئۇنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇ تاكى يېقىنقى قەرنەلەرگىچە يېتىپ كەلگەن. گېزىت – رادىئو – تېلېۋىزور بولمىغان كونا دۇنيانى ياخشى سۆھبەت تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى.

ياخشى كەيپىيات – قىزغىن مېھماندوستلۇق، نەغمە – ناۋا ۋە ئويۇن – مەشرەپۋازلىق ئارقىلىق شەكىللىنەتتى. سەيلى – ئايەم، ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنى، ئات بەيگىسى، ئوقيا ئېتىش، چەۋگەن ئويناش، سارغادى (چەرھى پەلەك)، چېلىشىش قاتارلىقلار بولۇپ تۇراتتى.

يىپەك يولىنىڭ خارابلىششى ئۇيغۇر مېھماندوستلۇقى روھىنى بىردىن نابۇت قىلالمىسىمۇ، ئۇنىڭ يىلىكىنى قۇرۇتۇپ قويدى، ئىستېلاچى كۈچلەرنىڭ تالان – تاراجلىرى، يەرلىك ھاكىم – بەگلەرنىڭ ئىستىلاچىلارغا يانتاياق بولۇپ ئۆز خەلقىنى قاخشىتىشى بۇ مىللەتنى يىلدىن يىلغا يالاڭ تۆش قىلىپ قويدى. نەتىجىدە، نامراتلىق ئۇلارنىڭ ساختىپەزلىك، ھارامدىن قورقماسلىق ئىللەتلىرىنى كۈچەيتىۋەتتى. يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى ئۆز نۆۋىتىدە بۇ خىل مېھماندوستلۇق روھى بىلەن تائام مەدەنىيتى ۋە ماھارىتىنى چوقۇم يېڭى تارىخىي ھالەتكە لايىق گۈللەندۈرىدۇ، ئەلۋەتتە.

كىشلەر ھۆما قۇشىنى بەخت – سائادەتنىڭ ئەلچىسى دەپ سۆيۈنۈشتىن. دەرۋەقە، ھۆما قۇشىنىڭ قۇتلۇق تۇخۇمى خەلقىنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇرىنى تىركەك قىلغان مەنىۋى قىياپىتى ئىچىدە يېتىلىدۇ ۋە ئېچىلىدۇ.

## يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ توققۇزىنچىسى  يىپەك يولى مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇرىدىن ئىبارەت ئىدى.

نەزەرىيىۋى تەپەككۇر – پەيلاسوپلار تارىخقا زورلاپ تەقدىم قىلىۋاتقان «مەدرىسە پەلسەپىسى» بولماستىن، بەلكى ئىنسان تارىخىنىڭ ئىنسانىي ئاق تەرىپىدىن ئاڭلىق ئىگىلىنىش سەۋىيىسىدىن ئىبارەت. تارىخ ھازىرغىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلگەن ھەربىر خەلقنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن نوپۇس، قورال كۈچى، ئىقتىسادىي كۈچ ياكى جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىك بىلەن ئەمەس، بەلكى مەنتىقىي پىكرىنىڭ تاجى، روھىيەت دۇنياسىدىكى يېگانە قۇياش – نەزەرىيىۋى تەپەككۇر بىلەن ئالدىنى ئورۇندا تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

بىر زامانلاردا يىپەك يولى نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئۇتۇقلىرىنىڭ ئومۇمىي پاۋلىئونى ياكى كۆرەك مەيدانىغا ئايلانغانىدى! غەربىي يۇرتلۇقلار تەبئەت، جەمئىيەت، تۇرمۇش ۋە روھىيەت مەسىلىلىرىگە نىسبەتەن ئۆز زامانىسىنىڭ ئالدىنقى قاراشلىرىغا ۋەكىللىك قىلىشقان.

جاھانساز مەركىزىي ئاسىيالىقلار ئۈچ ماكان، ئۈچ زامان ئالەم قارىشىنى ياراتتى، ئۇلار ئاسمان – ئىلاھىي ماكان، زېمىن – ئىنسانىي ماكان، يەر ئاستى – جىن – ئالۋاستىلار ماكانى، دېيىشتى. ئۇلار ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسىنى ئۈچ ئۆتكۈ(زامان)دە بىلىشتى. ئۇلار ئىنسان بىلەن ھازىرقى زامانىنى ئالەمدىكى مەركىزىي پائالىيەتچان ئورۇنغا قويدى.

ئۇلار مەنپىي – مۇسبەت قاراشلىرىنى، يورۇقلۇق – قاراڭغۇلۇق قاراشلىرىنى، بىر قاتار كاتېگورىيىلىك قېلىپلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

ئۇلار تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوتتىن ئىبارەت تۆت تادۇ؛ سوغۇق، ئىسسىق، ھۆل، قۇرۇقتىن ئىبارەت تۆت خۇسۇسىيەت؛ قان، بەلغەم، سەپرا، سەۋدادىن ئىبارەت تۆت خىلت قارىشىنى، ئۇلارنىڭ زىددىيىتى ۋە بىرلىكى قارىشىنى يارىتىشتى.
ئۇلار 12 ۋاقىت، 24 سائەت؛ 12 بۇرچ، 4 پەسىل، 12 ئاي؛ 12 يىل بىر مۆچەل قارىشىنى ئۇدۇم قىلدى.

«ئاۋېستا»دا ئولتۇراقلىشىش يورۇقلۇق ئىلاھى ئاھرۇمازدانىڭ چاقىرىقى سۈپىتىدە غايەت زور سۈرلىزاتسىيىلىك تەشەببۇس تۈسىنى ئالدى.

زورۇئاستېر ۋە مانى دىنى تەلىماتلىرى ياخشى – يامانلىق ۋە يورۇقلۇق – قاراڭغۇلۇق كۈرەشلىرىدە ئاقىۋەت ياخشىلىق ۋە يورۇقلۇقنىڭ غەلىبىسى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ماھىيىتى ۋە باسقۇچى دەپ قاراشقا ئاساسلاندى.

بۇددىزىم روھىنىڭ ئۆلمەسلىكى، تەكرار ئايلىنىشى (سانسارا) قاراشلىرى ئارقىلىق كىشىنىڭ كامالەت (بۇددىھا)كە ياكى چوشكوئنلۇككە يۈزلىنىشى ئۆز ئىرادىسىگە باغلىق دېگەن قاراش بىلەن تاكى كامالەتكە يەتمىگۈچە قايتا – قايتىلاپ تۇغۇلۇۋېرىپ ئازاب چېكىش مۇقەررەرلىكىنى ئېتىقاد ئۆلى قىلدى.

گۇمانىزم تولا ھاللاردا سوپىزم ۋە پانتەئىزملىق شەكلىدە ئىپادىلەندى. ئىنسان گۈزەللىكى، ئەقىل، بىلىم، ئىقتىدار ۋە ئەخلاق ئىزچىل مەدھىيىلەندى. ھەرقايسى گۇمانىزم، راتسىئونالىزملىق دۇنيا قاراشتىكى شائىرلار ئىزچىل بۇ ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرۈشتى.

«قۇتادغۇبىلىك»، «ئىھسالۇل ئۆلۇم»، «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ قاراشلىرى»، «بەختكە ئېرىشىش توغرىسىدا»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، «مەھبۇبۇلقۇلۇپ» قاتارلىق ئەسەرلەر ئىجتىمائىي پەلسەپە ساھەسىدىكى قاتار مەسىلىلەرگە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر دەستىكى بېغىشلىدى.

«ئەلجەبر ۋەل مۇقابەلە»، «پەتولمىنىڭ ئەلمەجەستى دېگەن ئەسرىگە تەپسىر»، «ئەلقانۇن فىت تىب»، «ئەششىفا»، «دانىشنامە»، «مەنرالوگىيە»، «ئاسترونومىيىگە مۇقەددىمە»، «كىتابۇلمۇسقەل كىبىر»، «يۇلتۇزلار جەدۋىلى» قاتارلىق ئەسەرلەر تەبىئەت ئىلمى بويىچە بىر قاتار نەزەرىيىۋى تەپەككۇر مەسىلىلىرىنى يورۇتتى.

ھەربىر تاشكېمىر، ھەيكەل، رەسىم، مۇزىكا، ئۇسسۇل، چالغۇ قوراللىرى؛ ھەربىر دورا نۇسخىلىرى؛ ھەربىر شەھەر، سۇ ئىنشائاتى قاتارلىقلار ئۆزىگە خاس ئېستېتىكىلىق، فورماكولوگىيىلىك ۋە بىناكارلىق نەزەرىيىۋى تەپەككۇرسىز مەيدانغا كەلگەن ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 12 مۇقامى مۇجەسسەم پەلسەپىۋى ۋە سەنئەتشۇناسلىق نەزەرىيىلىرى ئاساسىدا مىسلىسىز مۆجىزىلىك كامالەتكە ئېرىشكەن.

بىز مائارىپ، ئەخلاق، غايىۋى جەمئىيەت توغرىسىدىكى پۈتۈن ئىجابىي ئەنئەنىلەرگە تېرەم نەزەر ئاغدۇرغىنىمىزدا، ئۇ خۇددى ئىلاھىي قۇدرەتتەك كۈچلۈك نەزەرىيىۋى تەپەككۇر رەھنەمالىقىدا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

يىپەك يولى خاراباشقاندىن كېيىن بىز مۇنداق ھەقىقەتنى ھېس قىلدۇق:

بىرىنچىدىن، غەربىي ياۋروپالىقلار ئەلخارەزمى، ئەلپەرغانى، ئەلفارابى، ئىبن سىنا قاتارلىق نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى لاتىن ۋە باشقا تىللارغا بەس — بەستە تەرجىمە قىلىشقا كىرىشتى.

ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ساياھەتچى قىياپىتىدىكى تەتقىقاتچىلىرى دىيارىمىزدا تەكرار ئىلمىي قىدىرىش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن بويۇم ۋە كىتابلارنى ئېلىپ كېتىشتى.

ئۈچىنچىدىن، ئۇلار ھەممە پەندە نەزەرىيىۋى يېڭىلىقلار يارىتىشىپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ پاراۋۇزى بولۇشتى. ئۇلارنىڭ بەزى نەزەرىيىۋى كەشپىياتلىرى غەربىي يۇرت ئالىملىرىنىڭ ئىشلىرى ئاساسىدا مەيدانغا چىقتى.

دېمەك، ئۇلار نەزەرىيىۋى تەپەككۇرنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشقان ۋە غەربىي يۇرت ئالىملىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرىنى ھەزىم قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويالىغان!! دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى ھېلىمۇ ئۇلارنىڭ ماكانلىرىدا بولۇۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل ئەنە شۇ يەردە.

يېپەك يولى خارابلاشقاندا نەزەرىيىۋى تەپەككۇر يادىكارلىقلىرى ۋەيران قىلىندى. ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرى ئورنىغا ئىشانلىق خانىقالىرى، مۇدەررىسلەر ئورنىغا ئىشان — مۇرىت پىرلىرى، ئىلىم — پەن ئورنىغا نادانلىق ۋە ئەسەبىيلىك ئالماشتى. خۇددى شەيخ سەئىد ئېيتقاندەك: سۇمۇرۇغ يوروق دۇنيادىن قېچىپ ئەپسانىۋى جەننەتكە كىرىۋالدى، كىشلەر خالىسۇن — خالىمىسۇن قاغا قانتى ئاستىدا سايداشقا مەجبۇر بولدى.

بۇ دىيارنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشى — ئۇنىڭ ئۆزلەش ياكى غەرق بولۇشىنى تىزگىنلەپ تۇرغان تارازا يۈلتۇز. پۈتۈن ئامەت ياكى ئاپەت ئەنە شۇنىڭدا.

- خىيال دەپتىرىمدىن

يېقىنقى يىللاردا خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىنغان ئىلھامبەخش كىتابلار ئارىسىدا «مۇرۇۋۋەت(كەڭ قورساقلىق، كەڭ نەزەر)» ناملىق بىر كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىگە مۇنداق بىر ھېكايە بېرىلگەن: تۆت تەرىپى قېلىن تاغلار بىلەن قورشالغان بىر ماكان بولۇپ، بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ئەمىر — پەرمانى بويىچە سىرت بىلەن ئالاقىلاشمايدىكەن. بىرەر كىشى جىلغا ئارىلاپ سىرتقا چىقىپ كەتسە، دەرھال تاشبوران قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىسمى نامەلۇم بىر جەسۇر، تاشقى دۇنيانى كۆرۈپ قايتىپ كېلىپ، ئۆز خەلقىنىڭ «ئاكاڭ قارىغاي دۇنيادا بىرىنچى»

دېگەن بېسىم ۋە روھىيەتتە ئەڭ نادان، ئەڭ كەمبەغەل ياشايدىغانلىقنى ئېغىزدىن چىقىرىشى بىلەن «ئاسىي – جافىي» دەپ ئۆلتۈرۈلۈپ كۆلى جىلغىغا ئىبرەت ئۈچۈن چېچىلىدىكەن. بىر زاماندا تاغلىق بۇ ماكاندا يەر تەۋرەپ، تاغ ئۆرۈلۈپ ئاپەت يۈز بېرىپتۇ. كىشىلەر «قاچ – قاچ» دەپ تاشقى دۇنياغا چىقىپ قاپتۇ. قارىسا، ئەھۋال ھېلىقى «ئاسىي-جافىي» دېگەندەك. ئۇلار جاھان تىنچلانغاندا يۇرتلىرىغا قايتىپتۇ، خەلقى «ئاسىي-جافىي»نى روھىي تىرەك بىلىپتۇ. ھەممە ئۇنىڭ خاتىرىسىگە مەڭگۈلۈك تاش قويۇپتۇ. بۇ تاشلار بىر – بىرىگە ئۇلىنىپ، ئۇنىڭ كۆلى سورۇلغان جىلغىدا زامانىغا لايىق تاش يول پەيدا قىپتۇ. نەتىجىدە بۇ قاششاق ماكان تېز گۈللەپتۇ.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىن تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە غەربىي يۇرتنىڭ ئەھۋالى خۇددى شۇ ھېكايىدەك بولۇپ كەلدى! ئالدىن بېشارەت قىلغانلارنىڭ ئەھۋالى فىرەۋنىڭ زاماندىكى مۇساغا ئوخشاپ قالدى!

مانا ئەمدى يىپەك يولى قايتا ئېچىلدى! تېخى خېلى كۆپ كىشىلەر ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتى يېڭى يىپەك يولى ئېراسىنىڭ ئېچىلىشىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلمىسىمۇ، بۇ ماھىيەت ئۇلارنى كۈنلەر ئۆتۈپ ھېس قىلدۇرىدۇ.

قەدىمكى يىپەك يولى ئۇستىگە غەربىي يۇرتلۇق «خورجا»لار، سازەندىلەر ئولتۇرۇشقان تۆگە سىمۋولى ھەيكەللەشتۈرۈلگەندى. يېڭى يىپەك يولى ئەمدى قاناتلىق تۆگە سىماسىدا مەجازلاشتۇردى.

ئۇنداقتا، ئىككى تۆگە ئارىسىدا بوش قالغان ئەسىرلەرنى – يىپەك يولى خارابلاشقاندىن كېيىن نەچچە يۈز يىلنى نېمە بىلەن سىمۋوللاشتۇرۇش لازىم؟ مېنىڭچە، ئۇنىڭ سىمۋولى «تۆگە قۇش»تىن ئىبارەت! قاراڭ، بېشىنى قۇمغا تىقىۋېلىپ ھەممىنى ئىنكار قىلىدىغان، قۇرۇق ۋە ئۇنۇمسىز مەغرۇرلىنىپ، دوڭغاقلاپ ئۆز ئىزىدىن يىراق كېتەلمەيدىغان تۆگە قۇشى روھى دەل ئۇنىڭ مۇناسىپ ئوبرازى! دوستۇم، سىز كۆزىڭىزنى يۇمۇپ، ئۆتكەن ئەسىرلەر قوينىغا نەزەر تاشلاڭ! ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجىنىڭ دالاي لاما ۋە قونتەيجى ئالدىدىكى ھالەتلىرىنى، ھەتتا پادىشاھ زەھەر قاچىسى تۇتقان، ئىسمائىلخان ۋە مۇھەممەدخان ئەۋلادلىرى تۇتقۇن قىلىنغان، بابارېھىم مەشرەپ دارغا ئېسىلغان، زېلىلى چۆلدە كۆز يېشىنى سىياھ قىلىپ «خالايىقنىڭ كۆزىدە پەردە غەپلەت نۇر ئايان بولماس» دېگەن مىسرالارنى يازغان، ئەرشى بۇرھاندىن خوجا قىلىچى ئاستىغا چۈشكەن، جۇڭغار قوشۇنلىرى ئالتە شەھەرگە غالچا چوكان، غالچا يىگىت ۋە كۈمۈش تەڭگە ئالۋىنى سالغان، نوزۇگۇم ئوت كەتكەن قومۇشلۇقتا دەردىسەر بولۇپ يۈرگەن، سادىر پالۋاننىڭ بويىنىغا تاقاق چۈشكەن، ۋەلىخان تۆرە قەشقەردە كاللا مۇنارى ياسىغان، تومۇر خەلىپە قىلتاققا چۈشكەن، ئابدۇقادىر داموللام قەتلە قىلىنغان، مەمتىلى ئەپەندى ئوتتا كۆيدۈرۈلگەن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قىلىچتا چېقىلغان، ل. مۇتەللىپ جادىدا تۇغرالغان،

سانسز ئوغلانلار تۆرمدە چىرىگەن، ۋابا ۋە چۇما كېسىلى يۇرتنى قاپلىغان، ھېكمبەگلەر ئوتتۇغات كىيىپ نەشىگە بېرىلگەن، ئوغرى – قىمارۋازلار چۇسدەك يامراپ كەتكەن، ئانىلارنىڭ سوڭگىچى، ئاتىلارنىڭ گەجگىسى چىقىپ قالغان، جاھاننى جۇت، زاماننى زۇلمەت، ماكاننى مالامەت قاپلىغان ئەسىرلەرنى قانچە ئويلىغانسېرى شۇنچە ئويلاپ چىقىڭچۇ! ئاندىن كۆزىڭىزنى يوغان ئېچىپ، مىڭلىغان مەنبەلەردىن سىز ئۈچۈن تاللىغان تۆۋەندىكى فوتو سۈرەتلەرگە كۆز يۈگۈرتۈڭ!

بۇ سۈرەتنىڭ بىرىدە، يىپەك يولى راسا گۈللەنگەن چاغدىكى «مىڭئۆي» تورۇسىغا سىزىلغان كۆرۈنۈش تارتىلغان. غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى، روھىي قىياپىتى ۋە تۇرمۇش مەدەنىيىتى ئۇنىڭدا يارقىن گەۋدىلەنگەن.
بۇ سۈرەتنىڭ يەنە بىرىدە، «مىڭئۆي» ئالدىدا خاتىرە سۈرەتكە چۈشكەن ئەجنەبىيلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان جۇلدۇر كىيىمەن ھالەتتىكى غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىللىرى. ئەزىز ۋەتەننىڭ بۇ پەرزەنتلىرىنى نادانلىق، ھۇرۇنلۇق، سولغۇنلۇق شۇ دەرىجىگە چۈشۈرگەنلىكى، ئۇلار ئازغىنا پۇل ئۈچۈن ئەجدادلىرى بىنا قىلغان سەنئەت قەسرىنى نابۇت قىلىشقا ياللانغان. مەغرۇر قىياپەتلىك لىكوك، گرونەۋىدىل(ئولتۇرغان) قاتارلىقلار ئۆزلىرى بۇلاپ كېتىۋاتقان بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ياسالغان زاماندا ئۆز ۋەتىنىدە تېخى شەھەرلەر شەكىللەنمىگەنلىكىنى ياخشى بىلسىمۇ، ئۇلار شەخسەن بۇلاڭچىلىق «تۆھپە»لىرىدىن مەغرۇرلىنىپ تۇرماقتا.

قاراڭ، نېمىس ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ 1905 -يىلى 8 – ئايدا تۇرپاندا مەدەنىيەت گۆھەرلىرىنى بۇلاپ ماڭغاندىكى مەغرۇر تۇرقىغا، بۇ مەدەنىيەت گۆھەرلىرىنى ياراتقان خەلقىمىزنىڭ نەس باسقان ئەۋلادلىرىنىڭ بىچارە ھالىتىگە!

مۇشۇ سېلىشتۇرمىدىن يىپەك يولىنىڭ گۈللەش ياكى چۈشكۈنلىشىشىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىمىزغا كۆرسىتىدىغان تەقدىر ھالىتىگە غايەت چوڭ تەسىرىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ!

يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، مۇھىمى، قەدىمكى يىپەك يولدا قارار تاپقان توققۇز موجىزىدار ھېكمەتنى قايتا ئويلاش ۋە يېڭى يىپەك يولى جاۋاھىراتلىرىنى بەرپا قىلىشتا. خەير، ئوقۇرمەن، تەپەككۇر كۆكىدە قايتا ئۇچرىشايلى...
1992- يىلى نويابىر، بېيجىڭ – ئۈرۈمچى

# 11- چىن ۋە ماچىننىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسى

**ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن**

چىن ۋە ماچىن ئىبارىسى ئۇيغۇر-تۈرك، ئەرەب ۋە پارس ئالىم-ئەدىبلىرىنىڭ تارىخ ، جۇغراپىيە، تىلشۇناسلىق دەستۇرلىرىدا ، ساياھەتنامىلىرىدە ۋە شېئىر داستانلىرىدا مىڭ يىللاردىن بېرى ئىزچىل يوسۇندا ئىستىمال قىلىنىپ كېلىۋاتقان، ھەممىگە تونۇش نام بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ ئەسىرگە كەلگەندە ئىبارىنىڭ تارىختىكى جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسىنى چۈشىنىش ۋە ئىزاھلاشتا يول قويغىلى بولمايدىغان خاتالىق كۆرۈلۈۋاتىدۇ.

مەلۇمكى، چىن ۋە ماچىن ئىبارىسى ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقىرىنىڭ " تۈركىي تىللار دىۋانى" ناملىق كىتابىدا، مۇتەپەككۇر ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ "قۇتادغۇبىلىك "داستانىدا ، مەشھۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ داستانلىرىدا ، لۇتفى ۋە زېلىلى قاتارلىق شائىر-ئەدىبلەرنىڭ غەزەللىرىدە؛ نىزامى ، فىردەۋسى، خىسراۋ دېھلىۋى، ھاجۇ گىلمان قاتارلىق پارىس كلاسسىكلىرىنىڭ داستانلىرىدا؛ ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب سەيياھلىرى ۋە تارىخچىلىرىنىڭ كىتابلىرىدا؛ ئارىيان ۋە بۇددىزم دەستۇرلىرىدا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان.

بىزنى چىن ۋە ماچىندىن ئىبارەت بۇ قوشكېزەك ئىبارىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسى ھەققىدە جىددىي مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا ئۈندەۋاتقان سەۋەپ يېقىنقى ۋە بۈگۈنكى زاماندىكى بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ ياكى چۈشەنچىسىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن ياكى ئىلمگە يات غەرەزنىڭ نەتىجىسىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان ھەم كۆچەپ ئومۇملاشتۇرۇشقا تىرىشىۋاتقان خاتا قاراشلىرىدۇر. ئەنىقنى ئېيتقاندا چىن ۋە ماچىن ئىبارىسى توغرىسىدا تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا مۇنداق ئىككى خىل قاراش ساقلانماقتا.

بىرىنچى خىل قاراش: چىن ۋە ماچىن چەتئەللىكلەرنىڭ "چاينا" (چىنا) دىگەن سۆزى بولۇپ، توغرىدىن توغرا پۈتۈن تەرجىمىسى "جۇڭگو" دىگەندىن ئىبارەت بۇ ئاتالغۇ ئەسلىدە مىلادىيەدىن ئىلگىركى چىنشىخۇئاڭنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىدىن

كېيىن قۇرۇلغان چىن سۇلالىسىنىڭ نامىنى ئۆزىگە مەنبە قىلىدۇ، دېگەن كۆز قاراش. بۇ قاراشتا "چاينا" ئاتالغۇسىنىڭ ھازىرقى تەرجىمىسى "جۇڭگو" دېگەن چ! ل؛! شەنچە بىلەن چىن سۇلالىسى ۋە چىن ،ماچىن ئاتالمىلىرىنى ئارىلاشتۇرىۋېتىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن.

ئىككىنچى خىل قاراش: "چاينا" ئىبارىسى چىنشىخۇئاڭ بىلەن ئەمەس، بەلكى چىڭ(مانجۇ)سۇلالىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھەم ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە ۋە بۈيۈك برىتانىيىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى رايون ھىندى-چىنى ۋە جۇڭگو بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋەتلىرى ۋە كېلىشمىلەر بىلەن باغلانغان ھالدا خەلقارا ئىستېمالغا كىرىپ كەلدى دېگەن قاراش. ب. لەئۇفەر ئۆزىنىڭ "چاينا ئاتالغۇسى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش" ناملىق ماقالىسىدا تۇنجى قېتىم بۇ ئاتالغۇنى چىنشىخۇئاڭ بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىزاھلاشقا ئېتىراز بىلدۈرگەن فرانسىيىلىك شەرقشۇناس پېللىئوت "چىنا ئىدارىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى" دېگەن ماقالىسىدىمۇ چىن ، تاۋغاچ ، ختاي ئىبارىلىرىنىڭ مەنبەلىرى ھەققىدە توختالغان.

مېنىڭچە ھازىرقى ئىنگلىز تەلەپپۇزىدىكى "چاينا" ئىبارىسى يېقىنقى زامان تارىخىدىكى جۇڭگونى ئىپادىلەيدىغان ئىبارە بولۇپ، ئۇ مانجۇلار قۇرغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ نامى ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن ھەر قايسى دۆلەتلەر ياكى سۇلالىلەر ئۆزلىرىگە خاس ۋە بىر دەۋر ئىچىدە قوللىنىلغان نامى بولۇپ، پۈتۈن جۇڭگو ھەرگىزمۇ ئىزچىل يوسۇندا بىر سۇلالە نامىدا ئاتالغان ئەمەس!

بىز چىن (1)، جىن،چىن، جىن ۋە چىڭ ئاتالمىسىنى، چاينا ئىبارىسىنى، چىن ۋە ماچىن ئۇقۇملىرىنى تارىخىي يوسۇندا پەرقلەندۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك. بىز ئالدى بىلەن "چىن" ۋە "ماچىن" ئاتالغۇسى ھەققىدىكى بىر قىسىم تارىخىي ھۆججەتلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى. ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ ھىندى دەرياسىنىڭ باشلىنىش قىسمىدىكى بەش ئېقىن (پەنجئاپ) ئىچىدە "چىناپ" دېگەن دەريا بولۇپ ، بۇ چىندىن ئېقىپ چىققان دەريا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ياپونىيىلىك تارىخچى يۈيجى لىيۋتى "غەربىي يۇرتتا بۇددا دىنى" ناملىق كىتابىنىڭ 313-بېتىدە (خەنزۇچە نەشرى) "پامىر تېغىنىڭ غەربىدە چىناپ(چەناب) ۋە چىلام (جەھلام) دېگەن ئىككى دەريا بولغان" دەپ يازغان. بۇ ئىككى دەريا لاۋي، بىئاس، ساتلەر دەريالىرى بىلەن قوشۇلۇپ بەش دەريا پەنجئاپ ۋادىسىنى ھاسىل قىلغان. بۇ دەريالار ھىندى دەرياسىنى تەشكىل قىلىدۇ. س.لەرى نىڭ كۆرسىتىشىچە، ھىندىلار "چىن" دېگەن ئاتالغۇنى پامىر(قارلىقتاغ) ئەتراپىدىكى قەبىلىلەرگە قارىتىپ ئىشلەتكەن. پەڭ چېڭجۈن ئەپەندى "غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىز تارىخ جۇغراپىيىسىگە دائىر

تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى" ناملىق كىتابىنىڭ 99-بېتىدە "شەرقىي شىيالار بىلەن ھىندىلار ئارىسىدىكى زېمىن سانسكرىت تىلىدا < Chin > دەپ ئاتىلىدۇ" دەپ يازغان.

ھىندىستاننىڭ "مانۇ قانۇنى"، "ماخاپخاراتا"، "قەدىمكى ھادىسىلەر" قاتارلىق قانۇنشۇناسلىق ۋە ئەدەبىيات دەستۇرلىرىدا "چىن" ئىبارىسى تىلغا ئېلىنغان. "قەدىمكى ھادىسىلەر" ناملىق رىۋايەت كىتابىدا "مانۇنىڭ توققۇز ئوغلى ۋە بىر قىزى بولۇپ ، بۇ قىز ئاي ئىرۇنىڭ ئوغلى بۇدۇ بىلەن نىكاھلىق بولىدۇ. ئۇلاردىن بولغۇسى تۇغۇلىدۇ. مانۇنىڭ دىگەن ئوغلى مانۇنىڭ ياردىمىدە يېرىنىڭ بىر قىسمىنى ئىگەللەپ قەلەسىنى سالىدۇ. بۇ ئاي خانلىقىنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ"(ئا. ئۇسپوفنىڭ "10-ئەسىرگىچە ھىندىستان تارىخىنىڭ ئوچېركى" خەنزۇچە نەشرى) دېيىلگەن.

ئەنگلىيىلىك ستەيىن ئۆزىنىڭ "سېرىندىيا" ناملىق كىتابىدا (بۇ كىتاب خەنزۇچىغا غەربىي يۇرت دەپ تەرجىمە قىلىنغان)، پەكچەكچۇن ئەپەندى "لولەن ۋە پىشامشان مەسىلىسى"ناملىق ماقالىسىدا لوپچىن ( نوپ-چىن) ئىبارىسىنى تىلغا ئالغان. ئۇلارنىڭ پەرىزىچە، لوپ- كونا لولان شەھىرىنىڭ لوپنۇر كۆلى ساھىلىدىكىنى، چىن سۆزى بولسا، شەھەر قەلە مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز قەدىمكى مىنوسىنسك ۋادىسىدىكى تۇران، تۇرانچىن ۋە قارا شەھەرنى! لۇ! ئاراچىن دىگەن نامى بىلەن بىرلەشتۈرۈلسە، كىشىنى تېخمۇ ئىزدىنىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ.

ستەيىن "قەدىمكى خوتەن" (1907-يىلى) ناملىق كىتابىدا خوتەننى ماچىن دەپ تىلغا ئالىدۇ.(ھازىرمۇ خوتەندە < machin chini machini > شەرىھى دەپ ئاتىلىدىغان خارابە بار) ماھاما-ماغا ئاتالغۇلىرى قەدىمكى ئارىيان ھەتتا ياۋچىلار تىلىدا چوڭ دىگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر راھىپ تاڭ شۈئەنزاڭ "ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە قىلغان ساياھەت " ناملىق كىتابىدا "خوتەن پادىشاھلىرىنىڭ پېشۋاسى شەرقىي تۈرك شاھزادىسى بولۇپ ، ئۇ ھىندىستانلىق پادىشاھ ئاسوكا بىلەن زامانداش ئىدى" دەپ يازغان. خۇنىڭنىڭ "ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى يادىكارلىقلار" ناملىق ئەسىرىنىڭ 12-بېتىدە بۇ شەرقىي تۈرك شاھزادىسىنى "شەرقىي تۈرك ھېساپلانغان ئۇيغۇرلار ئىدى" دەپ ئىزاھلىغان.

ئارىيانلارنىڭ دىنىي دەستۇرى بولمىش مەشھۇر كىتاب "ئاۋېستا" دا "چىن" ئىبارىسى ئىپادىلەنگەنلىكى مەلۇم. ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ "شاھنامە" داستانىدا قەيت قىلىنىشىچە، مىلادىيدىن ئىلگىركى 11-ئەسىرلەرگە ئائىت موسا پەيغەمبەرنىڭ يەھۇدىي دىنى دەستۇرى "تەۋرات" تا چىن "گوك"، ماچىن "ماگوك" ئىبارىسى بىلەن ئىپادىلەنگەندىن تاشقىرى، چىن-ياپەسىنىڭ نەۋرىسى دېيىلگەن. تارىخچى مىر خاند "رەۋزەتۇسسافا" ناملىق ئەسىرىدە، موللا

مۇسا سايرامى "تارىخى ھەمىدى" ناملىق ئەسرىدە! ت! ئۇرك ياپەسنىڭ ئوغلى، نوھنىڭ نەۋرىسى، چىن ۋە ماچىن بولسا تۈركنىڭ ئوغۇللىرى دەپ بايان قىلغان. مەھمۇد قەشقىرىمۇ "تۈركلەر ئەسلىدە يىگىرمە قەبىلىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭرى ئەزىز كۆرگەن نوھ پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى ياپس ۋە ياپەسنىڭ ئوغلى تۈرككە بېرىپ تاقىلىدۇ"("تۈركىي تىللار دىۋانى"1-توم، 37-بەت) دەپ كۆرسەتكەن.

پەلىيۇ چەڭجۈن ئەپەندى "غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىز تارىخ جۇغراپىيىسىگە دائىر تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى" ناملىق كىتابىدا قەشقەر ھەققىدە :قەشقەر خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى بىر دۆلەت ئىدى. چىن ئاتالغۇسىنىڭ مەپھۇمى مۇشۇ دۆلەتنى كۆرسەتسە كېرەك، ئۇنىڭ چېگرىسى كۇشان بىلەن تۇتاشقان بولىشى مۇمكىن ، مۇنداق دۆلەت پەقەت قەشقەر بولىشى ئەقىلغا! م! ئۇۋاپىق، دەپ يازغان. لۇئى جىن ئەپەندى "بۇددىزم مەزھەپلىرىنىڭ مەنبەرلى" ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە "كۇشان خاقانلىرىدىن بولغان كانىسكى چىنتەنلىك (؟؟)ئىدى" دېگەن يەكۈننى چىقارغان.

رىم ئىمپېرىيىسى زامانىدىكى ئەسەرلەردىن مىلادىيىدىن ئىلگىركى رىم شائىرى گوراس(ھوراسە)نىڭ داستانىدا، مىلادىيە 2-ئەسىردە ياشىغان رىم شائىرى پلىنو (پلىني) نىڭ " تەبىئەت تارىخى" ناملىق ئەسىرى بىلەن پېتولومى (پتولومەس)نىڭ "جۇغراپىيە" ناملىق كىتابىدا چىن ئېلى ۋە يىپەك مەملىكىتى تىلغا ئېلىنغان. پەلىيۇ چەڭجۈن: پەتولومىنىڭ يىپەك مەملىكىتى ھەققىدە ئېيتقانلىرى قەدىمكى تۇران (مەركىزى ئاسىيا )دىكى سۇلې)قەشقەر)بىلەن ئالاقىسىز دەپ قارىغىلى بولمايدۇ، دېگەن.(يوقۇرقى كىتاپ 99-بەت). پەتولومىنىڭ ئەسىرىگە مەنبە بولغان مارىنوسنىڭ (مارۇنۇس)ساياھەت نامىسىدا چىن(چەنى) ۋە يىپەك مەملىكىتى(سەرەس) دېگەن ئىبارىلەر تولىمۇ روشەن تىلغا ئېلىنغان.

مىلادىيە 3-ئەسىردە ياشىغان ئەبۇدەلىق ئىسمىلىك ساياھەتچى ئۆزىنىڭ ساياھەتنامىسىدە "بۇخارادىن چىنگىچە" كەلگەنلىكىنى يازغان. سامانىيلار سۇلالىسى شاھى سۇلتان ناسىر بىننى ئەھمەد ۋاقتىدىكى ئابدۇللا ھىسسار بىننى ئەل مەھەلھل ئۆزىنىڭ "ساياھەتنامە" سىدە چىنگە بارغانلىقىنى يازغان. مەلۇمكى، ئابدۇللا ھىسسار بىننى مەھەلھلنى سامانىلار شاھى سۇلتان ناسىرى بىننى ئەھمەد قەشقەردىكى قاراخانىيلار ھۇزۇرىغ! ئا ! 943-يىلى نىكاھ ئەلچىلىرى قاتارىدا ئەۋەتكەن ئىدى.

مەھمۇد قەشقىرى "تۈركىي تىللار دىۋانى" ناملىق كىتابىدا چىن ۋە ماچىنغا مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى قىرىققا يېقىن ئورۇندا تىلغا ئالىدۇ ۋە ئىزاھلايدۇ. 1-توم، 38-بەتتە "مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، رۇم ئۆلكىسىنىڭ يېنىدىن كۈنچىقىشقا قاراپ كەتكەن تەرتىپ بويىچە، شەرقتىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تۇرار جايلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇم" دەپ يېزىپ ئالتاي تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى

يىنسەي (ئاناساي) دەريا ۋادىسىدىكى قىرغىزلارنى "قىرغىزلار چىنغا يېقىن جايلاشقان" دەپ كۆرسەتكەن. ئاندىن تۈرك قەبىلىلىرى بولغان ختاي، تاۋغاچ توغرۇلۇق "ختاي-چىن دېمەكتۇ"، "تاۋغاچ-ماچىن دېمەكتۇر" دەپ كۆرستىدۇ. مەھمۇد قەشقىرى 1-توم، 592-بەت! تت! ئە "تاۋغاچ" ئىبارىسىگە مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئىزاھات بەرگەن. (1) تاۋغاچ- ماچىن ئېلىنىڭ نامى،(2) تاۋغاچ - تۈركلەرنىڭ بىر بۆلىكى،(3) تاۋغاچ-بۆيۈك ۋە قەدىمىي نەرسە دېگەن مەندە.

ئورخۇن ئابىدىلىرى بىلەن كۆك تۈرك خانلىقى زامانىدا توقباتلار تاۋغاچ. تاڭلار تاڭجازى، كىدانلار ختاي دېيىلگەن بۇ مىللەتلەر شۇ دەۋردە ھاكىمىيەت يۈرگۈزىۋاتقان مىللەتلەر ئىدى.

مەھمۇد قەشقىرى "چىن" نى ئۈچكە كۆرسەتكەن . يەنى يوقىرى چىن-تاۋغاچ، ئوتتۇرا چىن-ختاي، تۆۋەن چىن قەشقەر،(1-توم ، 592-بەت).

مەھمۇد قەشقىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللەتلەرنى "ئارىدا چوڭ سېپىل ۋە چىن يېنىدىكى تاغ-دېڭىزلار بولغىنى ئۈچۈن يەجۇج ۋە مەجۇجلەرنىڭ تىللىرىمۇ بىزگە مەلۇم ئەمەس" (1-توم، 39-بەت)دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن. كىتابىغا كىرگۈزگەن خەرىتىدىمۇ بۇنى پەرقلەندۇرگەن. "تات تاۋغاچ" ئىبارىسىنى "بۇ ئۇيغۇر ۋە چىنلىق دېگەن بولىدۇ" (2-توم، 409-بەت) دەپ كۆرسەتكەن. "چىگىل، ياغما، توخسى، ئارغۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق يوقىرى چىنغا قەدەر جايلاشقان قەبىلىلەر" دېگەن بايانلارنى 2-تومنىڭ 64-، 78- ۋە 88- بەتلىرىدە تەكرار-تەكرار تىلغ! ئا ! ئالغان. 1-توم، 151-بېتىدە "ئۇيغۇر بىر ئەلنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار. بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغان ئىكەن" دەپ يازغان بولسا، 3-توم، 567-بەتتە "تۈركمەن" ئىبارىسىگە ئىزاھ بەرگەندە "خاقان چىن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ، زۇلقەرنەيىن ئۇنىڭ كەينىگە چۈشىدۇ. ئۇيغۇرلارغا يېقىن بىر يەردە خاقان زۇلقەرنەيگە بىر قىسىم چارلىغۇچى قوشۇن ئېۋەتىدۇ. توقۇنۇش نەتىجىسىدە زۇلقەرنەيىنمۇ شۇنداق قوشۇن ئېۋەتىدۇ. توقۇنۇش نەتىجىسىدە زۇلقەرنەيىن ئەۋەتكەن قوشۇن مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ توقۇنۇش دېگەن يەردە بولغانىكەن. بۇ تاغ ھازىرقى كۇندە دەپ ئاتىلىدۇ. زۇلقەرنەيىن ئەنە شۇ يەردە خاقان بىلەن سۇلھ تۈزىدۇ" دەپ يازغان. دېمەك مەھمۇد قەشقىرى بۇ ئىككى بايانىدا "ئۇيغۇر ئەلى" بىلەن "چىن" نى ئايىرىشتۇرۇپ تىلغا ئالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بىز يەنە ئۇنىڭ تۈرك يېزىقى توغرىسىدا توختالغاندا "قەدىمدىن بېرى قەشقەردىن يوقىرى چىنغىچە بولغان ھەممە تۈرك يۇرتلىرىدا بارچە خاقانلار بىلەن سۇلتانلارنىڭ يارلىق ۋە خەت ئالاقىلىرى ئەنە شۇ يېزىقتا يېزىلىپ كەلگەن"(1-توم، 11-بەت) دەپ يازغانلىقىنى كۆرۈپ، " چىن " ئىبارىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇمى ھەققىدە تېخىمۇ ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز. چۈنكى "ھۇدۇدۇل ئالەم" ناملىق مەشھۇر كىتابتا تۈرپاننى "چىنجكەنت" دەپ

ئاتىغانلىقى ھەممىگە ئايان. مەھمۇد قەشقىرى "دىۋان" نىڭ 1-توم، 517-بەتتىكى "كەرەم" سۆزىنى ئىزاھلىغاندا "يوقۇرى ۋە تۆۋەن چىنلىقلار! ت! ئىلدا" دەپ قوشۇپ قويغانلىقىنى كۆرىمىز. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ تۆۋەن چىن دېگەندە قەشقەرنى كۆزدە تۇتىدىغانلىقى كىتابىنىڭ ئۈچ يېرىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن.

مۇتەپپەككۇر ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ "قۇتادغۇبىلىك" داستانىغا كېيىنكى كىشىلەر تەرىپىدىن قوشۇپ كىرگۈزۈلگەن نەسرىي ۋە كېيىنچە يەنە نەزمىي مۇقەددىمىدە چىن ۋە ماچىن ئىبارىلىرى مۇنداق چېلىقىدۇ:

بۇ بەك ئېزىز بىر كىتابتۇر، ئۇ چىن ھۆكىملىرىنىڭ ھېكمەتلىرى بىلەن بېزەلگەن، ماچىن ئالىملىرىنىڭ شېئىرلىرى بىلەن ياسالغانكى، بۇ كىتابنى ئوقۇغان ۋە بېيىتلارنى باشقىلارغا بىلدۈرگەن كىشى بۇ كىتابتىنمۇ ئەزىزراقتۇر. چىن-ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى بىر قارارغا كەلدىكى، مەشرىق ۋىلايىتىدە، پۈتۈن تۈركىستان ئەللىرىدە، تۈركەي سۆز بىلەن بۇغراخان تىلىدا ھېچكىم بۇن! ئىن! گىدىن ياخشىراق كىتابنى ھەرگىز يازغىنى يوق. بۇ كىتاب قايسى پادىشاھلىققا ياكى قايسى ئىقلىمغا يەتسە، غىيەت ئۈزلىقى ۋە پەۋقۇللادە گۈزەللىكىدىن، ئۇ ئەللەرنىڭ ھېكىملىرى ئالىملىرى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەر بىرى بىر تۈرلۈك ئات ۋە لەقەم بەردى. چىنلىقلار (شاھلارنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى) دەپ ئاتىدى؛ ماچىن مۈلكىنىڭ ھېكىملىرى (مەملىكەتنىڭ دەستۇرى) دېسە، مەشرىقلىقلار (ئەمىرلەر زىننىتى) دېدى؛ ئىرانلىقلار دەپ ئات قويدى؛ بەزىلەر (پادىشاھلارغا! نەسىھەت)دەپ ئاتىدى؛ تۇرانلىقلار دەپ ئات قويدى."

بۇ باياندىكى "چىن ۋە ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى بىر قارارغا كەلدىكى مەشرىق ۋىلايىتىدە، پۈتكۈل تۈركىستان ئەللىرىدە ، تۈركىي سۆز بىلەن بۇغراخان تىلىدا ھېچكىم بۇنىڭدىن ياخشىراق كىتابنى ھەرگىز يازغىنى يوق "دېگەن جۈملىدىكى "چىن-ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرى" دېگەن بۆلەك بىلەن "مەشرىق ۋىلايىتىدە ، پۈتكۈل تۈركىستان ئەللىرىدە، تۈركىي سۆز بىلەن بۇغراخان تىلىدا "دېگەن بۆلەكنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، "چىن ۋە ماچىن" ئىبارىسىنىڭ "قىدان" ئىبارىسىدىن پەرقلىق تىلغا ئېلىنغانلىقىنى، "چىن ۋە ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرى" ھېچقاچان "قۇتادغۇبىلىك" نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىنى كۆرۈپ بۇ ھەقتە باھا يۈرگۈزۈۋاتقان! قا! ن لىئاۋ ياكى سوڭ سۇلالىسى ئالىم ھېكىملىرى ئەمەسلىكىنى تەبىي ھېس قىلىمىز.

ستەين ئۆزىنىڭ خوتەن لوپ ۋادىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك ساياھىتىدە مىلادىيىنىڭ بېشىدىكى كاڭيە يېزىقىدا يېزىلغان بىر ھۆججەتتە "چىنستان" (چىناستان چىنستان) دېگەن ئىبارىنى ئۇچراتقان. بۇ

ئىبارە “چىنىستانى ئىلىك بىگ” (چاشتانى ئىلىك بەگ) داستانىنىڭ نامى بىلەن سىڭىشتۈرگەندا قىزىقارلىق تېما كېلىپ چىقىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ يەكۈن ئەمەس.

ستەين “قەدىمكى خوتەن”ناملىق كىتابىنىڭ خەنزۇچە نەشرى 173-بېتىدە سۈي-تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خوتەن خانلىرى ۋە چاڭئەندە ياشىغان خوتەنلىكلەرنىڭ ئىسمى ئالدىغا قويىغان ۋېي چى (؟؟)ئىروگلىفىنىڭ تۈبۈتلۈقلاردا رىجايا دەپ تەلەپپۇز قىلىنىشىغا ئاساسلىنىپ، ئەسلى خوتەنلىكلەر “ۋېي چىن”(ۋەئىچىن) دەپ ئىشلەتكەن بولىشى مۇمكىن، دەيدۇ. “ماھا” چوڭ دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئەينى زاماندا رىم “دا چىك” دەپ ئىشلىتىلەتتى ھەم بۇ چىن ئىبارىلىرى ! ئوخ! شىمغان پاراللەل ئىبارىلەر بولۇپ، خەنزۇ يېزىقىدا پەرقلەندۈرگىلى بولاتتى. بۇنىڭدىن باشقا ۋېي چى (ھازىر ۋىجايا، ۋايىسارا دەپ ئۆزىمىز ياسىۋالغان ئىبارە) تاكى خوتەننىڭ ئاخىرقى بۇددا پادىشاھىغىچە قوللىنىلغان. قاراخانىلار ئۇنى ماچىن نامى بىلەن ئاتىغان. ۋېي چى ئىبارىسىنىڭ ماچىن ئىبارىسى ئىكەنلىكىنى كۆرستىدۇ. مەسىلەن، ۋېي چىشېڭ (؟؟؟) “غالىپ غالىبى”مەنىسىدە ئەمەس “غالىپ ماچىنى”مەنىسىدە بولىشى مۇمكىن. دەرۋەقە تاڭ سۇلالىسىغا زامان جەھەتتە يېقىن تۇرىدىغان قاراخانىيلارنىڭ ئالدى-كەينىدە خوتەندە “ۋېي چى” سۆزى ئەمەس، بەلكى “ماچىن”دېگەن ئىبارە قوللىنىلغانلىقى ! رو! شەن. ئى. بىرتىشىندىرنىڭ ئەرەب تارىخچىلىرىغا ئاساسلىنىپ يېزىشىچە، ئىسلام دىنىنى تارقىتىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان قەشقەر خوتەن ئارىسىدىكى (1017-يىلى) ئۇرۇش چىن-ماچىن ئۇرۇشى دەپ ئاتالغان. ستەين فرانسوز ئالىمى گرېنارد (م.گرەنارد)نىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلىنىپ ئەينى چاغدىكى خوتەن بۇددىستلىرىنىڭ پادىشاھىنى “جاگال- كھالكالۇ ئوف ماچىن”- ماچىن شاھى ياغلۇ قالقالۇ دەپ يازغان. بۇ خەلق ئىچىدە “قالقالۇ ماچىن”دەپ ئاتىلاتتى. بۇ دەل “ۋىجايا” ، “ۋايىسارا” دەپ خاتا قوللىنىۋاتقان ماچىندۇر.

ئوتتۇرا ئەسىر تۈرك ئەدەبىياتىدا “چىن”، “ماچىن” ئىبارىلىرى كۆپ ئىستېمال قىلىندى. بۇ لۇتفى، سەككاكى، ناۋائى، زەلىلى قاتارلىق ئۇيغۇر نەسەبىگە تەۋە كلاسسىك شائىرلار تەرىپىدىنلا ئەمەس ھەتتا ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋى، فۇزۇلى، ھەتتا “يولۋاس تېرىسىنى يېپىنىۋالغان باتۇر” داستانىنىڭ ئاپتورى گىروزىن شائىرى رۇستاۋېلى شۇتانىڭ ئەسەرلىرىدە تۇران نامى ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. لۇتفى “گۈل ۋە نەۋرۇز” داستانىدا چىن ۋە ماچىن ئارىسىدىكى قېرىنداشلار ئۇرۇشىدىن پەرياد چېكىپ مۇنداق مىسرالارنى يازغان:

نى يالغۇز چىنۇ ماچىن تەڭسۇقىدىن،

كى بارچە دۇنيانىڭ تەڭسۇقلىقىدىن.

قارا تاغلىق ۋە ئاق تاغلىق دەپ گۇرۇھ بولۇشۇپ ، تۇگمەس تەپرىقچىلىق قۇيۇنلىرىنى قوزغىغان خوجا ئىشانلارنىڭ يەركەن سەئىدىيە خانلىقنى خانىۋەيران قىلىشىپ پەيدا قىلغان جاھالەتلىك يىللىرىدا ياشىغان مەشھۇر شائىر مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ئۆزىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىدە ئۆتكەن سەرسان سەرگەردانلىق ھاياتىنى:

چىندا مۇساپىردۇرمەن ماچىن ئىچىدە غېرىپ،

يار يۈزىن كۆرمەدىم مۇنچەكى مەن سارغىيىپ.

دەپ ئىپادىلىگەن.(، مىللەتلەر نەشرىياتى، 300- بەتكە قاراڭ).19-ئەسىردە ئىلى ۋادىسىدا ياشىغان تالانتلىق شائىر موللا بىلال بىن موللا يۇسۇپ تارىخى داستانى "غازات دەرمۈلكىل چىن"(چىن يېرىدىكى مۇقەددەس ئۇرۇش)دە ئىلى ۋادىسىنى "مۈلكىي چىن" دەپ ئاتىغان. بۇ "مۈلكىي ئەجەم"، "مۈلكىي خوتەن" دېگەندەك ئادەت خاراكتېرلىك ئاتاش، ئەلۋەتتە.

ئۇلۇغ شائىر ناۋائىينىڭ "پەرھاد -شېرىن" داستانىدا يارىتىلغان چىن شاھزادىسى پەرھاتنىڭ ئوبرازى بىزگە ھەرگىزمۇ ھازىرقى ئەرەب، پارىس، ۋە تۈرك تىللىرىدا "جۇڭگو" نى "چىن" دەيدىغان پاكىت تۈپەيلى "جۇڭگو شاھزادىسى" بولۇپ تۇيۇلمايدۇ. "چىن" ۋە "ماچىن" دىن ئىبارەت بۇ توپىنومىيىلىك نام تارىختا ئۇيغۇر-تۈرك خەلقلىرى ياشىغان غەربىي يۇرتنى كۆرسىتىدۇ. جاڭ خۇڭنىئەن ئەپەندىمۇ "شاھنامە" نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىدا "چىن" ئاتالمىسى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى تارىختا تۈركىي خەلقلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايوننى كۆرسىتىدۇ. ئۇ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىنى كۆرسەتمەيدۇ"، دەپ ئەسكەرتكەن.

يوقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن مۇنداق مۇھاكىمىگە كېلىش مۇمكىن. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن مەركىزى ئاسىياغا بېسىپ كىرگەندە "چىن" قەبىلىلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. ئەمما ئۇرۇش ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تەشەببۇسكارلىقى تۈپەيلى سۈلھى بىلەن ئاخىرلاشقان. بۇ "چىن" قەبىلىلىرى ئەفراسىياپنىڭ "تۇران" قەبىلىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى.

"چىن" ۋە "ماچىن" ئىبارىلىرى قەدىمكى "غەربىي يۇرت شەھەر-قەلە دۆلەتلىرى" گە باغلىنىشلىق ئاتالغۇ بولۇپ، قەدىمدىن مەۋجۇت ئىدى. بۇ ئاتالغۇ بىلەن چىنشخۇئاڭ بىرلىككە كەلتۈرۈپ قۇرغان سۇلالىنىڭ نامىنى ئارىلاشتۇرىۋېتىشكە ئاساس يوق. چۈنكى بۇ ئاتالما چىن سۇلالىسى زامانىسىدىن تولىمۇ قەدىمىي بولغان دەستۇرلاردا تىلغا ئېلىنغان. روشەنكى ، كېيىنكى كۇنلەردە ئاغدۇرۇلغان ۋە ئەينى زامان سىياسىي مۇھىتىدا نامىنى نىشانە قىلغىلى بولمايدىغان چىن سۇلالىسىنىڭ نامى "چىن" ۋە

“ماچىن” ئىبارىلىرىگە ئاساس بولىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جۇ سۇلالىسى زامانىسدىلا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى چۈنچيۇ دەۋرىدىلا شىمالدىكى مىللەتلەر “؟؟” (چىنلار) دېيىلگەن. چىن سۇلالىسىگىچە سوقۇلغان سەددىچىن نىئەنشۈي ۋادىسىغا يەتمەي ئاخىرلاشقان بولۇپ، سىپىل سىرتى “چىن”دەپ ئاتالغان. بۇ ئومۇمەن مەركىزى ئاسىيانى كۆرستىدىغان تۇران زېمىنى چىن ، خوتەن دىيارى ئۇلۇغ چىن-ماچىن دېيىلدىغانلىقىنى ، “ئوتتۇرا چىن” ئىبارىسى “ماچىن” ئىبارىسىدىن كەلگەنلىكىنى كۆرستىدۇ.

1990-يىلى. ئۈرۈمچى.

# 12- ئامېرىكا، قىزىم ۋە بىزنىڭ ئۇيغۇرلىقىمىز



ئامېرىكا يەسلىسىدىكى ئۇيغۇرچە خەت

ھەممە ئىش ئالدىن پىلانلىنىدىغان ئامېرىكىغا "تۇيۇقسىز"كېلىپ قالغان قىزىمنى يەسلىگە ئورۇنلاشتۇرالماي بېشىم قاتتى. مەن ئائىلەمنىڭ كېلەلەيدىغان ياكى كېلەلمەيدىغانلىقىغا بىر نەرسە دېيەلمىگەچ قىزىمنىڭ يەسلى ئىشىنىمۇ ئويلىشالمىغان ئىدىم. توختىماي سۈرۈشتۈرۈش نەتىجىسىدە ئاخىرى يەسلى مەسىلىسىمۇ ھەل بولدى. مەكتىپىمىزنىڭ باللار تەرەققىيات مەركىزىنىڭ يەسلىسى قىزىمنى قوبۇل قىلدى. قىزىم گەرچە ئامېرىكا پۇقراسى بولمىسىمۇ تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەر بەھرىمەن بولىدىغان ياردەم تۈرىدىن بەھرىمەن بولدى. قىزىم ئوقۇيدىغان يەسلىدە ئېيىغا نەچچە مىڭ دوللار تۆلىگەن ئائىلىلەرنىڭ باللىرىمۇ، بىزدەك ئىشلىشى ئىجازەتسىز بولغان، مۇكاپاتقا تايىنىپ ياشايدىغان ئاتا-ئانىلارنىڭ باللىرىمۇ ئوخشاش شارائىتتا تەربىيەلىنەلەيتتى. يەسلىگە تىزىملاتقىلى بارغاندا كىرىم ئىسپاتىمنى تاپالمىغان ئىدىم، خىزمەتچى خادىم " ساڭا ئىشىنىمىز، ئىسپاتنى تاپالىغاندا ئېلىپ كەلسەڭ بولىدۇ، قىزىڭ يەسلىگە كېلىۋەرسۇن" دېدى. ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسپىرانتلار باشقارمىسى دىپلومىمغا خاتا يېزىپ قويغان ئىسمىمنى ئوڭشىتىمەن دەپ ھەپتە ئاۋارە بولغانتىم. دىپلوم ۋە كىملىكتىكى ئىسمىم، رەسىمىمۇ مېنىڭ مەزكۇر كىشى ئىكەنلىكىمگە ئىسپات بولالمىغانتى. مەندەك بىر چەتئەللىكتىن نە پاسپورت نە باشقا ئىسپات تەلەپ قىلماي قىزىمنى پۇقرالىرى بىلەن ئوخشاش مۇلازىمەتتىن بەھرىمەن قىلىۋاتقان بۇ دۆلەتكە ۋە بۇ دۆلەتتىكى ئىنسانىي ھۆرمەت ۋە ئىشەنچنى ئاپتاپتەك ھەممىگە تەڭ يەتكۈزىدىغان كىشىلەرگە ئىچ-ئىچىمدىن زوقلاندىم. قىزىم دادىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلىقى، پۇلسىزلىقى سەۋەبلىك يەسلىسىز قالمىدى، ياكى ئىمتىيازلىق

ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرى ئالدىدا بويۇن قىستۇرۇلمىدى. ئامېرىكىدا بالىلارنىڭ بۇنداق پۇرسەتتىكى باراۋەرلىكى مېنى قايىل قىلدى. ئىنگلىزچە تەلەپپۇزى ۋە ئىسمىدىن سىلاۋىيان تىللىق بىرەر دۆلەتتىن كەلگەنلىكى چىقىپلا تۇرىدىغان خادىم قىزىمنى رەسىمگە تارتىپ بولۇپ، بىزگە بىر پاتمان جەدىۋەللەرنى تۇتقۇزۇپ قويبۇللاش رەسمىيەلىرىنى تاماملىدى. جەدىۋەلگە قارىدىم، توۋا بۇ يەسلىدىكىلەرنىڭ ئەستايىدىللىقنى! قىزىمنىڭ قايسى رەڭگە ئامراقلىقىدىن تارتىپ، قانداق تاماقنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغىچە، قانداق قىلىقنى كۆپ قىلىدىغانلىقىدىن تارتىپ تۇنجى دېگەن سۆزىگىچە ھەممىنى يېزىشىمىزنى تەلەپ قىلغان ئىدى. قىزىمىزنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى بىزمۇن ئانچە تەپسىلى بىلمەيدىغان بولغاچ چوڭلاردى سوراشتۇرۇپ بۇ جەدىۋەللەرنى تولدۇرۇشقىلا بىر كۈن كەتتى. جەدىۋەللەر ئىچىدە تاسادىپى ئەھۋال كۆرۈلگەندە قانداق قىلىش ھەققىدىكى ۋاراق مېنى ئويلاندۇردى، جوڭگۇدا مەيلى مىللىتىمىزدە بولسۇن ياكى باشقا مىللەتلەردە بولسۇن تاسادىپى ھادىسىلەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە نە شەخسىي تەييارلىق نە ئىجتىمائى مۇلازىمەت سىستىمىسى يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى. ئامېرىكىدا بۇ ھەقتىكى تەربىيە ۋە ئەسكەرتىش يەسلىدىن باشلىنىدىكەن.

ئاۋغۇستنىڭ ئۈچىنچى ھەپتىسى قىزىمنى يەسلىگە ئېلىپ باردىم. چىراي تۇرىقىدىن ساغلاملىقى چىقىپلا تۇرىدىغان ئالتۇن چاچلىق چىرايلىق بىر قىز ۋە ئۇيغۇرغا سەل ئوخشاپ قالىدىغان ئىسپانچىراي يەنە بىر قىز بىزنى قىزغىن كتىۋالدى. بىرسى ساغلاملىق تەكشۈرۈش ئۇسكۈنىسى بىلەن قىزىمنى بىرەر قۇر تەكشۈردى يەنە بىرى قىزىمغا مەخسۇس تەييارلانغان ئىشكاپنى كۆرسەتتى. ئىشكاپنىڭ ئۈستىگە قىزىمنىڭ رەسمى ۋە " مەسئۇدە خۇش كەلدىڭىز" دېگەن ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان ئىدى. ئۇيغۇرچە خەتنى كۆرۈپ كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم. سوراپ بىلدىمكى، يەسلىدىكى يېتەكچىلەر قىزىمنىڭ ئۇيغۇرلىقنى بىلگەندىن كېيىن ئاتايىن توردىن قارشى ئېلىش مەنىسىدىكى ئىنگلىزچە جۈملىگە ئاساسەن بۇ ئۇيغۇرچە جۈملىنى تېپىپ چاپلاپ قويۇپتۇ.

يەسلى مۇنداق ئۈچ بۆلۈم ۋە بىر چوڭ مەيداندىن تەركىپلەنگەنىكەن. بىرىنجى بۆلۈم بالىلارنىڭ ئويۇنچۇق ئويناش، ھىكايە ئاڭلاش، ناخشا ئوقۇش، مۇزىكا چېلىش،دېكلاماتسىيە قىلىش، رەسىم سىزىش، ئۆي ئىشى قىلىش، قول ھۈنەر قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلىرىگە ماس بېزەلگەن ۋە ھازىرلانغان بولۇپ تولىمۇ ئازادە بىر زال ئىكەن. ئىككىنجى بۆلۈم ئاتا-ئانىلار ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ بالىلارنىڭ خۇي، قىلىقلىرىنى ۋە گەپ سۆزلىرىنى كۆزىتىشى ئۈچۈن ھازىرلانغان بولۇپ بالىلار كۆزەتكۈچىلەرنى كۆرەلمەيدىكەن. ئۈچىنجى بۆلۈم بالىلارنىڭ سىرتتا ئويناش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئەھۋالدا ئوينايدىغان زالى بولۇپ سىرتتىكى چوڭ مەيداندا بار ھەممە ئويۇنچۇقلار تەقلەنگەن ئىكەن.

ئوچۇقچۇلۇقتىكى چوڭ مەيدانغا تۈرلۈك ئەسلەھەلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، تۈرلۈك تەنتەربىيە ئۈسكۈنىلىرىنىڭ كىچىكلىتىلگەن شەكىللىرىمۇ كۆزگە چېلىقىدىكەن، ئادەمنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىدىغىنى ئامېرىكىچە فۇتبول بىلەن ۋاسكىتبول ئىكەن. مەن بۇلاردىن ئامېرىكىنىڭ دۇنيا تەنتەربىيە ساھەسىنى يېتەكلەپ كېتىۋاتقان كارامىتىنىڭ سىرىنى ئاڭقارغاندەك بولدۇم.

ئويۇنچۇقلار ئاساسەن بىر كىشىلىك، ئىككى كىشىلىك، ئۈچ كىشىلىك ۋە كۆپ كىشىلىك قىلىپ لايىھەلەنگەن بولۇپ، مەنچە بۇ باللاردا كىچىكىدىن ھەمكارلىق، ماسلىشىش ۋە دوستلۇق روھىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن بولسا كېرەك. بۇ كىچىك باللارغا مۇشۇنداق ئويۇن ئارقىلىق ھەمكارلىقنىڭ موھىملىقىنى كىچىكىدىن سىڭدۈرمەي، ھە دېسە ئىتتىپاقلىققا دائىر شۇئارلارنى يادىلاتقانىنىڭ قانچىلىك ھاماقەتلىك ۋە زوراۋانلىق ئىكەنلىكىنى ھىس قىلغانچە يۈرىكۈم سىقىلىپ كەتتى. قۇلاق تۈۋۈمدە لۈشۈن ئەپەندىنىڭ « باللارنى قۇتقۇزىۋالايلى!» دېگەن ياڭراق ساداسى جاراڭلىدى. بىز قورامىلىقلارغۇ شۇ ھاماقەتلىك ۋە زوراۋانلىقنىڭ قۇربانى بولۇپ شىرىكلىشەلمەي، شىركەتلىشەلمەي ئىللەتلىك ئۇيغۇرنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقىدىن قاقشاپ ئۆتۈپ كەتتۇق، ئىتتىپاقلىق شۇئار بىلەن ئەمەلگە ئاشامدۇ؟ دەرسلىكلىرىمىز، دەرسخانىمىز، ئوقۇتقۇچىلىرىمىز باللارنىڭ ئۆملۈك روھىنى يېتىلدۈرۈشتە نېمە قىلالىدى؟ مىللەتنىڭ بىز كۈتكەن ساغلام روھي مائارىپسىز، تەربىيەسىز، كىچىكىدىن يېتەكلەشسىز قېلىۋاتسا، يەنە ھەممە گۇناھنى قارا قويۇق مىللەتكە ئارتىپ قويۇشنىڭ قانداق ئەھمىيتى بار؟

## “مەن قەشقەرلىك”

قىزىم ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن كۆپرەك كۆرگىنى بىر ئۇيغۇرىمىز بولدى. ئۇياقنىڭ ئاتا-ئانىسى غۇلجىلىق تارانچىلاردىن بولسىمۇ چاخچاقنى يېرىم كۈندىن كېيىن چۈشىنىپ بەزىدە كۈلۈپ بەزىدە رەنجىپ قالاتتى. ئۆزى ئۈرۈمچىدە چوڭ بولغىنىغا قارىماي “بىز غۇلجۇلۇقلار” دەپ سۆزلەپ قوياتتى. مەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايىسى ۋىلايەتلىرىدىكى تارماقلىرىدا بىر خىسلەتنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتىم. مەنچە ئىلى ئۇيغۇرلىرىدىكى خىسلەت يۈكسەك غۇرۇر، قورقۇمسىزلىق ۋە ئوچۇق خاراكتىر. بولۇپمۇ مەن بۇ تارماق ئۇيغۇرلارنىڭ جامائەتنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى ئورۇن، مەرتىۋە ۋە ھوقۇق سۈرۈشتۈرمەي مەسخىرە قىلالايدىغان ئەركەكلىكىدىن سۆيۈنەتتىم. شۇ سەۋەپتىن يېقىن ئەتراپتىكى بىر دىنبىر ئۇيغۇرۇم بولغان بۇ خانىمنىڭ ئۇيغۇردىكى جىمى تارىخى ۋە رىيال پىشكەللىكىنىڭ مەنبەسىنى قەشقەرلىككە دۆڭگەپ چاخچاق قىلىشلىرىغا كۈلكە، چاخچاق بىلەن جاۋاپ قايتۇراتتىم. مېنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىنى “مەن ئۈرۈمچىلىك” دېيەلمەسلىكى ئىدى. مەندىن ئالى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچۇلۇرۇم تولا يۇرتۇمنى سورايتتى. كىشىلەرنىڭ گېپىگە دىققەت قىلسام، ئۇيغۇردىن بىر كىشىنىڭ ئىسمى چىقىپ بولغۇچە ھەممەيلەن ئۇنىڭ يۇرتىنى

بلشكە ئالدىرايتتى. ھەتتا زىيالىلار ئارىسىدا بىر مەشھۇرنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە يىللاپ مۇنازىرە قايناتتى. شۇ تالىشىۋاتقانلاردىن "شۇ مەشھۇرنىڭ ساڭا نەپ بەرگەن بىر ئېغىز گېپىنى دەپ باقسىنا" دېسەڭىز تىرناق تاتالايتتى. مەن مۇشۇنداق پۇچەك تۇيغۇلاردىن قىزىمنى يىراق قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزىنى پەقەت ئۇيغۇر دەپ بىلىشىنلا ئارزۇ قىلاتتىم. مەن قىزىمنى ئۇيغۇرلۇقنى تەبىئىي رەۋىشتە ھېس قىلىسكەن دەپ تىلەيتتىم. كاچ تەلەيي قىزىم ھېلىقى پاجىيەدە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلىقىنى ۋاقىتسىز ئەمما ۋەھىمە ئىچىدە ھېس قىلدى. ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىنمۇ تولا جۆيلۈپ " ئاپا قاچايىي(قاچايلى)، xxلار كەيدى(كەلدى)" دەپ چۆچۈپ ئويغۇنۇپ كېتىشلىرىدىن ئۇيغۇرلۇقنىڭ ئازابىنى تەڭ تارتتىم. يېڭى كەلگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنى تۇنجى قېتىم ئاپتۇبۇس بىلەن ئويناتقىلى ئېلىپ چىقماقچى بولۇپ بېكەتكە كەلدىم. ئاپتوبۇس كېلىپ توختىشىغا قولۇمغا چىڭ ئېسىلىۋالغان قىزىم يىغلاپ ئاپتۇبۇسقا چىققىلى ئۇنىمىدى. ھەر قانچە قىلىپمۇ ئاپتوبۇسقا چىقىرالمىدىم. ئۆيگە قايتىپ ئايالىمدىن سەۋەبىنى ئوقتۇم ۋە ئۆزەممۇ يىغلاپ كەتتىم. مەن سىياسىي ئەۋزەللىكنىڭ ۋە ئىختىسادىي مەنپەئەتنىڭ قوغۇدۇغۇچىسى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان مىللەتچىلىككە نەپرەتلىنىمەن. مەن قىزىمنىڭ بىر ئىنسان بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن، ئەگەر ئۇ ئۇيغۇرلۇقنى مۇئاۋىن شۇجى بولۇش ئۈچۈنلا كېرەك قىلسا مەن ئۇنىڭ شۇ ئۇيغۇرلىقىدىنمۇ نەپرەتلىنىمەن.

قىزىمدىن كېلىپ ئۆزۈن ئۆتمەيي سورىۇدۇم،

-تاتلىقىم سىز قايسى مىللەتتىن؟

- ئۇيغۇي.

سىز قايسى يۇرتتىن، يۇرتىڭىز نېمە؟

ھە...

ئاي بالام سىز نەدىن كەلدىڭىز؟

گۇل ئانامنىڭ قېشىدىن.

دېمەك، ئايدىڭ بولدىكى، قىزىم يۇرت دېگەن گەپنىڭ مەنىسىنى تېخى بىلمەيدىكەن. بۇرۇنقى ئۇيغۇرلار يۇرتنى بىلىپ مىللىتىنى بىلمەيتتى، ئۈچ ياش توققۇز ئايلىق قىزىم بۇنىڭ ئەكسىچە مىللىتىنى بىلىپ يۇرتنى بىلمەيدىكەن. روسلار تەرىپىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېڭى خەرىتىسى سىزىلىشتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار ئۆزىنى تۈرك دېگەن ۋە بەزىدە يۇرتلار بويىچە ئايرىپ كەلگەن، تىلنى بولسا تۈركچە دەپلا ئاتىغان. تىلنى تۈركچە دېيىش پەقەت تىل يېزىق بىلەن ھەپىلىشىدىغان موللا ئۆلىمالاردا ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن كۆپرەك ئالاقە قىلىدىغانلاردا ساقلانغان. مانا بۈگۈن يېڭى تارىخ يېزىلماقتا، ئۇيغۇر باللىرى يۇرتىدىن بۇرۇن مىللىتىنى بىلمەكتە ئىدى. ئارىدىن ئىككى ئۈچ ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن قىزىمدىن يەنە سورىۇدۇم. چۈنكى مەن مېنى تولا قەشقەرلىق دەپ مازاق قىلىدىغان "غۇلجىلۇق"

قېرىندىشىمنىڭ قىزىمنىڭ كىملىك چۈشەنچىسىگە قانچىلىك تەسىر قىلغانلىقىنى بىلمەكچى ئىدىم. قىزىم بۇ قېتىم "مەن قەشقەرلىكتىن كەلگەن" دېدى. پىسخىك تىلشۇناسلىقتا قوشۇمچە بىلەن سۆز مەڭىدە ئىككى يەردە ساقلىنامدۇ ياكى بىر يەردىمۇ دېگەن مۇنازىدە بولىدىغان. قىزىمنىڭ جاۋابىغا قارىغاندا سۆزلەر قىزىمنىڭ مېڭىسىدە قوشۇمچە قوشۇلغان شەكىلدە ساقلىنىپ قالغان ئوخشايدۇ. يەنە بىر ھەپتە ئۆتكۈزۈپ سورىدۇم. قىزىم بۇ قېتىم "مەن قەشقەردىن كەلگەن، مەن قەشقەرلىك" دېدى. قارىغاندا ئىنسان سوزنى ئاۋۋال قوشۇمچىدىن ئايرىماي ئۆزلەشتۈرىۋېلىپ ئاندىن ئايرىپ ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋالسا كېرەك. شۇنداق قىلىپ قىزىم قەشقەرگە يېقىن ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى، قەشقەردىن نەچچە ئون مىڭ كېلومېتىر يىراقتىكى ئامېرىكىدا قەشقەرلىك ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىۋالدى. بۇ ھىكايەت ئائىلە تەربىيىسى بەك موھىم، دەپ ھەدىسە ئۇنىڭ ئائىلە تەربىيىسى، بۇنىڭ تالانتلىق بالا تەربىيەلەش دەستۇرى دېگەن كىتابلىرىغا دۇم چۈشۈشلەرگە سالقىن قارىشىمىزنى ئەسكەرتىدۇ. بالىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى قانداق تونۇشى، نېمىنى سۆيۈپ، نېمىدىن نەپرەتلىنىشى يالغۇز بىزنىڭ تەسىرىمىزدىنلا بولمايدىكەن. مەن يۇقاردا دەپ ئۆتكەندەك، ئائىلىدە بىز ھېچ قاچان "قىزىم سەن قەشقەرلىك" دەپ تەربىيە قىلمىغان. قوشنام دائىم مېنى ۋە يېڭى كەلگەن قىزىمنى "قەشقەرلىك ئۇنداق قىلىدىكەن"، "قەشقەرلىك بۇنداق دەيدىكەن"، "قەشقەرلىكنىڭ بالىسى دېگەن زادى ئۇندا، مۇنداق" دەۋەرگەندىن كېيىن قىزىم ئۆزىنى "قەشقەرلىك" دەپ بىلىۋاپتۇ. تاشقى موھىتنىڭ بالىلارنىڭ كىملىكىگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىغا يەنە بىر مىسال. قىزىم بىر كۈنى "مەن ئۇسسۇل ئۆگىنىمەن" دەپ غەلۋە قىلىپ تۇرۇۋالدى. سەۋەبىنى سورىسام، بىر خەنسۇ خوشنىمىز ئۇنى "ئۇسسۇل ئويناپ بەر" دەپ تۇرۇۋاپتۇ. قىزىم "ئوينىيالمايمەن" دېسە، "ئۇيغۇر بالىلىرى دېگەن ئايىقى چىققاندىلا ئۇسسۇل ئوينىيالايدۇ" دېگەنمىش. شۇ ئان كاللامغا يالقۇن روزىنىڭ "بىز قانداق بولۇپ ناخشا-ئۇسسۇل مىللىتى بولۇپ قالدۇق؟" دېگەن ماقالىسى كەلدى. جاۋاپ تولىمۇ ئاددىي، سەھنىدە بەختىيارلىقتىن ئۇسسۇل ئويناۋاتقان رەڭگارەڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنى تولا كۆرۈپ كۆنگەن خەنسۇلارنىڭ بىرى بولغان قوشنامنىڭ ئۇيغۇرغا بەرگەن باھاسى قىزىمنىڭ ئۇسسۇل ئۆگىنىشىگە تۈرتكە بولۇۋاتاتتى. مەن ئىچكىرىدە ئاتا-ئانىسى خەنزۇۋان بولغاچقا ئۇيغۇرچىنى پەقەت سۆزلىيەلمەيدىغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا دەرس بەرگەن. قىزىق يېرى ئۇلار ئۇيغۇرچە بىلمىگەن بىلەن ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئوينىيالايتتى، سەۋەبنى سورىسام خەنسۇ ساۋاقداشلىرى تولا تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا ئويناشنى ئۆگەنگەنىكەن. دېمەك بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەسلى كىملىكىمىزگە ئەمەس باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى كىملىكىمىزگە قاراپ سىلجىۋېتىپتىمىز. بۇنى ئەلۋەتتە بىزگە موھىت سىدۇرىۋېتىپتۇ. ئائىلە تەربىيىسى موھىم، ھەممە ئادەم ئىشنى ئۆز ئائىلىسىدىن باشلىشى كېرەك دېگەندەك گەپلەرگە مەلۇم جەھەتلەردە ئارىمىزدىكى "ئۆزەڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي" دېگەن بىخەتەر جان بېقىش پەلسەپىسى يوشۇرۇنغان.

بالىمىزنىڭ ئادىمىيلىكىنى بىز ئائىلىمىزدىلا قۇرۇپ چىقالمايمىز. ئائىلە تەربىيىسى، مەكتەپ تەربىيىسى، جەمئىيەت تەربىيىسى بالىمىزنىڭ قانداق ئادەم بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئائىلە تەربىيىسىنىڭ رولى ئەڭ ئاجىز. شۇڭا مەنچە ئىشىمىزنى ئائىلىمىزدىنلا ئەمەس مەھەللىمىزدىن باشلىغىنىمىز ئەۋزەل.مەسىلەن، بالىمىزنى ئۇيغۇرچە چوڭ بولسۇن دېسەك مەھەللىدە بالىلارنىڭ ئۇيغۇرچە تۇرلۇك پائالىيەلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشىمىز لازىم. مەنچە مەھەللە چېيى، قورۇ چېيى ئويناۋاتقان ئاتا ئانىلار بالىلىرى ئۈچۈن ئۇيغۇرچە ئىتوت ھەپتىسى، ئۇيغۇرچە بالىلار دىراما ھەپتىسى، ئۇيغۇرچە چۆچەك ھەپتىسى، پۇتبول ھەپتىسى ئۇيۇشتۇرسا تامامەن بولىدۇ. بۇ جەھەتتە ئارامغا چىققان بوۋايلار، مومايلار پىداكار بولۇشنى خالايدۇ. قىزىم ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن ئارامغا چىققان دادامنىڭ ئەڭ كۆپ تاپىلايدىغان گېپى قىزىمنىڭ ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى جىكىلەش بولدى. دادام ھەر قېتىم قىزىمنىڭ يېنىمدا ئۇيغۇرچە گەپ قىلىپ ئويناۋاتقانلىقىنى ئاڭلىسا دىلى يايراپ ھاياجاندىن ئاۋازلىرى تىترەپ كېتىدۇ. مەنچە بۇنداق ئۇيغۇر بوۋايلا ئاز ئەمەس. مەن بالامنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى تونۇشىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى ۋە دادامنىڭ قىزىم بىلەن ئۇيغۇرچە پاراڭلىشىشنى شۇنچە كۈچلۈك تەلەپ قىلىشلىرىنى يېزىش ئارقىلىق قېرىنداشلارنىڭ بالىمىزنىڭ كاللىسىغا ئورناۋاتقان تۇيغۇلارغا دىققەت قىلىشنى ۋە بوۋا-موملارنىڭ ئۇلاردىن ئەنسىرەشلىرىگە ھەمدەمدە بولۇشلىرىنى ئارمان قىلىمەن.

## مەن كۆرگەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى

ئامېرىكىغا كېلىپلا چىكاگو ئايرودۇرومىدا دىققىتىمنى تارتقىنى ئاتا ئانىسىغا ئەگىشىپ ئۆز سومكىلىرىنى ئۆزلىرى كۆتۈرۈشۈپ كېتىۋاتقان تۆت بەش ياشلاردىكى بالىلار بولدى. بۇ يەردە ياشاش جەريانىدا ماگىزىنلاردا ئۈچ ياش ئەتراپىدىكى بالىلارنىڭمۇ تۇرمۇش بويۇملىرىنى، كىيىملىرىنى ئۆزلىرى تاللاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تولىمۇ زوقلاندىم. بالام كەلگەندىن كېيىن بالىلارنىڭ ئويۇن مەيدانىغا چىقسام بالىسىنىڭ سۇتىنى بىر قولىدا، ئويۇنچۇق، كىيىم قاتارلىقلىرىنى يەنە بىر قولىدا كۆتۈرىۋالغىنى يالغۇز مەنكەنمەن. مېنىڭ قىزىمدەك تۆتكە يېقىنلاشقان بالىلار ئويۇنچۇقلىرىنى ئۆزى ئويناپ ئۇنتۇپ قالماي ئۆزى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ قايتىدىكەن. مەندەك تۆت ياشقا ئازقالغان بالىسىغا قوغۇلاپ يۈرۈپ تاماق يېگۈزىدىغان ئامېرىكىلىقنى كۆرمىدىم. بۇ يەردە ئامېرىكىلىقلارنىڭ مەندىن ھەيران قالغىنى بالامغا تاماق يېگۈزۈشۈم بولدى. ئۇلارچە ئىنسانىنىڭ ھەر قانداق قورسىقى ئاچسا تاماق يەيدىكەن. ئىنسانىنىڭ تاماق يېيىشى بولۇپمۇ بەدىنى مۇھتاج ماددا بولغان يىمەكلىكنى تەبئىي خالاپ يېيىشى جانلىقلار دۇنياسىغا خاس تەبئىي ھادىسكەن. بىزلا ئەمەس خوشنا شتاتتىكى ئامېرىكىلىققا تەگكەن ئۇيغۇر دوستىمىزمۇ بالىسىغا تاماق يىگۈزەلمەي ئاۋارە ئىدى. ئۇ باشقا ئامېرىكىلىك ئاياللارنىڭ

باللىرىغا تاماق يۇگۇزمەي ئۆزىنىڭ يېيىشىگە تاشلاپ بېرىشىگە ھەيرانكەن. ئامېرىكىلىق ئېرىمۇ ئايالىنىڭ بالىغا تاماق يىگۈزىشىگە كۆنۈپتۇ. بۇنىڭدىن مەن بالا تەربىيەسىدە ئانىنىڭ نەقەدەر موھىملىقىنى ھىس قىلدىم. بىز مەيلى قەيەردە بولايلى بالىنىڭ مۇستەقىللىقىگە كىچىكىدىن سەل قارايدىكەنمىز. ئامېرىكىلىقلارنىڭ نەزەرىدە بالا مۇستەقىل ئىنسان ئىكەن. ھەمدە ئۇلار بالىنىڭ كىچىكىدىن مۇستەقىل ئادەم بولۇشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىدىكەن.

مەن ئامېرىكىلىق دوستلىرىمنىڭ ئۆيىدە ۋە ئاشخانىلاردا بالىلارنىڭ چوڭلار بىلەن تەڭ داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشلىرىدىن زوقلاندىم. ھەرقانداق ئاشخانىلاردا چوڭلارنىڭ ئورۇندۇقى ئۆستىگە قويۇلۇپ باللارنى چوڭلار بىلەن تەڭ تاماقلىنىشىغا لايىقلاشتۇرۇلغان باللار ئورۇندۇقى باركەن. ئامېرىكىلىقلار بالىرىغا گەپ قىلغاندا بالىسى بىلەن تەڭ بولۇش ئۈچۈن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ كۆزىگە تىك قاراپ گەپ قىلىدىكەن ھەم باللىرىدىن شۇنداق ئاكلاشنى تەلەپ قىلىدىكەن. بۇلاردا باللارنى تەنقىد قىلغاندا بالىلارنىڭ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئاڭلىشى تەلەپ قىلىنمايدىكەن. بەلكى ئاتا ئانىسىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇشى، قانداق كەيپىياتتا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىشى شەرت قىلىنىدىكەن. بۇ جەھەتتە بىزدىن ئاسمان زېمىن پەرق قىلىدىكەن. يەنە بۇلاردا ئاتا-ئانىلىرى خاتالاشسا بالىسدىن كەچۈرۈم سورايدىكەن. ئامېركىلىقلار ئائىلىسىدىكىلەرنى تونۇشتۇرغاندا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلىرىدىن تارتىپ ئىتلىرىغىچە تونۇشتۇرىدىكەن ۋە سىزنىڭ ھەممەيلەنگە باراۋەر سالام قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىدىكەن. داستىخاندا ساھىپخان ۋە مېھماننىڭ باللىرى چوڭلار بىلەن تەڭ مېھمان بولىدىكەن. داستىخاندا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا باللار خالىغانچە گەپ قوشىدىكەن. بۇنداق چاغدا باللار نېمە دېيىلىشىدىن قەتئىي نەزەر چوڭلار بېرىلىپ ئاڭلايدىكەن. بىزدە مېھمان كەلسە باللارنى يىغىن يولاتمايدىغان، باللارنىڭ مېھماننىڭ گېپىگە "قوشۇق سېلىش"لىرى قارشى ئېلىنمايدىغان ئادەت بار. مەنچە بۇ بالىمىزنى خەقلەر بار يەردە ئىككى ئېغىز گەپ قىلالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ. كىچىككىنە قىزىمنىڭ ئامېرىكىلىق باللاردىن بىر پەرقى، بالام ئادەم كۆپ يەردە ئانىسىنىڭ كەينىگە ياكى مېنىڭ كەينىمگە ئۆتۇۋالىدۇ. بۇنى مەندىن بىر قانچە يىل بۇرۇن كەلگەن باشقا بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىدىن سورۇۋېدىم ئۇلارنىڭ باللىسىنىڭمۇ ئوخشاش خۇيى باركەن. مەنچە ئامېرىكىلىقلاردا پەرزەنتلەرگە ھەممە ئادەم، ھەر ۋاقىت، ھەر يەر، ھەر قانداق شارائىتتا باراۋەر دېگەن ئىدىيە سىڭدۈرىلىدىكەن.

بىر كۈنى خوشنىمىزنىڭ قىزى بالام بىلەن بىللە ئوينىدى. قىزىمدىن بىر ياش چوڭ بۇ قىز قىزىمغا بەك ئامراق ئىدى. لېكىن نېمىشقىكىن بۇ ئامېرىكىدا باللار سىرتتا چىقىپ قوشنا باللار بىلەن مەھەللىدە ئوينىمايدىكەن. شۇ كۈنى ئاپىسى قىزىغا 45 مىنۇت ئويناش ۋاقتى بېرىپتۇ. قىزىم ئىككىسى ئويناپ ئۆ

45 منۇتنى بىردەمدىلا توشقۇزۇپ قويۇشتى. قىزچاق ئانىسدىن يەنە ئازراق ۋاقىت بېرىشنى ئۆتۈنۈشىدى، ئانىسى ئاران ئۈچ مىنۇت ۋاقىت بەردى. قىزچاق بىزدىن ئانىسغا دەپ ئويناشقا ئىجازەت ئېلىپ بېرىشىمىزنى ئۆتۈندى. بىز نېمە دېيەلەيتتۇق؟. بىز ئۇن چىقارماي تۇرغاندىن كېيىن قىزچاق بىزدىن رەنجىدى بولغاي، ۋاقىت توشقاندا بىزگە خوشمۇ دېمەي چىقىپ كەتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئانىسى بىلەن قىزى ئىشىك ئالدىمىزدا پەيدا بولدى. ئانىسى قىزىنىڭ بىزنىڭ ئۆيدە ئويناپ بىزگە رەخمەت ئېيتماي چىقىپ كەتكىنى توغرىسىدا بىزدىن كەچۈرۈپ سورىدى ۋە قىزىنىمۇ بىزدىن كەچۈرۈم سورىغۇزدى. ئەگەر بىزدىن كەچۈرۈم سوراشقا قوشۇلمىسا بۇندىن كېيىن پەسكە چۈشۈپ قىزىم بىلەن ئويناشقا قوشۇلمايدىغانلىقنى دەپ "تەھدىت" ساپتۇ. بۇنىڭدىن شۇنى بىدىمكى ئامېرىكىلىقلار باللىرىنى كىچىكىدىن ئەركىنلىكىنىڭ مەلۇم چەك ئىچىدە بولىدىغانلىقىنى، مۇكاپات بىلەن جازانىڭ بىللە ئىكەنلىكىنى، ۋاقىتنىڭ قىممەتلىك، چەكلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى، جاھاندا ياخشىلىقنىڭ چوقۇم مىننەتدارلىققا ئېرىشىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈپ چوڭ قىلىدىكەن.

بىز ئامېرىكىلىق ئائىلىلەرگە مېھمانغا بېرىپ شۇنى بايقىدۇقكى ئامېرىكىلىقلارنىڭ باللىرى مېھمانلارغا بەك يېقىنچىلىق قىلىپ كەتمەيدىكەن. ئامېرىكىلىقلار ئۆيىڭىزگە كەلسىمۇ بالىڭىزغا پەۋقۇلاددە قىزغىن بولۇپ كەتمەيدىكەن. بەلكى خۇددى سىزگە ئوخشاش باراۋەر مۇئامىلە قىلىدىكەن. بىز ئۆيگە دوستلىرىمىز كەلسە بالىمىزنى ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە، چالغۇ چېلىپ بېرىشكە، ئىشقىلىپ بالىمىز قادىر بولغان بىرەر ئارتۇقچىلىقنى مېھمانلار ئالدىدا نامايان قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدىكەنمىز. سىز ئامېرىكىلىلارنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بارغاندا بالىسى رەسىم سىزىۋاتقان بولسا "مەن ئالدىراش" دېسە بالىسىنى سىز بىلەن كۆرۈشۈشكە زورلىمايدىكەن. ياكى رەسىمنى ئېلىپ چىقىپ سىزگە كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلمايدىكەن. ئەسئەت سۇلايماننىڭ "ئۆزلۈك ۋە كىملىك" ناملىق كىتابىدا ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كەلگەن ئىككى شىۋىتقا ساھىپخانىنىڭ قىزى ئۇسسۇل ئويناپ بەرسە ئۇلارنىڭ پەرۋا قىلمىغانلىقى، بۇنىڭدىن قىزىنىڭ يىغلاپ كەتكەنلىكى يېزىلىدۇ. ئەسئەت مۇئەللىم بۇنى شىۋىتلارنىڭ سوغۇققانغا باغلايدۇ ۋە بۇنى ئۇيغۇرلار بىلەن شىۋىتلار ئارىسىدىكى مەدەنىيەت پىسخىكا پەرقى دەپ چۈشەندۈرىدۇ. مەنچە بۇ يەدە ئۇقۇشماسلىقلا بولغان خالاس. چۈنكى مېھماندىن سورالماي، تۇيۇقسىزلا نومۇر كۆرسىتىلسە، ئەزەلدىن مۇنداق مېھمانغا ساھىپخان پەرزەنتلىرىنىڭ تەكلىپسىز ئويۇن كۆرسىتىشنى كۆرۈپ باقمىغان غەرپلىكلەر ھەيران قالىدۇ. بۇ يەردىكى ھالقىلىق پەرق پەرزەنت تەربىيىسىدىكى ئىككى خىل ئوخشىمىغان ئۇسسۇل. بىز پەرزەنتلىرىمىزنىڭ قابىلىيىتىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ماختاپ، باشقىلارنىڭ باھاسى ئارقىلىق پەرزەنتىمىزنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغايمىز. بالىمىزدىكى ئاكتىپچانلىق نەتىجىدە باشقىلارنىڭ باھاسىغىلا باغلىق بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر باشقىلارنىڭ باھاسىدىن چۈشۈپ كەتسە، ياكى قىلغانلىرى باھاسىز قالسا بالىمىز ئاكتىپلىقتىن مەھرۇم قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بىر

قىسىم كىشىلەردىكى باشلىق بولالمىسا خىزمەت قىلغىسى كەلمەيدىغان، قىلغان ئەمگىكىنىڭ تايىنى يوق، تۆرگە ئولتۇرۇشقا خۇشتار، ئۆيدە بالىسىغا سۆڭەك يوق، مېھمانغا شورپا بېرىدىغان ئادەتلەرنىڭ بىرقىسمى دەل ئۇلارنىڭ كىچىكىدىن نەتىجىسنى خەقلەرنىڭ باھاسىدىن ئىزدەيدىغان تەربىيەدە چوڭ بولغىنىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئامېرىكىلىقلارنىڭ بالىسىنى مېھمانلار ئالدىدا بىرەر ئىش قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلماسلىقى بالىلارغا ئاكتىپلىقنى باشقىلارنىڭ باھاسىدىن ئەمەس ئۆز قىزىقىشىدىن ۋە شۇ قىزىقىشنى بوشاشماي داۋاملاشتۇرۇش نەتىجىسە قولغا كەلگەن ئۇتۇقتىن ئىزدەشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن بولسا كېرەك. مەسىلەن، مەن بالام رەسىم سىزسا ياخشى سىزسۇن سىزالمىسۇن مۇنداق قاراپلا "ياخشى سىزىپسىز، سىز بەك ئەقىللىق" دەيدىكەنمەن. بالام شۇنىڭ بىلەن "پەللىگە يەتتىم، مەن ئەقىللىق " دەپ قاراپ سىزىشتىن توختايدىكەن، ياكى شۇ تەرىزدە سىزىشنى داۋام قىدىكەن. "ياخشى سىزىپسىز " دېسەم شۇنچە ھاياجانلانغان بالام، يەنە بىرسى قوپۇپ "بۇ بولماپتۇ،" دېسە يەنە شۇنچە ئاسان بەل قويۇۋېتىدىكەن. مەن كۆزەتكەن ئامېرىكىلىقلار بالىسىنىڭ رەسىمگە ئىنچىكىلەپ قاراپ چىقىپ ئەگەر ياخشى سىزالمىغان بولسا "مەن سېنىڭ بۇ رەسىمگگە ئامراق ئامراق" دەيدىكەن ۋە "ئەگەر بۇ سىزىقنى مۇنداقراق تارتساڭ، ئۇنىمۇ ئاجايىپ ياخشى بولىدىغاندەك قىلىدۇ، سىناپ باقامسەن؟" دەيدىكەن. نەتىجىدە كېيىن ناۋادا بىرسى رەسىمنى "سىزالماپسەن" دېسە ئۇمىتسىزلىنىش ئورنىغا "قايسى سىزىقنى تارتالماپتىمەن؟" دەپ سورايدىكەن-دە قۇرۇق ئۇمىدلىنىپ، سەۋەبسىز ئۈمىدسىزلىنىشتىن ساقلىنالايدىكەن. مەن قىزىمنى سەممىيەتسىزلەرچە ماختايدىكەنمەن، ئامېرىكىلىقلار بالىلىرىنىڭ ئەمگىكىگە تەپسىلى كۆرۈپ باھا بېرىدىكەن ۋە رىغبەتلەندۈرىدىكەن.

يەنە بىر بايقىغىنىم ئايالىم ئىككىمىز قىزىمىز تاماق يېمىسە" سەئىدە ئاچاڭ(قەشقەردىكى نەۋرە ئاچىسى) تاماق يىيەلمەيدىكەن، شۇڭا تېلپۇندا ساڭا گەپمۇ قىلالماس بولۇپ قاپتۇ. سەن دېگەن تاما يىيەلەيسەن شۇڭا تېلپۇندا چوڭ ئاناڭ بىلەن سۆزلىشەلەيدىغانسەن" دەيدىكەنمىز. قىزىمىز قوپقىلى ئۇنىمىسا "تېيىنلارمۇ تۇرۇپتۇ، قۇچقاچلارمۇ تۇرۇپتۇ، پەقەت سەنلا ئۇخلاپ قاپسەن" دەيدىكەنمىز. ماشىنىغا چىققىلى ئۇنىمىسا "قېنى قىزىم كىم يامان بىر بەسلىشىپ باقمايمىزمۇ" دەپ ئاستا مېڭىپ يالغاندىن ئۇتتۇرۇپ بېرىپ ئالدايدىكەنمىز. ئىشقىلىپ بالىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى، يىراقتىكى قېرىنداشلىرىنى ھەتتا قۇرۇق قوڭغۇزلارنىمۇ سېلىشتۇرۇپ بولىدىكەنمىز. نەتىجىدە بالىمىزنىڭ مەقسىدى پەقەت سېلىشتۇرۇش ئوبىكتىنىلا يېڭىشتە قېلىپ تويغىنىنى بىلمەي تاماق يەيدىكەن، ھارغىنىنى بىلمەي يۈگرەيدىكەن. بىز قىزىمىزدىكى ئاكتىپچانلىقنىڭ مەنبەسىنى خەقنىڭ باھاسى، قۇرۇق ماختاشقا باغلاپ قويغانىنى ئاز دەپ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشقىلا باغلاپ قويىدىكەنمىز. مەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ بالىلىرىنى بۇنداق دەپ رىغبەتلەندۈرگىنى كۆرمىدىم. قىزىق يېرى، مەن بىلەن بىر قارار ئوقۇيدىغان بىر خەنسۇ، بىر كورىيان بار قالغانلىرى ئامېرىكىلىقلار. بىللە دەرس ئاڭلاپ قالساق كورىيەلىك بىلەن خەنسۇلا قەغىزىمنى كۆرىدۇ

ياكى نەتىجەمنى سورايدۇ. ئەگەر ئۇلار قەغىزىمنى قەغىزى بىلەن قايتا-قايتا سىلىشتۇرۇپ كەتسە "ھە قارىغاندا سەندىن يۇقۇرى ئاپتىمەن" دەپ ئويلايمەن. ئەگەر گەپ قىلماي كۈلۈپ قويسا "تۆۋەن ئاپتىمەن" دەپ ئويلايمەن. قارىغاندا كورىيانلار ۋە خەنلەرمۇ باللىرىنى كىچىكىدىن بىزدەك ھەممە ئىشتا باشقىلارغا سىلىشتۇرۇپ چوڭ قىلسا كېرەك. مەن مۇشۇ كۆڭىچە نومۇرۇمنى سورىغان، ياكى قەغىزىنى مېنىڭكى بىلەن سىلىشتۇرغان بىرمۇ ئامېرىكىلىقنى كۆرمىدىم.

## قىزىمنىڭ يەسلىدىكى كۈنلىرى

باللار يەسلىگە ھەر كىرگەندە ئاۋۋال تەكشۈرۈش ئەسۋابى بىلەن سالامەتلىكى تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن بىلەن قول يۇيۇشقا بۇيرۇلىدىكەن. ئاندىن ھەر بىر بالىغا بىردىن رەڭلىك تاختاي ئالغۇزۇپ قايسى قانداق رەڭلىك تاختاي ئالغانلىقنى ئۇنلۇك دېگۈزىدىكەن. باللارغا كۆرپىچەكلەر تەييارلانغان بولۇپ كۆرپىچەككە ھەرخىل ھايۋانلارنىڭ رەسمى چۈشۈرۈلگەنىكەن. باللار ھەر كۈنى ئولتۇرۇپ قىلىنىدىغان پائالىيەتلەردە ئۆزى ياقتۇرىدىغان ھايۋانلارنىڭ رەسمى بار كۆرپىچەكتە ئولتۇرىدىكەن، ۋە شۇ كۈنكى ئىسمى شۇ ھايۋاننىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىلىدىكەن. مەن بۇنى باللارغا كىچىكىدىن ھايۋانلارنى ئاسراش تەربىيىسى بەرگەنلىك بولسا كېرەك دەپ چۈشەندىم. ئەتىگەندە باللارنىڭ قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى ناخشا ئېيتىش ۋە ئۇسسۇل ئويناشكەن. مەن بۇنى ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسنى ئېچىش ۋە بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك دەپ چۈشەندىم. دېمەك بۇلار يەسلىدىن باشلاپ چېنىقىشنى ئادەت قىلدۇرىدىكەن. قىزىمغا ئۇسسۇل ئۆگىتىدىغان ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ (بۇلار ئەمەلىيەتتە باللار مائارىپى كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى) ھەرىكەتلىرىدىكى ئەۋرىشىملىك مېنى بەكمۇ ھەيران قالدۇردى. بۇ يەردە شۇنى قوشۇمچە قىلغۇم كېلىدۇ. بىز ھىسسىياتىمىزنى گەپ بىلەنلا ئەمەس ھەرىكىتىمىز بىلەنمۇ ئىپادىلەشكە قادىر مىللەت. ئەمما چېنىقىش ئادىتى ئومۇملاشمىغاچقىمۇ تېنىمىز چىرايىمىزدىكى خۇلقلىرىمىزغا خوپ كەلمەيدىكەن. ئۇنداق دېسەم "ئەجداتلىرىمىز چېنىقمايمۇ ئەۋرىشىم بەدەندىن قۇرۇق قالماپتىكەن" دېيىلىشى مۇمكىن. ئۇ زامانلاردا بەدەننىڭ ھەرىكىتى جىق بولغىيدى. ھازىر زامان ئۆزگەردى، شۇڭا زامانغا ماس چېنىقىش ئۇسۇللىرىغا ئادەتلەنگەن غەرپلىكلەردىن ئۆگەنسەك يامان بولمايدۇ. چېنىقىش ۋە ناخشا ئۇسسۇل تامام بولغاندىن كېيىن ناشتا قىلىش باشلىنىدىكەن. ئوقۇتقۇچىسى تاماقلارنى شىرەگە تىزىپ باللار بىلەن پاراڭلاشقاچ غىزالىنىدىكەن. ھەممە بالا شەربەت، پۇرچاق، سۈت، مېۋە، بولكا قاتارلىقلاردىن بەلگىلىك مىقداردا يەيدىكەن. ئەگەر بىرەر تاماققا قۆلى يەتمەي ئالالماي قالسا چوقۇم" ئىلتىپات قىلسىڭىز" دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشى كېرەككەن. بولمىسا ئوقۇتقۇچىسى بالىدىن شۇ سۆز چىقمىغىچە تەلەپنى قاندۇرمايدىكەن. ئارىدا كىم باشقىلارنىڭ قاچىسىغا چاڭ سالسا ئاۋۋال بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرىدىكەن،

يەنە داۋام قىلسا كۆتۈرۈپلا يەردە ئولتۇرغۇزۇپ قويىدىكەن. ئەگەر بالىلار ئويناش جەريانىدا باشقىلارغا قائىدىسىزلىك قىلسىمۇ دوستلىرىدىن ئايرىپ يەردە ئولتۇرغۇزۇپ قويىدىكەن. ماڭا ناشتىدا بالىلار تېخى قوشۇق تەگكۈزمىگەن تاماقلارنى قارتىپ تۆرۈپ تۆكۈۋەتكىنى پەقەت ياقمىدى. مەن ئۆيگە بارغاندا «نىمنى ئىسراپ قىلسا كىيىن شۇنىڭ خارلىقىغا قالىدۇ، قىساسنى تارتىدۇ» دېگەن ئەقىدىگە ئىشىنىدىغان بولغاچ بۇلارنىڭ ھەرقانداق چۈشەندۈرۈشلىرىگە قارىماي ئۇلارنىڭكىنى خاتا دېگەندە چىڭ تۇردۇم ۋە قىزىمغا بۇ ھەقتە ئالاھىدە چۈشەنچە بەردىم. قىزىمنى يەسلىگە بېرىشتىن بۇرۇن تەكشۈرتسەك تېنىدىكى كېرەكلىك ماددىلار تولۇق چىققانىدى. ئەمما ئايالىم كالتسى ئېلىپ ئۈچۈرۈشتە چىڭ تۇردى. دېمىسىمۇ ۋەتەندە دائىم تەكشۈرتسەك كالتسى، سىنىك دېگەنلەر ئەزەلدىن تولۇق چىقمايدىغان قىزىمنىڭ ئامېرىكىغا كېلىپلا نورمال دەپ قارىلىشى بىزنى گۇمانغا سالاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز يەسلىدىكى بالىلار دوختۇردىن بالىمىزغا كالتسى يىگۈزمەكچى بولغىنىمىزنى، قانداق كالتسى يىگۈزسەك بولىدىغانلىقىنى سورىدۇق. دوختۇر، «بالاڭلار قېتىق ۋە سۈت ئىچەمدۇ؟» دەپ سورىدى، ۋە بىزگە قېتىق ۋە سۈت ئىچۈۋاتقان بالىغا كالتسى بېرىشنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. بىز يەنە قايىل بولماي بىر دورىخانىغا باردۇق. ئۇ دورىخانىمۇ سۈت ۋە قېتىق ئىچەلەيدىغان بالىغا كالتسى بېرىلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ يولغا سالدى. بىزگە قىزىمىزدا كالتسى كەم ئەمەسلىكىگە ئىشەنمەسلىكتىن باشقا ئامال قالمىدى. ئەمما «كالتسى كەملىك» سەۋەبىدىن ئۈچ يىل ئۇدا كالتسى ئىچكەن قىزىمىزنىڭ ئامېرىكىغا كېلىپ بىر ئايمۇ بولماي ھەممە جەھەتتە ساغلام چىقىشى بىزنى بەكمۇ ھەيران قالدۇردى.

قىزىم بىر كۈنى ياۋا گۈللەردىن دەستە تىزىپ، يوپۇرماقلاردىن ئادەم، ھايۋان ۋە تۈرلۈك جانلىقلارنىڭ شەكىللىرىنى ياساپ كۆتۈرۈپ كەپتۇ. يەنە بىركۈنى بىر بالمۇز چوكىسىدىن رەسىم رامكىسى ياساپ ئىچىگە ئۆز رەسىمنى بىر ئەپچىل ئورۇنلاشتۇرۇپ كۆتۈرۈپ كەپتۇ. دىققەت قىلسام ھەر ھەپتە بالىلارنىڭ سىزغان رەسىملىرى، غازاڭلاردىن ياسىغان گۈللىرى، قەغەزلەردىن قىيغان تۈرلۈك شەكىللىرى، كېرەكسىز پوتۇلكىلاردىن ياسىغان «تۇرمۇش بويۇملىرى» قاتارلىقلارنى يەسلىنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى چوڭ تاختايغا چاپلاپ كۆرگەزمە قىلىدىكەن. دەسلەپتە مەن نەچچە ئايغىچە ئۇقماي قىزىمنىڭ ئىجادىيەتلىرى كۆرگەزمىگە تاللاندى دەپ خوشال يۈرۈپتىمەن. تېخى قىزىمنى ئەقىللىقتىن ئەقىللىققە چىقىرىپ ماختاپ بەرمىگەن ئادەم قالماپتۇ. كىيىن سورىسام يەسلىدە بالىلارنى بۇنداق دەرىجىگە ئايرىمايدىكەن. كۆرگەزمە قىلىنغان ئىجادىيەتلەر يەسلىدىكى بارلىق بالىلارنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئىكەن. يەسلى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ چۈشەندۈرىشىچە بالىلارنى كىچىكىدىن باراۋەرلىك، ھەمكارلىق، ئورتاق ئۆتۈش كەيپىياتىدا چوڭ قىلىش ئىلمىيلىك ئىكەن. ئەگەر تېخى مەكتەپ يېشىغا توشمىغان

بالىلار بۇنداق كۆرگەزمە ئارقىلىق دەرىجىگە تۇرغۇزۇلسا بالىلار ئۆزىنى ئاشۇ دەرىجىلەرگە بۆلۈپ مۇئامىلە قىلىشۇپلا ئالغا ئىلگىرلەيدىغان قىزغىنلىقىغا تەسىر يېتىدىكەن.

## قىزىمىزنى "ئامېرىكىچە" تەربىيىلىيەلىدۇقمۇ؟

بەلكىم ئامېرىكىلىقلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىگە بۇنچە دىققەت قىلغانلىقىمىزغا قاراپ "بۇلار بالىسىنى ئۇيغۇرنىڭ ۋە ئامېرىكىلىقنىڭ پەرزەنت تەربىيەلەشتىكى ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇللىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قانچىلىك تەربىيەلەپ كېتىۋاتقاندۇ" دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، كۆزىتىش، ھىس قىلىش باشقا گەپ، شۇلاردىن بايدىلىنىش پۈتۈنلەي باشقا گەپ ئىكەن. بىز بالىمىزغا تاماق يېگۈزەلمەي، يەسلىدىكى ئوقۇتقۇچىسىدىن سورىدۇق. قىزىم يەسلىدە تاماق يەيدىكەن. نېمىشقا ئۆيدە تماق يېمەيدۇ؟ شۇندىن كېيىن قىزىمنىڭ يەسلىدە قىلىدىغان ئىشلىرى بىلەن ئۆيدە قىلىدىغان ئىشلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باقتىم. قىزىم يەسلىدە تاماق يەپ بولۇپ قاچىسىنى ئۆزى يىغۇشتۇرىدىكەن، شىرەسىنى ئۆزى سۈرتىدىكەن. ئويۇنچۇقلىرىنى ئويناپ بولۇپ ئۆزى يىغۇشتۇرىدىكەن. "ئوقۇتقۇچىسى "ئۇخلاش ۋاقتى بولدى" دەپ بولغىچە يوتقىنىغا كىرىپ بولىدىكەن. ئەمما ئۆيدە يۇقارقى قىلىقلىرىدىن بىرنى قىلمايدۇ. پەقەت مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىر ئىشنى ئۆيدە قىلدى. بىركۈنى يېنىمدىن ئۆتمەكچى بولۇپ "دادا، كەچۈرىسەن، مەن ئۆتۈۋالاي" دېگەننى ئېنگىلىزچە دېدى. ئەمما ئۇيغۇرچىسىنى شۇنچە ئۆگەتسەممۇ دېمىدى. چۈنكى بىز ئۆيدە ئەر خوتۇن بىر-بىرىمىزگە ئۇنداق تۈزۈت قىلىپ يۈرمەيدىكەنمىز. تۈزۈت قىلىشمىغانىكەن، تۈزۈتكە لايىق گەپلەرمۇ بولمايدىكەن، بىز دەپ كۆنمىگەندىن كېيىن قىزىمىزمۇ ئۆگىنەلمەيدىكەن. (بىز تۈزۈتنى تونۇمىغان، ياكى زىيادە ھۆرمەتلىكلەرگە قىلىدىكەنمىز، ئامېرىكىلىقلار يېقىنلىرىغا بەكرەك تۈزۈتلۈك مۇئامىلە قىلىدىكەن). بۇنىڭدىن شۇنى بىلدىمكى، ئىنسان كىچىكىدىن موھىتتىن ۋە باشقىلاردىن ئۆلگە ئالىدىكەن. قىزىمنىڭ مەكتەپتىكى موھىتى ھەركىم ئۆز ئىشنى ئۆزى قىلىدىغان موھىت بولغاچ قىزىم ئىشنى تېپىپ قىلالايدىكەن. ئەمما ئۆيدە ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىز قىلىپ بېرىمىز شۇڭا ئۆيدە قىلمايدىكەن. كۆپىنچە مەن ئۆيدە داستىخان سالمايدىغان، يىغمايدىغان بولغاچ ئۇمۇ تەبىئى ھالدا بۇ ئىشلارنى باشقا بىرىنىڭ ۋەزىپىسى دەپ قارايدىكەن. بىز تۈزۈتلۈك سۆز قىلمىغاندىكىن بىزدىن ئۆلگە ئېلىپ بىزگىمۇ تۈزۈتلۈك گەپ قىلمايدىكەن. دېمەك ئىنسان كىچىكىدىن باشلاپ سورۇن ۋە سالاھىيەتكە قاراپ ھەرىكەت قىلىدىكەن. يەسلى قىزىمنىڭ نەزىرىدە يەسلى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل قارار چىقىرىدىغان ۋە ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان سورۇن. قىزىمنىڭ يەسلىدىكى سالاھىيىتى باشقىلار بىلەن باراۋەر. ھەتتا ئۇ ئوقۇتقۇچىلىرىنىمۇ ئۆز ئىسمى بىلەنلا چاقىرىدۇ، بىللە ئۇينايدۇ، ئۇلارنى يا مۇئەللىم، يا ئاچا دەپ چاقىرمايدۇ. بۇنداق ھەر ئىشتىكى تەشەببۇسكارلىق ئۇنىڭغا بىر مۇستەقىل ئىنسانلىق سالاھىيىتىنى

بەرگەن. ئۆيدە بولسا ئۆزنىڭ ھەممە ئېھتىياجلىرى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ھەممە ئىش ئۆزنىڭ ئۈچۈن تەييار قىلىنىدىغان، ئۇ دائىم يېتەكلىنىدىغان ۋە باشقۇرۇلىدىغان سورۇن شۇڭا بۇ يەردە ئۆزنىڭ كۆپ ئىشقا باش قاتۇرىشىغا ۋە قول سېلىشىغا ھاجەت يوق. بۇ يەردە ئۆزنىڭ سالاھىيىتى باشقۇرۇلغۇچى، قوغۇدالغۇچى، تەلەپلىرى قاندۇرۇلغۇچى شۇڭا ئۆزنىڭ سالاھىيىتى پاسسىپ، تايانغۇچى. بىز قىزىمىزنى ھېچ بولمىسا تامىقنى ئامېرىكىلىق باللارغا ئوخشاش ئۆزى يىسۇن دەپ نەچچە ئون قېتىم دېيىشتۇق، ئەمما ئايالىم تاماق پىشقاندا مەسئۇدەنىڭ كەينىدىن قوشۇقنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈشنى ئىزچىل تاشلىيالمىدى. بۇنى قىلالمىغىنىمىزدىن قارىغاندا ئۆزنىڭ مۇستەقىللىقنى يېتىلدۇرىشىمىز تەس ئوخشايدۇ.

مەن بىزنىڭ تۈرك ئاغىنىلەرنىڭ ئۆيىگە ۋە ئامېرىكىلىق دوستلارنىڭ ئۆيلىرىگە بارغىنىمدا ئامېرىكىلىقلار بىلەن ئارىمىزدىكى بىر پەرققە دىققەت قىلدىم. بىز تۈرك ئۇيغۇرلار ساھىپخان بولغان ۋاقتىمىزدا بالىمىز بىلەن مېھمانىنىڭ بالىسى ئوينۇشۇپ جېدەل قىلسا ياكى بىر ئويۇنچۇقنى تالىشىپ قالسا ئورتاق ھالدا بالىمىزدىن گۇناھ ئۆتسۇن ئۆتمىسۇن ئۆز بالىمىزغا تەنبىھ، بېرىدىكەنمىز. ھەدىسە گۇناھنى ئۆز بالىمىزدا قويىدىكەنمىز. مەن ھەتتا بىر تۈرك دوستۇمنىڭ ئۆيىگە بارغاندا "قىزىم خاتا قىلدى، كەچۈرۈم سورىسۇن" دېسەممۇ ئۆزىنىڭ ھېچ خاتا قىلمىغان قىزىنى جىملىدى. بۇ ئادەتنى ئەلۋەتتە بىز ۋەتەندىن كۆتۈرۈپ كەلگەن. ۋەتەنگە قايتساق قىزىمىزنىڭ بۇنداق مەدەنىيىتىمىز سەۋەبلىك باراۋەرسىز مۇئامىلىگە تېخىمۇ كۆپ ئۇچرايدىغانلىقى ئېنىق. بۇ ئادىتىمىزگە قاراپ مەن قىزىمنى ھەممە ئادەم، ھەممە جايدا بىر بىرى بىلەن مۇتلەق باراۋەر دېگەن ئامېرىكىچە روھتا تەربىيىلىمەيدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتتى.

ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھەر قانداق ئىشقا بىر ۋاقىت چېكى بېكىتىدىغانلىقنى باشقىتا دېگەنىدىم. ئەلۋەتتە مەنمۇ بالامنى شۇنداق ۋاقىتچان روھتا يېتىشتۈرمەكچى بولدۇم. ئەڭ ئاددىسى قىزىمنىڭ قورچاق پىلىم كۆرۈشىگە بىر قېتىمدا بىر سائەت دەپ تۈزۈم بېكىتتىم. ئەمما ئۆزەم كىتاپ ئوقۇپ ياكى باشقا ئىش قىلىپ ئولتۇرۇپ ئۆزۈڭغا بېكىتىپ بەرگەن ۋاقىتنى ئۇنتۇپ قالدىم. يەنە بىرى ۋاقىتنى تەكشۈرگەن بولساممۇ قىزىمنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ۋاقىتنى چەكلىمىسىز ئۇزارتتىم. نەتىجىدە قىزىمىزغا بەلگىلىك ئىشنى چوقۇم بەلگىلەنگەن سائەتتە قىلىش كېرەك دېگەن ئاڭنى سىڭدۈرۈپ بولالمىدۇق. بۇندىن باشقا ئامېرىكىلىقلارنىڭ مۇكاپات جازاسى ئىنتايىن ئېنىق ئايرىلغان تۈزۈمى باللىرىغا كىچىكىدىن سىڭدۈرىلىدۇ. ئەمما بىز ئۇنداق قىلالمىدۇق. ئەڭ ئاددىيسى قىزىمنىڭ ئۇخلاش ۋاقتىنى مۇقىملاشتۇرالمىدۇق. سەۋەبى بۇنىڭ ئۈچۈن تۈزۈلگەن قائىدىنى ئۆزىمىز چىدىماي بۇزۇپ قويۇپ قايتا ئۆتمەس قىلىپ قويىدۇق. قارىغاندا قىزىمىزمۇ ھىسسىياتنىڭ ھەرقانداق پىرىنسىپ

ۋە توساقلارنى يىمىرىپ تاشلايدىغانلىقىغا ئىشىنىپ چوڭ بولسا كېرەك. مەن بۇلارنى قىلالمىدىم دېگىنىم باشقىلارنىمۇ قىلالمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس. لېكىن بىزنىڭ بالىمىزنى ئۆزىمىزدىن پۈتۈنلەي پەرقلىق، ئۆز ئايىمىزدىكى ئىنسان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىمەن دېيىشىمىزى ئاسان ئەمەسكەن. بىز بالىمىزدا ساغلام قىلىق يېتىدۈرۈش ئۈچۈن ئۆز قىلىقلىرىمىزنىلا ئەمەس ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ۋە مەھەللىمىزدىكى ھەتتا مەكتەپتىكىلەرنىڭ قىلىقلىرىنىڭ توغرا-دۇرۇسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەككەن. بۇلارنى ئەمەلگەن ئاشۇرۇش ئۈچۈن جەمئىيەتتە ئىنسان ئۆزىنىڭ يۇقارقى ئېسىل خىسلەتلىرى بىلەن ئىزچىل ئۆتتۇقا ۋە ئىززەتكە ئېرىشىدىغان ئەگەر ئۇلاردىن مەھرۇم قالسا ئىزچىل زىيان تارتىدىغان چوڭ موھىتنى بەرپا قىلىشىمىز كېرەككەن. ئۇنداق بولمىغاندا بىر نەچچە كىشىنىڭ بىرەر مەزگىللىك تىرىشچانلىقى جەمئىيەتنىڭ ئېقىمى ئالدىدا سۈپۈرۈلۈپ كەتكۈدەك. قارىغاندا قىزىم ئامېرىكىدا ئايالىم ئىككىمىز بىلەن ئۇزاق ياشىسا بىزدىن ئۆگىنەلمىگەنلىرىنى مەكتەپتە ۋە ساۋاقداشلىرىدىن ئۆگەنگەنلىرى بىلەن تولۇقلاپ ئامېرىكىچە ئادەم بولالىسا كېرەك. بىزنىڭ تۈيغۇلىرىمىز ئاجايىپ مۇرەككەپ. بىر بولسا دەيمىز قىزىمىز ئامېرىكىلىقلاردەك مۇستەقىل، ئىجاتچان، باراۋەرچىل. ھۆرلۈكسۆيەر، تۈزۈمچان، ۋاقىتچان بولسىكەن دەيمىز. يەنە بىر بولسا قىزىمىزنىڭ ئامېرىلىكلىقلاردەك راھەتپەرەس، ئۆزۈمچىل، كۆيۈمسىز بولمىسكەن دەيمىز. بەزىدە بالىلىرى ئامېرىكىدا چوڭ بولغان ئاتا ئانىلارنىڭ قىزلىرىنىڭ قىزبالىدەك ئەمەسلىكىدىن، ئوغۇللىرىنىڭ ئائىلىگە مەسئۇلىيەتسىزلىكىدىن قاقشاشلىرىنى ئۇنىڭدىن بۇنىڭدىن ئاڭلاپ قالىمەن. ئويلاپ باقسام ئامېرىكىدا ئاتا ئانىلارنىڭ بالىلىرىدىن سۆيۈندىغنى ئۆزلىرىنىڭ ئامېرىكىلىقلاردىن ئۆگىنەلمىگەن تەرىپىنى ئۆگىنىۋالغىنىدىن ئىكەن، قاقشايدىغنى ئۇيغۇرلۇقنى ئۆگىتەلمىگىنىدىن ئىكەن.

# 13ـ ئەدەبىياتتا ئىسلام روھي (ئىسلامىزم)

ئېنىقلىما:

٧ ئەدەبىياتتا ئىسلام روھي ـ ئەدىبنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئەخلاقىي قاراشلىرى بۇيىچە ئەدەبىياتنى ئەقىدىگە، شەرىئەتكە، شۇنىڭدەك ئىسلامنىڭ قىممەت قاراش، تەلىمات ۋە غايىلىرىنى يۇرۇتۇشقا خىزمەت قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت نوقتىدا سەممىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشى، تۇرمۇش ۋە دەۋرگە ئائىت مەسىلىلەر ئۈستىدە قەلەم تەۋرەتكەندە، ئىزچىل ھالدا مەركىزىدە ياشاپ كەلگەن ئىسلامنىڭ ئىجابىيلىقىنى ئىپادىلىشى، دېمەكتۇر. مۇشۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرى ئىسلامنىڭ ئەخلاق، تەسەۋۋۇر ۋە كائىنات، تۇرمۇش، ئىنسان ھەققىدىكى ئەتراپلىق قاراشلىرىغا ئويغۇن شەكىلدە مەيدانغا چىقىدۇ. ئىنسانلارنىڭ دىنلار بىلەن ۋە مەيلى كوللىكتىپ ياكى يەككە شەكىلدە بولسۇن بارلىق مەخلۇقاتلار بىلەن ئالاقىسىغا دائىر ھەقىقەتلەرنى ئىسلامنىڭ ھەقىقەتلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالمايدىغان، ئەڭ ئاددى ۋە نازۇك نوقتىلاردا بولسۇن ئۇنىڭ روھىغا قارشى يۆنۈلۈش شەكىللەندۈرمىگەن دائىرىدە ئىپادىلەيدۇ.

(ئەدەبىياتتا) ئىسلامىزمنىڭ ئۆلچەملىرى :

ـ يۇقىرىقى ئېنىقلىما ئىسلامىي خاراكتېرگە ئىگە ئەدەبىي ئەسەرلەردە ھازىرلىنىشقا تېگىشلىك بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان بىرقاتار ئۆلچەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ئۆلچەملەرنىڭ بىرقىسمى ئەسەرنىڭ ماھىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇندا ئىپادىلەنسە، يەنە بەزىلىرى ئەسەرنىڭ گەۋدىسى ياكى شەكلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ئىككى خىل ئامىل ئىسلام روھىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئاساسىي مۇددىئاسىغا ماسلاشقان ھالدا ئىلگىرلەيدۇ. ئەقىدىدە چىڭ تۇرۇش، چىنلىق، ئېنىق ئىپادىلەش، ئىجابىيلىق، ئۆتكۈرلۈك ۋە ئىزچىللىك بۇ ئۆلچەملەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى :

1ـ ئەقىدىدە چىڭ تۇرۇش :

بۇ ـ ئەدىبنىڭ ئەقىدە، شەرىئەت، ئىسلامنىڭ قىممەت ـ قاراش، ئەخلاق، شۇنىڭدەك، ئىسلامنىڭ ئاساسىي

مەسىلىلىرى، كۆزلىگەن نوقتىلىرى ۋە ئومۇمىي غايىلىرىگە خىزمەت قىلىشنى كۆزلىگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر ئېقىمىدا ئەقىدىگە مۇناسىۋەتلىك قاراشنى ئىسلام ھەقىقەتلىرىنىڭ تەبىئىي ھېس-تۇيغۇلىرىغا خىلاپ بولمىغان شەرت ئاساسىدا ئومۇملاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشى، دېگەنلىكتۇر.

## 2- چىنلىق:

ئەدىب ئوقۇرمەنگە ئۆزىنىڭ بارلىق ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ ئىسلامىي تەسەۋۋۇر، گۈزەل ئەخلاق چاقىرىقى، ياخشىلىقنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئىسلامىي ۋىجدانىغا نامۇۋاپىق بارلىق ناچار خاھىشلاردىن يىراق ھالدا مەيدانغا كەلگەنلىكى ھەققىدە چىن تۇيغۇلارنى تەقدىم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى، دېمەكتۇر. ئەدىبنىڭ يالغۇز قىسىم ئەسەرلىرىنىڭلا ئىسلامىي چىنلىققا ئويغۇن بولۇشى، ئۇنى ئىسلامىي ئەدىبلەر قاتارىغا قويۇش ئۈچۈن كۇپايە قىلمايدۇ.

## 3- ئېنىق ئىپادىلەش:

ئىسلامىيەتتە ئەدەبىي ئەسەر ماھىيەت ۋە قورۇلما ياكى مەزمۇن ۋە شەكىلدىن ئىبارەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسەرنىڭ مەزمۇن ۋە قورۇلمىسى ئىسلامىي ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ئوقۇرمەن دەرھال چۈشىنەلىگۈدەك دەرىجىدە ئېنىقلىققا ئىگە بولۇشى لازىم. بۇنداق بولغاندا ئەدىبنىڭ ئىسلامىي ئېقىمغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئەسەرلىرىگە قاراپلا بىكىتىش مۇمكىنچىلىكى مەيدانغا كىلىدۇ.

## 4- ئىجابىيلىق:

ئىجابىيلىق دېگەندە، ئىسلامىي ئېقىمغا مەنسۇپ ئەدىبنىڭ ئىسلامىي ئەقىدە ۋە تەسەۋۋۇرنى ياقلىشى، ئۇنىڭغا قارشى يول تۇتماسلىقنىڭلا يېتەرلىك بولمايدىغانلىقى، ئۇ يۇقىرىقىلاردىن سىرت، يۇنىلىشىدە ئىجابىي يول تۇتىشى، ئىسلام بىلەن بىر سەپتە تۇرىشى، ئۇنى ھىمايە قىلىشى، دۈشمەنلىرىگە پىكرى، سۆز-ھەرىكەتلىرى ۋە ئەخلاقىي ساھەلەر بۇيىچە قارشى تۇرىشى قاتارلىقلارنىڭ زۆرۈرلىكى كۆزدە تۇتىلىدۇ. ئەدەبىياتتا ئىسلامىزم، ئەدىبنىڭ ئەسەرلىرىدە ھەرقانداق شارائىت ئاستىدا بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئەقىدىسىنى قوغداش مەسىلىسىدە ئىككىلىنىشكە ئىمكان قالدۇرمىغۇدەك دەرىجىدە مەيدان ھازىرلىشىنى شەرت قىلىدۇ.

5- ئۆتكۈرلۈك:

ئەدىبنىڭ ئەدەبىي ئەسەرنى تىما ۋە مەزمۇنغا خىزمەت قىلدىغان ئۇسلۇبتا ئوتتۇرىغا قويۇشى، ئوقۇرمەننى قىزىقتۇرۇشى ۋە ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا قانائەتلەندۈرۈشى، دېمەكتۇر.

6- ئىزچىللىق:

بۇنىڭدا، ئىسلامىزم ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ ئەدىبنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەۋەلىكىنى ئىزچىل ھالدا چوڭقۇرلاشتۇرۇپ مېڭىشىنىڭ زۆرۈرلىكى، ئىسلامىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىدا، ئىلگىرى يازغان ئىسلامىي روھقا ئىگە ئەسەرلىرىگە مەيلى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن شەكىلدە بولسۇن ئويغۇن كەلمەيدىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويماسلىقنىڭ مۇھىملىقى كۆزدە تۇتىلىدۇ. ئىلگىرى باشقا ئېقىملار بۇيىچە ئەسەر يېزىپ، كېيىن ئىسلامىي ئېقىمغا مەنسۇپ بولغانلارغا نىسبەتەن ئىزچىللىق ئۆزگىچە مەناغا ئىگە بولۇپ، بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئىسلامىي ئېقىمغا مەنسۇپ بولۇشتىن ئىلگىرى غەيرى ئىسلامىي ئېقىملارغا قايتماسلىقنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئەھۋالنى مۇخەزرەم (ئەسلىدە غەيرى ئىسلامىي ئەدەبىي ئېقىمنىڭ مەنسۇپلىرى بولۇپ، كېيىن ئىسلامىي ئېقىمغا قوشۇلغانلار كۆزدە تۇتىلىدۇ. ئەكسىچە يول تۇتقانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەيدىغانلارمۇ بار.- تەرجىمان) شائىرلاردىن كەئب ئىبن زۇھەير، ھەسسان ئىبن سابىت .. قاتارلىقلاردا روشەن ھېس قىلىمىز.

قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

كەئب ئىبن زۇھەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

كەئب ئىبن زۇھەيردىن باشلاش ئارقىلىق ئەدەبىياتتىكى ئىسلامىزمنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش مۇمكىن. ئىسلامىزم ئىسلام ئالەمدىكى مۇئەييەن شەخس ياكى مۇئەييەن ۋاقىتتا خاسلاشتۇرۇۋېلىش مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدىكى كەڭ دائىرىدۇر. ئىسلام ئەدەبىيات مەدرىسىسىنى شەكىللەندۈرۈش يولىدا كۈچ چىقارغان بەزى ئىسلام ئۆلىمالىرى ئەمەلىيەتتە شەخسى قاراشلاردىن ھالقىغان تېخىمۇ چوڭقۇر مەزمۇنلارنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلاتتى. بۇ ئەدەبىياتتىكى ئىسلامىي ئېقىم ياكى بىر سۆز بىلەن ئىپادىلىگەندە "ئىسلامىزم" ئىدى. بۇ خىل يۈزلىنىشنىڭ كەئب ئىبن زۇھەيرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيلەپ "لامىييە" قەسىدىسىنى ئوقۇغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا ئۆز تونىنى كەيدۈرۈپ قويغان

لەھزىلەردىن باشلانغانلىقىنى ھېس قىلىش مۇمكىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئەقىدىسىنى چىقىش قىلغانلىقى ۋە چىن ئىپادىلىگەنلىكىدىن مەمنۇن بولغان. "مهند من سيوف الهند المسلول" دېگەن مىسرانى "مهند من سيوف الله مسلول" دەپ تۈزىتىپ قويغان. بۇ شېئىر دەۋەت ساھەسىدە مۇبالىغىدىن يىراق ئىسىل نىشان ۋە يۈكسەك غايىگە ئىگە. بۇخىل يۈزلىنىشنى زەمەخشەرىي "كەششاف"تا ناھايىتى يارقىن ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلىگەن.

**ھەسسان ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شائىرى ھەسسان ئىبنى سابىت جاھىلىيەت ۋە ئىسلامنى باشتىن كەچۈرگەن مۇخەزرەم شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇ دەسلەپ ئىمان ئېيتقان خەزرەجلىكلەر بىلەن بىرلىكتە ئىسلامنى قوبۇل قىلغان. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قەلبىنى ئىسلام نۇرى بىلەن يورۇتقاندىن باشلاپ، مۇسۇلمانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھادىسىلەرنى خاتىرىلىيدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غازاتلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان، مۇشرىكلارنىڭ شائىرلىرىغا كۈچلۈك رەددىيە قايتۇرىدىغان ئەقىدە شائىرىغا ئايلاندى. ئۇ، ئىسلامنىڭ ئۇلۇغلىقىنى بايان قىلىش، ئۇنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاقلىرى بىلەن ئەخلاقلىنىش، ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىشقا چاقىرىدىغان نەسر ۋە نەزملەرنى ئېيتتى. شېئىرلىرىدا قورەيشلەرنىڭ نادانلىقىنى پاش قىلدى. قۇرئان كەرىمنىڭ ئىسلام قانۇنچىلىقىنىڭ بىرىنچى مەنبەسى ۋە ھەق شەرىئەتنىڭ، ھىدايەت ئەلچىسىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىگە ئىشارە قىلدى. ئىسلامنىڭ ھەقىقەتلىرىنى بايان قىلىشتا ئەدەبىياتنىڭ ئوينايدىغان رولىنى روشەن گەۋدىلەندۈردى. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى شېئىرلىرى قۇرەيزە ۋە ئەھزاب ئورۇشلىرىدا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇغان مەدھىيەلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ئۇ شېئىرلىرى ئارقىلىق ئىسلامنىڭ قىممىتىنىڭ تەۋھىدتە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

**ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:**

ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلامنى قوغدىغان ئۈچ شائىرىنىڭ بىرى ئىدى. گەرچە ئۇ ھىجرىيەنىڭ سەككىزىنچى يىلى شېھىت بولغان بولسىمۇ ئۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن شېئىرلىرى چەكلىك ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىسلامنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئورغۇپ چىققان جاسارەت، پەيغەمبەر سۆيگۈسى، دىنىدا مۇستەھكەم تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇداپىئە قىلىش، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىش قاتارلىقلارغا ئوخشىغان ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇھىم قاراشلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ھەقىقەتەنمۇ ئىسلام جىھادى شېئىرلىرىنىڭ

بايراقدارى ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئېپىتقانلىرىمىزنىڭ جانلىق شاھىدى. دوكتۇر مۇھەممەد ئىبنى سەئىد ئەششۇۋەيئىر مۇنداق دەيدۇ: "ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن ئىسلام شېئىرىيەتچىلىكىنىڭ ياقلاپ مېڭىشى زۆرۈر بولغان ئەڭ گۈزەل يۇنۇلۇشنى، ئېپادىنىڭ چىنلىقى، مۇددىئا- مەقسەتنىڭ ساغلاملىقى، تەنقىدىي باياناتلاردا قوپاللىق قىلماسلىق ۋە ئىبارىلەرنى ئىستىمال قىلىشتىكى مۆتىدىللىق خۇسۇسلىرى بويىچە ئەڭ بەدىئىي دائىرىنى سىزىپ ئالغان."

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ئەققاد، تاھە ھۇسەيىن رەھبەرلىكىدىكى غەربلەشتۈرۈش ئېقىمىغا قارشى تۇرۇش يولىدا ئىسلامىزم ئەدەبىياتىدا ئەڭ چىڭ تۇرغان يازغۇچىلارنىڭ بىرى بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەققادنىڭ بۇ خۇسۇستا ئېيتقانلىرىنىڭ ۋەزنى بار. ئۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دانىشمەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئەدىب، تارىخچى ۋە فىقھشۇناس ئىدى. (344-بەت) ئۇ شېئىرغا، مەسەللەرگە ۋە ئەدەبىي پارچىلارغا تولىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ شېئىر ئېيتاتتى ۋە ئۇنى مىسال كەلتۈرەتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ يالغۇز خەلىپىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ھاياتى بويىچە بىر ئەدىب ئىدى. ئۇ، دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل كىشىلەر ياكى ئىشەنچلىك قازىلار تەرىپىدىن ئېتىراز بىلدۈرۈلگەن شېئىرلاردىن باشقا شېئىرلارغا قارشى تۇرمايتتى. ئۇ، مەسخىرە خاراكتېرىنى ئالغان شېئىرلارنى چەكلىگەن. ئىسلام تەرىپىدىن رىغبەتلەندۈرۈلگەن يۈكسەك مەنالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شېئىرلار ئۇنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلغان. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېئىرنىڭ تەلىم- تەربىيە غايىسى بار، دەپ قارايتتى. ئۇ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يازغان بىر پارچە خېتىدە "سەندىن ئىلگىرى كەلگەنلەر شېئىر ئۆگىنىش بىلەن بولغان. چۈنكى شېئىر گۈزەل ئەخلاق، توغرا قاراش ۋە نەسەبلەرنى تونۇشقا ئېلىپ بارىدۇ..." دېگەن بولسا، ئوغلىغا "ئەي ئوغلۇم.. گۈزەل شېئىرلارنى يادلىغىن، ئەخلاقىڭنى ياخشىلايدۇ.. ياخشى شېئىرلارنى يادلىمىغان كىشىلەر ھەقىقىي يۇسۇندا تەربىيەلەنمىگەن، ئەدەب- ئەخلاققا يېقىنلاشمىغان كىشىلەردۇر." دەيدۇ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلامىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئۆلچەملىرى ھەققىدە توختىلىپ: "شېئىرنىڭ ياخشىلىرىنى، ھەدىسنىڭ گۈزەللىرىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.. شېئىرنىڭ ياخشىلىرى گۈزەل ئەخلاققا ئېلىپ بارىدۇ، يامانلىقلاردىن تۇسىدۇ" دېگەن.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قارىشىدىكى ئىسلامىزم ئەدەبىياتى تەسەۋۋۇرنى تەكىتلەيدىغان

مەسلىلەرنىڭ بىرى، نۇئمان ئىبن ئەدىي يازغان بىر پارچە شېئىردا ئىسلامنىڭ غايە ۋە مەقسەتلىرىدىن ھالقىغان قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان چاغدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق بىر ۋالىي بولۇشغا قارىماي، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتقان. نوئمان ئۆزىنىڭ پەقەت شائىر ئىكەنلىكىنى، شېئىردا ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلىرىنىڭ يالىڭاچ شەكىلدە يېزىلغان بىر پارچە شېئىرغا تايىنىپ تۇرۇپ يازغانلىقتىن باشقا ھېچ ئىش قىلمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويغان ئۆزرىخاھلىقىنىمۇ قوبۇل قىلمىغان. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە ھەتتېئەنى زەبەرقان ئىبن بەدرىنى شېئىر ئارقىلىق مەسخىرە قىلغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە تاشلىغان. ئەلۋەتتە بۇ مەسىلىدە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشىغان بىر كىشى بۇنىڭدىن باشقا يول تۇتمىغان بولاتتى. بۇلارغا ئاساسەن، ئەگەر تەبىرىمىز خاتا بولمىسا، ئىسلامىزم ئەدەبىياتنى چەك تۇتۇش مەجبۇرىدۇر. ئىسلامىزم ئەدەبىياتى شەرت قىلىنغان ئىكەن، ئەلۋەتتە مەسئۇلىيەتنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئۆمەر ئىبن ئابدۇلئەزىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

سۆزىمىزكى، ئۆمەر ئىبن ئابدۇلئەزىز ئىسلامىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئاساسچىلىرىنىڭ بىرى؛ چۈنكى ئۇ، ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىجادىيىتىدە دىنىي قاراشلاردا چەك تۇرۇش، ئىسلامنىڭ پرىنسىپلىرىغا تولۇق بويسۇنۇشنىڭ مۇھىملىقىنى سۆزلەش بىلەنلا بولدى قىلماستىن، ئۇنىڭ ئەمەلىي مىساللىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ مەدھىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئەدەبىي ئەسەردىكى قوبۇل قىلىش مۇمكىن بولغان بىر نوقتىدا ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىسلامنىڭ ئاساسىي مەقسەتلىرىدىن ھالقىپ كەتمەسلىكىنى ئەسكەرتكەن. ئۇ شائىرلارنىڭ ئۆزىنى مەدھىيەلىشىنى توسىغان. كەسىر ئىبن ئابدۇرراھمان بىر پارچە شېئىردا ئۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندە، ئۇ ھەقىقەتنى شېئىرىي ئىجادىيەتتىكى بەدىئىيلىكنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئاساسى ئۆلچىمى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان ۋە كەسىرگە "شۇنداق، ھەقىقەتكە مەنسۇپ بولمىغان نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويما" دېگەن.

ئۆمەر ئىبن ئابدۇلئەزىزنىڭ ئەدەبىياتنىڭ ئەخلاق ۋە يۈكسەك غايىلەرنى ياقلىشى مەسىلىسىگە سەل قارىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نوقتىلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ خەلىپىلىكنى ئۈستىگە ئالغان چاغدا شائىرلار بىلەن ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن مەشھۇر قىسسىسىدۇر. شائىرلارنىڭ ئۆمەر ئىبن ئابدۇلئەزىزنىڭ ھۇزۇرىدا شېئىر ئوقۇش ئۈچۈن دەرۋازىدا ساقلاۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىلدى. سورۇندىكىلەرنىڭ بىرى شائىرلارغا ۋاستە بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شېئىرغا قولاق سالغانلىقىنى، شائىرلارغا رۇخسەت بەرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ، دەرۋازىدىكى شائىرلار كىملەر؟-، دەپ سورىدى. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى ئېيتىلغاندا، بىر- بىرلەپ رەت قىلدى ۋە رەت قىلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىن مىسال

كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىزاھلىدى. شائىرلارنىڭ ئارىسىدىن پەقەت جەرىرلا ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرەلىدى، چۈنكى ئۇ شائىرلار ئارىسىدىكى ناچار تەرەپلىرى ئەڭ ئاز بىرسى ئىدى.

ئىبن قۇتەيبە ۋە باشقىلار:

ئىبن قۇتەيبە شېئىرنىڭ دىن، ئەخلاق ياكى ھېكمەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇنىڭ پايدىلىق مەنالارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشىنى مۇھىم، دەپ قارىدى. مۇھەلھىل ئىبن يەمۇت ئىبن مەزرەئ، ئىبن ۋەكىئ تەنىيئىسى، سەئالىبي، ئەمرۇ ئىبن ئۇبەيد، مىسكەۋەيھ، ئىبن شەرەف ئەلقەيرەۋانىي قاتارلىقلارمۇ ئىبن قۇتەيبە بىلەن ئوخشاش قاراشتا ئىدى. ئىبن ھەزم غەزەل ئېيتىشتىن توسقان، ئۆز تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن ئەدەبىياتتىكى ئىسلامىزم روھىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن چەكتىن ئاشقان شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەن. شېئىرنىڭ ئەدەبىياتنىڭ سەنئەتنىڭ يالغۇز بىرلا ژانىرى ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق شەك يوق. بىراق شېئىر ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىسلامىي پرىنسىپ ۋە ئۆلچەملەر ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ باشقا بارلىق ژانىرلىرى ئۈچۈنمۇ كۈچكە ئىگە.

ئەلىي ئەھمەد باكەسىير:

باكەسىير شېئىر، ھېكايە ۋە دىراما تۈرلىرى بويىچە ئىسلامىزم ئەدەبىياتنىڭ چولپىنى، دەپ سۈپەتلىنىدۇ. ئۆسۈپ يېتىلىشى، پىكرى قورۇلۇشى، نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە مەدەنىيەت قوبۇل قىلىش مەنبەلىرىنىڭ رەڭدارلىقى باكەسىيرنىڭ شەخسىيتى ۋە قەلىمىنى شەكىللەندۈرۈشتە چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يېقىنقى زامان دىرامالىرىنى دىراما يېزىشنىڭ ئۇسۇل ـ قائىدىلىرىنى ئېچكىرلەپ ئۆگىنىش ۋە چۈشىنىش ئاساسىدا يېزىپ چىققان.

باكەسىيرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى ئاساسلىق يۈنىلىشى ئۇنىڭ ئىسلامىي ئەقىدىسى، قىممەت قارىشى ۋە ھاياتقا بولغان توغرا تەسەۋۋۇرىدىن ئىبارەت ئىدى. نەجىيب كەيلانى باكەسىيرنىڭ "كىر ئارغامچىسى" ناملىق دىراممىسى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇ، ئاتمىشىنچى يىللارنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا مىسىردىكى بارلىق ئىشلارنىڭ تىزگىنىنى كوممۇنىستلارنىڭ مونوپول قىلىۋالغان مەزگىللەردىكى مېتودنىڭ چىرىكلىكى، ئىدارە قورۇلمىسىنىڭ پەسكەشلىكى، خەلق مۇئەسسەسەلىرىنىڭ ئېغىشى قاتارلىقلارنى تەنقىدلەيدىغان جاسارەتلىك نىدا ئىدى. ئۇ مەزگىلدە كومىنىستلار دۆلەتكە قارشى شۇئارلارنى

ئوتتۇرىغا چىقاردى. ئۇلار دۆلەت سىرتىدىكى خوجايىنلىرىدىن ئالغان ئىلھاملارنىڭ تەقەززاسىغا كۆرە پۇرسەتپەرەستلىك قىلىش، پىلانلارنى ئىجرا قىلىشقا ئاتاتتى. باكەسىرنىڭ دىرامىسىدا مىسىرسىدىكى ماركسىزم ئىدىيىسى ۋە ئۇنىڭ رەھىمسىز تەجرىبىلىرى تەنقىدلەش يۇشۇرۇنۇپ ياتاتتى.

مۇستەفا سادىق ئەررافىئىي:

رافىئىينىڭ ئەسەرلىرىدە ئىسلامىزم روھىي قايناپ تۇراتتى. مەھمۇد سامىي ئەلبارۇدىي ئۇنىڭ پرىنسىپال شېئىرلىرىغا تەقرىزلەرنى يازغان بولسا، مۇستەفا لۇتفىي مەنفىلوتىي مەدھىيىلەرنى ئوقۇغان. شەيخ مۇھەممەد ئەبدە "ئاللاھ تائالادىن سېنىڭ تىلىڭ ئارقىلىق باتىلنى ۋەيران قىلىپ تاشلايدىغان بىر قىلىچ ئاپىرىدە قىلىشنى تىلەيمەن" دېگەن سۆزلىرى بىلەن ئۇنى ئىلھاملاندۇرغان. ئۇ ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولغان. ئۇ بارلىق ئەسەرلىرىدە، شېئىرلىرىدا، تەتقىقاتلىرىدا، نەسرلىرىدە ئىسلامنى غايە، تەۋھىد ئەقىدىسىگە خىزمەت قىلىشنى مەقسەت ۋە نىشان قىلغان. ئىنگلىزلارنىڭ ئىسلامغا قارشى سۇيىقەستلىرى، يەھۇدىي قىساسچىلىرىنىڭ پەلەستىندىكى سۇيىقەستلىرى ۋە ئەرەب تىلىنى يوقىتىپ، خەلق ئېغىز تىلىنى جانلاندۇرۇشنى كۆزلىگەنلەرنىڭ سۇيىقەستلىرىگە قارشى تۇرغان. رافىئىينىڭ قارىشىچە ئىسلامنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك مەسىلىرى قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىك مەسىلىسى، نەبەۋىي بالاغەت مەسىلىسى ۋە ئىسلامى ماقالىلار مەسىلىسىدىن ئىبارەت ئىدى.

ئەھمەد شەۋقىي:

ئەھمەد شەۋقىينىڭ بەزى شېئىرلىرىدا ئىسلامىزم روشەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ شېئىرلىرىدا ئىسلامىي كۆرسەتمىلەردە چىڭ تۇرۇش بىلەنلا بولدى قىلمىغان، بەلكى، ئىسلامنىڭ پرىنسىپ ۋە مەسىلىرىنى قوغداش، ھىمايە قىلىش يولىدا بەزى ئىپلىششلارغا كىرگەن. ئىسلامدىكى ئۇرۇشنىڭ دۈشمەنلىك ئۇرۇشى ئەمەس، بەلكى جىھاد ۋە مۇداپىئەلىنىش ئۇرۇشى ئىكەنلىكىنى ئىزاھلىغان. ئىسرا ۋە مىراجنىڭ روھ ۋە تەن ئارقىلىق رۇياپقا چىققانلىقىنى بايان قىلغان. دىنىي ئوقۇملار بىلەن كۆرەش، ئويغىنىش، ئەركىنلىك، ئىسلامىي شەرەپنى ھىمايە قىلىش، ئەركىنلىك، تۆزۈم ۋە شۇرا (كېڭەش) قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇناسىۋەتلەشتۈرگەن. يەنە گەرچە ئەزھەردە ئەگەللىگەن نورمال دۇنيا قاراشقا ئىگە بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ھافىز ئىبراھىم ۋە ئەرەب، ئىسلام شائىرى ئەھمەد مۇھەررەملەرنىڭمۇ دىنىي ياقلىغان ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىدە ئىسلامىزم ئەدەبىياتىنىڭ سايىسىدا ھەرىكەت قىلغانلىقلىرىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن.

مۇھەممەد ئىقبال:

شائىر مۇھەممەد ئىقبال (1873)نىڭ قارىشىدىكى ئىسلامىزملىق ئەدىبىيسى ئۈچ باسقۇچنى شەرت قىلىدۇ: بىرىنچى: ئىسلام دىنى كۆرسەتكەن بەرگەن شەرئىي مەقسەتلەرنى ئۆگىنىش. بۇلار ئەبەدىي ئۆزگەرمەيدىغان ھەقىقەتلەردىن ئىبارەت. ئىككىنچى: دىننى بارلىق ساھەلەردە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن دىنىي جىھاد ئېلىپ بېرىش. ئەدىب بۇ يولدا چىڭ تۇرۇشى، سەۋر قىلىشى لازىم. بۇ باسقۇچ مۇستەھكەم ئەقىدە، كۈچلۈك ئىمان ۋە نەپسىنىڭ ئىنتىلىشلىرىگە قارشى كۆرەش قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرىگە تولۇق بويسۇنۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۈچىنچى: ئىسلام ئۈممىتىنىڭ غايىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بارلىق ئىسلامىي ئۆزلۈكنىڭ ھەرىكەتكە كېلىشى.

شەيخ ئەبۇلھەسەن ئەلىي ئەلھۆسنىي ئەننەدەۋىي:

ھىجرىيە 1405-يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 2-كۈنى (24/11/1984) ئەدىب، مۇتەپەككۇر ۋە دەۋەتچى شەيخ ئەبۇلھەسەن ئەلىي ئەلھۆسنىي ئەننەدەۋىي ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆپلىگەن ئەدىب ۋە مۇتەپەككۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە بىر قېتىملىق يىغىلىشتا "ئىسلام ئەدەبىياتى بىرلىكى"نىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. بۇ بىرلىك ئىسلام ئەدەبىياتىغا باشقا ئەدەبىي ئېقىملارغا ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە سالاھىيەت بەخش ئەتتى. ئەمما شۇنى نەرسىنى ئېتىبارغا ئېلىش لازىمكى، «ئىسلامىزم ئەدەبىياتى ئوقۇمى» «ئىسلام ئەدەبىياتى بىرلىكى» نىڭ ئېلان قىلىنىشىدىن ئۇزۇن يىللار مۇقەددەم مەيدانغا كەلگەن. بىز، دەۋەتچى ۋە ئەدەبىياتچى سەييىد قۇتۇبنىڭ 1952-يىلى مىسىردىكى ئۆزى باش تەھرىرلىك قىلغان گېزىتنىڭ ئەدەبىيات سەھىپىسىگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان چاغلىرىدا ئىسلام ئەدەبىياتىنى جانلاندۇرۇشقا چاقىرغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. يەنە سەييىد قۇتۇبنىڭ قېرىندىشى مۇھەممەد قۇتۇبمۇ 1961-يىلىدىكى يازمىلىرى، خۇسۇسەن "ئىسلامىي سەنئەتنىڭ مېتودى" ناملىق ئەسىرىدە ئىسلام ئەدەبىياتىغا چاقىرىق قىلغان. يەنە دوكتۇر نەجىيب كەيلانىي (1963-يىلى) ئۆزىنىڭ "ئىسلامىزم ۋە ئەدەبىي ئېقىملار" ئەسىرىدە، دوكتۇر ئېمادۇددىن خەلىيل (1972-يىلى) ئۆزىنىڭ "ھازىرقى زامان ئىسلام (ئەدەبىياتى-ت) ئوبزورچىلىقى، 1982-يىلى نەشر قىلىنغان "ئىسلام ئەدەبىياتى ئوبزورچىلىقىدا يېڭى ئورۇنۇشلار" ناملىق ئەسىرى ۋە "ھازىرقى زامان ئىسلام ئەدەبىيات-سەنئىتى-تەتقىقات ۋە ئەمەلىيەت" ناملىق كىتابلىرىدا، شۇنىڭدەك بۇ كىتابلىرىدىن ئىلگىرى، يەنى 1961-يىلىدىن باشلاپ دەمەشقتە نەشر قىلىدىغان «ئىسلام ھەزارىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىپ كەلگەن ئەدەبىي خۇسۇستىكى يازمىلىرىدا ئىسلام ئەدەبىياتى قوشۇنى شەكىللەندۈرۈش چاقىرىقلىرىنى ئۇچرىتىمىز.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھىندىستاندىكى نەدۋەتۇل ئۇلەما ئۇنىۋېرستىتىنىڭ رەئىسى ۋە دۇنيا ئىسلام ئەدەبىياتى بىرلىكىنىڭ رەئىسى شەيخ ئەبۇلھەسەن ئەلىي ئەلھۆسنىي ئەننەدەۋىي ئىسلامىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يېڭى بايراقدارى ۋە قۇرغۇچىسى ھېسابلىنىدۇ. "بىرلىك" ئىسلام ئەدەبىياتى نامىنى قوللىنىپ، ئىسلامىزم ئاتالغۇسىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىگەن. ئەمما، مەسىلە پەقەت ئاتالغۇ مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت، ئاتالغۇلارنى ئۇنداق ياكى مۇنداق بولۇپ قېلىشىدا مەسىلە يوق.

دوكتۇر ئابدۇرراھمان رەئفەت پاشا (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن):

"بىرلىك" نىڭ ئەرەب ئەللىرىدىكى مۇئاۋىن رەئىسى. ئۇ، ئىمام مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد ئىسلام ئۇنىۋېرستىتىدا ئەدەبىيات ۋە ئوبزورچىلىق دەرىسلىرى بۆيىچە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. رەئفەت پاشا دەسلەپكى قەدەمدە ئىسلامىزم ئەدەبىياتىنىڭ نەزىرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئىسلام ئەدەبىياتىنى مۇداپىئە قىلغانلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دوكتۇر ئابدۇلقۇددۇس ئەبۇ سالىھ:

ئىمام مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد ئىسلام ئۇنىۋېرستىتىنىڭ ئەدەبىيات ۋە ئوبزورچىلىق دەرىسلىرى بۆيىچە ئوقۇتقۇچىسى، "بىرلىك"نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە ئەرەب ئەللىرى ئىشخانىسىنىڭ رەئىسى.

شەيخ مۇھەممەد ئەررابىئ ئەننەدەۋىي:

"بىرلىك"نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە ھىندىستان ئىشخانىسىنىڭ رەئىسى.

ئۇستاز مۇھەممەد ھەسەن بىرىگىش:

"بىرلىك"نىڭ ئەرەب ئەللىرى باش كاتىۋى ۋە "بىرلىك"تىكى پەتۋا مەجلىسىنىڭ ئەزاسى.

دوكتۇر ئەدنان رىزا ئەننەھۋىي:

سەئۇدى ئەرەبستانلىق شائىر ۋە ئەدىب. دۇنيا ئىسلام ئەدەبىياتى بىرلىكى نازارەتچىلەر كېڭىشىنىڭ ئەزاسى.

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب:

تونۇلغان مۇتەپەككۇر ۋە دەۋەتچى. پادىشاھ ئابدۇلئەزىز ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ۋە "بىرلىك"نىڭ پەخرىي ئەزاسى. مۇھەممەد قۇتۇب بىر توققىنى سەييىد قۇتۇب (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) نىڭ ئىسلامىزم ئەدەبىياتىدىكى تىرىشچانلىقلىرىنى داۋاملاشتۇردى.

دوكتۇر ئابدۇلباست بەدر:

مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ۋە "بىرلىك" نازارەتچىلەر كېڭىشىنىڭ مەسئۇلى.

دوكتۇر ھەسەن ئەلئەمرانىي(ماراكەشلىك):

ئىسلام ئەدەبىياتى بىرلىكىنىڭ ئەزاسى ۋە ئىسلام ئەدەبىياتىغا كۆچ چىقىرىدىغان "مشكات" ژۇرنىلىنىڭ باش تەھرىرى.

دوكتۇر مۇھەممەد مۇستەفا ھەدارە (مىسىرلىك):

"بىرلىك"نىڭ ئەزاسى ۋە ئىسكەندەرىييە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.. ئۇ تۇنجى بولۇپ مودېرنىزم ئەدەبىياتى ۋە ئىدىيىسى ئېقىمىنىڭ ماھىيىتى ۋە ۋەيران قىلغۇچ غايىلىرىنى ئېچىپ تاشلىغان كىشى.

دوكتۇر ئابدۇرراھمان ئەلئەشماۋىي:

ئەشماۋىي ئىسلامدا چىڭ تۇرغان، ئىسلامىي مەسىلىلەر ۋە ئىمانىي تەسەۋۋۇرنى قوغداش يولىدا كۆتۈرۈلگەن ئەڭ ياش ئاۋاز ھېسابلىنىدۇ.

پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

ژانىرنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسىي ئىنسان، كائىنات ۋە ھايات، دېگەن يۈنىلىش بويىچە ساغلام ئىسلامىي تەسەۋۋۇرنى ئاساس قىلىش.

ئىسلامىي تەسەۋۋۇردا چىك تۇرۇش تارىخىي ماتېرىيالىزمچىلار تەرىپىدىن تېڭىلىدىغان رەھىمسىزلەرچە يۈزلەندۈرۈشنى ئەمەس، بەلكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بارلىق ساھەلىرى بويىچە ئىنسانىيەتنى ھاياتقا ئىسلامىي تەسەۋۋۇر بىلەن باقىدىغان نۇقتىغا ئېلىپ كېلىش، دېگەننى مەقسەت قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىسلامىزم ئەدەبىياتى سوتسىيالىستىك رېئالىزم ۋە مەۋجۇدىيەتچىلىك ئېقىملىرىدىكى ئىدىيىدە چىك تۇرۇش قاراشلىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. بىرىنچىسىنىڭ قارىشىدىكى ئىدىيىدە چىك تۇرۇش يىمىرىلگەن ماركسىزملىق چۈشەنچە بويىچە كوللىكتىپقا ئالاقىدار مەسىلىلەردە چىك تۇرۇشنى كۆرسەتسە، ئىككىنچىسىنىڭ قارىشىدىكى ئىدىيىدە چىك تۇرۇش مەۋجۇدىيەتچىلىك ئېڭى بويىچە پوئېزىيەدە ئەمەس، يالغۇز پروزاچىلىقتىكى ئەركىنلىك مەسىلىلىرىدە چىك تۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

تەسىرلىك ئىپادىلەشنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيىتى بولۇپ، مەزمۇننىڭ ساغلاملىقىنى شەرت قىلغان ئاساستا ئۇنىڭ ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ. بۇ نۇقتىدا ئەدەبىيات باشقا نورمال سۆزلەردىن پەرقلىنىدۇ. تەسىرلىك ئىپادىلەشمۇ ئىسلامىزم ئەدەبىياتىنىڭ مۇددىئاسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى.

ئىسلامىزم ئەدەبىياتىنىڭ غايىسى مۇددىئاسى ئېنىق ئەدەبىياتنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان ئەدىب "سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت" ئېقىملىرى ساھىپلىرىنىڭ چاقىرىقلىرىغا ئوخشاش ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئاخىرقى غايە قىلىۋالمايدۇ، بەلكى ئۇنى ئاخىرقى غايىگە يېتىدىغان ۋاستە ئورنىدا قويىدۇ. بۇ غايە جانابى ئاللاھقا بولغان ئىمانىنى مۇستەھكەملەش ۋە كىشىلەر قەلبىگە ئىسىل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈش قاتارلىقلاردا گەۋدىلىنىدۇ.

تەپەككۇر ۋە ئىپادىلەش ئەركىنلىكى ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي چىنلىقنىڭ تەقەززاسىدۇر. بۇلار ئەدەبىي ئەسەرلەرنى سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن بېيىتىشتا ۋاستىلىك رول ئوينايدۇ.

ئىسلام  ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ساھەلەر بۇيىچە ئەركىنلىكنىڭ دائىرىسىنى بەلگۈلەپ بەرگەن. ئىسلام، باشقا ئېقىملار تەرىپىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ۋە باشقىلار ئۈچۈن تەمىن ئېتىلگەن سۆزلەش ئەركىنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ؛ چۈنكى ئىسلام دىنى بۇنداق قىلىشنىڭ جەمئىيەتنىڭ ساغلاملىقى، ئەقىدە، ئەخلاق، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي بىخەتەرلىكى ئۈچۈن زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت يارامىلىق ئىنسان، يارامىلىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى مۇھىم يوللارنىڭ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا چاقىرىش، ئىسلامىي كىملىكنى ھىمايە قىلىش ئامىللىرىنىڭ بىرى.

ئىسلامىزم ئەدەبىياتى ئۆتمۈشتىن بۈگۈنگە قەدەر مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بىر ھەقىقەت. ئۇ، قۇرئان كەرىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شائىرلىرىنىڭ قۇرەيش كاپىرلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان تىركىشىشلىرىدىن باشلاپ تا زامانىمىزغا قەدەر ئاللاھنىڭ دىنىغا چاقىرىش، ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى ۋە ئىسلامدىن ئاغقۇچىلارغا قارشى كۆرەش قىلىش قاتارلىقلاردا ھەسسە قوشۇپ كەلمەكتە.

ئىسلامىزم ئەدەبىياتى ئوخشىمىغان ئىرق ۋە تىللارغا مەنسۇپ ئىسلام مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىياتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى بارلىق ئىسلام مىللەتلىرى ئارىسىدىكى ئورتاق سەنئەت ئۆزگىچىلىكىدىن ئىبارەت.

ئىسلامىزم ئەدەبىياتى تەرەققىيات، مودېرنىزم ياكى يېڭىلىق شۇئارلىرى ئاساسىدا كىلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن يېڭى ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشنى مەقسەت قىلغان ھەرقانداق ئورۇنۇشنى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە يېڭى زامان ئەدەبىياتىنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن يىلتىزداش ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئىسلامىزم ئەدەبىياتى ئىسلامىي تەسەۋۋۇرغا ئويغۇن بولمىغان ئەدەبىي ئېقىملارنى، ساختىلاشتۇرۇلغان ئەرەب ئەدەبىياتىنى، شۇنىڭدەك شەخسى خۇسۇمەت ياكى رەڭۋازلىقلارنى ئاساس قىلغان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنى رەت قىلىدۇ. يەنە گۇڭگىلىقلار بىلەن چىرمالغان، چەتئەلچە ئاتالغۇ ۋە ساغلام بولمىغان ئىبارىلەر كۆپ ئۇچرايدىغان تىللارنىمۇ رەت قىلىدۇ ۋە ساغلام، ئېنىق شەكىلدە باھا بېرىشكە چاقىرىدۇ.

ئىسلامىزم ئەدەبىياتى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بارلىق ژانىرلىرىدىن پايدىلىنىدۇ، ئىپادىلەش

شەكىللىرىنىڭ ھېچ بىرىگە قارشى تۇرمايدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنى رۇياپقا چىقىرىشنىڭ ئۇيغۇن شەكلىنى بەلگۈلەيدىغان مەزمۇنغا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

ئەدەبىياتنىكى ئىسلامىيلىق ئىسلامىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئىپنقىلمىسىدا بايان قىلىنغان شەرتلەردىن ھالقىپ كىتىشكە قارشى تۇرىدۇ. مەسىلەن تەنقىداتچىلارنىڭ بىرى ئوتتۇرىغا قويغاندەك "ئىنسانىي ئىلاھلاشتۇرۇش (كىلاسسىك ئەدەبىياتتا)، ئۆزلۈكنى، شەخسىيەتچىلىكنى رومانتىكىلاشتۇرۇش، ئىنسانىيەتنىڭ ئاجىزلىق لەھزىلىرىنى ئۇلۇغلاش (رېئاللاشتۇرۇش)، پىكرى، روھىي، ئەخلاقىي ئېغىشلارنى مەۋجۇدىيەتچىلىك نەزىرىيىسىگە تايانغان ھالدا تەسۋىرلەش" قاتارلىقلارغا قارشى تۇرىدۇ. ھالبۇكى، سارتىر ئوتتۇرىغا قويغاندەك بارلىق شەرتلەردىن ھالقىغان ئەخلاقىي ئەركىنلىك، دەيدىغان بىر نەرسە بولمىغىنىغا ئوخشاش، دېستىيوۋېسكىي ئوتتۇرىغا قويغاندەك، مۇقەررەر ھالدا يوقىلىش بىلەن تۈگەللىنىدىغان چەكسىز روھىي زىتلىق، دەيدىغان بىر نەرسىمۇ يوق.

ئىسلامىزم ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ رېئال چەمبىرىكى بولۇپ، ئۇ تۇتترۇقسىز خىياللارنى روياپقا چىقىرىدىغان ياكى رېئاللىق بىلەن ئالاقىسى بولمىغان توقۇلمىلارنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان ساھە ئەمەس، بەلكى ئىسلامىزم رېئاللىقى ئىدىيە، غايە ۋە ئەقىدىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇنىڭ غايىسى پراگماتىزم چەمبىرىگى سىرتىدىكى شەخسىي مەنپەئەتنى چىقىش قىلمايدۇ. ئۇنىڭ كۆزلەيدىغىنى ئەقىدىنىڭ مەنپەئەتى ۋە بۇ ئەقىدىگە ئىشەنگەنلەرنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىدۇ. ئىسلامىزم زالالەتنىڭ ئەمەس، ھەقىقەتنىڭ، ئېغىشنىڭ ئەمەس، توغرىلىقنىڭ چەمبىرىگى بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەۋجۇتلىقى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. ئىنسانىيەت مەۋجۇتلىقىنىڭ تەرتۈكۈش، ئىشلەش ۋە ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت بۈيۈك ئىسلامىي غايىسى باردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزەڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋاناتلارنى ياراتقىنىمىزدەك بىز ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى)، ئۆزەڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟» «مۇئمىنۇن سۈرىسى، 115-ئايەت»

«ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ» «نەجم سۈرىسى، 39-ئايەت»

بۇ رېئاللىق قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنىڭ مۆجىزىلىكىنىڭ بىرى قىسسە ۋە باشقا ئورۇنلاردا رەڭدار شەكىلدىكى ئەدەبىي ئىپادىلەشنىڭ يۈكسەك ئۆرنەكلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ

خۇسۇستا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بىزگە ئانچە يىراق ئەمەس.

ئىسلامىزم ئىجادىيەتنىڭ ئالدىغا قويۇلغان چۈشەك ئەمەس. ئىسلامىزم ئەدەبىي ئەسەرنى تېما ۋە شەكىل جەھەتتىن بەدىئىيلەشتۈرۈشنىڭ دائىرىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئەدىبنى ھالاكەتكە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن بولغان نۇقتىدىن ساقلاپ قېلىشنىڭ بىر يولىدۇر. بارلىق ئەخلاقىي قىممەت قاراشلاردىن شەرتسىز شەكىلدە ئازات بولۇش ياكى ئەدەبىياتنىڭ ئۆز لوگىكا سىزىقىدىن چىقىپ كېتىشىنىڭ ئۆزى نەتىجىدە ئەدەبىي ئەسەرنى مەزمۇنىدىن يىراقلاشتۇرىۋېتىدۇ. دېمەك، ئىسلامىزمنىڭ مەنتىقىسى ئىسلام ھازارىتىنى چىقىش قىلىدىغان بولۇپ، ئەدىبكە خاتىرىسىدە جەۋلان قىلىۋاتقان بارلىق پىكىرلەرنى ئىپادىلەش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ. ئەدىب ئىسلامىي تەسەۋۋۇر دائىرىسىدىلا بولىدىكەن خالىغان مەزمۇننى خالىغان شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن ئىسلامىزم، مەيلى ساماۋىي ياكى بەشەرىي دىنلار بولسۇن ئىسلام ئەقىدىسىدىن يىراق بولغان بارلىق دىنىي مەزمۇنلارنى پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىيات- سەنئەت ساھەسىگە يۈزلىنىش ئىنساننى ئەقىلسىزلىك بىلەن تۇترۇقسىزلىق ئارىسىدىكى تۆگمەس توقۇنۇشلار ئازگىلىغا ئىتتىرمەستىن، ئۇنىڭ غەم- قايغۇسى، ئازاب- ئوقۇبەتلىرىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ئويغاق ئىسلامىي ۋىجدان، كۆيۈمچان ئىنسانىي ھېس ئارقىلىق رويابقا چىقىرىلىشى لازىم. "يوقلۇق"، "مەۋجۇدىيەتچىلىك" ۋە بۇلاردىن باشقا ئېقىملار ئوقۇرمەنىنىڭ دىنىي تەشنالىقىنى قاندۇرالمايدۇ، ھېس- تۇيغۇلىرىنى يۈكسەلتەلمەيدۇ، بەلكى ئەدەبىي ئەسەرگە بېغىشلىغان ۋاقتىنى زايە قىلىۋېتىدۇ، ئۇنىڭغا ھادىسىلەرنى قالايمىقان، پېرسونا ژلارنى خۇنۇك كۆرسىتىدۇ، ئەسەرنىڭ ماھىيىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. بىر ئىشنى بۇزۇش ياكى ئۇنى خۇنۇكلەشتۈرۈش ئىسلامىزم ئەدەبىياتىنىڭ تەبىئىتىگە ئويغۇن كەلمەيدۇ.

دەرۋەقە، بۇ خىلدىكى ئەسەرلەر ۋەقەلەرنىڭ تەبىئىتى، ئىسلامنىڭ كائىنات، ھايات ۋە مەۋجۇدلۇق قارىشىغا ئويغۇن كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، گەرچە ئىسلامىزم ئەدەبىياتنى باشقا ئېقىملار بىلەن ئارىلاشتۇرىۋېتىش توغرا بولمىسىمۇ، ئىسلامىزم يەنىلا ئىككى نۇقتىنىڭ ئارىسىدىكى توسۇقلار ۋەيران قىلىنمىغان ئەھۋال ئاستىدا دۇنيا مىقياسىدىكى ئەدەبىي ئەمگەكلەر بىلەن يارىشىپ مېڭىشنى رەت قىلمايدۇ. ئىسلامىزمنىڭ ئۆزگىچىلىكى ئۇنىڭ زامان ۋە ماكانىنىڭ تۇرەلمىسى، ئەقىدىنىڭ ئىنسان بىلەن ئۇچرىشىش نۇقتىسى ئىكەنلىكىدىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامىزم ئەدەبىياتى دۇنياۋىي تەسىرگە، دۇنياۋىي قاراشقا، ئومۇمىيلىققا ئىگە. ئۇ كۆرىنىپ تۇرغان رېئاللىق بىلەن كۆرۈنمەيدىغان غەيبنى ماس ئېلىپ ماڭىدۇ، ماددا بىلەن روھنىڭ، تۇراقلىق مەسىلىلەر بىلەن ئۆزگىرىشچان نۇقتىلار ئوتتۇرىسىدىكى

رەھبەرلىكنى توغرا ھەل قىلىدۇ. ئىسلامىزمنىڭ ئاساسىي مەقستى ئىنسان ئەۋلادلىرى ئۈچۈن بەختلىك دۇنيا قۇرۇپ چىقىش، قېيىنچىلىقلىرىنى تۈگىتىشكە ھەمدەم بولۇش ۋە ئەقىدىسىگە تۇسالغۇ بولىۋالغان ئامىللارنى يوقىتىۋېتىشلا بولىدىكەن، ئۇنىڭدا چەكلىكلىكنىڭ چەكسىزلىك بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشىنىڭ، جۇزئىنى ئومۇم بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق قارىمۇ قارشىلىق يوق. بۇ تۈردىكى ئەقىدىنىڭ ئالدىدا تۇرىۋالغان توسالغۇلارنىڭ مىساللىرى قاتارىدا خىرىستىيان دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئەدەبىي مەھسۇلاتلارنى كۆرستىش مۇمكىن. بۇ تۈردىكى ئەسەرلەرنى لويىس شەيخۇ، سەلامەت مۇسا، غالىي شۇكرىي، لويىس ئېۋەز، ئىلىيا ھاۋىي، خەلىيل ھاۋىي، سەئىيد ئەقل، جىبرا ئىبراھىم جىبرا ۋە باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچرىتىمىز. بەدر شاكىر ئەسسىياب، سەلاھ ئابدۇسسەبۇر ۋە باشقىلار بۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

ـ ئىسلامىزم ئەقىدىنى چىقىش قىلغان بىر ئەدەبىي تايانچ بولۇش سۈپتى بىلەن ئىسلامدا ناھايىتى كەڭ ئورۇنغا ئىگە. ئەدەبىياتچىلار ئۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك پىكىرلىرى، مۇئەييەن غايىنى كۆزلىگەن سۇلۇكلىرى، توغرا قاراشلىرىنى ۋە ئوتتۇرىغا قويۇش مۇھىم بولغان ئىنسان مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىسلامىزم ئەدەبىياتى بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى غايە ۋە مەقسەتلىرى ئۆز ئارا تىركىشىپ قالمىغان ئاساستا رەڭگارەڭ ئۆزگىچىلىكلەرگە ساھىپ تايانچقا ئىگە قىلىدۇ. ئىسلامىزمنىڭ ئەقىدىۋىي ئىدىيە بولۇشى يامان ئىش ئەمەس. چۈنكى بىزدىن كۆتۈلىدىغىنى، بىزنىڭ باشقىلارغا ئارىسىغا سىڭىپ كىتىشىمىز ياكى بىزگە يات زېمىندا ئۆستۈرۈلگەن ھەقىقەت ياكى توقۇلمىلارنى ئىنكاسى بولۇشىمىز ئەمەس. بىز ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شائىرلارغا مۇسۇلمانلار جەمئىيتىنى ھىمايە قىلىش، سۆز ئارقىلىق جىھاد قىلىش ھەققىدە بەرگەن بۇيۇك كۆرسەتمىلىرىنىڭ ماھىيتىگە يىتىش ۋە كىشىلەر قەلبىدە چوڭقۇر ئىنقىلابلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرغان ئىسلامىي ئەخلاق قورۇلمىمىزغا كۆڭۈل بۆلىشىمىز ئۈچۈن ئۆتمۈشىمىزگە قايتىشىمىزنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. ئىسلامىزم شۇلارغا تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، شۇنىڭغا تايانغان ھالدا كىتابلار ئارىسىدىن خۇلاسىلەپ چىقىش مۇمكىن بولغان. توغرا يولدىكى خەلىپىلەرمۇ شائىرلارنىڭ ئىسلامنىڭ ئەخلاقىي ئاساسلىرىدا چىڭ تۇرۇشى توغرىسىدا كۆرسەتمىلەرنى بىرەتتى. ئاببىاسىيلار دەۋرىگە كەلگەندە ئەبۇلئەتاھىيەنىڭ زاھىدلىق چاقىرىقى يۈكسەلدى، ۋەھەكازا.

تارقالغان ئورۇنلار:

ئىسلامىزم ئەدەبىياتىنىڭ دۇنيانىڭ بارلىق جايلىرىدا تەرەپدارلىرى بار بولدى... ئۇنىڭ ھىندىستان ۋە ئەرەب ئەللىرىدە ئىشخانىلىرى بار. "دۇنيا ئىسلام ئەدەبىياتى بىرلىكى" ھىندىستان، تۈركىيە ۋە مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەردە بىر قاتار قورۇلتايلارنى چاقىردى. بۇ قۇرۇلتايلارغا ئىسلام ئالەمىنىڭ كۆپ ساندىكى ئەدەبىياتچىلىرى ئىشتىراك قىلدى.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: ئىسلامىزم زامان ۋە ماكانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىي مەناغا ئىگە بىر ئوقۇم بولۇپ، ئىسلام دەۋتى بىلەن ئوخشاش قەدىملىككە ئىگە. ئۇ ئەسىرلەر بويى ئىسلام بىلەن بىرگە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. ئۇ باشقا مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغان يالغۇز مۇسۇلمان ئەرەبلەرگىلا خاس ئەمەس، بەلكى توغۇلغان ئورنى، ياشىغان مۇھىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق ئەدەبىياتىدۇر. ئىسلامىزم ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار يازغۇچىلار، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئەسرى ئەمەس، ئۇنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەر قانداق بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ھەتتا ئوخشىمىغان تۈرلىرى بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىلمىي مەسىلىلەرگە ئائىت يازمىلاردىنمۇ ئۆچۈرىتىش مۇمكىن. بۇ نوقتىنى چىقىش قىلغاندا، ھىندىستان، پاكىستان، ھىندىنوزىيە، چاد، سىنىگال ياكى باشقا ھەرقانداق بىر ئەلنىڭ ئىسلام ئەدەبىيات مەدرىسسى ئىسلامىزم ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك بەدىئىيلىك ئاساسلىرى بويىچە يېزىلغان ئىلمىي ئەسەرلەرگىمۇ ئوخشاش كۆز بىلەن قارىلىدۇ. ئەرەب بولمىغان ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئەدەبىياتلىرى كائىنات، ئىنسان ۋە ھاياتقا قارىتا ئىسلامىي تەسەۋۋۇر چەمبىرىگى ئىچىدە ھەرىكەت قىلغان، ئىسلام قارشى تۇرىدىغان ياكى پىكىر قىلىش مېتودىغان ئويغۇن بولمىغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويمىغانلا بولىدىكەن ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ئىسلامىزم ئەدەبىياتىنىڭ بىر ۋەكىلىدۇر.

ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


- د.ئابدۇرراھمان رەئفەت پاشا: نحو مۇھەب ۋسلامي في الۋدب والنقد، ئىمام مۇھەممەد ئىبن سەئۇد ئىسلام ئۇنىۋېرسىتتى باسمىسى، 1405ھ/1985م.

- مۇھەممەد قۇتۇب: منهج الفن الۋسلامي، شۇرۇق نەشرىياتى، بېيرۇت/قاھىرە.

- مۇھەممەد ھەسەن بىرىگش: في الۋدب الۋسلامي المعاىر، مەنار كۇتۇبخانىسى، ئىئوردانىيە/ زەرقائ.

- ئابدۇللاھ ھەمەد ئەلئۇۋەيشىق: الۆدب في خدمه الچياه والعقيده، رىياد ئەرەب تىلى پاكولتىتى نەشرى، 1389ھ/1390ھ.

- ئەبۇلھەسەن ئەننەدەۋي: نئرات في الۆدب، قەلەم نەشرىياتى- دەمەشق، 1408ھ/1988م.

- مۇھەممەد رابىئ ئەننەدەۋي: الۆدب الۋسلامي وىلته بالحياه، رىساله مۇئەسسەسەسى، بىرىنچى نەشرى 1405ھ/1985م.

- ۋازىھ ئەننەدەۋي: ۆدب الىحوه الۋسلاميه، رىساله مۇئەسسەسەسى، بىرىنچى نەشرى، 1985/1405م.

- دۇنيا ئىسلام ئەدەبىياتى بىرلىكى ماتىرىيالى: تعريف برابهه الۆدب الۆدب الۋسلامي، 1409ھ/1989م.

- "ئەلمىشكات" ژۇرنىلى، 13-سان، تۆتىنچى يىل، 1410ھ/1990م.

- سەييىد قۇتۇب: النقد الۆدبي- ۆىوله ومفاهيمه، شۇرۇق نەشرىياتى- بېيرۇت.

- د.نەجىيب كەيلانىي: الۋسلاميه والمۋاهب الۆدبيه، رىساله مۇئەسسەسەسى، ئىككىنچى نەشرى، 1410ھ

# 14-تەنقىتمۇ ياكى تەھتىتمۇ؟

ئەدىھەم ئىبراھىم

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2013-يىللىق 4-سانىدا يالقۇن روزى داڭلىق يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «سالچىلار» ناملىق رومانىنى تەنقىت قىلدى. بۇ ئوبزۇر جەمئىيەتتە بەلگىلىك ئىنكاس قوزغىدى، ئوبزۇرنى ئوقۇغانلار بىردەك يالقۇن روزىنىڭ تەنقىت ماقالىسى ئىلمى بولمىغان، ماقالە خاھىشچانلىققا ئىگە قىلىنغان بولۇپ، تىغ ئۇچىنى يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرغا قاراتقان دەپ قارىدى. مەنمۇ ئۇنىڭ ئوبزۇرىنى ئوقۇپ راستىنلا«قورۇق شاختىن ھۆل پۇتاق»چىقارغانلىقىنى بىلىپ يەتتىم.

تۆۋەندە ئۆزەمنىڭ قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

«سال توختاپ بۈگۈنگىچە ئارىدىن نەچچە ئون يىل ئۆتتى. ئەينى يىللاردىكى پىشقەدەم سالچىلارنىڭ كۆپۈنچىسى ئالەمدىن كەتتى...... بارا-بارا ئىنسانلارغا ئاجايىپ خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن سال ۋە سالچىلار ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ، بىر تارىخ،بىر كەسىپ،ئوت يۈرەك ئادەملەر توغۇرسىدىكى بىر داستان ئۇنتۇلۇپ كېتىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى...مەن بۇ كىتابىمنى ئەنە ئەشۇ سالچىلار تۇرمۇشىنى يورۇتۇپ بېرىشكە بېغىشلىدىم.»يالقۇن روزى رومانىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىغا بېرىلگەن موشۇ بىر ئابزاس سۆزنى تۇتۇۋىلىپلا بىر پۈتۈن رومانىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئەمدى بىز ئۇنىڭ پەرەزلىرىگە قاراپ باقايلى.

1-ئوبزۇرچى بۇ رومانغا خاتا ھالدا تارىخى رومان قاتارىدا مۇئامىلە قىلىۋالغان.يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ھېچ يەردە بۇ رومانىنى تارىخى رومان دىگەن ئەمەس،ئۇ پەقەت«سالچىلاردىن ئىبارەت‹بىر تارىخ›ئۇنتۇلۇپ كېتىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى...»دىگەن.يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ«بىر تارىخ»دىگىنى پەقەت سالچىلارنىڭ كەچمىش تارىخىغىلا قارىتىلغان بولۇپ،بۇ گەپ بىلەنلا رومانغا تارىخى رومان تەلىپىنى قويىۋالساق خاتالاشقان بولىمىز.شۇڭا يالقۇن روزىنىڭ‹بۇ روماندا تارىخ تۈيغۇسى يوق›دەپ تارىخى يىلنامىلەرنى ئىزدىشى ئوشۇق ئاۋارىچىلىق ۋە تۇخۇمدۇن تۈك ئىزدىگەنلىك بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

يالقۇن روزى يەنە«يازغۇچى بۇ روماندا قايسى دەۋرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغانلىقىنىمۇ بىلەلمىدىم. مانا بۇنىڭدىن ئەسەردە تارىخ تۈيغۇسىنىڭ ئىپادىلەنمىگەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ» دىگەن. يالقۇن روزىنىڭ روماندا قايسى دەۋرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغانلىقىنى بىلەلمىگەنلىكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشى ۋە ئۇنىڭ تارىخ تۈيغۇسىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇ ئۆزى بىلمەي تۇرۇپلا تارىخ

تۆيغۇسى يوق ئىكەن دىيىشى ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەس. يالقۇن روزىنىڭ كاللىسىدا ئىنىق ئۇقۇم يوق،ئۇ«يولۇچىلارنىڭ مۇز داۋاندىن ھالقىپ ئىلى تەۋەسىگە قەدەم باسقان مەزگىلىنى ئۈچ ۋىلايەت مىللى ئىنقىلابىدىن ئىلگىركى چاغلار ئىكەن دەپ پەرەز قىلىساقمۇ،ياڭ زىڭشىن دەۋرىمۇ،جىن شۇرېن دەۋرىمۇ،شېڭ شىسەي دەۋرىمۇ ياكى گومىنداڭ دەۋرىمۇ،بۇنى ئىنىق بېكىتىشكە ئامالسىز قالىمىز»دىگەن.يوقارقى ئابزاسلا يالقۇن روزىنىڭ كاللىسىنىڭ ناھايىتى قاتمال ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

«ئۈچ ۋىلايەت مىللى ئىنقىلابى»دىن ئىلگىركى چاغلار شىنجاڭدا ئەلۋەتتە گومىنداڭ دەۋرىنى كۆرسىتىدۇ.جىن شۇرېن ۋە شىڭ شىسەيلەرمۇ گومىنداڭچىلار،شۇڭا ئۇلار ۋەكىللىك قىلغان دەۋرلەرمۇ گومىنداڭ دەۋرىنى كۆرسىتىدۇ،بىراق يالقۇن روزى بۇ دەۋرلەرنى گومىنداڭ دەۋرى بىلەن تەڭداش ئۇقۇم قىلىۋىلىپ ئۆزى قايمۇقۇپ قالغان.

ئۇ ماقالىسىدا«رومانىنىڭ1-تومىدىن شىنجاڭنىڭ مۇئەييەن تارىخى دەۋرىنى ئىنىق كۆرسىتىدىغان ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ.موشۇنداق ئەھۋالدا يازغۇچىنىڭ بۇ رومانىنى‹ئەستىن كۆتۈرۈلىپ ئۇنتىلىپ كېتىۋاتقان بىر تارىخ توغۇرسىدىكى داستان›سۈپىتىدە يېزىپ چىقىش مۇددىئاسىغا يېقىنمۇ كەلمىگەنلىكىنى مۇئەيەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.»دەپ يازىدۇ. يازغۇچىنىڭ مۇددىئاسى يالقۇن روزى دىگەندەك ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان قانداقتۇر بىر تارىخنى يېزىش ئەمەس بەلكى مەلۇم تارىخى دەۋردىكى سالچىلاردىن ئىبارەت ئەستىن كۆتۈرىلىپ ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان بىر كەسىپ،ئوت يۈرەك ئادەملەر ھەققىدىكى بىر داستاننى يېزىش خالاس. ئەسلى ئۇنى«مەلۇم تارىخى دەۋردىكى ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان بىر كەسىپ،ئوت يۈرەك ئادەملەر ھەققىدىكى بىر داستان»دەپ چۈشەنسەك توغرا بولاتتى.

«ئۇنداقتا رومانىنىڭ 2-تومىدىمۇ تارخى دەۋىر توغرىسىدىكى ئىنىق ئۇچۇر يوقمۇ؟دەپ سورالسا،بۇ سۇئالغا ئۇچۇر بار،ئەمما يوقۇردا ئېيتقىنىمدەك تارىخ تۇيغۇسىنىڭ ئىپادىسى يوق،دەپ جاۋاپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.»دىگەن.بۇ يەردە يەنە خاتالىق بار،تارىخى دەۋىر توغرىسىدا ئۇچۇر بار دەپ تۇرۇپ يەنە تارىخ تۇيغۇسىنىڭ ئىپادىسى يوق دىگەن.بۇ گەپ مەنتىقىگە قانداقمۇ ئۇيغۇن كەلسۇن،تارىخى ئۇچۇر بېرىلدى دىگەن گەپ ئەلۋەتتە تارىخى تۇيغۇغا ئىگە قىلىندى دىگەن گەپ بولىدۇ،ئوبزۇرچى ئۆزىنىڭ كاللىسىدا تارىخى تۇيغۇ شەكىللەنمىگەن،ئۆز كاللىسىدا شەكىللەنمىگەن تارىخى تۇيغىنى يازغۇچى مەتمىن ھوشۇرغا دۆڭگەپ قويسا بۇ قانداقمۇ توغرا بولسۇن.تارىخى تۇيغۇغا ئىگە بولۇش-بولماسلىق ئوقۇرمەن ئۆزىگە باغلىق نەرسە،بۇ ئۇنىڭ تارىخى بىلىم سەۋىيەسىگە باغلىق بولىدۇ.يالقۇن روزى سەمەت قاتارلىقلارنىڭ ئىلىغا كەلگەن ۋاقتىنى زومۇ - زور كەينىگە سۈرەپ ئۆز

پەرىزى بوئىچىلا شىلىك شىسەي دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى،يەنى40-يىللارنىڭ بېشى دەۋالغان.ئەمدى بىز ئۇ ئۇچۇرلارغا قاراپ باقايلى.

1-ئۇچۇر:«قۇربانجان كۆۋرىكى»نىڭ ياسىلىش ۋاقتىنى ئۆز پەرەزى بوئىچە كەينىگە سۈرىۋەتكەن.«تىكەس ناھىيە تارىخ ماتىرىياللىرى»دا بۇ كۆرۈكنى 1934-يىلى ياسالغان دەپ يېزىلسا،«ئىلى تارىخ ماتىرىياللىرى»نىڭ15-قىسمىدا 1933-1934-يىللىرى ياسالغان دەپ،خەپىز ساتتار سالىنىڭ«ئىلى دەرياسىنىڭ تارىختىكى سۇ قاتناش ئىشلىرى»دىگەن ماقالىسىدە 1933-1934-يىللار ياسالغان دەپ ئېنىق دىيىلگەن بولسىمۇ،تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلمايلا ئۆز پەرەزى بوئىچە«جەننەت ماكان-ئىلى»دىگەن كىتاپتىكى يىل نامىگە ئاساسەن بۇ كۆۋرۈكنى1937-يىلى ياسالغان دەپ مۇقۇملاشتۇرىۋالغان،بۇ پاكىتسىز گەپ قىلغانلىق ئەلۋەتتە!

2-ئۇچۇر:قازاق بوۋاينىڭ جۇماقىقا دىگەن گېپى«ئاڭلىساق،شىلىك دوبەن بايلارنى تۇتۇپ قاماپ،مال-مۈلكىنى تارتىۋىلىۋاتقۇدەكقۇ».قۇربانجاننىڭ كۆۋرىكى سېلىنغان ۋاقىت بىلەن بۇ گەپ بولۇنغان ۋاقىت ئارلىقدا نەچچە يىل ۋاقىت بار،بىراق ئوبزۇرچى بۇ ئىككى ئۇچۇردىن ئەينى دەۋرىنى كېسىپلا40-يىللارنىڭ بېشى دەۋالغان.مېنىڭچە بۇ 40-يىللارنىڭ بېشى بولماستىن بەلكى30-يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى ئىش.«...يەنە ئاقسۇ،چىكىرتى دىگەن جايلاردىن ياغاچ سېتىۋىلىپ بۇ كۆۋرۈكنى سالدۇرغانىكەن.شۇ قۇربانجان بىلەن مەمەتنىياز دىگەن بايلارنى ئۆلكۈلۈك ھۆكۈمەت كېيىن كۆمۈش مىدال بىلەن تارتۇقلىغان،دىيىشىدۇ».سەمەت قاتارلىقلارنى30-يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ئىلىغا كەلگەن دىسەك،ئۇنداقتا ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە دىيىلگەن بۇ گەپتىن كۆۋرۈكنىڭ خېلى بۇرۇنلا يەنى1933-1934-يىللىرى ياسالغانلىقىدەك ئۇچۇرنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئېرىشەلەيمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرمۇ «قۇربانجان كۆۋرىكى»نىڭ 1933-1934-يىللاردا ياسالغانلىقىنى «ئىلى تارىخ ماتىرىياللىرى»دىن كۆرگەنلىكى ئېنىق، شۇڭا ئۇ موشۇ ۋاقىتقا ئاساسەن ۋەقەلىك ئورۇنلاشتۇرغان. «جەننەت ماكان -ئىلى»دىگەن كىتاپ «سالچىلار»رومانى بىلەن تەڭ دىگىدەك نەشىردىن چىققان،بۇ يەردە ئۇ كىتاپتىن ئىستات ئېلىپ پاكىتنى بۇرمىلاشنىڭ نىمە ئەھمىيتى بولسۇن! يالقۇن روزى ۋاقىتنى كەينىگە سۈرۈپ نىمىگە ئېرىشمەكچى؟ئۇ سەمەت قاتارلىقلارنى ئۈچ ۋىلايەت مىللى ئىنقىلابىغا قاتناشتۇرماقچى،ئەپسوس،ئۇلار ئىلىغا كەلگەندە«ئۈچ ۋىلايەت مىللى ئىنقىلابى»تېخى پارتىلىمىغاندە!ئىنقىلاپ پارتىلىغىچە سەمەتمۇ پىشقان سالچىغا ئايلىنىپ بولغان ۋە سال ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئارتتۇرغان.

«ھەممىگە مەلۇمكى شېلىك شىسەينىڭ ئىلغارلىق،باراۋەرلىك،خەلىقچىلىق دىگەن شۇئارلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ شىنجاڭ مىقياسىدىكى ئىلغار زاتلارنى،تونۇلغان بايلارنى تۈركۈملەپ قولغا

ئېلىشقا،بۇلاپ تالاشقا،ئۆلتۈرۈپ يوق قىلىشقا كىرىشكەن ۋاقتى 1938-يىلىنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ.››بۇ يالقۇن روزى بەرگەن ئۇچۇر.

‹‹ئاچلىساق،شىك دوبەن بايلارنى تۇتۇپ قاماپ،مال-مۈلكىنى تارتىۋېلىۋاتقۇدەكقۇ››بۇ رومانىدىكى ئۇچۇر.تىخمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا بۇ ئۇچۇرلاردىن سەمەت قاتارلىقلارنىڭ ئىلىغا 1938-يىلى كەلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز.يالقۇن روزى ئۆزى كەلتۈرگەن ئىسپاتنى ئېنكار قىلىپ سەمەت قاتارلىقلارنىڭ ئىلىغا كەلگەن ۋاقتىنى نىمە ئۈچۈن40-يىللارنىڭ بېشى دەۋالدۇ!؟بۇ ئەتەي پاكىتنى بۇرمىلىغانلىق،ئەمەلىيەتتى چەتنىگەنلىك!

‹‹ئىككى توملۇق بىر ئېجدىمائى تېمىدىكى رومان ئۈچۈن ئېيتقاندا،ئارقا كۆرنۈش قىلىنغان تارىخى دەۋرنى ئوقۇرمەنگە بۇنداق پەرەز قىلدۇرۇپ قىيناشمۇ تازا بىر قاملاشمىغان ئىش ھېساپلىنىدۇ.بۇ يەردىكى نىگىزلىك مەسىلە ئەسەردە يازغۇچىنىڭ تارىخى تۈيغۇسىنى ئىپادىلەشكە ئەسلا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىدە دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.››ئەمدى يالقۇن روزىنىڭ بۇ گەپلىرىنى تەكشۈرۈپ باقايلى؛بۇ يالقۇن روزى ئۆزى دىگەندەك ئېجدىمائى تېمىدىكى رومان بولۇپ، تارىخى ئارقا كۆرنىشى ئېنىق،ئۇ ئۆزى يوق نەرسىلەرنى بار قىلىمەن دەپ پەرەز قىلىۋالغان.مېنىڭچە بىر ئېجدىمائى تېمىدىكى روماندا تارىخى ئارقا كۆرنۈشنى بەرمىسمۇ،غۇۋا يورۇتۇپ بەرسىمۇ،ئوقۇرمەن ئۆزى ھېس قىلىۋاسىمۇ بولىۋېرىدۇ. ئەمدى يالقۇن روزى موشۇنداق ئېجدىمائى تېمىدىكى رومانلارغا قاراپ باقسۇن،ئۇ رومانلاردا تارىخى ئارقا كۆرنۈش،تارىخى تۈيغۇ دىگەنلەر قانچىلىككىن!يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ‹‹سالچىلار››ناملىق رومانىدا تارىخى تۈيغۇ بولمىسا يالقۇن روزى كۆچەپ دەۋاتقان بۇ تارىخى تۈيغۇلارغا نەدىن ئېرىشكەن؟مېنىڭچە روماندا تارىخى تۈيغ بار،بىراق ئوبزۇرچىنىڭ قىساسكارلىق روھى ئۇنىڭ كۆزىنى كۆرمەس قىلىپ قويغان.

‹‹بۇ پۇللارنىڭ ئېچىگە شۇ زامانلاردا كىشلەر يېپقا ئۆتكۈزىۋېلىپ خەجلەيدىغان ئوتتۇرىسى تۆت چاسا تۆشۈك يارماق،قىزىل مىستىن قۇيۇلغان تومپۇر،كۈمۈش تەڭگىلەر،يەنە قانداقتۇر ھەر خىل رەڭدىكى قەغەز پۇللار ئارىلىشىپ كەتكەنىدى.››

يالقۇن روزى بۇ پۇللار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:‹‹شۈبھىسىزكى،پۇل مۇئەييەن تارىخى دەۋردىن ئۇچۇر بېرىش قىممىتى يوقۇرى ماددى پاكىت.‹سالچىلار›رومانىدا بۇ خىل ماددى پاكىتمۇ ئەھمىيەتسىز نەرسە بولۇپ قالغان.چۈنكى شېڭ شىسەي دەۋرىدە ئاپتۇر يوقۇردا بايان قىلغان مىتال پۇللار ئىستىمالدىن قالغان ئىدى.››دىگەن.بىراق ئۇ‹‹1939-يىلى ماليە مۇئەسسەسى ماۋزېمىن شېڭشىسەيگە يارەدەملىشىپ ماليەنى تەرتىپكە سىلىپ،پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش،سەرنى يۈئەنگە(سومغا)ئۆزگەرتىش،ئۆلكە پۇلى بىلەن قەشقەر پۇلىنى يىغىۋىلىش،ئايرىۋاشلانمايدىغان،لېكىن تولۇق زاپاس فۇندى بولغان شىنجاڭ ئۆلكە پۇلىنى تارقىتىش ئارقىلىق،پۈتۈن ئۆلكىنىڭ پۇل تۈزۈمىنى

بىرلىككە كەلتۈردى››دېگەن.توغرا،پۇل بىرلىككە كېلىشتىن ئاۋال بازاردا يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر دېگەندەك يوقارقى پۇللارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشى تەبئى ئەھۋال. سەمەت قاتارلىقلارنىڭ ئىلغا چىققان ۋاقتىنىڭ1938-يىلىغا توغرا كېلىدىغانلىقى ئىنقلاندى،پۈتۈن ئۆلكىنىڭ پۇل تۈزىمى بولسا1939-يىلى بىرلىككە كەلگەن.شۇڭا مۇقۇم بولمىغان سىياسى ۋەزىيەتتە يوقارقى تەڭگە پۇللارنىڭ قەغەز پۇللار بىلەن بازاردا قىسمەن بولسىمۇ ئىستىمال قىلىنىشى تەبئى ئەھۋال.

ئوبزۇرچى‹‹يازغۇچى سەمەتنى قەشقەردە ھەزرەت سەيلىسىدە ئادەم ئۆلتۈرۈپ قۇيغانلىقى ئۈچۈن تۇتماقچى بولغانلارنى‹يامۇلنىڭ چىرىكلىرى›دەپ يازغان بولسا،غۇلجا شەھرىدە ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان غاپپارنى تۇتقانلارنى‹‹ساقچى››،سوتلىغانلارنى‹سوتچى›دەپ يازغان.ئوخشاش بىر يىلدىكى ۋەقەلەرنى بايان قىلغاندا ئىشلەتكەن بۇ پەرىقلىق ئاتالغۇلار بىزگە قايسى تارىخى دەۋىردىن ئۇچۇر بېرىشى مۇمكىن؟››دېگەن.

‹‹يامۇلنىڭ چىرىكلىرى››-بۇ پىرسۇناژ تىلىدا بېرىلگەن سۆز،بۇ ئەينى دەۋىردىكى ئاۋام خەلقنىڭ تىل ئادىتىگە ئۇيغۇن سۆز. يامۇل-تۇرمە، چىرىك-ئەسكەر دېگەن سۆز بولۇپ،يامۇل ئۇقۇم جەھەتتىن چىڭ سولالىسىگە تەۋە بولسىمۇ،سىياسى ھاكىمىيەت ئالماشقىنىغا ئۇزاق بولمىغان موشۇنداق ۋاقىتتا بۇ سۆز خەلق ئىچىدە تېخى ئىستىمالدىن قالمىغان، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىمۇ‹‹چىرىك››دەيدىغان تىل ئادىتى خەلق ئىچىدە تاكى ئازاتلىققىچە داۋاملاشقان.

يازغۇچى يەنە پىرسۇناج تىلىدا‹‹ساقچى››،‹‹سوراقچى››دەپ ئالغان،يالقۇن روزى دېگەندەك ھەرگىزمۇ‹‹ساقچى››،‹‹سوتچى››دىمىگەن.بىرىنچىدىن ئوبزۇرچى بۇ يەردە‹‹سوتچى››دېگەن سۆزنى ياساپ چىققان بولسا،ئىككىنچىدىن ئۇ ئۆزى‹‹ئەسكەر››،‹‹ساقچى››دېگەن ئاتالغۇلارنى شىڭ شىسەي دەۋرىدىن باشلاپ ئىشلىتىش ئومۇملاشقان دېگەن،شۇڭا بۇ يەردە ئارقا كۆرنۈش قىلىنغان تارىخ ئەلۋەتتە شىڭ شىسەي زامانىسىنى كۆرسىتىدۇ-دە!

يالقۇن روزى يەنە‹‹غوجاخۇن دېگەن سالچىنىڭ تىلىدىن بېرىلگەن‹1-دۇنيا ئۇرۇشى›دېگەن ئاتالغۇ تەبئى ھالدا 1940-يىلدىن كېيىنكى مەزگىلنى ئېسىمىزگە سالىدۇ›› دېگەن.ئوبزۇرچىنىڭ بۇ ئىسپاتى توغرا بولغان،بىراق ئاپتۇر ئاڭسىز ھالدا بۇ ئاتالغۇنى ئىشلىتىپ قالغان،ئەسلى يالقۇن روزى دېگەندەك‹‹جاھان ئۇرۇشى››ياكى‹‹ياۋرۇپا ئۇرۇشى››دەپ ئالسا توغرا بولاتتى.بۇمۇ رومان ئارقا كۆرۈنىشىنىڭ1940-يىلدىن كېيىنكى ئىش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشنىڭ دەستىكى بولۇپ قالغان.يالقۇن روزى دېگەندەك رومانىنىڭ تارىخى ئارقا كۆرنىشىنى1940-يىللاردىن كېيىن دىسەك ئۇ ھالدا بۇ ۋاقىت غاپپار تۇتۇلۇپ سوراق قىلىنغان ۋاقىت بىلەن زىت كېلىپ قالىدۇ،شۇڭا يەنىلا سەمەت قاتارلىقلارنىڭ ئىلغا چىققان ۋاقتى1930-يىللارنىڭ ئاخىرىغا توغرا كېلىدۇ.

ئوبزۇرچى‹‹ئىلى ۋادىسىدىكى سالچىلار ۋە ياشلىقىدا قەشقەردىن ئىلىغا چىقىپ كېيىنكى ئۆمۈرىنى ئىلىدا ئۆتكۈزگەن ئاساسلىق پېرسوناج سەمەت ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى قوۋان ھەم ھۆسەن بايۋەتچىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ،ئىلىنى قاپلىغان‹ئۈچ ۋىلايەت مىللى ئىنقىلابى›ئۇلارنىڭ تەقدىرى ۋە روھىيىتىگە ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمىگەن ھالەتتە يېزىلغان،ئاپتور روماندا بۇ شانلىق ئىنقىلاپنى تۈزۈكرەك تىلغا ئېلىپمۇ قويمىغان...›دىگەن.ياقۇن روزىنىڭ بۇ پىكرىنى قوۋەتلەشكە بولىدۇ،سەمەت قاتارلىقلار گەرچە بۇ ئىنقىلاپقا قاتنىشالمىسىمۇ،ئۇلارنىڭ بۇ ئىنقىلاپقا بولغان ئوتتەك ھەۋىسى ۋە ئازاتلىققا بولغان ئىنتىلىشىنى يورۇتۇپ ئۆتۈپ كەتسە بولاتتى،بىراق يازغۇچىنىڭ كاللىسىدا پەقەت سالچىلار تۇرمۇشىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈش ئويى بولغاچقا بۇ تەرەپلەرگە ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمىگەن ھەم بۇ ‹‹سالچىلار›› كەچمىشىدىن ئىبارەت بۇيرۇتما ئەسەر بولغانلىقى ئۈچۈن نەزىرىنى ئۇ تەرەپكە ئاغدۇرسا روماننىڭ خارەكتىرىنىڭ ئۆزگۈرۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن.لېكىن ياقۇن روزى مىللەتنىڭ روھىيىتىگە تاقىشىدىغان موشۇ نازۇك مەسىلىنى تۇتىۋېلىپ داڭلىق يازغۇچى مەتىمىن ھوشۇرغا ھۇجۇم قىلغان ۋە ئۇنىڭغا نەشتىرىنى سانجىپ،غورۇرىغا تېگىپ، قەدىر-قىممىتىنى دەپسەندە قىلغان.

‹‹كىشىلىك ھاياتتا مۇھەببەت نەپرەت تۇيغۇسى يوق،ياخشى-يامانىنى پەرىقلەندۈرگىدەك پىرىنسىپى يوق، دوست بىلەن دۈشمەننى ئايرىغىدەك ئىدراكى يوق، پايدا-زىياننى مۆلچەرلىگۈدەك چۈشەنچىسى يوق، چوڭ ئىش بىلەن كىچىك ئىشنى، موھىم ئىش بىلەن ئادەتتىكى ئىشنى ئاڭقىرالىغۇدەك دىتى يوق، ئۆزىنىڭ كۆلپەتكە تولغان تەقدىر-قىسمەتلىرىنىڭ سەۋەبىگىمۇ قىزىقمايدىغان، ھاياتنىڭ ئەرزىمەس ساقتا خوشاللىقلىرىغا ئالدىنىپ، پەقەت قورساق كويىدىلا سوكۇلداپ، كۈن چىقتى، كۈن پاتتى دەپلا ياشايدىغان بىر تۈركۈم نادان ئادەملەر بولىدۇ. يازغۇچىنىڭ ‹‹سالچىلار›› روماندا ‹‹ئۈچ ۋىلايەت مىللى ئىنقىلابى›› بىلەن ‹‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى››نى قەلەمگىمۇ ئالماي‹‹ئايلار ئۆتتى، كۈنلەر ئۆتتى››دىگەن شەكىلدە ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشى ماڭا ئاشۇ خىلدىكى ئادەملەرنى ئەسلەتتى.›› ياقۇن روزى ‹‹ئۈچ ۋىلايەت مىللى ئىنقىلابى›› ۋە ‹‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى››نى رومىنىڭغا سىڭدۈرمىدىڭ دىگەن بانا بىلەن يازغۇچى مەتىمىن ھوشۇرغا موشۇنداق ھاقارەت قىلىدۇ.بۇ نىمىدىگەن پەسكەشلىك -ھە!بىر يازغۇچىنىڭ نىمىنى يېزىپ،نىمىنى يازماسلىقنى ياقۇن روزى بەلگىلەپ بېرەتتىمىكەن!يازغۇچى مەتىمىن ھوشۇر ئاشۇ مەزمۇنلارنى يازمىسا ئۇنىڭ دىگىنىدەك‹‹ماڭقۇرت››سىمان ئادەم بولۇپ قالامدىكەن؟‹‹قۇم باسقان شەھەر››،‹‹خاسىيەتلىك قار››،‹‹بۇرۇت ماجراسى››، ‹‹قىرلىق ئىستاكان››،‹‹چوشقىلارغا بايرام››.. قاتارلىق نادىر رومان، ھېكايىلىرىدا سىموۋۇللاشتۇرۇش ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ ‹‹ئۈچ ۋىلايەت مىللى ئىنقىلابى››، ‹‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى›› ۋە ھازىرقى رىيال جەمىيىتىمىزنى شۇنچىلىك قېنىق يورۇتۇپ بەرگەن ئىدىغۇ. ئۆز ۋاقتىدا ياقۇن روزىمۇ ‹‹قۇم باسقان شەھەر››نى‹تەنقىت› قىلماقچى بولۇپ، ئاخىرى مىللى

روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان مەزكۇر رومانىنىڭ قۇم-بورانلىرى ئىچىدە قېلىپ‹‹تارىخى تۇيغۇ››سى چاقناپ كەتكەن ئىدىغۇ! ‹‹ئىنقىلاپ››قا بېغىشلانمىغان ئىجدىيائى تېمىدىكى بىر روماندا ‹تارىخى تۇيغۇ ياراتمىدىڭ›دەپ ئەسەر ئۈستىدە گەپ قىلماي يازغۇچىغا ھۇجۇم قىلىشى نىمىدىگەن پەسكەشلىك-ھە!قېنى ئەمسە قاراپ باقايلى:يالقۇن روزىمۇ تارىخى تۇيغۇ يارىتىدىغان يەردە ‹ئاتالمىش تارىخى تۇيغۇ›نى يارىتالىغانمۇ؟ ئۇ ‹‹ئاكا-ئۇكا مۇسابايۇپلارنىڭ تۇققۇز چوڭ تۆھپىسى›› (‹شىنجاڭ مەدەنىيتى› ژۇرنىلى2011-يىل5-سان) دىگەن تېمىدا ماقالە يازغاندا ئۇلارنىڭ تۆھپىسىنى 9 تۈرگە يىغىنچاقلىغان،ئەجىبا ئەشۇ ماقالىدە ئاكا-ئۇكا مۇسابايۇپ جەمەتىنىڭ‹‹ئۈچ ۋىلايەت مىللى ئىنقىلابى››غا قوشقان تۆھپىسىنى يازالماي قاپتىكەنغۇ.ئۇ پەقەت‹‹ئاكا-ئۇكا مۇسابايۇپلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن زاۋۇتنى ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى باشقۇرغان. 1944 -يىلدىن 1949-يىلغىچە بولغان ‹‹ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى››مەزگىلىدە بۇ زاۋۇت مىللى ئارمىيەنىڭ كېيىم -كېچەك، ئۆتۈك، ھەربى ئىگەر-جابدۇقلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان موھىم بازا بولۇپ خىزمەت قىلغان...››دەپلا قويغان. ئەمەلىيەتتە ئاكا-ئۇكا مۇسابايۇپلارنىڭ ئىنقىلاپ روھى ۋە مۇسابايۇپلار جەمەتىنىڭ ‹‹ئۈچ ۋىلايەت مىللى ئىنقىلابى›› دا ئۇينىغان رولى ھەم تۆھپىسىنى ئايرىم بىر تۈر قىلىپ يېزىشقا تامامەن بولاتتى،بىراق ئۇ ئۇنداق قىلمىغان.بىز ئۇنى ماقالىگىدە ‹‹تارىخى تۇيغۇ››نى ئىپادىلىمەپسەن، ئاكا-ئۇكا مۇسابايۇپلارنىڭ 10-تۆھپىسىنى يازماپسەن دەپلا، ئۇ ئۆزى دىگەندەك ئۇنى ‹‹ماڭقۇرت›› سىمان ئادەمگە چىقىرىۋەتسەك توغرا بولامدۇ. شۇڭا باشقىلارغا باھا بەرگەندە مەن نىملەرنى قىلۋاتىمەن، خەق نىملەرنى قىلۋاتىدۇ دىگەننى ئويلاپ قويۇپ، ئاندىن قەلەم تەۋرىتىش لازىمدۇر. ئەگەر يالقۇن روزى‹‹مەن مۇسابايۇپلار جەمەتىدىكى ئاكا-ئۇكا ھۆسەنباي بىلەن باۋدۇنباينىڭلا تۆھپىسىنى يازغان، ئۇلارنىڭ جەمەتىنىڭ تۆھپىسىنى يازمىغان دەپ تۇرىۋالسا، بۇنىڭغا جاۋاپ شۇكى،يازغۇچى مەتىمىن ھوشۇرمۇ روماندا ‹ سالچىلار››تۈرمۇشنى يازغان بولۇپ‹‹ئۈچ ۋىلايەت مىللى ئىنقىلابى››ۋە‹‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى››نى يازمىغان.

‹‹پۇتكۈل ئەسەر يىل بويى شاۋقۇنسىز لۈمۈشپ ئاقىدىغان بىر ئۆستەڭ لاي سۇدەك تەسرسىز داۋام قىلىدۇ.ئىككى توملۇق بىر رومانىنىڭ سۇژىتىنىڭ دىراماتىك توقۇنىشلاردىن خالى يېزىلىشى، ئوقۇرمەننى جازالىغاندەك بىر ئىش بولغان. ھەرقانداق ئوقۇرمەن بىرەر رومانىنى ئوقىغاندا بۇ روماندىكىدەك مەنىسىنىڭ تاينى، تەپسىلات-توقۇلمىلىرىنىڭ تەبئىيلىكى يوق زېرىكىشلىك باياننى ئوقۇشنى خالىمايدۇ›› يالقۇن روزى ئۆز خاھىشى بوئىچىلا گەپ توقۇپ بۇ رومانىنى كەمستكەن،بۇ ئوبزۇرچىللىققا يات ئىللەت.ئۇ‹‹سىيۇژىتى دىراماتىك توقۇنۇشلاردىن خالى››دىگەن،ئۇنىڭچە بولغاندا روماندا بىرمۇ دىراماتىك توقۇنۇش يوق دىگەن گەپ.بىراق روماندىكى دىراماتىك توقۇنۇشلار رومانىنى ئوقۇشچانلىققا ئىگە قىلغان.ئۇ بۇ گەپىنىڭ ئورنىغا‹‹رومانىنىڭ سىيۇژىت لېنىيسى ئاددى بولۇپ

قالغان››دىگەن بولسا ئازراق ئىلمى بولغان بولاتتى.ئۇ يەنە‹‹ئوقۇرمەن بۇ رومانىدىكىدەك مەنىسىنىڭ تاينى،تەپسلات ـ توقۇلمىلىرىنىڭ تەبئىيلىكى يوق زېرىكىشلىك بايانى ئوقۇشنى خالىمايدۇ›› دىگەن. يالقۇن روزىچە بولغاندا بىرەر يازمىدا‹‹تارىخى تۇيغۇ››ئىپادىلەنمىسىلا مەنىسىنىڭ تاينى يوق بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ.بولمىسا بۇ رومانىدا تۇرمۇش ھەقىقەتلىرىگە تويۇنغان سۆزۈك مەنىلەر چاقناپ تۇرىدۇ.‹‹سالچىلار››دىن ئىبارەت بۇ رومان‹‹ تەپسلات ـ توقۇلمىلىرىنىڭ تەبئىيلىكى يوق زېرىكىشلىك بايان››بولغان بولسا،ئوقۇرمەنلەر بۇ رومانىنى بۇنچە قىزىقىپ ئوقىمىغان بولاتتى.رومان نەشىر قىلىنىشى بىلەن جەمىيەتتە بۇ رومانىنى ئوقۇش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن بولۇپ،سېتىلىشىمۇ بەك ياخشى بولغان.يالقۇن روزى رومانىنى كەسىپ نوقتىسىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دىگەن:‹‹بۇ نوقتىدىن ئېيتقاندا يازغۇچىنىڭ ئىزدىنىش،ئۆگىنىش روھى ۋە ئىپادىلەش ماھارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشقا ئەرزىيدۇ،رومانىنىڭ مۇۋەپپىقىيىتى دەل موشۇ تەرىپىدە كۆرۈلىدۇ.››بۇ باياندىن رومانىنىڭ‹‹ مەنىسىنىڭ تاينى،تەپسلات ـ توقۇلمىلىرىنىڭ تەبئىيلىكى يوق زېرىكىشلىك بايان››ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىمىز.يەنە بۇ بايان مەتىمىن ھوشۇرنىڭ‹‹كۆن چىقتى،كۆن پاتتى دەپلا ياشايدىغان››،رومانىنىڭ‹‹ئايلار ئۆتتى،كۈنلەر ئۆتتى››دەپ يېزىپ قويۇلغان رومان ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا ئەسەرگە باھا بەرگەندە پاكىتسىز گەپنى قىلمىغۇلۇق!دىمەك يالقۇن روزىنىڭ بۇ يازمىسى ئۆزىنىڭ دىگىنىنى ئۆزى ئىنكار قىلىدىغان‹‹زىدىيەت ـ توقۇنۇش››لارغا تولۇپ كەتكەن ناچار يازما.

2 ـ يالقۇن روزى‹‹سالچىلار ئوبرازىنى يارىتىش نوقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا،بۇ رومانىنى‹ئوت يۈرەك ئادەملەر توغۇرسىدىكى بىر داستان›دىيىشكە قەتتى بولمايدۇ.بۇ جەھەتتىمۇ ئاپتۇر بىرىنچى مۇدىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندەك ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ بولغان.››دەپ كېسىپلا ئېيتقان.ئۇ يەنە‹‹بىز ئادەتتە ھەققانىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك،ئەل ـ ۋەتەنىنىڭ ھۆر ـ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان دانا يولباشچىلارنى،كىم ئۈچۈن،نىمە ئۈچۈن ياشاشنى ئىنىق بىلگەن ئەلپىدا ئوغلانلارنى ئوت يۈرەك ئەزىمەت دەپ بىلىمىز...‹سالچىلار›رومانىدا تەسۋىرلەنگەن سەمەت قاتارلىق بىر توپ سالچىلار بولسا بۇنداق سۈپەتلەپ ئۇلۇغلاشقا ئەسلا شەرتى توشمايدىغان نادان ھەم ئاددى،ھەق ـ ناھەق تۇيغۇسىدىن ئەسەر يوق، ھالال ـ ھارامنىڭ نىملىكىگىمۇ پەرۋا قىلمايدىغان...، گالۋاڭ، ئەمما چىداملىق ئادەملەردۇر.››دىگەن.ئوبزۇرچى بۇ يەردە كۆز بويامچىلىق قىلىپ ئۇقۇمنى بۇرمىلىغان.يازغۇچى مەتىمىن ھوشۇر‹‹ئوت يۈرەك››ئادەملەر دىسە،يالقۇن روزى‹‹ئوت يۈرەك ئەزىمەت›› دەپ ئېلىپ سالچىلاردىن ئىبارەت بىر توپ ئادەملەرگە ئۇقۇم جەھەتتە ئىنقىلاپ خارەكتىرىنى يۈكلىگەن.بىز ئادەتتە شوق، تېتىك، جۇشقۇن، كىشىلەرگە سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ئاتا قىلالايدىغان قىزغىن ياشلارنى تەرىپلەپ ‹يۈرىكىدە ئوتى بار ياكى ئوت يۈرەك بالا ›دەپ قويىمىز. يازغۇچىمىزمۇ سالچىلىق كەسپىگە ئۆزىنى بېغىشلىغان، ئۆز كەسپىنى جېنىدىنمۇ بەكرەك سۆيىدىغان،

ئۆز-هايات ماماتى بىلەن قىلچە كارى بولماي، خەتەرلىك دەريا دولقۇنلىرى بىلەن، خادا تاش ۋە قاپچىغايدەك قىساڭلار بىلەن بىر ئۆمۈر كۆرەش قىلغان ئەشۇ سۆيۈملۈك ئادەملەردىن سۆيۈنۈپ ئۇلارنى‹ئوت يۈرەك ئادەملەر›دەپ ئاتىغان. بۇ يەردە يازغۇچى سالچىلارغا بولغان ئۆزىنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن.شۇڭا بۇنى توغرا دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئوبزۇرچى ئەشۇ ‹‹ئوت يۈرەك ئادەملەر››گە ئىنقىلاپ تۈسنى يۈكلەپلا، سىنىڭ يازغىنىڭ ‹ئوت يۈرەك ئەزىمەت ئەمەس، گالۋاڭ، هاراقكەش، هەق-ناهەق تۇيغۇسى يوق، دوست بىلەن-دۈشمەننى ئايرىمايدىغان نادان، ئەخمەق كىشىلەر››دەپ هۇجۇم قىلغان.ئۇ يەنە‹‹سالچىلار››رومانىدىكى يوقارقى بايان ۋە دىيالوگلاردىن بىز ئەل-ۋەتەن ئىشقىدا ۋۇجۇدى ئۆرتىنىدىغان‹ئوت يۈرەك ئادەملەر›نى ئەمەس،كەيپ-ساپا كوچىسىدا سوكۇلداپ هارمايدىغان،ئەيش-ئىشرەت كويىدا هېشنىمگە پەرۋا قىلمايدىغان ئۇچىغا چىققان نومۇسسىز،قارام،بۇزۇق هەم ئۆكتەم بىر توپ ئەخمەقلەرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز›› دىگەن. مەتىمىن هوشۇر هېچ يەردە يالقۇن روزى دىگەندەك سالچىلارنى‹‹ئەل-ۋەتەن ئىشقىدا ۋۇجۇدى ئۆرتىنىدىغان...›› دەپ يېزىپ،ئۇلارغا ئىنقىلاپ خارەكتېرنى يۈكلىگەن ئەمەس. قارام، ئۆكتەم، هاراقكەش، پاهىشۋاز، جىدەلخۇر بولۇش سالچىلارنىڭ خارەكتىر ئالاهىدىلىكى بولۇپ هېساپلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تەبىئىتىنىڭ شۇنداق بولىشىنى ياشاش مۇهتى بەلگىلىگەن.خارەكتىر يارىتىش جەهەتتىن ئېيتقاندا بۇ رومان ئۇتۇقلۇق چىققان بولۇپ، سالچىلار خارەكتېرنى دەل جايىدا يارىتىپ بىرەلىگەن. سالچىلار يىل بويى سۇ بىلەن ئېلىشىپ سۇ ئىچىدە يۈرىدىغان توپ،ئۆلۈم سايىسى ئۇلارنى ئەگىپلا يۈرىدۇ،بىللە سال هەيداپ كېتىۋاتقان سەبدىشىڭدىن سالنىڭ قايىنامغا بىر چۆكۈپ چىقىشى بىلەنلا ئايرىلىپ قالىسەن.سۇ تارتىلىپ كەتكەندە نەچچە كۈن ئاچ قوساق سۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ياتىسەن، ئائىلەڭنى، بالاڭنى سېغىنىسەن، ئۆزەڭگە يار ئىزدەيسەن، تەلۋىلىشىسەن، شۇڭا سالچىلارغا ئوغرى، قاراقچى، هاراقكەش، پاشىۋاز بولۇشنى ئاشۇ خىل موهىت ئاتا قىلغان.يازغۇچى سالچىلاردىن ئىبارەت بۇ توپنىڭ ئىنسان تەبىئىتىنى يازغان.ئۇ‹‹ئەل-ۋەتەن ئىشقىدا ۋۇجۇدى ئۆرتىنىدىغان...››ئىنقىلاپچىلارنى يازمىغان.ئۇنى داڭلىق يازغۇچىمىز زوردۇن سابىرى‹‹ئانا يۇرت››رومانىدا يېزىپ بولغان.يالقۇن روزى شۇ چاغدا ئەجەپ زوردۇن سابىرغا‹‹بۇ رومانىڭدا نىمىشقا سالچىلارنى يازمىدىڭ،‹ئۈچ ۋىلايەت مىللى ئىنقىلابى›مەزگىلىدە ئىلىدا سالچىلارمۇ ياشىغان تۇرسا،ئۇلارنىڭمۇ ئىنقىلاپقا قوشقان تۆهپىسى بار تۇرسا››دىمىگىنىگە هەيرانمەن.دىمەڭ بىر يازغۇچى بىر ئەسەردە مەلۇم تېمىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى ئاساسى مەخسەت قىلىدۇ،بۇنىڭدىن چەتنىگەندە خۇددى بەش قولنى ئاغزىغا بىراقلا سېلىۋالىدىغاندەك ئىش يۈز بىرىدۇ.شۇڭا ئەسەرگە باها بەرگەندە ئىلمى بولۇش،پاكتلىق گەپ قىلىش كېرەك.

‹‹ئارىدىن قىرىق يىللار ئۆتكەندە ئۇ(سەمەت) بالىلىقىدا يۈرىكىگە ئوت سالغان لەيلىگۈل بىلەن غۇلجا شەهرىدە توساتتىن ئۇچۇرىشىپ قالىدۇ.بۇ چاغدا ئۇ ئۆز ئۆزىگە مۇنداق دەيدۇ:

-شۇ...شۇ...نەق ئۆزى شۇ...توۋا!-دەيتتى سەمەت ئۆز-ئۆزىگە،-مەن موشۇ ئايالنى ئۇچۇرىتىپ قالارمەن،دەپ ئۈمىدلىنىپ،قەشقەردىن داۋان ئاتلاپ چىقىپ ياقا يۇرتلاردا مۇساپىر بولۇپ ھازىرغىچە ئۆيلەنمەي يۈرگەن بولسام-ھە!ئەجەپ مەن ئۇنى قىرىمايدىغاندەك،ھازىرغىچە شۇ سۇمبۇل چاچ،كىچىكنە قىز ھالىتىدىلا كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ يۈرۈپتىمىنا...››

سەمەتنىڭ يوقارقى مونۇلۇگىغا قارىتا يالقۇن روزى مۇنداق دەيدۇ:‹‹سەمەتنىڭ بۇ مونۇلۇگىدا ئىشق ئوتىدا بىر ئۆمۈر ئۆرتەنگەن بىر ئادەمنىڭ مەرھۇم بولۇش تۇيغۇسى ئىپادىلەنمىگەن،بەختىنى تاپالمىغان بىر بەختسىز ئەرنىڭ ھەسرەتلىك نىداسىنىڭ سايىسمۇ كۆرۈلمىگەن،پەقەت بەختسىزلىكنىمۇ چۈشۈنىپ يېتەلمەيدىغان بىر دەلتە ئادەمنىڭ لەۋزالارچە ئىنكاسىلا ئايان بولغان خالاس. موشۇنداق ئالاھىدە ئەھۋالدا سەمەت دىگەن بۇ كالۋا پىرسۇناژ نىملەرنى قىلىدۇ،دىگەندە گويا سودىسى پۈتكەن كاززاپ سودىگەرگە ئوخشاش،ئۇ ئايال(بىر ئۆمۈر ۋىسالىغا يېتىشنى ئارزۇ قىلغان خۇپپيانە ئاشقى)ئېتىپ بەرگەن ئوخشىغان پولۇنى ئىشتىھا بىلەن يەپ،تويغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەلىسى ھەققىدە قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىدۇ. روماندىكى تەپسىلات ۋە تەسۋىرلەرنى ئوقۇغان ئوقۇرمەن سەمەت دىگەن بۇ پېرسۇناجنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئۇچىغا چىققان بىر گالۋاڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماي قالمايدۇ.››

سەمەت ‹‹خۇپپيانە ئاشقى›› ئۇ ئايال بىلەن ئوچراشقاندا 60 ياشلارغا كىرىپ قالغان بولۇپ يوقارقى مونۇلۇگ بىر ياشنىپ قالغان ئادەمنىڭ خارەكتىرىگە باپ كەلگەن،سەمەتنىڭ قارام،نوچى ياشلىق دەۋرى بولغان بولسا ئىدى ئوبزۇرچىنىڭ دىگىنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولاتتى.ئۇنىڭ ئۇستىگە 40يىل جەريانىدا ياشلىقتىكى ئوتلۇق ھېس-ھاياجانلارمۇ سوۋۇپ پەسكويغا چۈشۈپ كېتىدىغان گەپ، يالقۇن روزىچە بولغاندا ئۇلار كۆرۈشۈپلا يوتقانغا كىرىپ كەتسە بولاتتىكەندە.60 ياشلارغا بېرىپ قالغان نېكاسىز بىر ئەر بىلەن بىر ئايالغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇنداق خىيالدا بولۇش نىمدىگەن مەنتىقسىزلىق ھە!ئەگەر شۇنداق بولغاندا ئىدى بۇ ئۇيغۇرغا،ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە قىلىنغان بىر ھاقارەت بولۇپ قالغان بولاتتى، ھە نىمە بولسا ئۇستاز يازغۇچىمىز مەمتىمىن ھوشۇر يالقۇن روزىدەك خىيال قىلماپتۇ.

ئۇ يەنە‹‹دوستى قۇۋانغا دىگەن تۆۋەندىكى گېپىدىن ئۇنىڭ مەجرۇھ مەنىۋى دۇنياسىنى تېخىمۇ روشەن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ:›› دىگەن،ئەمىسە ئۇنىڭغىمۇ قاراپ باقايلى:

‹‹-باينىڭ ھېلىقى خېنىمىنىڭ ئىسسىق قۇيىنىنى تېپىپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن ھەممىنى ئۇنتۇدۇم دىگىنە...بوپتۇ، ئادەم دىگەن شۇ.ھېلىمۇ بولسا ئۇچۇراشتۇق،ئەمدى بىزدىن ئايرىلما! مانا، ماڭا ياردەمچى سالچى بولسەن، يېڭى ھۆكۈمەت كەلدى، ئەمدى ئىشلىرىمىز ياخشىلىنىپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ...ھە ھېلىقى باينىڭ خېنىمىنىڭ گېپىنى قىلە››

بۇ دىيالوگدىن نەدىمۇ سەمەتنىڭ ‹‹مەجرۇھ مەنىۋى دۇنياسى››نى كۆرگىلى بولىسۇن! يازغۇچى بۇ يەردە ئىنسان تەبىئىتىنى ئاشكارلاپ بىرىۋاتىدىغۇ. ئالدىدىكى مونولوگدا يالقۇن روزى سەمەتنى ‹‹نىمىشقا لەيلىگۈلنىڭ قۇينىغا كىرگۈزمەيسەن››دىسە،بۇنىڭدا ‹‹قۇۋان ساڭا باينىڭ خېنىمىنىڭ قۇينىدا نىمە بار›› دەۋاتقاندەك قىلىدۇ. بۇ خۇددى ھېلقى ئەخمەقنىڭ نەيزە بىلەن قالقىنىنىڭ ھېكايىسىدەكلا كۆلكىلىك بىر ئىش بولۇپ قالغان. قۇۋان باينىڭ خېنىمىنىڭ قۇينىغا كىرسە ياشلىق، بەڭباشلىق، مۇھتاجلىق مەزگىلىدە كىردى، بۇنىڭ نىمە خاتاسى بار. ئەگەر‹‹ يېڭى ھۆكۈمەت كەلدى،ئەمدى ئىشلىرىمىز ياخشىلىنىپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ...››دىگەن گەپتىن سەمەتنىڭ ‹‹مەجرۇھ مەنىۋى دۇنياسى››نى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ دىسە، بۇ تېخىمۇ يالغان گەپ. چۈنكى يېڭى ھۆكۈمەت كەلگەندە ئاما يېڭى ھۆكۈمەتتىن ئۆزلىرىنىڭ باياشات، خوشال-خورام ياشاشتەك ئۈمىد- ئارمانلىرىنى كۈتۈپ، ئۇنىڭغا چەكسىز مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدۇ ئەلۋەتتە، بۇ بىر ئەمەلىيەت. يازغۇچى بۇ يەردە ئەمەلىيەتنى يېزىپ روماندا چىنلىق ياراتقان.

دىمەك يالقۇن روزى رومانىنىڭ كىرىش سۆزىدە يازغۇچى مەتتىمىن ھوشۇرنىڭ قىزغىن ھېسسىياتتا دىگەن بىر ئېغىز گېپىنى تۇتتۇۋېلىپلا ئۆز پىكرىنى يورغىلاتقان. ئەگەر يازغۇچى رومانىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدىكى ئەشۇ گەپنى يازمىغان بولسا يالقۇن روزى نىمىنى يازاتتىكىن!

يازغۇچى بۇ روماندا سالچىلار تۇرمۇشىدىن ئىبارەت ئەينى دەۋر رېئاللىقىنىڭ بىر بۆلۈكىدىكى ئىشلارنى ناھايىتى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. سالچىلارنىڭ خارەكتىر ئالاھىدىلىكىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇلار ئۇرۇش-جىدەلدىن يانمايدىغان لۈكچەك ، ئىشقىۋاز، قىمارۋاز، جاھاننىڭ رەپتارى بىلەن كارى بولمايدىغان، ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەنلا ئۆتىدىغان بىر توپ،يالقۇن روزى بۇنى ھېس قىلىپ يەتكەن بولسا مېنىڭچە بۇ رومان ھەققەتەن ئۇتۇقلۇق چىقىپتۇ دەپ قارايمەن.

2013-يىلى6-ماي تاماملاندى

# 15-بوستانلىق مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قىسمىتى

**ئەسئەت سۇلايمان**



قۇملۇقلاردىكى پايانسىزلىق بىلەن بوستانلىقلاردىكى چەكلىمىلىك ھامان كىشىلەردە بىر خىل قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان زىددىيەتلىك كەيپىياتنى ھاسىل قىلىدۇ. تەكلىماكاننى چۆرىدەپ، بىر-بىرىدىن مۇئەييەن ئارىلىقتا ئايرىلىپ تۇرغان بوستانلىقلار گويا بارخانلار ئارىسىغا مەڭگۈ بەنت قىلىۋېتىلگەندەك كىشىگە يېتىملىك، غېرىبلىق ۋە دۇنيادىن ئايرىلىپ قالغانلىقتەك خامۇش ھېسسىياتنى بەخشەندە قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ يەردە ياشىغۇچى بوستانلىق خەلقلىرى ئاشۇ چەكلىك دائىرە ئىچىدە ياشاپ، چەكسىز دۇنيانى خىيال قىلىشقا، ئۆزلىرىنىڭ قۇرغاق كەيپىياتىنى رومانتىك ھېس-تۇيغۇلار بىلەن ھۆلدەشكە، زېرىكەرلىك ھايات چەمبىرىكىنى ئىلاھىي، سېھرىي ۋە غايىۋى مەزمۇنلار بىلەن كېڭەيتىشكە كۆنۈكۈپ كەتكەن. شۇڭلاشقا، ئۇلار ئۈچۈن يوللارنىڭ ئۇزاقلىقى، تۇرمۇشنىڭ بىر خىللىقى، قۇملۇقلارنىڭ جىمجىتلىقى ھېچ گەپ ئەمەس. ئۇلارغا نىسبەتەن ھەر بىر تال قۇم دانچىسىدا، سۇررەڭ قۇم بارخانلىرىدا، توپىلىق يوللاردا، جاھاننى مالىمان قىلىدىغان قۇم بورانلىرىدا ۋە توغراقلارنىڭ قاغجىرىغان شاخلىرىدىمۇ ئۆزگىچە خاس مەنە، ھاياتىي مەزمۇن بار. دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى كىشىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ تەبىئەتكە بولغان تونۇشى ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ ئوخشىماسلىقلار شەكىللەنگەن. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 40- يىللىرىدا بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىدا دىپلوماتىيە ئەمەلدارىنىڭ خانىمى بولۇپ تۇرغان دىئانا سىمپتون ئۆز ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىشتىن بۇرۇن، مەندىكى قۇملۇق ئۇقۇمى كىشىلەردىكى ئادەت بولۇپ كەتكەن قاراشقا ئوخشاش ئىدى. كۆز يەتكۈسىز پايانسىز قۇملۇق، تەبىئەتنىڭ

شەپقەتسىزلىكنى نامايان قىلغانىدەك كۆرۈنسىمۇ، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، بىر خىل ‹رومانتىك› كەيپىيات ئاتا قىلاتتى. ھەممىلا جاي بەئەينى بىر غايىبانە مەنزىرە، قۇملۇقتىكى قەبىلە باشلىقى، قاتارلىشىپ كېتىۋاتقان تۆگىلەر... مانا بۇلار قۇملۇقتىكى رومانتىك كەيپىياتنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ... لېكىن، مەن شىنجاڭدا باشقىچە بىر قۇملۇق مەنزىرىسىنى كۆردۈم. بۇ يەردىكى قۇملۇق تېخىمۇ شەپقەتسىز، سۇرلۇك، تىمتاس، زېرىكەرلىك ئىدى. كۆلرەڭ شېغىل پۈتۈن يەر يۈزىنى قاپلىغانىدى. بەزىدە دەل-دەرەخ، گىياھ تۇسىۋالغان تاشلارمۇ ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ ئۇيۇق سىزىقىغىچە يېيىلغانىدەك كۆرۈنەتتى. يىراقتىن ئەينەكتەك يالتىرىغان مەنزىرىلەر كۆزگە چېلىقاتتى. بۇ مەنزىرىلەر رومانلاردا تەسۋىرلەنگەن سەھرايى كەبىر چۆللۈكىدە دائىم كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، ئادەمنى كولدۇرلىتىدىغان دەرەخلەرنىڭ ئەكس سايىسىغىمۇ، ئادەمنى خۇشاللىققا چۆمدۈرۈپ، ئارقىدىنلا مەيۈسلەندۈرىدىغان خىيالىي مەنزىرىلەرگىمۇ ئوخشىمايدۇ. شىنجاڭدىكى قۇملۇقلارنىڭمۇ ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدە تەرەپلىرى بار، چەكسىز كەڭلىكى، ئۆلۈك ۋە زېرىكەرلىكىدىن باشقا، قۇملۇقتىكى جىمجىتلىق ۋە ئۇنىڭ كۆلىمى ئادەمدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ ھەمدە ئىختىيارسىز ھۆرمەت ۋە ئىلھامنى قوزغايدۇ...». مانا مۇشۇنداق ناچار تەبىئىي مۇھىتتا، تىمتاس ۋە زېرىكەرلىك كەيپىياتتا ھەمدە «گويا بىر مەھبۇسقا ئوخشاش، ئۆز ئەتراپىدىكى جۇغراپىيىۋى مۇھىت تەرىپىدىن قامال قىلىنغان» دۆلەتنىمە شارائىتتا ھەممىگە مەشھۇر بولغان تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىق مەدەنىيىتى يارىتىلدى.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى، قۇم بورانلىرىنىڭ زەربىسى، دەريالارنىڭ ئۆز ئېقىنىنى يۆتكىشى نەتىجىسىدە كۆپلىگەن مۇنبەت بوستانلىقلار ۋە قەدىمىي شەھەرلەر قۇم ئاستىغا غەرق بولدى. بۇ يەردىكى كىشىلەر گويا قۇم ۋە قۇرغاقچىلىق بىلەن ئېلىشىشقا يارالغاندەكلا نەدە سۇ بولسا، شۇ يەرگە سۈرۈلۈپ يېڭى بوستانلىقلارنى بەرپا قىلىپ كەلدى. تاغ، بوستانلىق ۋە قۇملۇقنىڭ گىرەلەشمە ھالەتتىكى بىر-بىرىنى شەرت قىلىدىغان مۇناسىۋىتى بۇ رايوننىڭ تارىختىن بۇيانقى مەڭگۈلۈك تەبىئەت دىئالېكتىكىسىنى ھاسىل قىلدى.

تالاي يىللار، ئاجايىپ قىسمەتلەر ئۆتۈپ كەتتى. تەكلىماكاندىكى قانچىلىغان شەھەرلەر خارابىگە ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ياكى يېرىم گەۋدىسىنى قۇم بېسىپ كەتتى. يېڭى بوستانلىقلارغا كۆچۈپ كەتكەن كىشىلەر ئەمدىلىكتە ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ خارابىگە ئايلىنىپ كەتكەن قەدىمىي شەھەرلەردىكى تارىخنى ۋە ئاجايىپ كەچمىشلىرىنى پاك-پاكىز ئۇنتۇپ كېتىشتى. تېخىمۇ ئېچىنارلىق يېرى شۇكى، ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجدادلىرى ياشىغان ئاشۇ تاشلاندۇق خارابىلەرنى «قالماق شەھىرى» دەپ ئاتاشتى. ئۆزلىرىنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ مۇشۇ جايلاردا ياشىغانلىقىنى، قۇم ئاستىغا غەرق بولغان قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ ئۆزلىرىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشتى.

تەبىئەتنىڭ تىنىمسىز زەربىسى ۋە بوستانلىقلاردىكى ھاياتنىڭ چەكلىمىدىكى بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ تارىخ تۈيغۇسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. قەدىمكى تارىخ بىلەن ئۇلارنىڭ بۈگۈنى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق ئۇزارغانسېرى ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشكە بولغان ھەقدارلىق ھېسسىياتى بارغانسېرى سۇسلىشىپ كەتتى. ئىسلامىيەتنىڭ 10- ئەسىردىن باشلاپ تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلارغا كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىششى نەتىجىسىدە ئىلگىرىكى پارلاق بۇددىزم مەدەنىيىتى بىلەن قاتتىق چەك-چېگرا ھاسىل قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، قۇمغا كۆمۈلگەن قەدىمكى خارابىلەرە ۋە ئۇنىڭغا دۆملەنگەن مەدەنىيەتكە نىسبەتەن ئۇلاردا بىر خىل ئىنكارچىلىق خاھىشى شەكىللىنىشكە باشلىدى. قۇم ئاستىدىكى ئاشۇ رەڭدارلىقى جۇلالىنىپ تۇرغان مەدەنىيەت جۇغلانمىلىرىنى ئۇز ئەجدادلىرىنىڭ ياراتقانلىقىغا، يەنە كېلىپ ئاشۇ قەدىمى مەدەنىيەت بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بارلىقىغا زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمىدى.
زامان پاراۋوزى توختىماستىن ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ۋاقىت نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۇنتۇلدۇرۇۋەتتى. بوستانلىقلاردىكى ئەلمىساقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر خىل تىمتاس ۋە تىندۇرما ھايات ئۆز رىتىمى بويىچە داۋام قىلماقتا ئىدى. ئەمدىلىكتە تارىم ئويمانلىقىنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىغا تىنىپ كەتكەن قەدىمكى مەدەنىيەت جاۋاھىراتلىرىدىن پەقەتلا كىشىنى ھەم جەلب قىلىدىغان ھەم ۋەھىمگە سالىدىغان ئاجايىپ-غارايىپ ئەپسانە-رىۋايەتلەرلا قالغانىدى.
قۇملۇق خەلقلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، قەدىمكى يوقالغان شەھەرلەر، ئالتۇن-كۈمۈش قاچىلانغان سىرلىق ساندۇقلار ۋە ئىشكىلىرى ئەپسۇن-جادۇ بىلەن ئېتىۋېتىلگەن خەزىنىلەر ھەققىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەر مىسلىسىز تارتىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلغاندىن كېيىن، خۇددى ياۋروپالىق دېڭىز تەۋەككۇلچىلىرى شەرقتىكى ئالتۇن-كۈمۈش ۋە خۇشپۇراق ماتېرىياللار بىلەن تولغان سىرلىق ئاراللار ھەققىدىكى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان رىۋايەتلەرگە ئىشىنىپ، تۈركۈم-تۈركۈملەپ دېڭىز سەپىرىگە ئاتلانغىنىدەك، مەركىزى ئاسىيادىكى پىنھان بوستانلىقلاردا ياشاپ كەلگەن بۇ ساددا كىشىلەرمۇ تاسادىپىي كېلىپ قالىدىغان سىرلىق ئامەتلەرگە شەكسىز ئىشىنەتتى .
شۇڭلاشقا، ئۇلاردا ئالتۇن تېزەكلەيدىغان ئېشەك، گۆھەر تۇغىدىغان توخۇ، تۈرلۈك نازۇ-نېمەتلەرنى پەيدا قىلالايدىغان سۇپرا، پادىشاھلىق تەختىنى ئاتا قىلالايدىغان سۇمۇرۇغ قۇش ۋە كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان ھۆر-پەرىلەر ھەققىدىكى گۈزەل رىۋايەتلەرنىڭ كەڭ تۈردە ئەۋج ئالغانلىقىنىڭ ھېچقانچە ئەجەبلىنەرلىك يېرى يوق ئىدى .ئۇلار ھەتتا ئەرەبلەر، پارسلار، ھىندىلار ۋە قەدىمكى يۇنان-رۇملۇقلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئىسكەندەر پادىشاھ، سىندىباد ساياھەتچى، ئەسھابۇل كەھف، ئەلى بابا ھەققىدىكى مەشھۇر رىۋايەتلەرنىمۇ ناھايىتى تېزلا ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇۋېتەلەيتتى.

هالبۇكى، تاسادىپىيلىق ئىچىدە ئامەتكە ئېرىشىش، تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ بىراقلا بېيىپ كېتىش ھەممە تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش پسىخىكىسى بوستانلىق خەلقلىرى ئىچىدە ئالاھىدە بىر ئىجتىمائىي قاتلام ــ قۇملۇقتىكى «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر»نى شەكىللەندۈردى.

»گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» ــ قۇمغا كۆمۈلگەن قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى، چوڭ تېپتىكى قەبرىستانلىقلار ۋە مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نۇقتىلىرىنى تىمسقلاپ ئاختۇرۇپ، بايلىققا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان «تەلەي سىنىغۇچىلار» گۇرۇھى ئىدى .ئۇلار خەلق ئىچىدە «كېپەن ئوغرىلىرى» دېگەن قورقۇنچلۇق نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇزۇقچىلىق خاراكتېرلىق پائالىيەتىرى دەسلەپتە كونا قەبرىلەر ۋە خارابىلەرنى قېزىپ ئالتۇن-كۆمۈش ھەممە پۇلغا يارىغۇدەك بۇيۇملارنى ئىزدەش بىلەنلا چەكلەنگەنىدى. ئەمما، 19- ئەسرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدىن باشلاپ ياۋروپالىق تەۋەككۇلچىلەر ۋە ئېكسپېدىتسىيچى خادىملار ئارقا-ئارقىدىن تارىم ئويمانلىقىغا يېتىپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ جايدىكى ئارخېئولوگىيىلىك ۋە جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈشلىرىنى باشلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى مەخسۇس ئاسارە-ئەتىقە، قەدىمكى قولىيازملار، ھەر خىل تىللاردىكى ھۆججەتلەر، لاي پۇتۇكلەر ۋە نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرىنى يىغىپ، ياۋروپادىكى ھەر قايىسى مۇزېيلارغا يولغا سالدى. بۇنىڭ بىلەن ئەڭ دەسلەپ خوتەن بوستانلىقلىرىدا ««گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر»، ‹كېپەن ئوغرىلىرى› ئالاھىدە بىر ئىجتىمائىي كۈچ سۈپىتىدە شەكىللىنىپ ئۆلگۈردى. ئۇلارنىڭ قارا قولى چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيچىلىرىدىن ئىلگىرىلا كونا خارابىلەرگە تېگىپ بولغانىدى! .«

ئۇلار خوتەن بوستانلىقىدا ئالاھىدە ئىجتىمائىي كۈچ سۈپىتىدە ئۇيۇشۇۋاتقان بىر پەيتتە، يەركەن، قەشقەر، كۇچا ۋە تۇرپان بوستانلىقلىرىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» قوشۇنى جىددىي رەۋىشتە مەيدانغا چىقتى. چۈشىدىمۇ پۇل ۋە بايلىق چۈشەيدىغان بۇ تەۋەككۇلچىلەر ھاياتىنى دوغا تىكىپ قەبرىمۇ قەبرە، خارابىمۇ خارابە ئايلىنىپ يۈردى. قولغا چۈشۈرگەن ئولجىلىرىنى بىر قانچە تەڭگىگە سېتىۋېلىش ئۈچۈن كۆك كۆز، سېرىق چاچ پەرەڭلەرنىڭ يولىغا كۆزلىرى تېشىلگىچە قاراپ تۇراشتى. تۇيۇقسىز بىر كۈنى قاياقتىندۇر بىر ئەجنەبىي پەرەڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭ ئۇلار ئۆۋسى بۇزۇلغان چۈمۈلدەك تەرەپ-تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ «ئولجا»لىرىنى ئۇنىڭغا كۆز-كۆز قىلاتتى. چېنقىلىپ تۇرۇپ باھا تالىشاتتى. ئاخىرىدا بىر قانچە تەڭگىگە ئېرىشكەندىن كېيىن «خۇداغا شۈكرى، ئەسكى-تۈسكى، جۇلدۇر-كېپەننى شاراقلاپ تۇرىدىغان تەڭگىگە ئالىدىغان ئەخمەق پەرەڭنى ئەجەب بابلىدىم!» دېگىنىچە ئۆز يولىغا راۋان بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قىسىم پىشقانلىرى، ھەتتا ئۇيمۇئۆيۈ يۈرۈپ تېپىلمىلارنى ئەرزان باھادا يىغقاندىن كېيىن، ئەجنەبىي پەرەڭلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرماي، ئۇزاق دەشت-باياۋانلارنى كېزىپ قەشقەرگە باراتتى ھەممە ئەنگلىيە، چارروسىيە، شۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىلىرىغا

سېتىپ بېرەتتى. چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ ئەسلىمىلىرىگە قارىغاندا، 20- ئەسىرنىڭ دەسلەپكى چارىكىدە خوتەن ۋە يەركەن بوستانلىقلىرىدىن بىر قىسىم كەسىپىي «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر»نىڭ ئۆز «ئولجا»لىرىنى ئات-ئېشەككە ئارتىپ، قارا قۇرۇمدىكى شەيدۇللاھ ئېغىزى ئارقىلىق ھىندىستاننىڭ كەشمىر رايونىدىكى گىلگىت، سىرىناگار، خۇنزا قاتارلىق شەھەرلىرىدىكى ئەنگلىيىلىك ئاسارە-ئەتىقە سودىگەرلىرى بىلەن بىۋاستە سودىلاشقانلىقى مەلۇم.

ئاۋرېل ستەيىن ئۆزىنىڭ «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» ھەققىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «گۆھەر ئىزدەش» دېگىنىمىز، ئىلگىرى ئاھالە ئولتۇراقلاشقان، ھازىر تاشلىنىپ قالغان جايلارغا بېرىپ، قىممەتلىك مېتاللارنى ئىزدەش ئىدى. بۇ ئىش ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن خوتەن بوستانلىقىدا بىر خىل ئادەت بولۇپ قالغان. مەسىلەن، ئالتۇن چايقاش، قاشتېشى قېزىش... قاتارلىقلار. ئامەت كېلىپ قالار دەپ ‹گۆھەر قېزىش›، ئەمەلىي تىرىكچىلىك يولىنى تاپالمايدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن مۆلچەرلىگۈسىز بىر خىل ئېزىقتۇرۇش كۈچىگە ئىگە ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قەشقەر ھەم باشقا جايلاردىن كەلگەن ياۋروپالىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىپ ساقلىغۇچىلارنىڭ تەلىپى بىلەن يېرىم كەسىپلىشىپ كەتكەن بۇ ‹گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر› بەلگىلىك مۇددەتتە قەدىمكى خارابىلەرنى زىيارەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىپ، قەدىمكى يادىكارلىقلارنى ئىزدەشنى يۈل تېپىشنىڭ ئىككىنچى كەسپى قىلىۋالغانىدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن خوتەن بوستانلىقىدا تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ، تەلەي سىناپ باقىدىغان «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر «قوشۇنىمۇ بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىغانىدى.

شۇنداق قىلىپ، تەكلىماكاندىكى مەدەنىيەت ئەتكەسچىلىكى ئەجنەبىيلەرنىڭ بىر قانچە تەڭگىسىنى قىزىقتۇرۇشى بىلەن ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. بۇ ئادەملەر — قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتىنى قۇرغۇچىلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۆز قوللىرى بىلەن ئاتا بوۋىلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى كولاپ، كېپەنلىرىنى بۇزدى. قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنى ئاختۇرۇپ، قىممەتلىك يادىكارلىقلارنى ساتتى. قەدىمكى خارابىلەردىن يىغىۋېلىنغان زور مىقداردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئۆلگەن تىللاردىكى ۋەسىقە ھۆججەتلەر توپ-توپى بىلەن روسىيىنىڭ پېتېربۇرگ شەھىرىگە، گېرمانىيىنىڭ بېرلىن، ھامبۇرگ شەھەرلىرىگە، ئەنگلىيىنىڭ لوندون، شۋېتسىيىنىڭ ستوكھولم قاتارلىق شەھەرلىرىدىكى موزېيلارغا ئېلىپ بېرىلدى. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە ياپونىيە، فرانسىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق ئەللەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرىمۇ بۇ قىممەتلىك »ئولجىلار»دىن قۇرۇق قېلىشنى خالىمىدى. ئامېرىكىلىق ۋارنېر 1923- يىلى تۇرپان بېزەكلىكتىكى 12 پارچە تام رەسىمنى خىمىيىۋى ئېرىتمە بىلەن قومۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن: «20 يىلغا قالمايلا بۇ يەرنىڭ ھېچبىر كۆرگۈچىلىكى قالمايدۇ «!دېگەنىدى.

»گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» ئۆزلىرى يىغىۋالغان تۈرلۈك بۇيۇملارنى ئەجنەبىيلەرگە سېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن بۇ يەرگە يوپۇرۇلۇپ كەلگەن «گۆھەر يىغقۇچى «پەرەڭلەرگە يول باشلىغۇچى بولدى. ئۇلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، سۋېن ھېدىن، ئاۋرېل ستەيىن، گرۇنۋېردىل، فون لېكوك، پېللىئوت ۋە ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرىگە ياللىنىپ، ئۆزلىرى بىلىدىغان قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئەجنەبىيلەرنى باشلاپ باردى. ئۇلارنىڭ قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن مەدەنىيەت جاۋاھىرلىرىنى كولاپ ئېلىپ كېتىشىگە قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇردى. ئەجنەبىي پەرەڭلەرنىڭ نېمىلەرگە قىزىقىدىغانلىقىنى، قانداق نەرسىلەر پۇلغا يارايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا تىرىشتى.
بۇنىڭ بىلەن «كېيىن ئوغرىلاش»نى كەسىپ قىلغان بۇ «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر «ئۇچۇن تېپىلغۇسىز پۇرسەتلەر يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئۆز قوللىرى بىلەن ئۆز ئەجدادلىرى قالدۇرغان مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئەجنەبىيلەرنىڭ ئەرزىمەس، تەڭگىلىرىگە تېگىشلىك خۇشاللىق بىلەن رازى بولۇشتى. ئۇلار ئۆزلىرى سېتىۋاتقان ئاشۇ «ئەسكى-تۈسكى»لەرنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ دۇنيانىڭ قەيەرلىرىگە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى، شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىپ، ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ ھامان بىر كۈنى ئاشۇ نەرسىلەرگە ھاجەتمەن بولىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىدى. پۈتۈن دۇنيا يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرىغا چۆمۈلگەن، ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى مەۋجۇتلۇق ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈۋاتقان مىللىي ئاڭ ۋە دېموكراتىك پىكىر ئېقىملىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، تارىم ئويمانلىقىدا يۈز بېرىۋاتقان مەدەنىيەت بۇزغۇنچىلىقى كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ ئازابلايتتى. ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلمەسلىك، ئۆز ئۆتمۈشىنى پاك-پاكىز ئۇنتۇپ كېتىش، ئۆز قولى بىلەن ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ قەبرىسىنى كولاپ، كېيىنلىرىنى باشقىلارغا سېتىش ھەمدە تارىخقا، ئۆتمۈشكە، مەدەنىيەت مىراسلىرىغا نىسبەتەن قىلچىمۇ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولماسلىق ... مانا بۇ بىر مىللەتنىڭ ھەقىقىي تراگېدىيىسى ئىدى!
ستەيىن ئۆزىنىڭ خوتەندىكى «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر»نىڭ قولىدىن قانداق قىلىپ بىر مۇنچىلىغان يادىكارلىقلارنى يىغىۋالغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى» :خوتەندە تۇرۇپ قالغان قىسقىغىنا بىر نەچچە كۈن ۋاقىتنىڭ كۆپ قىسمى دېگۈدەك يەرلىك دېھقانلار ۋە ‹گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر› ئېلىپ كەلگەن قەدىمكى پۇل، ساپال ھەيكەل ۋە باشقا قەدىمكى بۇيۇملارنى تەكشۈرۈشكە كەتتى. تاغارغا لىق قاچىلانغانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى سۇنۇپ كەتكەن ساپال پارچىلىرى، مېتال پۇللار بولۇپ، ئۇلار يوتقان خارابىسىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇرۇنقى يىغىپ ساقلانغان قەدىمىي بۇيۇملار ئارىسىدىمۇ ناھايىتى داڭلىق بۇيۇملار بار ئىدى. بىرىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈش مەن ئۈچۈن بەكمۇ ياخشى بىر چېنىقىش بولدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن كەسپىي ‹گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر›نىڭ قىزىقىشىنى قوزغاش ئۈچۈن،

دەسلىپىدىلا كۆپ مىقداردا سېتىۋېلىشىم كېرەك، دەپ ھېس قىلغانىدىم .تەبىئىيكى، مەنمۇ ئاشۇ ناتونۇش يېزىقتا يېزىلغان ياكى ‹ئويما باسما›دىكى ‹قەدىمىي كىتاب›لارنى سۈرۈشتە قىلىشقا دىققەت قىلدىم. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قەشقەردىكى ياۋروپالىق يىغىپ ساقلىغۇچىلارنىڭ قولىدا خوتەندىن سېتىۋېلىنغان بۇنداق قەدىمىي كىتابلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە ئىدى». «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر «قۇملۇقلارنىڭ تەبىئىي شارائىتىنى بەش قولدەك پىششىق بىلەتتى. قانداق ۋاقىتلاردا قۇملۇقلاردىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنىڭ ئېچىلىپ قالىدىغانلىقىنى، قانداق جاينى كولىسا نېمىلەر چىقىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇلاردا ئاجايىپ بىر خىل پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ۋە سەزگۈ مەۋجۇت ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىدىكى بۇ تەبىئىي ئىقتىدارغا تايىنىپ، باشقىلارغا دېڭىزدىن يىڭنە ئىزدىگەندەك قىيىن تۇيۇلىدىغان قۇملۇقتىكى قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىنى ئاسانلا تېپىۋالاتتى. چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر بۇ يەرلەرگە قەدەم بېسىشتىن خېلى زامانلار ئىلگىرىلا «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر»نىڭ ئاياغ ئىزلىرى ھەر قايسى خارابىلەرگە بېرىپ ئۈلگۈرگەن ۋە ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى بىر قۇر قىدىرىپ بولغانىدى. تەكلىماكانغا دەسلەپ قەدەم باسقان چەت ئەل ئارخېئولوگلىرىدىن سۈپىن ھېدىن «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر»نىڭ بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرلىك بايلىق ئىزدەش يۈرۈشلىرى بولمىغىنىدا، بەزى مۇھىم مەدەنىيەت ئىزلىرىنى بىر قەدەر ئەسلى قىياپىتى بىلەن ساقلىغىلى بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ نوقۇل ئالتۇن-كۈمۈشتىن باشقا بارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئەرزىمەس نەرسىلەر دەپ بۇزۇپ-چاچىدىغانلىقىنى، ھەتتا بەزىدە بۇتلارنىڭ ئىچىدىن گۆھەر چىقىدۇ، دەپ بۇتلارنى چاقىدىغانلىقىنى يازىدۇ. سۈپىن ھېدىن يەنە بۇ كىشلەرنىڭ قۇملۇقنىڭ ھاۋارايىغا ناھايىتى سەزگۈر ئىكەنلىكىنى، كېرىيىنىڭ بۇراسان دېگەن يېرىدىكى بۇ كەسپىي «كېپەن ئوغرىلىرى»نىڭ يىلدا بىر كېلىدىغان چوڭ بوراندىن كېيىنكى قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىنىڭ ئېچىلىپ قېلىش پەيتىنى زادى قولدىن بەرمەيدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇp .

خوتەن بوستانلىقىدىن باشقا، يەركەن، قەشقەر، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق يۇرتلاردىمۇ زور بىر تۈركۈم «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» قوشۇنى ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ تىنىمسىز تۈردىكى تەۋەككۈلچىلىك خاراكتېرلىك قىدىرىشلىرى ۋە «تەلەي سىناش»لىرى نەتىجىسىدە قەدىمكى خارابىلەر ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. سان-ساناقسىز يادىكارلىقلار ناتونۇش پەرەڭلەر تەرىپىدىن ئالىلقاياقلارغا ئېلىپ كېتىلدى. ئالتۇن-كۈمۈش ۋەسۋەسىسى بۇ كىشلەرنىڭ كاللىسىنى قىزدۇرۇپ، ھەتتا ئەسەبىيلىك دەرىجىسىگە ئېلىپ باردى .ستەيىن بىرىنچى قېتىم خوتەنگە كېلىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا تەكلىماكاندىكى بىر قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىن ئاجايىپ نەپىس ياسالغان بىر مۇنچە بۇتلارنى بايقىغان بولۇپ، ئېلىپ كېتىشكە ئېغىر ھەم قولايسىز بولغانلىقتىن ئامالسىز قايتىدىن قۇمغا كۆمۈپ قويىدۇ. بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ خوتەنگە ئىككىنچى قېتىم كەلگىنىدە ھېلىقى خارابىگە

بىرىپ ئىلگىرى كۆمۈپ قويغان بۇتلارنى ئېلىپ كەتمەكچى بولىدۇ .ۋەھالەنكى، بايلىق تەمەسىدە ئەسەبىيلەشكەن «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» بۇ بۇتلارنى ئاللىقاچان كولاپ چىقىرىپ، ئىچىدە ئالتۇن-كۈمۈش بارمىكىن، دەپ چېقىپ پارە-پارە قىلىۋەتكەنىدى. ستەيىن بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆرۈپ يىغلاپ تاشلىغانلىقىنى يازىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا شۇ يىللاردا يەنە ھەر قايسى بوستانلىقلاردا كونا خارابىلەرنى بۇزۇپ، ياغاچ-تاشلىرىنى ئىشلىتىش، «ئۇغۇت قىلىش» مەقسىتىدە كونا ئىمارەتلەرنى ئۆرۈش، تۇپىلىرىنى ئېلىپ كېتىش ئىشلىرى ئەۋج ئالغانىدى. غەرب سەيياھلىرى يازغان بەزى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپانلىق بىر دېھقاننىڭ كونا ئىدىقۇت خارابىسى تۇپىسىنى كەتمەندە چوقۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن بۇ تۇپىنى چوقۇۋېدىغانلىقىنى سورىغىنىدا، ئۇنىڭ بۇ تۇپىنىڭ يەرگە ناھايىتى ياخشى ئوغۇت بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقى مەلۇم. ھەتتا، بەزى دېھقانلارنىڭ كونا خارابىلەرنى كولاپ تۇپىسىنى ئېلىش جەريانىدا ئۇچرىغان قەدىمكى قولىيازما ۋە ھۆججەتلەرنى ئاتالمىش موللىلارنىڭ «يامان بولىدۇ». «دىنسىزلارنىڭ كۇپىرلىق يازمىلىرى» دېگەن پەتىۋالىرى بىلەن نابۇت قىلىۋەتكەنلىكى كىشىنى تېخىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. گېرمانىيىلىك فون لېكوك ئۆزىنىڭ «جۇڭگو تۈركىستانىدا ساقلىنىۋاتقان گۆھەرلەر» ناملىق كىتابىدا تۇرپان ئاستانىلىق بىر دېھقاننىڭ ئىدىقۇت خارابىسىدىكى بىر تام ئارىسىدىن بىر ھارۋا توشقۇدەك كونا قولىيازمىلارنى تېپىۋالغانلىقىنى، بىراق موللامنىڭ جازالىشىدىن قورقۇپ، سۇغا ئاققۇزۇۋەتكەنلىكىنى ئېيتقانلىقىنى يازىدۇ r.بۇ دېھقاننىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قولىيازمىلارنىڭ سەھىپىلىرى ئالتۇن ھەل بېرىلگەن، ھەر خىل رەڭدار رەسىملەر بىلەن بېزەلگەنىكەن. تۇرپان، كۇچا تاشكېمىرلىرىدە ئاتايىن سامانغا ئوت يېقىپ ئىسلاپ غەيرى دىنىنىڭ تام رەسىملىرىنى قارايتىۋېتىش ھادىسىلىرى يۈز بەرگەن.

»گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» كونا خارابىلەردىكى پۇلغا يارىغۇدەك مېتال بۇيۇملار، ساپال قاچىلار، لاي بۇتلار ۋە باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بىر قۇر سېتىپ بولغاندىن كېيىن، ئەمدىلىكتە ئەجنەبىي پەرەڭلەرنىڭ قەدىمكى كىتابلارغا، كونا قولىيازمىلارغا بەكمۇ قىزىقىدىغانلىقىنى بىلىۋالغانىدى .بۇنىڭ بىلەن ئۇلار كەڭ كۆلەمدىكى كونا قولىيازمىلار ۋە قەدىمكى يازما ۋەسىقىلەرنى يىغىپ سېتىش پائالىيىتىنى باشلىۋەتتى. بۇنداق قولىيازما ۋە قەدىمكى ھۆججەتلەرنى ساتقۇچى بېدىكلەر ھەممىلا يۇرتلاردا بار بولۇپ، خوتەندە ئىسلام ئاخۇن، نىياز موللام ۋە تۇردى ئاخۇنلار خېلىلا مەشھۇر ئىدى. بولۇپمۇ، ئىسلام ئاخۇننىڭ ساختا قولىيازما ياساپ سېتىشتەك قىلمىشلىرى يىراقتىكى ياۋروپالىقلارنىمۇ چۆچۈتىۋەتكەنىدى. كونا كىتاب ۋە قولىيازمىلار سودىسى ئەينى چاغدىكى چەت ئەللىكلەر كۆپ كېلىدىغان قەشقەردە خېلىلا كەسىپلەشكەنىدى. گۇننار ياررىڭ ئۆزىنىڭ «قەشقەرىيىگە قايتا سەپەر» ناملىق ئەسلىمىسىدە، 1929- يىلى قەشقەرگە تۇنجى قېتىم بارغان چېغىدا، بۇ شەھەردە كونا

قولىيازمىلارنى ساتقۇچى بېدىكلەرنىڭ خېلىلا كۆپلۈكىنى تىلغا ئالدۇ. ئۇ روزى ئاخۇن دەيدىغان بىر قولىيازما تىجارەتچىسى بىلەن تۇنجى قېتىملىق ئۇچرىشىشنى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «روزى ئاخۇن بىر كۈنى بالىخانىدىكى ئۆيۈمگە مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى› .ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم› دەپلا پەگادا ئولتۇرۇپ، دۇمبىسىدىكى خورجۇنىدىن ساتىدىغان نەرسىلەرنى چىقاردى. ئۇ باشتا ماڭا نەپىس گۈللەر چېكىلگەن خوتەننىڭ مىس چۆگۈننى كۆرسەتتى. كەينىدىن قەشقەردە سوقۇلغان كۈمۈش زىرىنى تەڭلىدى. بۇ ئىككى نەرسىنى شۇ ئانىلا ياقتۇرۇپ قالدىم. ئۇ خورجۇنىدىن يەنە جۇڭگونىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىنىڭ مەلۇم يېرىدە ئىشلەنگەن كۆرۈشكا، سىر بېرىلگەن قاچا، بىر نەچچە كەشتە ۋە باشقا نۇرغۇن نەرسىلەرنى چىقاردى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر ھازاغىچە سودىلىشىپ يۈرۈپ، مىس چۆگۈن بىلەن كۈمۈش زىرىنى ئالدىم. قالغان نەرسىلەر ئۆزىگە قالدى. مانا بۇ روزى ئاخۇن بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى سودا ـ سېتىقنىڭ باشلىنىشى، شۇنداقلا ئۆزئارا تونۇششىمىزنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى. كېيىنچە بۇ خىل تونۇشۇش دوستلۇققا ئايلاندى. روزى ئاخۇن نېمىگە بەك قىزىقىدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا كىتاب ۋە قولىيازمىلارغا قىزىقىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ كېلەركى نۆۋەتتە ئەكېلىشكە ۋەدە قىلدى».(10)

ئومۇمەن ئېيتقاندا، قەدىمكى قولىيازما ۋە ھۆججەتلەرنى ئاساس قىلغان »گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» قاتلىمى خوتەن بوستانلىقىدا باشقا ھەر قانداق رايونلارغا قارىغاندىمۇ خېلىلا كەسىپلەشكەنىدى. ئىسلام ئاخۇننى مەركەز قىلغان «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» گۇرۇھى ئەجنەبىيلەرنىڭ كىتاب ۋە قەدىمكى قولىيازمىلارغا بەكرەك قىزىقىدىغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، تۇنجى تۈركۈمدىكى «ئولجا»لىرىنى بىۋاستە قەشقەرگە ئاپىرىپ سېتىپ خېلىلا پايدىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ نەپسى تېخىمۇ يوغىناپ كەتتى. ئادەملەرنىڭ ئالىلقاچان ئاياغلىرى تېگىپ بولغان قەدىمكى خارابىلەردىن قىممەتلىك يازما ۋەسىقىلەرنى ئىزدەپ تېپىش تولىمۇ مۇشكۈل ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى «ئولجا»لارغا داۋاملىق ئېرىشىش ئۈچۈن چۆل-جەزىرىلەردە ئاي-ئايلاپ تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا، باشقىلار بېرىپ باقمىغان يېڭى خارابىلەرنى ئىزدەپ تېپىشقا توغرا كېلەتتى.

خاراكتېرى خوتەن كىشىلىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان، قۇۋلۇق-شۇملۇقتا خېلى يېتىلگەن ئىسلام ئاخۇن چۆل-جەزىرىلەردىكى ھاياتنى دوغا تىكىپ »گۆھەر ئىزدەش» جاپاسىنى قاتا تارتىشنى خالىمىدى. خۇددى ستەين ئېيتقاندەك: «بۇنداق زېرىكىشلىك قۇم بارخانلىرىنى ئاختۇرۇش ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى جاپالىق، شۇنداقلا قەدىمكى نەرسىلەرنى تېپىش ئۈمىدىمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. بۇ ئىسلام ئاخۇندەك ئەقىللىق ئادەم ئۈچۈن ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەدىمي كىتابلارنى ياساش ئۇسۇلى ئارقىلىق مۆتىۋەرلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ئويلاپ چىققان».(12)

شۇنداق قىلىپ، ئىسلام ئاخۇن ئىبراھىم موللا باشچىلىقىدىكى بىر قانچە شېرىكلىرى بىلەن ساختا قولىيازمىلارنى ياساشقا رەسمىي كىرىشكەن. ئىبراھىم موللا رۇسچىنى ئازراق بىلگەچكە، روسىيىلىك «قەدىمىي كىتاب» ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا، ئىسلام ئاخۇن ئاساسلىقى ئەنگلىيىدىن كەلگەن كىشىلەرنى ۋە باشقا يېغىپ ساقلىغۇچىلارنى تەمىنلەشكە مەسئۇل بولغان. (13(

ئۇلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ياسىشى بىلەن پۈتكەن تۈنجى تۈركۈمدىكى «قەدىمىي كىتابلار» 1895-يىلدىن باشلاپ، ئەنگلىيە بىلەن روسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىلىرىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا سېتىلغان. بولۇپمۇ، 1895-، 1898- يىللىرى ئارىلىقىدا ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ نامىدا سېتىۋېلىنغان تۈرلۈك ھۆججەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى خوتەندىكى ئاتاقلىق «گۆھەر ئىزدىگۈچى» ئىسلام ئاخۇندىن سېتىۋېلىنغان. (14) خوتەندىن كەلتۈرۈلگەن بۇ ساختا قولىيازمىلار، ھەتتا كالكۇتتا، لوندون، پارىژ ۋە سان-پېتربۇرگ مۇزېيلىرىغىچە يەتكۈزۈلگەن. ستەيىن ئىككىنچى قېتىم خوتەنگە كەلگىنىدە ئىسلام ئاخۇننى تۇتۇپ سوراق قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئىقرارىغا ئاساسەن مۇنداق دەپ يازىدۇ» :ئۇلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، دەسلەپتە ياسالغان ساختا قولىيازمىلار دەندان ئۆيلۈكتىن تېپىۋېلىنغان ھەقىقىي قولىيازمىلارنىڭ پارچە بەتلىرىدىكى ئۇلاپ يېزىلغان براخمى يېزىقى نۇسخىلىرىغا تەقلىد قىلىنغان. گەرچە بۇ ساختىپەزلەر باشتىن-ئاخىر ئۆزلىرى بىلىدىغان بىرەر يېزىقتا مەزمۇنلىرى باغلىنىشىدىغان بىرەر كىتابنىمۇ ياسىيالمىغان بولسىمۇ، لېكىن دەسلەپكى دەسلەپكى ساختا ماللىرى ناھايىتى نەپىس، ياخشى ياسىلىپ، بىر مەزگىل ياۋروپالىق ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئالداپ كېتەلىگەن.... بۇ مەھسۇلاتلار قەشقەردە ناھايىتى يۇقىرى باھادا سېتىلىپلا قالماي، بەلكى لاداق بىلەن كەشمىردىمۇ ناھايىتى يۇقىرى باھادا سېتىلغان. بۇ ساختا مال ياسىغۇچىلار ئۈچۈن زور رىغبەت بولغان. ئىسلام ئاخۇن ئۆزلىرى ياسىغان كىتابلارنىڭ ناھايىتى يۇقىرى باھادا سېتىلىۋاتقانلىقىنى ھەم بىرەر ياۋروپالىقنىڭ بۇ يېزىقنى بىلمەيدىغانلىقىنى، شۇنداقلا، ئۇلارنى پەرقلەندۈرەلمەيدىغانلىقىنى ناھايىتى ئاسانلا بايقىۋالغان. شۇڭا، ئۇلار قەدىمكى ۋەسىقىلەردىكى ھەقىقىي خەت نۇسخىلىرىنى ئۇنچىلىك ئىنچىكە دورىمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى بىلگەن-دە، ئۆزى خالىغانچە ‹ناتونوش يېزىق›لاردىكى ھۆججەتلەرنى ياساۋەرگەن».(15(

ستەيىننىڭ ئىسلام ئاخۇننى سوراق قىلغان خاتىرىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ساختا قولىيازمىلارنى قولدا ياسىغاندا ئىش ئۇنۇمى ناھايىتى ئاستا بولغان .شۇڭلاشقا، ئىسلام ئاخۇن كىچىك تېپتىكى زاۋۇت قۇرۇپ، ياغاچ تاختىلارغا خەت ئويۇش ئارقىلىق كۆپ مىقداردىكى خوتەن قەغىزىگە ھەر خىل خەتلەرنى باسقان، ئۇلار ئاندىن خەت بېسىلغان قەغەزلەرنى توغراق يىلمى بىلەن سېرىق ياكى سۇس قوڭۇر رەڭدە بويىغان .بويالغان قەغەزلەرنى ئوتتا قاقلاپ ئىسلاش ئارقىلىق ئالاھىدە قەدىمىي قەغەزلەرنىڭ رەڭگىگە ماسلاشتۇرغان. بەزى قەغەزلەر ئوتتا قاقلاپ ئىسلاش جەريانىدا ئېھتىياتسىزلىقتىن

چۆرىلىرى كۆيۈپمۇ كەتكەن. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلار تەييار بولغان قەغەزلەرنى يىپ ياكى شوينا بىلەن تىكىپ توپلىگەن. ئەمما، توپلەش تېخنىكىسى جەھەتتىن ھازىرقى زامان كىتابچىلىقىنىڭ ئۇسۇلىنى قوللانغاچقا خېلىلا چاندۇرۇپ قويغان.

ئىسلام ئاخۇننىڭ شەيتانىي ئۇسسۇلغا سالالىغۇدەك بۇ ھىيلىگەر كالللىسى ياۋروپالىق يىغىپ ساقلىغۇچىلار ۋە قەدىمكى ئۆلگەن تىللاردىكى قولىيازمىلارنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسسلەرنى بىر مەھەل تازا كولدۇرلاتتى. ھەتتا، بەزى مەشھۇر ئالىملار تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى خوتەن بازىرىدا توزۇلۇك خەت ساۋاتىمۇ يوق بىر كىشى تەرىپىدىن ياسالغان ساختا قولىيازمىلاردىكى «ناتونۇش خەت»لەرنىڭ سىرىنى يېشىش ئۈچۈن قانچە يىللىغان ۋاقتىنى زايا قىلدى. ئەنگلىيىلىك پېتىر فوبكىرك ئىسلام ئاخۇننىڭ ساختا كىتابلىرى ھەققىدە غەزەبلەنگەن ھالدا مۇنداق دەپ يازدى: ماكارتنېي )ئەنگلىيىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى) بىلەن پېتروۋسكىي )چارروسىيىنىڭ قەشقەردىكى كنسۇلى)غا بىرلا ۋاقىتتا قەدىمكى ھۆججەتلەرنى بېرىپ تۇرغان يەرلىك ئاساسلىق ھۆججەت ساتقۇچى ئىسلام ئاخۇن دېگەن ئادەم بولۇپ، ئۇ بۇ ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن بولۇۋاتقان سۈركىلىشلەردىن پايدىلىنىش قارارىغا كەلگەندى. ئىسلام ئاخۇننىڭ باشتا بەرگەنلىرى ھەقىقىي بۇيۇم ئىدى. ئەمما، كېيىنچە ئۇ بۇ ئىككىيلەنگەن ‹ئۆزى قاتتىق مېڭە ئىشلىتىپ ياساپ چىققان› قەدىمىي ھۆججەتلەرنى ئۇزۇلدۇرمەي بېرىپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ خەۋپ-خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ تەكلىماكان قۇملۇق ئىچىگە كىرىپ، بۇ نەرسىلەرنى ئىزدىمەيدىغان بولدى. ئاقىۋەت ئاۋرېل ستەيىن ئىسلام ئاخۇننىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئېچىپ تاشلىدى. ستەيىن بۇ ئادەم تەمىنلىگەن ھۆججەتلەردىن گۇمانلىنىپ، بىر قىلتاق قۇردى-دە، بۇ ھۆججەت ساتقۇچى بېدىكنى، قەدىمكى ھۆجەتلەرنى ياساپ چىقىش جەريانىنى تولۇق ئىقرار قىلدۇردى. ئىسلام ئاخۇن ياساپ چىققان ھۆججەتلەر بىلەن پېتروۋىسكىنى ئالدىغان. بۇ بەلكىم، ماكارتنېيغا ئازراق تەسەللى بولغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئىسلام ئاخۇن ئەنگلىيىلىك نام-ئابرۇيى ناھايىتى يۇقىرى بىر ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتچىسى سىررۇلۇف خونلىنى كولدۇرلاتقانىدى. چۈنكى، ئۇ ئېلىپنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان بۇ ساختا ھۆججەت ياسىغۇچى ياساپ چىققان «‹يېزىق›نى ئوقۇپ مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن بىكاردىن بىكارغا بەش يىل ۋاقتىنى سەرپ قىلغانىدى».(16(

شۇنداق قىلىپ، ئاۋرېل ستەيىن 1901- يىلى خوتەندىكى «گۆھەر ئىزدەش» دولقۇنى تازا ئەۋجگە چىققان بىر پەيتتە، ئىسلام ئاخۇننىڭ ساختا قولىيازمىلىرىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىدى. بۇ ئىش «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر»نىڭ پائالىيەتلىرىگە ئەجەللىك زەربە بەردى .ستەيىن ئۆز قىلمىشلىرىغا ئىقرار قىلغاندىن كېيىنكى ئىسلام ئاخۇننىڭ بىچارە ھالىنى مۇنداق تەسۋىرلىدى: «ئۇزۇنغا سوزۇلغان

سۆھبەت داۋامىدا مەن ئىسلام ئاخۇننىڭ يەرلىكلەر ئارىسىدىكى ئەڭ ئەقىللىق ئادەم ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ يەتتىم. ئىسلام ئاخۇن ھىيلىگەر ھەم خىيالپەرەس ئادەم بولۇپ، ئادەتتىكى خوتەن كىشىلىرىگە ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ بويتۇرقى كېلىشكەن بولۇپ، چىرايىدىن ۋە كۆزلىرىدىن زېرەك، قۇۋ ھەمدە ئاچكۆزلىكى چىقىپ تۇراتتى. بىر قاراشتا ئۇ كەشمىرلىكلەرگە ئوخشىشىپ كېتەتتى ...مۇبادا ئۇ ماڭا ئوخشاش بىر قانچە ئايدىن كېيىن ئۆزى ياساپ چىققان تارشا پۈتۈكلەرنىڭ ياۋروپادىكى ھەر قايسى چوڭ كۇتۇپخانىلاردا ماراكەش مۇقاۋىسىدەك مۇقاۋا بىلەن كۆركەم تاشلىنىپ، ساقلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسە ئىدى، بەلكىم ئۆزىدىن تېخىمۇ بەكرەك پەخىرلەنگەن بولاتتى... مەن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ: ‹سەن بەكمۇ ئەقىللىق ئادەم ئىكەنسەن، خوتەندەك بۇنداق ئەخلەمەقلەر دىيارىدا ياشماسلىقىڭ كېرەك ئىدى›، دېگەنىدىم. ئۇ مېنىڭ بۇ سۆزۈمگە راستىنلا چىنپۈتۈپ قالغان چېغى، مەن خوتەندىن ئايرىلىش ئالدىدا مېنىڭ ئۆزىنى بىرگە ياۋروپاغا ئېلىپ چىقىپ كېتىشىمنى ئۆتۈندى .بىراق، مەن قىلچە ئىككىلەنمەستىن رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدىم(17) .«

مانا بۇ «گۆھەر ئىزدەش»، ئامتى كېلىپ بىراقلا بېيىپ كېتىش» ۋەسۋەسىسىدە كالىلىسى قىزىپ ئەسەبىيلەشكەن بىر خىيالپەرەسنىڭ مەغلۇبىيىتى ئىدى. ئىسلام ئاخۇننىڭ كۆڭۈلسىز ئاقىۋىتىدىن كېيىن خوتەن بوستانلىقىدىكى «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر»نىڭ پائالىيەتلىرى خېلىلا پەسكويغا چۈشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇددى ئامېرىكىلىق ۋارېۋنىڭ ئېيتقىنىدەك ئارىدىن 20—30 يىل ئۆتمەيلا بىر مەھەل يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى دولقۇنى ئۆتۈپ كەتتى .رۇسلار بىلەن ئىنگلىزلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قەشقەر رايونىدىكى كۈچ سىنىششى ئاخىرلاشتى. ياۋروپالىقلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىنىڭ يوللىرىمۇ ئېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر»نىڭ بازىرى بارغانسېرى كاساتلاشتى. قايتا-قايتا ئاختۇرۇپ، كۆزگە چېلىققۇدەك ھېچنېمىسى قالمىغان قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىمۇ مەھسۇلاتسىز ئېتىزدەك چۆلدەرەپ قالدى.

ھالبۇكى، ئالاھىدە ئىجتىمائىي كۈچ سۈپىتىدە يېرىم كەسپلەشكەن «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» قوشۇنى تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا يەنىلا غەيرىي رەسمىي ھالەتتە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلدى. ئۇلار پۇرسەت تاپسىلا قەدىمكى خارابىلەرنى ئەرۋاھلاردەك ئايلىنىپ چىقاتتى. بەزىدە يىغش-سېتىش ئوبيېكتىنى خەلق ئىچىگە قارىتىپ، كونا گىلەم، تەۋەررۈك قاچا-قۇچا، قەدىمكى قوليازما-ھۆججەتلەر ۋە باشقا نەرسىلەرنى يىغاتتى ۋە پۇرسەت تېپىپ يۇقىرى باھادا سېتىشقا ئورۇناتتى. بۇنداق ئۇزاققا سوزۇلغان، بەزىدە ئاشكارا، بەزىدە يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلىدىغان، بۇزغۇنچىلىق خاراكتېردىكى «يونۇپ يېيىش» ھادىسىسى تارىم ئويمانلىقىغا چۆكتۈرۈلگەن قەدىمكى مەدەنىيەت چۆكمىلىرىنى زور دەرىجىدە خانىۋەيران قىلدى. نۇرغۇن زامانلار ئۆتۈپ تارىخنىڭ

بوران-چاپقۇنلىرى ئۆز ئۆتمۈشنى سېتىپ يېيىشكە ئۆگەنگەن بۇ بىپەرۋا كىشلەرگە ئۆزىنىڭ كىملىكىنى قايتا ئويلاشقا مەجبۇر قىلغان چاغدا، ئۇلار ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ تولدۇرۇۋالغۇسىز كۆپ نەرسىلىرىنى يوقاتقانلىقنى ھېس قىلدى.

ئىزاھات

.1دىئاننا سىمپتون (ئەنگلىيە): «قەدىمي ماكان — دىپلوماتىيە ئەمەلدارى خانىمنىڭ ئەسلىمىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىل نەشرى، 97- بەت.
.2كاسپىرىن ماكارتنىي (ئەنگلىيە): «قەشقەرنى ئەسلەيمەن — دىپلوماتىيە ئەمەلدارى خانىمنىڭ ئەسلىمىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000- يىلى نەشرى، پېتېر خونكركنىڭ كىرىش سۆزىگە قاراڭ، 1- بەت.
.3ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998- يىلى نەشرى، 416- بەت.
.4مارك ئاۋرېل ستەيىن: «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىقى .«شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001- يىل نەشرى، 196- بەت.
.5مارك ئاۋرېل ستەيىن» :قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىقى»، 198- بەت.
.7 .6پېتېر خۇبكرك(ئەنگلىيە» :(يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990- يىل نەشرى89 -بەتكە قاراڭ.
.8پېتېر خوبكرك: «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار»، 9 -بەت.
.10 .9پېتېر خوبكرك: يۇقىرىقى كىتاب، 8-، 199- بەتلەر.
.11گۇننار ياررىڭ (شۋېتسىيە): «قەشقەرىيىگە قايتا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998- يىل نەشرى، 146- بەت.
12، 13، 14، .15مارك ئاۋرېل ستەيىن: «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى» 450-، 450-، 445-، 450-، 451- بەتلەر.
.16كاسپىرىن ماكارتنىي» :قەشقەرنى ئەسلەيمەن — دىپلوماتىيە ئەمەلدارى خانىمنىڭ ئەسلىمىسى»، پېتېر خوبكركنىڭ مەزكۇر ئەسەرگە يازغان كىرىش سۆزىگە قاراڭ، 8- بەت.
.17مارك ئاۋرېل ستەيىن: «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى» 455-، 456- بەتلەر.

بوستانلىق مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى تارىخى قىسمىتى ناملىق ماقالىدىن ئۆزۈندە

# 16-مۇسابايوۋ ۋە ئۇنىڭ سودا كارخانىسى

**شەرىپ خۇشتار**

**.1قىسقىچە بايان**



**19-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمى يەنى 1848-يىلىدىن باشلاپ، شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر سودا-سانائەتچىلەر ئىگىلىك تىكلەشتە دۇنياغا يۈزلىنىپ، تىجارەت پائالىيىتىنى رۇسىيە، ئوتتۇرا ئاسىياغىچە كېڭەيتىپ، تاشكەنت، ئالمۇتا، ئەنجان، سىرۋالىسكى، زەيسەن، موسكۋا، قازان قاتارلىق شەھەرلەردە سودا سارايلىرىنى قۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگىمۇ نەزەر سېلىپ، تيەنجىن، چېڭدۇ، سۇجۇ، خاڭجۇ، شىئەن، لەنجۇ، ۋۇۋېي، جۇچۇەن قاتارلىق شەھەرلەردە ماگىزىنلار ئېچىپ، ۋاكالەتچىلەر تۇرغۇزدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلار سودا تىجارىتىنى تۈركىيە، گېرمانىيە، فىنلاندىيە قاتارلىق ياۋروپا ئەللىرىگە ھەمدە ئەرەب يېرىم ئارىلىغىچە يەتكۈزدى .ئەنە شۇ زامانلاردا مۇساھاجىم(كېيىنرەك مۇسابايوۋ دەپ ئاتىلىپ دۇنياغا تونۇلغان(، باھاۋۇدۇن مۇسابايوۋ، ھىلى ۋاگون قاتارلىق كارخانىچىلار دۇنيا بازىرىغا بۆسۈپ كىرىپ، چەت ئەل كاپىتالىستلىرى بىلەن سودا رىقابىتى قىلغان سودا باھادىرلىرى ئىدى.مۇسابايوۋلارنىڭ سودا ھاياتىغا نەزەر سالغاندا، ئۇلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، پەن-تېخنىكا كىرگۈزۈش، سەنئەت، تەنتەربىيىنى گۈللەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تۆھپىلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.**

**.2مۇسابايوۋلارنىڭ قىسقىچە ئائىلە تارىخى**

مۇسابايوۋلارنىڭ ئەسلى يۇرتى قەشقەر ئاتۇش ناھىيە ئېكساق كەنتى. ئۇلارنىڭ يەتتە ئاتىسى ئاشۇ زىمىندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە دېھقانچىلىق، كارخانىچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلارنىڭ سودىسى ئابدۇرۇسۇل بايدىن باشلاپ دۇنياغا يۈزلەنگەندى.ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى:

بىرىنچى، مۇھەممەت ئېلى. 1760-يىلى تىجارەتنى توختۇتۇپ ئاخىرقى ئۆمرىگىچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ يەر، سۇ، ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرى، بىر بۆلۈم چارۋىسى بولغان. شۇ يۇرتنىڭ ھاللىق كىشىلىرىدىن ئىدى.

ئىككىنچى، ئابدۇلئەزىز. ئۇ ئۆز يۇرتىدا دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىپ، قوشۇمچە سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ، چارۋىچىلىق قىلغان .ئۇنىڭ دەۋرىدە يەر-زېمىن، مال-مۈلۈك، نەق پۇل كۆپەيگەن.

ئۈچىنچى، ئابدۇمجىت. بۇ كىشمۇ دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىپ، قوشۇمچە ئاتا كەسپي تىجارەتنى داۋاملاشتۇرۇپ، تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتكەن ۋە شۇ دەۋرنىڭ ئىناۋەتلىك كىشىلىرىگە، جامائەت ئەربابىغا ئايلانغان.

تۆتىنچى، تۇردى. بۇ كىشىنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن تىجارىتى ئوخشاش دەرىجىدە كىرىمگە ئىگە بولغان ئىدى. ئۇنىڭ دەۋرىدە يەر،سۇ ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرى، چارۋىچىلىق ماللىرى ئالاھىدە كۆپەيگەن. تىجارەت دائىرىسى چوڭ شەھەرلەرگە يۈزلەنگەن. تۇردى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ مۇكەممەل دىنىي بىلىمگە ئىگە بولغان. ئۇنىڭ دەۋرىدە تىجارەت كىرىمى دېھقانچىلىق كىرىمىدىن ھەسسىلەپ ئاشقان. ئۇ شۇ زاماندا ئاتۇش بويىچە ئاتاقلىق بايلاردىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىغا قارا پ كىشىلەر ئۇنى تۇردى قۇم (پۇلى قۇمدەك كۆپ دېمەكچى)دەپ ئاتىغان.

بەشىنچى، ئابدۇرۇسۇل. بۇ كىشى تىجارەتنى ئاساس، دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە ئېلىپ بارغان. مۇسا بايوۋلار ئائىلىسى ئىچىدە تۇنجى بولۇپ چەتئەل بىلەن سودا قىلغان كىشى. ئۇ دىنىي مەكتەپتە كۆپ ئوقۇغان ئادەم بولۇپ، ئەرەب، پارىس تىللىرىنى ئوبدان ئۆگەنگەن. جامائەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ يۇقۇرى ئىناۋەتكە ئىگە بولغان جامائەت ئەربابى ئىدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئوغلى مۇسا ھاجىمنى ئوقۇتۇپ، بىلىملىك، قابىلىيەتلىك، ئىگىلىك باشقۇرغۇچى قىلىپ تەربىيلىگەن. كېيىن تىجارەتنى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئوغلى مۇسا ھاجىمغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى جامائەت ئىشلىرى بىلەن ئۆتكەن.

ئالتىنچى، مۇساھاجى. بۇ كىشى ئاتىسى ئابدۇرۇسۇل باينىڭ تەلىمگە ۋە ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، بىرىنچىدىن: تىجارەتكە ۋارىسلىق قىلدۇ،ئىككىنچىدىن: يەككە ئىگىلىك يارىتىپ، تىجارەتكە كارخانا ئىشلەپچىقىرىشنى قوشدۇ. ئاتىسىنىڭ پۇلنىڭ خوجايىنى بولماي ئىلىمنىڭ خوجىسى بولۇڭلار دېگەن

ۋەسىيتىگە ئاساسەن، قەشقەر، بۇخارا قاتارلىق جايلاردىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇپ،ئەرەب، پارىس، ئوردۇ تىللىرىنى ۋە شۇ تىل-يېزىق ئىلمىنى مۇكەممەل ئىگەللەيدۇ .ھەم جاھان كېزىپ، يېڭى ماتارىپ، يېڭى كەشپىياتلارنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياۋرۇپادىن ئۆگىنىپ شىنجاڭنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئويلايدۇ. نەتىجىدە 1885-يىلى ئىلى كۇرەدە 200ئىشچىسى بار تۇنجى تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى، ئۇنىڭ يېنىغا تۇگمە، يىپلىم، كىگىز، سوپۇن، شام، گىلەم، ئارقان، ئات ئېگەر جابدۇق ، ھارۋا جابدۇقلىرى قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنى قۇرىدۇ. ئۇ يەنە ئوغلى ھۇسەنباي، باھاۋۇدۇنبايلارنىمۇ يۇقۇرى مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ، ئىلىم-بىلىملىك قىلىپ يېتىشتۇرۇش بىلەن بىللە ئۇلارنى پەن-تېخنىكىنى قوللىغۇچى، يېڭىلىق ياراتقۇچى قىلىپ تەربىيلەيدۇ. مۇساھاجىم ھايات ۋاقتىدا قازاندىن جەدىد (يېڭىچە)مۇئەللىملەرنى، بۇخارا، باغدادتىن دىنىي ئۆلىمالارنى تەكلىپ قىلىپ، مەدرىسلەردىن چەتئەل تىلى،تارىخ، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا،ئىلمىي تەجۋىد قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكۈزىدۇ.بىرمەزگىل ئىلىم يۇقۇرلىقى بىلەن مۇدەررىس بولىدۇ. ئۆزى نەچچەمىڭ پارچە كىتاب ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نەشر قىلىنغان گېزىتلەرنى توپلاپ خەلققە كىتابخانا ئېچىپ بېرىدۇ. مۇساھاجىم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا جامائەت ئىشلىرى بىلەن تىجارەت ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئوغۇللىرى ھۇسەنباي بىلەن باھاۋۇدۇنبايغا قالدۇرىدۇ .بۇلارنىڭ تىجارىتى 1895-يىلى ياۋروپاغا يۈزلەنگەن بولۇپ، شۇندىن بۇيان مۇسا ھاجىمنىڭ ئىسمى پەرزەنتلىرىنىڭ فامىلىسى قىلىنىپ، ياۋروپادا «مۇسابايوۋ» دەپ ئاتىلىشقا باشلايدۇ.

يەتتىنچى، ھۇسەنباي، باھاۋۇدۇنباي. مۇساھاجىمنىڭ ئۈچ خوتۇندىن ئالتە ئوغۇل، ئىككى قىزى بار بولۇپ ئوغۇللىرى :ھۇسەنباي،باھاۋۇدۇنباي،ئىمام مۇھەممەت، ھسامىدىن، ئوبۇل ھەسەن، ئابدۇللا. مۇسا ھاجىم ئۆزىنىڭ بارلىق تىجارەت ئىشلىرىغا ئىككى چوڭ ئوغلى ھۇسەنباي بىلەن باھاۋۇدۇنباينى ۋارىس قىلىدۇ.ھۇسەنباي بىلەن باھاۋۇدۇنباي، مۇساھاجىمدىن كېيىن قالغاندىن كېيىن ھۇسەنباي ئومۇمىي ئىشلارغا مەسئۇل بولۇپ قوشۇمچە زاۋۇتنى باشقۇرىدۇ .باھاۋۇدۇنباي ئىشكى-تاشقى سودا ۋە سېتىۋىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ. ئىمام مۇھەممەت ئىلىدىكى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىققا، ھسامىدىن قەشقەردىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا، قوشۇمچە كەسپلەرگە، ئوبۇلھەسەن خوتەن، يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدىن خام ئەشيا سېتىۋىلىش ئىشلىرىغا، يەنە چەتكە ئېكسپورت قىلىش، ئىمپورت ماللىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا تارقىتىش ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى باشقۇرۇش(گۇما، قاراقاش، خوتەن، يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا سەككىز چوڭ مويكا؛ پاختا،يۇڭ پرېسلاش ئورنى، بۇلارنىڭ ھەر بىرىدە 150تىن 400گىچە ئىشچى بار (ئىشىغا مەسئۇل بولىدۇ، كېيىن ئوبۇلھەسەنھاجىم نامى بىلەن شۆھرەت قازىنىدۇ.

ھۇسەنباي 1926-يىلى، باھاۋۇدۇنباي1928-يىلى ۋاپات بولىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ ئىككى ئاتىدىن بولغان ئەۋلاد ئىككى يىل بىللە تىجارەت قىلىدۇ. كېيىن شۇ شىركەت تۈزۈمى بويىچە1930-يىلى مىراس بۆلۈشىدۇ، بۇ چاغدا ھۈسەنباي ھاجىمنىڭ ۋارىسلىرىغا ۋاكالىتەن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى سابىت مۇسابايوۋ(1972-يىلى تۈركىيىدە ۋاپات بولدى)، باھاۋۇدۇنبايىنىڭ ۋارىسلىرىغا ۋاكالىتەن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىسمائىل مۇسابايوۋ(1979-يىلى ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى (ۋەكىل بولۇپ مىراس تەقسىمنى ئالىدۇ

پۈتۈن مال-مۈلۈك 1مىليارد 562 مىليون 137مىڭ 193 سوم ئىلى تاۋارنى ئاقچا ۋە 23مىليون 161مىڭ 665 سوم مېكسىكا پۇلى (تاشقى پېرېۋوت (بولۇپ، بۇنىڭ %54 ى 843 مىليون 554مىڭ 84 سوم ئىلى تاۋارنى ئاقچا، 12مىليون 507 مىڭ 299 سوم مېكسىكا پۇلىنى سابىت مۇساباىوۋ ئېلىپ بىر ئاتىدىن بولغان قېرىنداشلىرىغا شىركەت تۈزۈمى بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. قالغان ئومۇمىي مال-مۈلۈكنىڭ %46 ى 718 مىليون 583 مىڭ 99 سوم ئىلى تاۋارنى ئاقچا ۋە 10 مىليون 654 مىڭ سوم مېكسىكا پۇلىنى ئىسمائىل موساباىوۋ ئېلىپ ئۆزىنىڭ بىر ئاتىدىن بولغان قېرىنداشلىرىغا شىركەت تۈزۈمى بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. ھۈسەنباي ھاجىمنىڭ 2 -ئايالىدىن بولغان ئابدۇلئەزىز مۇساباىوۋ (1984-يىلى ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى( ، ئابلەھەي مۇساباىوۋ (1970-يىلى تۈركىيىدە ۋاپات بولدى ) ، مىجىت مۇساباىوۋ -1973)يىلى سوۋېت ئالما-ئاتادا ۋاپات بولدى ) لار بىر بولىدۇ. 3- ئايالىدىن بولغان ئابلەھەت مۇساباىوۋ (1987-يىلى غۇلجا شەھرىدە ۋاپات بولدى ) ،تەلئەت مۇساباىوۋ )ھازىر تۈركىيە تەۋەلىكىدە بولۇپ چەت ئەللەردە تىجارەت قىلىدۇ) ، نېلۇپەر مۇساباىوۋ -1982)يىلى پارىژدا ۋاپات بولدى ) ، دىلناۋاز مۇساباىوۋ (1984-يىلى لوندوندا ۋاپات بولدى ) بۇلار بىر بۆلۈنۈپ چىقىدۇ.

باھاۋۇدۇنبايىنىڭ تۆت ئايالىدىن ۋە چوڭ ئوغلى ئىسمائىل مۇساباىوۋدىن بولغان پەرزەنتلەر ئائىسنى ئاساس قىلىپ بۆلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھۈسەنباي بىلەن باھاۋۇدۇنبايىنىڭ بالىلىرى مەلۇم شەكىلدە بىللە تىجارەت قىلىدۇ )زاۋۇت تىجارىتى بىلەن ) ، باشقا جەھەتلەردە ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىسمائىل مۇساباىوۋ 1944-يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ قورال-ياراغ سېتىۋېلىش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ، پۇل چىقىرىش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىككى قېتىم «ئىنقىلاب» ئوردېنى بىلەن تەقدىرلىنىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا تەربىيىلىنىپ ، ئاپتونوم رايونلۇق سودا-سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. 1955-يىلى مۇساباىوۋلارنىڭ تېرە زاۋۇتى سودا تىجارىتى بىلەن ھۆكۈمەت خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىگە ئۆتكەندىن كېيىن ، ئابدۇلئەزىز مۇساباىوۋ مەملىكەتلىك سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت

ئەزاسى ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئەزاسى ، ئاپتونوم رايونلۇق سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. قالغان ۋارىسلىرىمۇ ئۆز لايىقىدا ئېتىبار بېرىشكە مۇيەسسەر بولدۇ. ھازىر ئۈرۈمچىدە باھاۋۇدۇنباينىڭ ئوغلى ئابدۇللا ئەلىدىن بولغان نەۋرىسى ئوبۇلھەسەن مۇسابايوۋ تىجارىتىنى مەملىكەت ئىچى-سىرتىدا كېڭەيتىپ ئاتا ئىزىغا ۋارىسلىق قىلماقتا.

3.مۇسابايوۋلار ئائىلىسىنىڭ ئىچكى سودىسى

مۇسابايوۋلار 1895-يىلى غۇلجا شەھىرىدە « مۇسابايوۋ بۇرادەرلىرى شىركىتى» ناملىق باش تىجارەتخانىنى قۇرۇپ ، ئىلگىرى ئۈرۈمچى ، قەشقەر ، ئىلى ، ئالتاي ، چۆچەك ، خوتەن ، يەكەن ، قاراشەھەر ، كۇچا ، قاغىلىق ، گۇما ، مارالۋېشى ، ئاقسۇ ، شىخو ، ماناس قاتارلىق جايلاردا تۇرغۇزغان سودا خادىملىرى ۋە قۇرغان سودا دۇكانلىرى ئاساسىدا بۇ جايلاردا شۆبە شىركەتلەرنى قۇرۇپ ، تىجارەتنى ھەرقايسى ناھىيە – بازارلىرىدىن تاغلىق رايونلاردىكى چارۋىچىلار ئارىسىغىچە كېڭەيتىدۇ.
-1988يىلى تېپىلغان مۇسابايوۋلار ئارخىپىدىكى بىر پارچە خەتتە يېزىلىشىچە ، خوتەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق نىيە ، كېرىيە ، زاۋا ، چىرىيە ، چاقىلىق قاتارلىق جايلاردا ھەتتا كۆكيار ، قىرغىز جاڭگىلىغىچە بولغان دائىرە ئىچىدە ئۇلارنىڭ يەرلىك مال سېتىۋالغۇچى خادىملىرى بار بولۇپ ، مۇسابايوۋلار ئۇلارغا سانائەت ماللىرى ۋە شىنجاڭنىڭ يەرلىك توقۇلما مەھسۇلاتلىرىنى ئالتە ئايدىن بىر يىلغىچە مۆھلەت بىلەن ئالدىن پۇل ئالماي سېتىپ بېرىشكە بېرىدىكەن ، مال ئالغۇچىلار ساتقان مالنىڭ پۇلىغا چارۋا مەھسۇلاتلىرى ۋە ھايۋانات تېرىسى قاتارلىق خام ئەشيالارنىڭ سېتىۋېلىپ ، مۇسابايوۋلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ خىزمەت ھەققى ئالىدىكەن. بۇ مۇسابايوۋلارنىڭ سېتىۋېلىش خادىملىرىنى جەلپ قىلىشتىكى بىردىنبىر ئۇسۇلى بولغان .ئۇنىڭدىن باشقا خوتەن ، قاراقاش ، گۇما ، قاغىلىق ، يەكەن ، قەشقەر ( قەشقەردە ئىككى مويكا ۋە ئىككى يۇڭ پىرېسلاش ئورنى بار ) ، ئاقسۇ ، قاراشەھەر ، شىخو ، ماناس ، ئىلى ، تېكەس ، بورتالالاردا ئۇلارنىڭ مويكىسى ، تېرە- ئۈچەي پىرىيوم خادىملىرى بار ئىكەن.

مۇسابايوۋلارنىڭ تاشقى سودا ئۈچۈن سېتىۋالىدىغان ماللىرى پاختا، يۇڭ، تىۋىت، چۇپۇر، ئۈچەي، ئات يايلى، ئات قۇيرۇقى؛ ئات، قاما، سوغۇر، ئوغلاق، قوزا، بۇلغۇن، سۈلەيسۈن، سۇ چاشقىنى، ئالا سۆسەر، تۈلكە ، يىلپىز، بۆرە، ئىت، ئۆچكە قاتارلىقلارنىڭ تېرىسى، يەرلىك گىلەم، ھەرخىل يىپەك رەخت، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ تاۋار-دۇردۇن، چاي قاتارلىق مەھسۇلاتلىرى؛ تاتلىق مېغىز، ياڭاق، بادام، گازىر، ھەرخىل مېۋىلەرنىڭ قېقى، بۇغا، بۆكەنلەرنىڭ ھۆل مۈڭگۈزى، زاراڭزا ، ئازغان مونچىقى، ياۋا چىگە، چۈچۈكبۇيا، سۇرۇنجان ، ئابدىملىك قاتارلىق دورا ماتېرىياللىرى؛ ماتا، چەكمەن– سەگەز، شاتاۋا، تولما، تاغار، خۇرجۇن، پالاس، كىگىز، شىرداق، جايناماز قاتارلىق يەرلىك

ماللار ۋە ئىمپورت قىلىنغان ھەرخىل دورا-دەرمەكلەر بولۇپ 83 خىلدىن ئاشقان ، ئۇنىڭدىن باشقا خەلق تۇرمۇشىغا ئېھتىياجلىق، يەرلىك ئىشلەپ چىقارغان ئىشتانباغ ، شۇمەك ، ژىك ، تۇكچە ، پۇزا ، رېپىدىگە ئوخشاش مال بولسىمۇ ، ساتقۇرنى قۇرۇق قول قايتۇرماي سېتىۋالغان ، سېتىۋالغان بۇ خىل ماللارنىڭ چەت ئەلگە لايىقلىرىنى چىقىرىپ ، قالغانلىرىنى شەھەر ، يېزىلاردا ساتقان. كىشىلەر مۇساھاجىمدىن :« بىر تال ئىشتانباغ ، بىر تال تۇخۇمنىڭ قانچىلىك پايدىسى بار؟» دەپ سورىغاندا ، ئۇ :« بۇ پايدا ئۈچۈن ئەمەس ، ئەلدىن ئەلگە نەپ، ساتقۇچى ھاجەتمەن، ئۇنىڭ مېلىنى ئېلىپ قويمىساڭ، ئىشلەپچىقىرىشى توختايدۇ، بۇ ئىش داۋام قىلسا، ئۇنىڭ چىرىغى ئۆچىدۇ. ئۇنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈش ساۋابلىق ئىش ئەمەس...» دەپ جاۋاب بەرگەن ھەمدە باللىرىغا، ھەربىر سودا خادىمىنىڭ شۇنداق قىلىشىنى، زىيان تارتسا ئۆزىنىڭ ( مۇساھاجىمنىڭ ) ھېسابات دەپتىرىگە يېزىپ قويۇشنى تاپىلىغان، ئۇلارنىڭ سېتىۋېلىش دائىرىسى ئەنە شۇنداق كەڭ بولغان.

سېتىش دائىرىسىمۇ كەڭ بولۇپ، ساتىدىغان ماللىرى ئاساسلىقى شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن خوتەننىڭ گىلەم ، ئەتلىسى ، يەكەننىڭ بەقەسەم ، بەشباغلىق ماتاسى ، خاڭدىنىڭ گۈللۈك پالىسى ، خانئېرىقنىڭ ماتاسى ، ئاۋاتنىڭ چەكمىنى ، قەشقەرنىڭ سەگەز ، چوتا ، ھەمزۇل ، شاتاۋا ، شەتلەڭگە ، تېرىكە ، قاتارلىق ماللىرى ، چەت ئەلنىڭ ھەرخىل يۇڭ ، يىپەك ، تېرىكە ، چىبەرقۇت قاتارلىق رەختلىرى ، تۆمۈر، قاڭالتىر ، قەنت ، شېكەر ، كەمپۇت ، كىرسىن ، سەرەڭگە ، يىپ-يىڭنە ، چىنە-قاچا ، باش-ئاياغ كىيىم ، ئەتىر ، يۇزسوپۇن ، يۇزماي ، قاتارلىق بۇيۇملىرى ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق،سايمانلىرى ، چالغۇ-ئەسۋابلىرى، ئائىلە سايمانلىرى قاتارلىق 100 خىلغا يېقىن سانائەت ماللىرىدىن ئىبارەت.

مۇسابايوۋلار ئۆز تىجارىتىدە پىلانلىق تەمىنلەشنى يولغا قويغان. مەسىلەن: سودا ۋاكالەتچىلىرى ، مال ، پۇل بىلەن تەمىنلەشتىن بۇرۇن ، جايلارنىڭ ئاھالە نوپۇسى ، مال چارۋىسى ، يېزا ئىگىلىكى ، بازار سودىسى ۋە خەلقنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ ، ئېھتىياجىغا قاراپ پىلانلىق تۇردە مال ، پۇل بەرگەن ، شۇڭلاشقا ئوبوروتقا تەسىر يېتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمىگەن. سېتىۋېلىش-سېتىش بالانىس بولۇپ ئوبوروت راۋانلاشقان.

بازار ئەھۋالى ئايمۇئاي ئىگىلىنىپ تۇرغان. مەسىلەن -1917 :يىلى 25-ئىيۇلدا مۇسابايوۋغا يېزىلغان بىر پارچە خەتتە:« تېرىلەرنى قېقىپ ، نافتالىن سېلىپ تۇرۇۋاتىمىز. نەرق ئەھۋالى مۇنداق:بازاردا گەزمال يوق ، چىت بىر سوم 50تىيىن ، تېرىكە 15 سوم ، تۆت كۇرە بۇغداي 50 سوم ، سولۇ بەش سوم 50 تىيىن ،گۈرۈچ 14سوم ، نافتالىن 120 سوم (بازاردا يوق) ، بىر خىش چاي بەش سوم، تاش چاي يەتتە سوم ، باشقا ماللار مۇشۇ قاتاردا. بازار ئەھۋالىدىن داۋاملىق خەت يېزىپ

تۇرىمەن .ئىسمەتوۋ» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن مۇسابايوۋلارنىڭ يالغۇز تاشقى سودىدىلا ئەمەس ، بەلكى ئىچكى سودىدىمۇ ئۇچۇرغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئىچكى ئوبوروت مەسىلىسى ھەققىدە ئېنىق سانلىق يازما ماتېرىيال بولمىسىمۇ ھۇسەنبايىنىڭ ئوغلى تەلئەت ئەپەندى، باھاۋۇدۇنبايىنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئىسمائىل مۇسابايوۋ ، قەييۇم ئەپەندى ۋە زاۋۇتتا ئۇزۇن يىل كاسسىر بولغان ئابدۇللا ئەلا ھاجىملارنىڭ ئېيتقانلىرى ھەمدە بەزى مۇناسىۋەتلىك دەپتەرلەردە يېزىلىشىدىن قارىغاندا ، ئىچكى ئوبوروت ئىككى خىل بولغان. بىرى، چەت ئەلماللىرى بىلەن يەرلىك ماللارنىڭ شىنجاڭ دائىرىسىدىكى سېتىش ئوبوروتى بولۇپ ، ئوبوروت سوممىسى يىلىغا 3 مىليون سوم ئالتۇن ئاقچىدىن 5 مىليون سوم ئالتۇن ئاقچىغىچە بولغان. يەنە بىرى ، يەرلىك خام ئەشيا سېتىۋېلىش ئوبوروتى بولۇپ ، سوممىسى مەلۇم يىللاردا بالانس بولمىسا ، كۆپ يىللاردا 2 مىليون سوم ئاقچىدىن چۈشۈپ كەتمىگەن، 4 مىليون سوم ئالتۇن ئاقچىدىن ئېشىپ كەتمىگەن.

.4چەت ئەل سودىسى ،يەرمەنكە ۋە ئىككى قېتىملىق زور پايدا

مۇساھاجىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھۇسەنباي ھاجىم بىلەن باھاۋۇدۇنباي 1895-يىلى قۇرۇلغان «مۇسابايوۋ بۇرادەرلىرى شىركىتى » نى قانداق راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا باش قاتۇرىدۇ. ئاخىر ئۇلار ئاتا ئىزىغا ۋارىسلىق قىلىپ ، ئىچكى-تاشقى سودىنى بىردەك راۋاجلاندۇرۇش قارارىغا كېلىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ بىر قىسىم مەھسۇلاتلىرى ۋە ھەرخىل دورا-دەرمەكلەر بولۇپ 83 خىلدىن ئارتۇق مالنى ئېلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا بارىدۇ. ئۇلار بىر تەرەپتىن سودا قىلسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ياۋروپا ئەللىرىنىڭ سودا-سانائەت ، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ .غەرب دۇنياسىنىڭ سانائەت تەرەققىياتى ، يېڭى مائارىپنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسى ئۇلاردا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ. ئۇلار ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سودا بىلەن سانائەتنى جىپسىلاشتۇرۇشقا بەل باغلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىمپورت-ئېكسپورت سودىسىنى قانات يايدۇرۇپ ، چەت ئەلنىڭ سانائەت ماللىرىنى كىرگۈزىدۇ ، شىنجاڭنىڭ خام ئەشيالىرىنى چىقىرىدۇ. ئۇلار 63 خىل تاۋارنى ئىمپورت قىلىپ ، خەلقنى تەمىنلەيدۇ .ئەنە شۇ خىلدىكى كۆپ قېتىملىق سودا ئارقىلىق ئۇلار ياۋروپا ئەللىرىگە تونۇلىدۇ.

ئۇلار چەت ئەللەردىكى زامانىۋى كۆن-خۇرۇم زاۋۇتلىرىنىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن ، 1885-يىلى مۇساھاجىم كۈرەدە قۇرغان تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش قول سانائەت كارخانىسىنىڭ تولىمۇ قالاق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ ۋە 1895-يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كارخانىنى ھازىرقى ئىلى تېرە زاۋۇتىنىڭ ئورنىدىكى ئىككى قەۋەتلىك

ئىشخانا بىناسىدىن شىمال تەرەپكە ئۇزۇنلۇقى 3000 مېتىر ، كەڭلىكى 400 مېتىرلىق دائىرىگە كېڭەيتىپ ، سۇ كۆچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرىدۇ. لېكىن، بۇمۇ ئۇلارنىڭ ئارزۇسىدەك بولمايدۇ .ئۇلار رۇسىيىگە زامانىۋى كۆن-خۇرۇم زاۋۇتى ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىش تەلىپىنى قويغان بولسىمۇ ، رۇسىيە ھۆكۈمىتى مۇسابايوۋلارنىڭ زامانىۋى سانائەت كارخانىسى قۇرۇشىغا جان-جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇپ سېتىپ بەرمەيدۇ. ئەمما ، مۇسابايوۋلار ئەۋلادى شىنجاڭدا سانائەت كارخانىسى قۇرۇش ئىرادىسىدىن زادىلا يانماي ، قۇرۇلىدىغان سانائەت كارخانىسى لاياقەتلىك خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن چەت ئەللەرگە ئوقۇغۇچى چىقىرىدۇ.

1903-يىلى ھۆسەنباي تەكلىپكە بىنائەن موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا يەرمەنكىگە قاتنىشىدۇ ، بۇ يەرمەنكىگە ئالدى يەتتە يىل ، ئەڭ كەينى ئۈچ يىل تەييارلىق كۆرگەن چوڭ سودىگەرلەرنىڭ يەرلىك ماللىرى ۋە بازار ئىزدەپ كەلگەن چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ خىلمۇخىل سانائەت ماللىرى قويۇلىدۇ. بۇ يەرمەنكىگە تاشكەنتلىك ئۆزبېك سودىگەر ئەرشانباي پۈتۈن تۈركىستاندىن يىغقان بىر قانچە يىللىق پاختىسىنى قويىدۇ. بۇ پاختىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 100 مىڭ تىللاغا يېتەتتى. يەرمەنكە باشلانماي تۇرۇپ ئالدىن كەلگەن سودىگەرلەر مال كۆرۈۋاتقان مەزگىلدە ، بىر ئىنگلىز سودىگىرى ھۆسەنبايغا :« سىز ئۆزبېك تىلىنى بىلىدىكەنسىز ، بۇ پاختىنى ماڭا سودا قىلىپ قويسىڭىز» دەپ ئىلتىجا قىلىدۇ. ھۆسەنباي پاختىنىڭ ھەربىر كىلوگىرامىغا 80 تىيىندىن باھا قويۇپ ، ئىنگلىز سودىگەرگە سودا قىلىپ قويىدۇ. ئىنگلىز سودىگەر پاختىنىڭ ئومۇمىي سوممىسىنى بىلگەندىن كېيىن ، پۇلى يەتمەي بۇ سودىدىن يېنىۋالىدۇ .يەرمەنكە قائىدىسىدە ، يەرمەنكىگە قاتناشقانلار مالغا ئالدىراپ باھا كەسمەسلىك ، ئەگەر باھا كېسىلىپ ئالغۇچى يېنىۋالسا ، بۇ مالنىڭ سېتىۋالماي قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ، باھا كەسكۈچى ئېلىش لازىم ئىكەن. ئۇنداق قىلمىغاندا ، بۇ يەرمەنكىدە سېتىلمىغان مال يەنە نەچچە يىل يەرمەنكە كۈتۈش لازىم بولۇپ ، مال ئىگىسىنىڭ زىيان تارتىشىغا سەۋەب بولىدۇ ، دەپ قارىلىدىكەن. ئەنە شۇ سەۋەب بىلەن 100 مىڭ تىللالىق پاختا ھۆسەنباينىڭ ئېلىشىغا قالىدۇ. ئاخىر ئۇنىڭغا ژاخارمارۇۋۇ ئىسىملىك بىر يەھۇدىي سودىگەر ئۇچۇر بېرىپ :« ياۋروپادا ئاپەت يۈز بېرىپ ، پاختا ئۆسۈپ قالدى .نۇرغۇن زاۋۇتلار خام ئەشيا يوق توختاپ كەتتى. پات ئارىدا بۇ يەرمەنكىگە ياۋروپالىق توقۇمىچىلىق فابرىكا كاپىتالىستلىرى كېلىدۇ. پاختا ياخشى ئىكەن ، ياخشىسى شۇلارنى كۈتكىنىڭ تۈزۈك » دەپ تەكلىپ قىلىدۇ. دەرۋەقە يەرمەنكە باشلانغاندا ياۋروپالىق سودىگەرلەر يېتىپ كېلىدۇ ، ھېلىقى يەھۇدىي ژاخارمارۇۋۇ سودا قىلىپ باھا كېسىشى بىلەن ھۆسەنباي پاختىنى (قىممىتى 100 مىڭ تىللا ، يەنى بىر دانە تىللا ئون سومدىن جەمئىي 1 مىليون سوملۇق پاختا) بىر بىر سوم 20 تىيىندىن (ئېلىشى 80 تىيىن) يېرىم ھەسسە پايدىسىغا پادىن دېگەن سودىگەرگە

سېتىپ ، 50 مىڭ تىللا (500 مىڭ سوم) ساپ پايدا ئالدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھۈسەنباي موسكۋا يەرمەنكىسگە ئېلىپ كەلگەن شىنجاڭنىڭ يەرلىك ماللىرى ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ چاي ، يىپەك رەختلىرى قاتارلىق باشقا ماللارنى سېتىپ كۆپ پايدا ئالدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھۈسەنباي ئىلى تېرە زاۋۇتىنى قۇرۇشنىڭ ئاساسىنى تىكلەيدۇ.

شۇ يىلى ھۈسەنباي سودىسىنى ئەرەب ئەللىرىگە قارىتىپ ، بىر تەرەپتىن سودا قىلدۇ ، يەنە بىر تەرەپتىن ھەج قىلدۇ. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە پايدىسىدىن زاكات ئايرىپ ، زاكات پۇلغا مەككىدە «تەكخانا» «ھاجىلار چۈشىدىغان ساراي» ياسايدۇ ۋە تاۋاپ مەزگىلىدە ھاجىلارنىڭ ھەقسىز پايدىلىنىشىغا تاپشۇرىدۇ. ئاندىن مەدىنىدە سودا سارى ئېچىپ تىجارەت قىلدۇ.

شۇ يىللىرى، نېمىسلار تۈركىيە بىلەن باغدات ئوتتۇرىسىدا تۆمۈر يول ياساپ ، پاي چېكى ساتىدۇ. ھۈسەنباي ھاجى 40 مىڭ تىللالىق پاي چېكى سېتىۋالدۇ ۋە شۇ مۇناسىۋەت تۈپەيلى گېرمانىيىلىك كاپىتالىستلار بىلەن تونۇشىدۇ.

-1904يىلى ھۈسەنباي ھاجى ئىنىسى باھاۋۇدۇنباينى نۇرغۇن يەرلىك مال بىلەن گېرمانىيىگە سودا قىلىشقا ۋە شۇ پۇرسەتتە زاۋۇت كۆرۈشكە ئەۋەتىدۇ. باھاۋۇدۇنباي گېرمانىيىدە تىجارەت قىلغاچ تېرە زاۋۇتى ، توقۇمىچىلىق زاۋۇتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ.

-1910يىلدىن 1915-يىلغىچە بولغان مەزگىل مۇساباييوۋلارنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولۇپ ، ئۇلارنىڭ «ئىلى تېرە زاۋۇتى» دا ئىشلەنگەن كۆن-خۇرۇم ، چەم ۋە ئۇلاردىن ئىشلەنگەن ئۆتۈك، بەتىنكە ۋە باشقا 40 خىلدىن ئارتۇق مەھسۇلاتى شىنجاڭ ئىچىدە بازار تېپىپلا قالماستىن ، خەلقئارا بازاردىمۇ ئورۇن ئالدۇ ، پۈتۈن ئاسىيا بازارلىرىدا ئەتىۋارلىق مال ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ زامانلاردا پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە «ئىلى تېرە زاۋۇتى» دەك بىر زاۋۇت يوق ئىدى. مۇشۇ بىر قانچە يىل ئىچىدە مۇساباييوۋلارنىڭ تىجارەتخانىسى (شىركىتى) نىڭ ئوبوروت كاپىتالى بىر مىليون سوم تىللا پۇلدىن ئېشىپ ، شىنجاڭدىلا ئەمەس ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچىمۇ ئاتاقلىق مىليونېر بولۇپ تونۇلىدۇ.

-1921يىلى ھۈسەنباي ھاجى تەكلىپكە بىنائەن ئىتالىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا يەرمەنكىگە قاتنىشىدۇ. بۇ يەرمەنكىگىمۇ شىنجاڭنىڭ سەككىز خىلدىن ئارتۇق مەھسۇلاتى ۋە زاۋۇتتا ئىشلەنگەن كۆن-خۇرۇم ، بۇلغار ، مەسكاپ-چېگرىن ، چەم ۋە ئۇلاردىن ئىشلەنگەن ھەرخىل ئاياغ كىيىم ، پەلتو ، پالشوپكا ، كاژانكا ، شەپكە ، شىم ، سومكا ، چامادان ، ئېگەر-جابدۇق ، ھارۋا جابدۇقى ، بەل تاسما (رېمىن) قاتارلىق ماللارنى ئېلىپ بارىدۇ .بۇلارنى يەرمەنكىدە ساتقاندىن كېيىن ئۇ يەردىن ھەرخىل رەڭ (يۇڭ-تېرە بويايدىغان بوياق) ، ھەرخىل يۇڭ-پاختا رەخت ، يىپەك رەخت ، تۆمۈر ،

قاڭالتىر ، قەنت ، شېكەر ھەتتا سەرەڭگە قاتارلىق 40 نەچچە خىل مالنى ئېلىپ كېلىپ، شىنجاڭ بازارلىرىنى قامدايدۇ.

مۇسابايوۋلارنىڭ مۇشۇ قېتىمقى يەرمەنكىدە ۋە ئىچكى-تاشقى سودىدا تاپقان پايدىسى 100 مىڭ سوم ئالتۇن ئاقچىدىن ئېشىپ كارخانا تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس يارىتىلغانىدى.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ھۈسەنباي ھاجىم بىلەن باھاۋۇدۇنبايلار سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دادىل سودا قىلىدۇ. 1923-يىلى باھاۋۇدۇنباي موسكۋاغا بېرىپ سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىدىن كالىنىن بىلەن كۆرۈشۈپ ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا ئالاقىسى ئورنىتىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ مۇسابايوفلار تىجارەتخانىسى ئىلى قورغاس چېگرىسى ، ئەركەشتام ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا 700 تونندىن ئارتۇق قوي يۇڭى ، 100 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق قوي ، 30 مىڭ باشتىن ئارتۇق ئات ، كالا ، نەچچە يۈزمىڭ تال پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئۆچكە ، سۇغۇر ، بورسۇق ، تۈلكە ، سۇلەيسۇن ، تىيىن ، بۆرە تېرىلىرى ، ئەلتېرە ، مارىيى ، نەچچە ئون مىڭ توننا قۇرۇتۇلغان يەل-يېمىش ، ئاشلىق ، مايلىقدان قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۆتكۈزىدۇ. شۇ يىللاردا رۇسىيىدە گراژدانلار ئۇرۇشى پارتلاپ قەھەتچىلىك يۈز بەرگەچكە، بۇ نەرسىلەر بەكمۇ ئېھتىياجلىق ئىدى.

ھۈسەنباي 1926-يىلى ، باھاۋۇدۇنباي 1928-يىلى ۋاپات بولغان بولسىمۇ ئەمما تېرە زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قالماي ، 1949-يىلغىچە ئەركىن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ، مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارا بازارلارنى مەھسۇلاتلىرى بىلەن داۋاملىق قامداپ تۇرىدۇ.

-1956يىلغىچە جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدا خىزمەت قىلغان خادىملار ۋە شۇ يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ئەربابلارنىڭ ئېيتىشىچە ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ھۈسەنباي ئىلى تېرە زاۋۇتىنىڭ ماللىرى بىلەن ئاۋات ئىكەن.

.5مۇسابايوۋلار تېرە زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى

-1904يىلى ھۈسەنباي ھاجى ئىنىسى باھاۋۇدۇنباينى نۇرغۇن يەرلىك مال بىلەن گېرمانىيىگە تىجارەت قىلىشقا ۋە زاۋۇت كۆرۈشكە ئەۋەتىدۇ .باھاۋۇدۇنباي گېرمانىيە سانائىتىنى تەپسىلىي كۆزىتىش ئارقىلىق ، كۆن-خۇرۇم ئىشلەش زاۋۇتىنى ئېلىش قارارىغا كېلىدۇ. شۇ مەزگىللەردە گېرمانىيە زامانىۋى ئۈسكۈنىلەرنى قوشنا دۆلەتلەرگە چىقىرىش مەنئى قىلىنغان بولسىمۇ ، شىنجاڭ ئايرىم قىتئەگە جايلاشقان يىراق رايون بولغاچقا ، گېرمانىيە ھۆكۈمىتى باھاۋۇدۇنبايغا سېتىپ بېرىشكە قوشۇلىدۇ.

باھاۋۇدۇنباي گېرمانىيىنىڭ ماين دەرياسى بويىغا جايلاشقان فرانكفورت شەھىرىدىكى «فرانكفورورام ئاساين» زاۋۇتى يەنى «FRANCRORAMMEONYSIRY»غا ئالدىن 500 مىڭ سوم تىللا پۇل

زاكالەت بېرىپ ، كۆن-خۇرۇم زاۋۇتنى زاكاز قىلدۇ ، ئۇنىڭدىن باشقا ، ئىستانوك ، كەپشەرلەش ماشىنىسى قاتارلىق بىر يۈرۈش ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋالدۇ. باھاۋۇدۇنباي يەنە ئىنژېنېر ، رېمونت مۇتەخەسسىسى ، ئېلېكتر مېخانىكى ، تېلېگراف خادىمى ، كۆن-خۇرۇم ئىشلەش مۇتەخەسسىسى قاتارلىق تېخنىك خادىملارنى شىنجاڭدا ئىشلەشكە تەكلىپ قىلدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە ، تۇرمۇشنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ، يۇقىرى مائاش بېرىش ھەققىدە كېپىللىك قىلىش ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا زاۋۇت قۇرۇشقا مەسئۇل ئىنژېنېر بىلەن تېلېگراف خادىمى ئىككى يىللىق ، باشقا خادىملار بەش يىللىق مۇددەت بىلەن تەكلىپ قىلىندۇ. مۇشۇ شەرت قىلىنغان بولۇپ ، ۋاقتنى ئۇزارتىش ئىككى تەرەپنىڭ رايىغا قالدۇرۇلدۇ.

گېرمانىيە سانائەت شىركىتى توختام بويىچە زاۋۇتنى 1906-يىلى پۈتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇ يىلى گېرمانىيەدىن تەكلىپ قىلىنغان تېخنىك خادىملارنىڭ مەسئۇللۇقى بىلەن زاۋۇت رۇسىيە ئارقىلىق ئىلىغا توشۇلۇشقا باشلايدۇ .زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرى رۇسىيە چېگرىسىغا كىرگەندە ، ھاڭ-تاڭ قالغان چارپادىشاھ ھۆكۈمىتى ئۆتكۈزۈشكە يول قويمايدۇ. ھۈسەنباي ھاجى بۇ ئەھۋالنى دەرھال شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ھەربىي مەمۇرىي باش ۋالىسى لەنكۈيگە مەلۇم قىلدۇ ، لەنكۈي بۇ مەسىلىگە جىددىي قاراپ ، 1881-يىلى ئىمزالانغان «جۇڭگو-روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» دا بەلگىلەنگەن »جۇڭگونىڭ چەت ئەللەردىن ئىمپورت قىلغان ماللىرى رۇسىيە زېمىنى ئارقىلىق ئۆتۈشكە ، رۇسىيىنىڭ چەت ئەللەردىن ئىمپورت قىلغان ماللىرى جۇڭگو زېمىنى ئارقىلىق ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ» دېگەن ماددىغا ئاساسەن ، بۇ ئىشنى ئىلى گېنېرالىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللايدۇ. نەتىجىدە ، ھۆكۈمەتنىڭ ئارىلىششى بىلەن چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى زاۋۇتنى 90 كۈن ۋاقىت ئىچىدە رۇسىيە زېمىنىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى ، بەلگىلەنگەن مۆھلەتتىن ئېشىپ كەتسە زاۋۇتنى رۇسىيىدە قۇرۇشنى ئۇقتۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ياركەنت ۋالىيسى ۋەلباي يولداشۇۋ (ئەسلى غۇلجىلىق ئۇيغۇر سودىگەر) ئارقىلىق مۇسابايوۋغا خىزمەت ئىشلەپ ، زاۋۇتنى رۇسىيىدە قۇرۇشقا دەۋەت قىلدۇ. ئەمما ، مۇسابايوفلار رەت قىلىپ ، زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى يۆتكەشكە كىرىشىدۇ.

زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرى گېرمانىيەدىن پويىز بىلەن رۇسىيىنىڭ ئومسكى شەھرىگە توشۇپ كېلىنىدۇ. ئومسكىدىن ئېرتىش دەرياسى ئارقىلىق پاراخوت بىلەن سىمپلاتىنسكى شەھرىگە يۆتكەپ كېلىنىدۇ. ئەمدى سىمپولاتىنسكىدىن قورغاس ئارقىلىق غۇلجىغا ئېلىپ كېلىش قالدۇ. بۇ يولنىڭ ئارىلىقى 100 كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ ، قاتناش ئىنتايىن قۇلايسىز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ، چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى خىلمۇخىل توسۇقلارنى قۇرۇپ ، ئۇلارغا زور قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرۇۋاتقانىدى. ئەمما ، مۇسابايوفلار قەتئىي تەۋرەنمەي جىددىي تەدبىر قوللىنىپ ، 100 كىلومېتىر ئارىلىقنىڭ ئوي-دۆڭ يەرلىرىنى تۈزلەپ

، 286 ئورۇنغا چوڭ-كىچىك كۆۋرۈك سالدۇ. زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى چۇۋۇپ پارچىلايدۇ. ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئەڭ ئېغىرى تۆت تونىنا ، ئەڭ يېنىكى بىر يېرىم تونىنا كېلەتتى. بۇلارنى توشۇش ئۈچۈن ئېغىر يۈك كۆتۈرىدىغان هارۋىلار ياسىلدۇ. 96 ئۆكۈز تەييارلىنىپ ، هەربىر هارۋىغا ئالتىدىن 12 گىچە ئۆكۈز قېتىلدۇ .زاۋۇت غۇلجىغا توشۇپ كېلىنگەندىن كېيىن زاۋۇت قۇرۇلۇشى 1907-يىلى كۈزدە باشلىنىپ ، -1909يىلى پۈتۈپ رەسمي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدۇ ، ئوتقا چىداملىق خىش ، سېمونت ، پولات قاتارلىق ماتېرىياللار رۇسىيەدىن ئىمپورت قىلىندۇ. ئەينى ۋاقىتتا بىر سەر ئالتۇن 40 سوم تىللا پۇلغا باراۋەت بولۇپ، يۇقىرىقى چىقىم سوممىسنى ئالتۇنغا ، 300 مىڭ سەر ئالتۇن بولاتتى.

مۇسابايوۋلارنىڭ تېرە زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەندىن كېيىن يىلىغا 40 مىڭ پارچە چوڭ تېرە (ئات ، كالا تېرىسى) 600 مىڭ پارچە كىچىك تېرە(قوي، ئۆچكە تېرىسى) ئىشلەپچىقىرالايدىغان بولدى. ئىشچى سانى دەسلەپكى مەزگىلدە 166 نەپەر بولۇپ ، يەنە كۈنلۈك ئىشچى ياللانغان. كېيىن ئېھتىياجىغا قاراپ ئىشچى قوبۇل قىلىنىپ ، ئىشچى سانى بىر قانچە يۈزگە يەتكەن ، زاۋۇت كۆن-خۇرۇم ، مەسكاپ-چېگرىن ، چەم ، شاۋرۇن قاتارلىق 13 خىل مەهسۇلات ئىشلەپ چىقارغان. ئۇنىڭدىن باشقا قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرى بويىچە ، شام ، سوپۇن ،تۈگمە ، يارىپېلىم ، هەرخىل ئاياغ كىيىم ، هەرخىل خۇرۇم چاپان ، تاسما ، شەپكە ، ئېگەر-جابدۇق ، هارۋا جابدۇقى قاتارلىق 12 خىل مەهسۇلات ئىشلەپچىقىرىلغان.

هۈسەنباي هاجى 1909-يىلىدىن باشلاپ زاۋۇتنى ئۆزى باشقۇرۇپ كەلدى. 1926-يىلى هۈسەنباي هاجى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى سابىت ئەپەندى 1933-يىلىغىچە ، ئۇنىڭدىن كېيىن مىجىت ئەپەندى 1938-يىلىغىچە ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەلئەت ئەپەندى 1950-يىلىغىچە ، 1950-يىلىدىن 1955-يىلىغىچە مىجىت ئەپەندى ، ئابدۇلئەزىز ، ئىسمائىل ، ئابدۇقەييۇم ئەپەندىلەر باشقۇرۇپ كەلدى. 1955-يىلى زاۋۇت هۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىگە ئۆزگەردى. مىجىت ، ئابدۇقەييۇم ئەپەندىلەر خۇسۇسىيلار تەرەپنىڭ زاۋۇت باشلىقى بولدى. هازىر بۇ زاۋۇت تولۇق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى زاۋۇت بولۇپ ، ئىلى كۆن-خۇرۇم زاۋۇتى دەپ ئاتىلىدۇ.

***

قوشۇمچە تەپسىلات: 1909-يىلى زاۋۇت قۇرۇلۇپ، هۈسەنباي ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا مېڭىش ئالدىدا ، ئۈرۈمچىدىكى ئاتاقلىق سودىگەر روزى هاجىنىڭ كېپىل بولۇشى بىلەن هۆكۈمەت بانكىسىدىن 200 مىڭ سەر قەغەز پۇل قەرز ئالىدۇ. بانكا بۇ پۇلنى ئىلى بانكىسىنىڭ هېساباتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئىلى گېنېرالى پۇلنى قايتۇرماسلىق ، زاۋۇتقا شېرىك بولۇش تەلىپىنى قويىدۇ.

ھۆسەنباي ماقۇل بولىدۇ. گېنېرال موچۇن دېگەن موگغۇل ئوفىتسېرنى دىرېكتور قىلىپ ئەۋەتىدۇ ئەمما زاۋۇتنى ياخشى باشقۇرالمىغاچقا زىيان كۆرۈلىدۇ. گېنېرال پۇلنى قايتۇرۇۋېلىپ شېرىكلىكتىن چىقىدۇ.

.6مۇسابايوۋلارنىڭ كارخانا باشقۇرۇش ئۇسۇلى

مۇسابايوۋلار كارخانا باشقۇرۇشتا ، ياۋروپا كارخانا باشقۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈرگەن ئاساستا ئىش كۆرۈپ ، تەشكىلىي ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلغان ۋە قائىدە-تۈزۈملەرنى تاكامۇللاشتۇرغان.

.1مۇسابايوۋلار 1895-يىلى غۇلجىدا قۇرغان »تىجارەتخانا ھۆسەن مۇسابايوۋ بۇرادەرلىرى شىركىتى« دە تەسىس قىلىنغان ئىشخانىلار (1) : دىرېكتور ئىشخانىسى ، (2) باش بوغالتىر ئىشخانىسى ، (3) مالىيە بۆلۈمى ، (4 (تىجارەت بۆلۈمى ، (5) چارۋىچىلىق بۆلۈمى ، (6) تېخنىك-سۈپەت تەكشۈرۈش بۆلۈمى ، (7 (ئومۇمىي ئىشلار بۆلۈمى. بۇ بۆلۈم خوجىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپلا قالماستىن ، ئىش ھەققى بېكىتىش ، ئىش تۈزۈمى ، ئىشچىلار تۇرمۇشى، ئىش كىيىمى تارقىتىش ، يىلدا بېرىلىدىغان قىشلىق ، يازلىق كىيىم-كېچەك ، يېمەك-ئىچمەك ، قىيىنچىلىقى بارلارغا بېرىلىدىغان ياردەم ، زاۋۇت مېھمانخانىسى ، ئاشخانا ، ئۆلۈم-يېتىم ، توي-تۆكۈن ، داۋالاش ، ساياھەت ، كۆڭۈل ئېچىش ، تەنتەربىيە ، ۋاقىتلىق ئىشچى قوبۇل قىلىش ، كۆزەتچىلىك ، ئىسكىلات باشقۇرۇش ، خەت-چەك تاپشۇرۇۋېلىش، تارقىتىش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل ئىدى.
باش تىجارەتخانىنىڭ ئومۇمىي تۈزۈمدە ھەرقايسى بۆلۈمدىن باش دىرېكتورلارغىچە تالونلۇق ھېسابات يۈرگۈزۈلەتتى. ھەتتا باش دىرېكتور ھۆسەنباي ھاجىم بىر پۇڭ ئالماقچى بولسىمۇ ، تالونلۇق ھېساب ئاچقان. ئۇلارنىڭ ھەرقانداق ئەۋلادىنىڭ بەلگىلەنگەن مائاشتىن سىرت پۇل ئېلىشى مەنئى قىلىنغان. زۆرۈر تېپىلغاندا دىرېكتور ياكى باش بوغالتىرنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئاۋانسا (قەرز) ئېلىپ قايتۇرغان.

يۇقىرىقى بۆلۈملەر ئىچىدە تىجارەت بۆلۈمى دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ئالاھىدە بۆلۈم بولۇپ ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا تىجارەتنى كېڭەيتىپ ھەم جانلاندۇرۇپلا قالماستىن ، رۇسىيىنىڭ سېمىپالاتىنسكى ، ياركەنت ، موسكۋا قاتارلىق جايلىرىدا بانكا ھېساب نومۇرى ئاچقان ( بانكا ھېساب نومۇرلىرى : سېمىپالاتىنسكى بانكىسى ھېساب نومۇرى4830؛ ياركەنت كازناچىستۋا بانكىسى 67629؛ موسكۋا بانكىسى 19378؛ رۇسىيە-ئاسىيا بانكىسى 35؛ رۇسىيە-ئاسىيا بانكىسى غۇلجا شۆبىسى 107 قاتارلىقلار.(
.1جايلاردىكى شۆبە شىركەتلەرنى باشقۇرۇش تۈزۈمى. جايلارنى مال بىلەن تەمىنلەش ياكى

**سېتىۋېلىشنى ھاۋالە قىلىشتىن ئىلگىرى ، جايلارنىڭ نوپۇسى ، تەبىئىي بايلىقى، خەلقنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى ، بازار ئەھۋالى قاتارلىقلار تەتقىق قىلىنىپ تۇرۇلغاچقا ، زاۋۇت مېلى ياكى يەرلىك مال بازار ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ كەلگەن. مۇسابايوۋلار ھەرقايسى شۆبە شىركەتلەرنىڭ ھەپتىدە بىر نۆۋەت بازار ئەھۋالى ، بازار نەرخىدىن دوكلات بېرىپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق بازار ئەھۋالىنى ئىگىلەپ باھا بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن : ئۇرۇمچىدە بىر مېتىر چىت بىر يوەن ، بىر جىڭ يۇڭ بىر يوەن ، خوتەندە بىر مېتىر چىت 1.5 يوەن ، بىر جىڭ يوەن بەش مو بولسا ، ئۇلار خوتەننىڭ چىت ۋە يۇڭ باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا ، ئۇرۇمچىدىكى بىر يوەنلىك چىتكە خوتەنگە بارغۇچە بولغان چىقىم بىر ياكى ئىككى مونى قوشۇپ ، خوتەندىكى چىت باھاسىنى 1.2 يوەن قىلسا ، يۇڭنى خوتەن باھاسى بويىچە بەش مودىن ئالىدۇ. يۇڭ ئىككى مو چىقىم بىلەن ئۇرۇمچىگە كەلسە ، ئۇرۇمچى باھاسىدىن يەنىلا ئۈچ مو ئەرزان ئېلىنغان بولىدۇ. بۇنى چەتكە چىقارغاندا ، نەچچە مېتىر چىتقا ئالماشتۇرۇلىدۇ. چىت شىنجاڭغا كەلگەندە بىر قانچە جىڭ يۇڭغا ئالمىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قوللانغان بۇ ئۇسۇلى بازارنى مۇقىم قىلىپ ، تاشقى سودىنى راۋاجلاندۇرۇش ، ئوبوروتنى راۋانلاشتۇرۇپ ئىقتىسادىي ئۇنۇمنى ئاشۇرۇش جەھەتلىرىدە ئىجابىي رول ئوينىدى. ئۇلارنىڭ ھەرقانداق مېلى ئالتە ئايدىن ئارتۇق بېسىلىپ قالمىدى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا ئىككى قېتىم ئوبوروت قىلىندى.**

**مۇسابايوۋلار توپ-پارچە سېتىشنى بىللە ئېلىپ بارغان بولۇپ ، خېرىدارلارنى جەلپ قىلىشقا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن. ئۇلار ھەرقايسى جايلاردا چوڭ سارايلارنى قۇرۇپ ، سودىگەرلەرگە قۇلايلىق ياراتقان. شۆبە شىركەتلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان ۋە تىجارەت قىلىدىغان ئادەم سارايغا چۈشسە قونالغۇ ھەققى ئالمىغان. قونالغۇغا چۈشكەنلەرنى نان-چاي بىلەن تەمىنلەش بىلەن بىللە ، بىر ۋاق ھەقسىز تاماق بەرگەن. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ خېرىدارلىرى كۆپەيگەن ۋە جايلارنىڭ بازار ئەھۋالى شۆبە شىركەتلەر ئارقىلىق ئىگىلىنىپ ، ھەپتىمۇ ھەپتە باش شىركەتكە مەلۇم قىلىنىپ تۇرۇلغان ، شۆبە شىركەت خادىملىرىنىڭ ئىش ھەققى مەسىلىسى : ئۇلار سېتىۋالغان يەرلىك مال ياكى ساتقان تاۋار ماللارغا پىرسەنت ئالغان. پىرسەنت %2 تىن  5%كىچە بولغان.**

**.2تېرە زاۋۇتىنىڭ ئىش ھەققى باشقۇرۇلۇشى. ئىشچىلار ئىش ھەققى ئالغان. يەنى ئىشلىگىنىگە قاراپ ھەق بېرىلگەن. ئەمما ئىشچىلار تېخنىكا ئۆلچىمى بويىچە دەرىجىگە ئايرىلغان. مەسىلەن: 1-دەرىجىلىك ئۇستا بىر دانە خۇرۇم ئۈچۈن بەش يوەن ئالسا ، 2- دەرىجىلىك ئۇستا تۆت يوەن ، 3-دەرىجىلىك ئۇستا ئۈچ يوەن ھەق ئالغان. لېكىن ، مەھسۇلات سۈپىتىگە دەرىجە قويۇلمىغان بولۇپ ، 1-دەرىجە ئاساسدا ئىشلەپچىقىرىلغان. ئىش ۋاقتىنى كاسپلار ، قارا ئىشچىلار ئۆزلىرى بەلگىلىگەن. زاۋۇت كاسپلار ۋە ئىشچىلارغا پەرتۇق ، پەشتاما ، خالات ، رېزىنكە ئۆتۈك ، پەلەي ، كۆزەتكۈچلەرگە**

يازلىق ، قىشلىق كىيىم-كېچەك قاتارلىق ئەمگەك-مۇھاپىزەت بۇيۇملىرىنى تارقىتىپ تۇرغان ، تۇرمۇش جەھەتتىمۇ تېگىشلىك غەمخورلۇقلار كۆرستىلگەن. مەسىلەن: ھەقسىز تۇردە ئىشچىلارغا ئۇچ ۋاق تاماق بېرىلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە چۇشتە گۆشلۇك تاماق بېرىلگەن. ئىشچىلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ياكى دوست-يارەنلىرى تاماقتا بىللە بولۇپ قالسا ، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا مېھمان قىلىنغان.

مۇسابايوۋلار ھەريىلى بارات ئېيىنىڭ30-كۇنى ئومۇمىي ھېسابات قىلىپ ، يىغۇېلىنغان ئاشلىق ۋە مال-مۇلۇك ، نەق پۇلدىن زاكات ئايرىپ تۇرغان. ئۇنى ئاساسلىقى مەكتەپ قۇرۇشقا ۋە خەير-ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئىشلەتكەن (ئون چارەك ئاشنىڭ بىر چارىكىنى ، مال-مۇلۇك ، پۇل ، چارۋا مالنىڭ 40 تىن بىرىنى زاكات ئايرىپ تۇرغان.(
مۇسابايوۋلار كارخانا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىللە ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن كارخانا باشقۇرۇپ ، خام ئەشيالاردىن تولۇق پايدىلىنىپ ، قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشنىمۇ يولغا قويغان. ئالايلۇق ، ئات ، كالا تېرىسىدىن قىرىۋېلىنغان يۇڭدىن پايدىلىنىپ ، كىگىزچىلىك كارخانىسى قۇرغان. تېرىلەردىن قىرىۋېلىنغان مايدىن بولغان سوپۇن ، شام ياساش كارخانىسى ، كالا مۇڭگۇزىدىن تۇگمە ياساش كارخانىسى ئۇنىڭدىن باشقا ئاياغ كىيىم ، يارىپېلىم ئىشلەش كارخانىسى قۇرغان .خوتەندىن ئۇستا تەكلىپ قىلىپ ، غۇلجىدا گىلەم زاۋۇتى قۇرغان. ئومۇمەن ، مۇسابايوۋلارنىڭ كارخانا باشقۇرۇش ۋە قۇرۇشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەقىقەتەن كىشىنى قايىل قىلىدۇ.

.7مۇسابايوۋلارنىڭ قول سانائەت كارخانىلىرى

مۇسابايوۋلارنىڭ قۇرغان قول سانائەت كارخانىسى ئون بىرگە يەتكەن بولۇپ ، ئۇلار ئىش تۇرى بويىچە تۆۋەندىكىلەرگە ئايرىلغاندى :
(1)شامچىلىق ، (2) سوپۇنچىلىق ، (3) تۇگمىچىلىك ، (4) يار يېلىم ئىشلەش ، (5 (ئېگەرچىلىك ، (6) هارۋا جابدۇقى ياساش ، (7) جۇۋىچىلىق، (8) كىگىزچىلىك ، (9 (گىلەمچىلىك ، (10) پىيماگات (پىيمىچىلىق) ؛(11) موزدۇزلۇق. بۇ كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى مۇنداق بولغان ؛ شامچىلىق ، سوپۇنچىلىق كارخانىلىرىدا ئون نەپەردىن 20 نەپەرگىچە ئىشچى ئىشلىگەن. ئىشلەپچىقىرىلىدىغان شام ئاق ۋە قىزىل رەڭلىك بولۇپ ، 45 سانتىمېتىرلىق چېركاۋ قىزىل شامى ، 30 سانتىمېتىرلىق پانۇس شامى ، 20ۋە 25 سانتىمېتىرلىق ئۆي شامى قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىلىپ بازارغا سېلىنغان ھەمدە رۇسىيىلىكلەرگە ئېكسپورت قىلىنغان. موسكۋا ، سانكىت-پېتىربورگ شەھەرلىرىمۇ ئالاھىدە ئۇلارغا شام زاكاز قىلىدىغان بولغان. سوپۇنمۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئېكسپورت قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا ، مۇساھاجىم تاشلاندۇق يۇڭلارنىڭ ھەممىسنى يىغىۋېلىپ ، كىگىزچىلىك كەسپىنى يولغا قويغان. چىداملىق ۋە قېلىن بولغان ناماتمان كىگىزى دەل مۇساھاجىمنىڭ ئىجادىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ

(ناماتمان مەھەللىسى ئىلدىكى كىگىزچىلىك كاسىپلىرى ئولتۇراقلاشقان مەھەللە بولۇپ ، ئۇلارنى مۇساھاجىم جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئېلىپ چىقىپ ئورۇنلاشتۇرغان ). ئۇلار تۇرلۇك گۇللۇك كىگىزلەرنى ئىشلەپ چىقارغان بولۇپ ، ئىلى ، ئالتە شەھەرنى تولۇق تەمىنلەپلا قالماستىن ، ئوتتۇرا ئاسىياغىمۇ چىقىرىلغان. خىللانغان قوي يۇڭدىدا گىلەم توقۇش ، پىيما ئىشلەش كارخانىسى قۇرۇلغان بولسىمۇ ، تېخنىك ئۇستىلارنىڭ ئۇزۇكچىلىكى تۇپەيلى گىلەمچىلىك كەسپى ئانچە چوڭ تەرەققىي قىلالماي قالغان. پىيما سېخىدا بولسا 30 نەپەرگە يېقىن ئىشچى بار بولۇپ ، ئىشلەنگەن پىيمىلار شىمالىي شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالاردا سېتىلغان.

مۇساھاجىم مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ كەلگەن. مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى ئەلا بولمىسا بازارغا سالمىغان. ئۇنىڭ چوڭ كارخانىسىدا ئات ، كالا ، قوي ، ئۆچكە قاتارلىقلارنىڭ تېرىلىرى پىششىقلاپ ئىشلىنىدۇ ، يەنى كۆن-خۇرۇم ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. سۈپەتلىك تېرىلەردىن كۆن-خۇرۇم ، چەم ياسالسا ، 2-دەرىجىلىك تېرىلەردىن ئېگەر-جابدۇق ۋە هارۋا جابدۇقلىرىغا كېرەكلىك ماتېرىياللار ئىشلىنىدۇ. بۇ مەھسۇلاتلار ياۋروپا بازارلىرىغىچە يېتىپ بارىدۇ. بۇ كەسىپ ئالدىنقى ئەسىردىن باشلاپ مۇشۇ ئەسىرنىڭ يەنى 1949-يىل ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە يىلغىچە داۋام قىلغان.

مۇساھاجىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھۇسەنباي بىلەن باھاۋۇدۇنباي ئۇنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، تېرە زاۋۇتىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇلار گېرمانىيىدىن زامانىۋى ئۇسكۇنىلەرنى سېتىۋالغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى خەلقئارا بازارغا كىرىدۇ. چارروسىيە ھۆكۈمىتى ئۇزاق يىلغىچە ھەربىي ئاتنىڭ ئېگەر-جابدۇقلىرى ، قىلىچدان (غىلاپ) ، سومكا ، ھەربىي هارۋا جابدۇقلىرىنى مۇسابايوۋلاردىن ئالىدۇ. 1912-يىلى ئىلى شىنخەي ئىنقىلابى باشلىنىش هارپىسىدا ، ھۇسەنباي قوزغىلاڭچى ئارمىيىنى ئۆتۈك ، ئات ئېگەر-جابدۇقلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مۇساھاجىم قۇرغان جۇۋىچىلىق كارخانىسى تەرەققىي قىلىپ ، يەرلىك جۇۋا ، ھەربىي جۇۋا ئىشلەپچىقىرىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ يەرلىك جۇۋىسى تاشلىق ، تاشسىز ۋە ھەرخىل ياقىلىق بولۇپ ، قوي تېرىسىدىن ئىشلىنىپلا قالماستىن ، بۆرە ، يىلپىز ، تۈلكە ، سۆلەيسۈن ، تىيىن قاتارلىق ئەتىۋارلىق هايۋاناتلار تېرىسىدىن تىكىلىدۇ. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغىچە بۇ كارخانا چارروسىيە ئارمىيىسىنى ، ئاندىن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنى ، شىنجاڭدا گومىنداڭ ئارمىيىسىنى ھەربىي جۇۋا بىلەن تەمىنلەيدۇ. 1944-يىلى 11 -ئايدىن باشلاپ ، ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بۇ كارخانا تەرىپىدىن ھەربىي جۇۋا بىلەن تەمىن ئېتىلىدۇ.

مۇساھاجىم ھايات ۋاقتىدا كالا ، قوي ، ئۆچكە مۈڭگۈزلىرى ۋە سۆڭەكلەرنى يىغىپ تۈگمىچىلىك كارخانىسى ئاچقان. مۈڭگۈزلەردىن قارا تۈگمە ، سۆڭەكلەردىن ئاق تۈگمە ياسالغان ) ئۇيغۇر تۈگمىچىلىكى ئەزەلدىن سۆڭەكنى خام ئەشيا ماتېرىيالى قىلىپ كەلگەن .( نەتىجىدە تۈگمە ئىمپورت قىلىشقا خاتىمە بېرىلگەن.

يارىپىلىم كارخانىسىمۇ ئوخشاشلا تەرەققىي قىلىپ ، بەلگىلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىپ كەلگەن. بۇ كەسىپتە ئاساسلىقى خام ، پىششىق تېرىلەردىن چىقىرىۋېتىلگەن تاشلاندۇق نەرسىلەر، ھەرخىل پۇرۇچلار خام ئەشيا قىلىنغان ، يەنى بۇ نەرسىلەر قايىنتىلىپ يارىپىلىم ياسالغان ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىياغا توننىلاپ ئېكسپورت قىلىنغان.

مۇساباي ۋاريوۋلار كارخانىنى ئەنە شۇنداق ئىقتىسادچانلىق بىلەن باشقۇرغان بولۇپ ، بۇ كەسىپلەرنىڭ بىر قىسمى ھازىرمۇ داۋام قىلىنىۋاتىدۇ.

.8مۇساباي ۋاريوۋلار ئاچقان تېخنىكلار مەكتىپى ۋە ئاياللار مەكتىپى

مۇسابايوۋ ئەينى مەزگىللەردە ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىگە بارغاندا ، چەت ئەللەرنىڭ كۆن-خۇرۇم زاۋۇتلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ زاۋۇتلاردا يولغا قويغان تېخنىكىلىق باشقۇرۇش مېخانىزمى ۋە تېخنىك ئىشچىلارنىڭ مەشغۇلاتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇساھاجىم تېخنىك ئىشچى يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىدۇ. يۇرتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تېخنىك يېتىشتۈرۈش مەكتىپى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرىدۇ. ئەمما ، مۇساھاجىم ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاغرىپ 1895-يىلى قەشقەردە ۋاپات بولىدۇ. ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئوغۇللىرى ھۈسەنباي، باھاۋۇدۇنبايغا:«مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتۇڭلار ، خىراجەتنى زاكاتتىن چىقىرىڭلار، يەتىمسە ئومۇمىي ئىقتىسادتىن ئاجرىتىڭلار » دەپ ۋەسىيەت قالدۇرۇپ كېتىدۇ.

-1904يىلى باھاۋۇدۇنباي مۇسابايوۋ گېرمانىيە سانائەت شىركىتىدىن كۆن-خۇرۇم زاۋۇتى كىرگۈزۈش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلغاندىن كېيىن جىددىي تەييارلىق قىلىپ ، ھازىرقى ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئورنىدا ئىشچىلار تېخنىك مەكتىپىنى قۇرىدۇ. ئىمىر داموللا ، نىزامىدىن قاتارلىق چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىدۇ. تەگرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىن 160نەپەر كەمبەغەل دېھقان بالىسىنى ئوقۇغۇچىلىققا قوبۇل قىلىدۇ. مەكتەپتە تىل-ئەدەبىيات ، ماتېماتىكا ، فىزىكا ، خىمىيە دەرسلىرى تەسىس قىلىنىدۇ. كەسپىي جەھەتتىن گېرمانىيىلىك ئىنژېنېر ماگىن كۆن-خۇرۇم ئىشلەش تېخنىكىسى ، خام تېرە ، پىششىق مەھسۇلاتلارنى پىرىيوم قىلىش ھەققىدە

دەس ئۆتىدۇ. بىرىنچى قاراردا ئوقۇغان بۇ 160 نەپەر ئوقۇغۇچى قۇرۇلۇۋاتقان زاۋۇتنىڭ تايانچ تېخنىك خادىملىرىغا ئايلىنىدۇ .ئىككىنچى تۈركۈمدە يەنە 300 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشچى-دېھقان بالىلىرى بولۇپ ، يۇقىرىقى دەرسلەردىن باشقا يەنە ياغاچچىلىق، تامچىلىق ،موزدۇزلۇق ، ماشىنچىلىق ، ھارۋا ياساش ، قاتارلىق 19 خىل ھۈنەرنى ئۆگىنىدۇ ، ئوقۇش پۈتكەندىن كېيىن خالىغانلار ئىلىدا قالىدۇ، كۆپىنچىسى يۇرتىغا قايتىدۇ، مۇسابايوۋلار يۇرتقا قايتقانلارغا سايمان ۋە يول خىراجىتى بېرىدۇ. ئۈچىنچى قاراردا 120 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇلار يۇقىرىقى پەنلەرنى ئوقۇغاندىن سىرت زاۋۇت كەسپى ، بوغالتىرلىق ، ستاتىستىكا ، كارخانا باشقۇرۇش كەسپلىرىنىمۇ ئۆگىنىدۇ، ئوقۇش پۈتكەندىن كېيىن ئاز ساندىكىلىرى زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ. كۆپلىرى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ.بەزىلىرى جايلاردا مۇسابايوۋلارنىڭ سودا ۋاكالەتچى خادىملىرى بولۇپ قالىدۇ. ئومۇمەن مۇسابايوۋلار قۇرغان ئىشچىلار تېخنىك مەكتەپ جەمئىي ئۈچ قاراردا 580 نەپەر ئوقۇغۇچى تەربىيىلەيدۇ ، 1909-يىلى زاۋۇت رەسمىي ئىش باشلىغاندا ، ئۇلاردىن 200 نەچچە نەپىرى زاۋۇتقا قوبۇل قىلىنىدۇ ، شۇ مەزگىللەردە زاۋۇت باش بوغالتىر ، كاسسىر ، ستاتىستىكا خادىمى ، پىلان خادىمى كاتىبات مەسئۇلى قاتارلىق خادىملارنى رۇسىيىدىكى رۇس ، تاتار مىللەتلىرىدىن ، زاۋۇت تېخنىكا خادىملىرىنى گېرمانىيىدىن تەكلىپ قىلغان. بۇ مۇتەخەسسىسلەر زاۋۇتقا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارغا كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلغان. نەتىجىدە ئوقۇغۇچىلاردىن بوغالتىر ، كاسسىر ، ستاتىستىكچى ، شۇرنىك ، پرىيومچىك ، سلىسار ، توكار ، قۇيمىچى ، ئەيلەمچى قاتارلىق يارامىلىق خادىملار ۋە تېخنىكلار يېتىشىپ چىققان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ساۋۇت ئىلى ياڭخاڭ ، زۇنۇن تېيىپ (گېنېرال زۇنۇن تېيىپ (، ئابدۇرۇپ ئاخۇن ، كېيىنكى ۋاقىتتا سانائەت نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان شاۋۇدۇن ئاخۇنلار بار ئىدى.

ھۈسەنباي بىلەن باھاۋۇدۇنباي ئۆز ئوغۇللىرىدىن سابىت ئەپەندى ، ئابدۇلئەزىز ئەپەندى ، ئىسمائىل ئەپەندى ، ئابلەھەي ئەپەندى ، مجىت ئەپەندى ، ئابدۇقەييۇم ئەپەندى ئابلەت ئەپەندى ، تەلئەت ئەپەندى ، فۇكرات ئەپەندى قاتارلىقلارنى تۈركىيە ، رۇسىيىلەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىدۇ. مجىت ئەپەندى بىلەن ئابدۇقەييۇم ئەپەندى تۈركىيىدىكى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن گېرمانىيىنىڭ بېرلىن ، بونن شەھەرلىرىگە بېرىپ ، ئىنژېنېر ، ماستېر ياللايدۇ. نەتىجىدە ، ئۇلار بىلىم ئالغاندىن كېيىن چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. زاۋۇت باشقۇرۇشنىمۇ ئۆز ئىلكىگە ئالىدۇ.

-1912يىلىغا كەلگەندە ، زاۋۇت ئىشچىلىرى كۆپىيىپ 500دىن ئاشىدۇ. شۇ چاغدا بىر قىسىم ئاياللار ھۈسەنبايغا ئوقۇش ۋە ئىشچى بولۇش تەلىپىنى قويىدۇ. ئاكا-ئۇكا مۇسابايوۋلار ئۇلارنىڭ تەلىپىگە

دەرھال قوشۇلدۇ ۋە رۇسىينىڭ قازان شەھرىدىن خەلچە ئاۋۇستاي قاتارلىق تۆت نەپەر ئايال ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ ، غۇلجىدا ئايالالار مەكتىپى ئاچىدۇ. بۇ مەكتەپتە 300 نەپەرگە يېقىن ئايال ئوقۇيدۇ. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر تىلى ، ھېساب ، تارىخ ،جۇغراپىيە قاتارلىق دەرسلەرنى ئوقۇسا ، يەنە بىر تەرەپتىن كىيىم تىكىش ،كېشتىش ، يۇڭ پوپايكا ، شارپا ، ياغلىق ، پەلەي توقۇش ، رەشلىيە ئىشلەش ، كەشتىچىلىك قاتارلىق قول ھۈنەرلىرىنى ئۆگىنىدۇ ، مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئايالالار ئۇستا ھۈنەرۋەنلەردىن بولۇپ چىقىدۇ. ئوقۇشنى تەلەپ قىلغانلار داۋاملىق كۆپەيگەچكە ، بۇ مەكتەپ «ھۈنەر مەكتىپى «دەپ ئاتىلىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، 1912-يىلى ئېچىلغان بۇ ھۈنەر مەكتەپ ئازادلىقتىن كېيىنمۇ بىر قانچە ئون يىل داۋام قىلغان. بۇ مەكتەپتە نەچچە ئون مىڭ ئايال ئوقۇپ ، مۇنەۋۋەر كارخانا ئىشچىلىرىغا ئايلانغان.

.9مۇسابايوۋ ۋە شىنجاڭنىڭ يېڭى زامان مائارىپى

مۇسابايوۋ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تىجارىتىنى دۇنياغا يۈزلەندۇرگەندىن كېيىن ياۋروپا ئەللىرىدىكى سانائەت ئىنقىلابى ۋە يېڭى زامان مائارىپىنىڭ تۈرتكىسىدە بارلىققا كەلگەن بۈيۈك كەشپىياتلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ ، شىنجاڭدا يېڭى مائارىپ ، يېڭى تېخنىكا بەرپا قىلىشقا بەل باغلايدۇ. مۇساھاجىم ئوغلى باھاۋۇدۇنبايىنى چەت ئەللەردىكى پەن تەتقىقات خادىملىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

-1870يىلى باھاۋۇدۇنباي قازان شەھرىدىن ئۈچ نەپەر مۇئەللىمنى قەشقەرگە تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇلار خانلىق مەدرىسىدە دىنىي دەرستىن سىرت ، تىل ، ھېساب ، ئەدەبىيات ، جۇغراپىيە ۋە ئەرەب ، پارس تىللىرىدىن دەرس بېرىدۇ. شۇ يىلى (1870-يىلى) باھاۋۇدۇنباي ئىلى بەيتۇللا مەسچىت يېنىدىكى مەدرىسىدە تۆت سىنىپلىق مەكتەپ قۇرۇپ ، تىل ، ھېساب ، ئەرەب ، پارس تىلى ۋە تارىخ دەرسلىرىنى تەسىس قىلىدۇ.

قەشقەردىكى پەن ئوقۇتۇش مەكتىپى 1880-يىللارغىچە داۋام قىلىدۇ. ئەمما ، مۇتەئەسسىپ دىنىي كۈچلەر توسقۇنلۇق قىلغاچقا ، ئاكا-ئۇكا مۇسابايوۋلار مۇساھاجىمنىڭ ياردىمىدە مەكتەپنى ئۆز يۇرتى ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىگە يۆتكەپ كېتىدۇ ۋە دەسلەپ ئۈچ سىنىپلىق قىلىپ ئاچىدۇ. 1883-يىلىغا كەلگەندە سەككىز سىنىپلىق قىلىپ ئۆزگەرتىشنى قارار قىلىپ ئىش باشلايدۇ. 1885-يىلى كارىدورلۇق كۆركەم سېلىنغان سەككىز سىنىپلىق ئوقۇتۇش بىناسى ، 32 ئېغىزلىق ئوقۇغۇچىلار ياتىقى ، زال ، ئىككى ئېغىز ئاشخانا ،مۇلازىمەت دۇكىنى ، ئۆي ، بەش مولۇق باغ ، ئالتە موكېلىدىغان تەنتەربىيە مەيدانى ، تاش مۇنچا (ھامام) بار مەكتەپ پۈتۈن ئوقۇش باشلايدۇ. بۇ مەكتەپكە «مەكتىپى ھۇسەينىيە» دەپ

نام بېرىلدۇ. 1913-يىلى مەزكۇر مەكتەپ تۈركىيەدىن ئەھمەد كامال قاتارلىق يەتتە نەپەر مۇئەللىمنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلدۇ. مەكتەپنىڭ پۈتۈن چىقىمنى ھەمدە بالىلارنىڭ تاماق، كىيىم ۋە قىينچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلىسىگە بېرىلىدىغان ياردەمگىچە بولغان راسخوتلىرىنى مۇسابايوفلار ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

مۇسابايوۋلار 1907-يىلى ئېكساقتا «ھەبب زادە دارىلمۇئەللىمن» مەكتىپىنى قۇرىدۇ. بۇ مەكتەپكە خوتەن، قەشقەر ۋە ئاتۇشنىڭ يەتتە كەنتىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، ھەممە چىقىمنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ بىرىنچى قارارى 1909-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ.

باھاۋۇدۇنبايىنىڭ مائارىپ ساھەسىدىكى تۆھپىلىرىمۇ گەۋدىلىك بولغان. ئالايلۇق، ئۇ قەشقەر يار باغدا 1-خەنزۇ تىلى مەكتىپى، ئېكساقتا 2-خەنزۇ تىلى مەكتىپى ئاچقان. 1905-يىلى غۇلجىدا «تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى» قۇرۇپ، ئۈچ قارار‌دا 580 نەپەر بالا تەربىيىلىگەن. 1905-يىلى ئىلىدا «ھۈنەر كەسىپ مەكتىپى « قۇرۇپ، 1912-يىلىغا كەلگەندە، بۇ مەكتەپنى كېڭەيتىپ «ئاياللار ھۈنەر مەكتىپى «قىلىپ قۇرۇپ چىققان. يەنە ئىلىدا 1913-يىلى «نۇرانىيە مەكتىپى»، «سايرامىيە مەكتىپى» ،1916-يىلى «مەكتىپى نۇر»، ئەلا باي قورۇسدا «ئەلا باي قورۇ مەكتىپى «، -1924يىلى «دەرنەك» مەكتىپى، 1938-يىلى «مۇراد مەكتىپى» قاتارلىق مەكتەپلەرنى قۇرغان ۋە ئاساسي چىقىملىرىنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان.

ئۇلاردىن باشقا، ئاكا-ئۇكا مۇسابايوۋلار -19ئەسىرنىڭ باشلىرىدا «مەتبەئە خۇرشىد-مەتبەئە نۇر» ناملىق تاش مەتبەئەنى كىرگۈزۈپ، شائىر تەجەللى ۋە قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ئىشلىتىشكە بەرگەن. ئىلى كۇرەدىمۇ تاش مەتبەئە قۇرغان. ئەينى ۋاقىتتا مۇسابايوفلار شىنجاڭدا يېزىلغان بىر بۆلۈم تارىخ، ئەدەبىيات ۋە دىنىي ئەسەرلەرنى ئۆز خىراجىتى بىلەن تاشكەنتتە باستۇرۇپ تارقاتقانىدى.

مۇسابايوۋلار بۇنىڭلىق بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي م رۇسىيە، تۈركىيە، گېرمانىيە ۋە لىۋانغا بىر قانچە قارار ئوقۇغۇچى ئەۋەتكەن. دېمەك، دەسلەپ چەت ئەللەردىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلغان بولسا، كېيىن چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىپ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلىگەن. ئۇلار تېخنىك خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. مەسىلەن: توك ئىشچىسى، تېخنىك، مانتيور، سىلىسار، ماستىرلارنى تەربىيلەشنى يېتىشتۈرگەن، بوغالتىر، كۆن-خۇرۇم ئۈستىسى، پرىيومچىك، 19 خىل قول ھۈنەر كەسپى ،ئاياللار قول ھۈنەر كەسپى، ماشىنچىلىق، رەشلىيە ئىشلەش، كانۋا ئىشلەش قاتارلىق 20 خىل ھۈنەر ئۆگەتكەن.

ئومۇمەن، ئاكا-ئۇكا مۇسابايوۋلار -1870يىلدىن باشلاپ مەملىكىتىمىزدە بىرىنچى بولۇپ مائارىپ

ئىسلاھاتنى يولغا قويۇپ ، شىنجاڭنىڭ يېڭى زامان مائارىپىغا ئۈچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇلارنىڭ ئالىيجاناب ئىسلاھات روھى ۋە ئېسىل پەزىلىتى بۈگۈنكى ئىسلاھات دەۋرىمىزدە ئوخشاشلا رېئال يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

10. مۇساباي ئوغۇللىرى قۇرغان كارخانىلارنىڭ ئىز باسارى — ئوبۇلھەسەن مۇساباي

1895-يىلى مۇساھاجىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن مۇساباي ئوغۇللىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئائىلە نىزامى يەنى مىراسخورلۇق تۈزۈمى بويىچە، چوڭ ئوغۇل ھۈسەنباي مۇساھاجىمنىڭ ئومۇمىي ئىشىغا ۋارىسلىق قىلدى. چۈنكى مۇساباي ئوغۇللىرىنىڭ ئائىلە نىزامىدا نەچچە ئەجدادتىن بۇيان، چوڭ ئائىلىنى بۆلمەسلىك ، ياش رېتى بويىچە ۋارىسلىق قىلىش، ۋارىس بولغان كىشى شۇ ئائىلە ئەۋلادىنىڭ ھەممە ئىشىغا مەسئۇل بولۇش، پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى شۇ ئائىلىدىن بەھرىمەن بولۇش، مىراس ئايرىپ بۆلمەسلىك، چوڭ ئائىلىنى گەۋدە قىلغان ھالدا، پايدا-زىياننى تەڭ كۆرۈش يولى بىلەن ئايرىم تىجارەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمى ئورنىتىلدى. شۇ بويىچە كېيىن قۇرۇلغان كارخانىلارمۇ «مۇساباي بۇرادەرلىرى شىركىتى» دەپ ئاتىلىپ كەلدى.

ھۈسەنباي 1926-يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىگىلىككە باھاۋۇدۇنباي ۋارىسلىق قىلدى. 1928-يىلى باھاۋۇدۇنباي ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، بۇ ئائىلىنىڭ ئىگىلىكى ئىككى يىل ئۈچپۈچۈرىسىدە ئۆزئارا ئېتىراز ۋە سۈركىلىش ئىچىدە كوللېكتىپ باشقۇرۇلدى. ئىككى يىلدىن كېيىن بۆلۈنۈش پەيدا بولدى. نەتىجىدە مۇساھاجىمنىڭ ئوغۇللىرى ئۆزلىرى باشقۇرغان ئىگىلىككە ئۆزلىرى ئىگە بولدى. زاۋۇت ، تىجارەتخانا ۋە مۇشۇ ئىككى تورۇنى ئاساس قىلغان مال-مۈلۈك ، نەق مەبلەغ ، تاشقى پېرېۋوتلار ھۈسەنباي ۋە باھاۋۇدۇنبايغا تەئەللۇق قىلىنىپ، ھۈسەنباينىڭ ئىگىلىكىگە چوڭ ئوغلى سابىت ئەپەندى ، باھاۋۇدۇنباينىڭ ئىگىلىكىگە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەپەندى ۋاكالەتچى بولۇپ مىراس بۆلۈشىدۇ. زاۋۇت بىرلىكتە باشقۇرۇلدۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ مۇسابايوفنىڭ چوڭ ئائىلىسى پارچىلىنىپ كېتىدۇ. 30-يىللاردىن ئېتىبارەن مەزكۇر ئائىلىنىڭ ئەۋلادلىرى ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ، تۈركىيە ، ئامېرىكا ، ياپونىيە ، ئاۋستىرالىيە ، سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق دۆلەتلەرگە كېتىپ قالدۇ ۋە شۇ جايلاردىكى ئىقتىساد-تاشقى پېرېۋوتقا ئىگىدارچىلىق قىلدۇ .ئۇلارنىڭ ئارىسىدا 1950-يىلى چەتئەلگە چىقىپ كەتكەن تەلئەت مۇسابايوۋدىن باشقىلىرى چەتئەلدە ۋاپات بولدۇ. شىنجاڭدا قالغانلىرى 1952-يىللىرىغىچە تىجارەت قىلىش ، كارخانا باشقۇرۇش ۋە ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ئىشلەش بىلەن بەند بولدۇ.

1952-يىلى مۇساباي كارخانىسى (زاۋۇتى (ھۈسەنباينىڭ ئوغلى ئابدۇلئەزىز مۇساباي باشچىلىقىدا پۈتۈن سەرمايىسى ، زاۋۇت-ئۈسكىنىلىرى ، چارۋا ماللىرى بىلەن «شىنجاڭ لىچۈن سانائەت

ھەسسدارلىق شىركتى» گە پايچى بولىدۇ ، 1954-يىلى 11-ئايدا مۇساباييوفلار ئائىلىسى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئومۇمىي كاپىتالى ، مال-مۈلكى ۋە چارۋا ماللىرى بىلەن ھۆكۈمەت خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىگە ئۆتىدۇ ، شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئائىلىنىڭ ئەزالىرى زاۋۇتتا ۋە ھەر دەرىجىلىك ئىدارىلەردە ئىشچى-خىزمەتچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. بەزىلىرى پېنسىيىگە چىقىپ، ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. بەزىلىرى چەت ئەلگە كېتىدۇ. يەنە بەزىلىرى تۆت كىشىلىك گۇرۇھنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ، زاۋۇتتىن ئايرىلىپ پاناھسىز قالىدۇ. ئومۇمەن ، مۇساباييوفلار ئائىلىسى پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنىغا قەدەر ئارىلىقتا ھەرخىل بەتناملاردىن خالىي بولالماي كۆپ رىيازەت چەكتى...

شۇ مەزگىللەردە مۇساباييوۋلار ئەۋلادىدىن چوڭراق ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنى ھۈسەنباينىڭ ئوغلى تەلئەت ئەپەندى ئىدى. تەلئەت مۇساباييوۋ ئەپەندى تۈركىيە پۇقراسى بولۇپ ، ئۇ ھازىر جىددىدە تۇرىدۇ. تەلئەت ئەپەندى جىددىدە ئابدۇقادىر ئەھمەت (تۈركىستان) دېگەن كىشى بىلەن شېرىكلىشىپ ، تۈركىيىدە ئۆزي قۇرۇلۇش شىركىتى بۇ شىركەتكە تەلئەت ئەپەندىنىڭ بىر ئوغلى دىرېكتور) ، جىددىدە بىر سۇلىياۋ زاۋۇتى قۇرىدۇ. خەۋەرلەرگە قارىغاندا ، بۇ سۇلىياۋ زاۋۇتى ئەرەب ئەللىرى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمدارلىقى زور زاۋۇتلارنىڭ بىرى ئىكەن. تەلئەت ئەپەندىنىڭ بىر قىزى ئامېرىكىنىڭ سان-فرانسىسكو شەھرىدە گىرىم بۇيۇملىرى زاۋۇتى قۇرغان. بىر ئوغلى كانادادا دۇكان ئېچىپ مۇستەقىل تىجارەت قىلىدىكەن. ئۇنىڭ يەنە بىر قىزى كانادادا مەمۇرىي خىزمەتتە ئىكەن. ئۇنىڭ يولدىشى بولسا ئاپتوموبىل توپ-پارچە سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن.

تەلئەت مۇساباييوۋ 1986-يىلى 10-ئاينىڭ 22-كۈنى ۋەتەنگە كېلىپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى ھەمدە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى. بۇ جەرياندا ئۇ ۋەتەنىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىياتىدىن مەمنۇن بولدى. بۇ جەرياندا ئۇ ۋەتەنىنىڭ سودا-سانائەت، مەدەنىي مائارىپ ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ساھەلىرىدە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش قارارىغا كېلىپ ، ھۆكۈمەت بىلەن مەسلىھەتلەشكەن بولسىمۇ ، ھەرخىل شەرت-شارائىتلارنىڭ پىشىپ يېتىلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ تەلەپ ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئاشمىدى.

شۇ كۈنلەردە ، ئاپتونوم رايونىمىزدا باھاۋۇدۇنباينىڭ نەۋرىسى ئوبۇلھەسەن مۇساباييوۋ ئۆز ئەمگىكى ۋە ئەقىل-پاراستىگە تايىنىپ ، پارتىيىنىڭ ئىسلاھات ئېچىۋېتىش سىياستىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا مۇساباييوۋ ئائىلىسىدىن قايتا كۆكلىگەن نوتا بولۇپ قالدى.

ئوبۇلھەسەن مۇساباييوۋ 1950-يىلى 10-ئايدا تۇغۇلغان .ئۇ 1967-يىلىغىچە ئائىلە ، باشلانغۇچ ، ئوتتۇرا مەكتەپ تەربىيىسىدە بولدى-1970 .يىلى قايتا تەربىيىگە باردى. بۇ مەزگىللەردە ئۇ ناھايىتى ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئائىلىسى مۇساباييوۋلارنىڭ پۈتۈن ئائىلىسى قاتاردا ھەرخىل بەتناملار بىلەن خورلانغان ھەتتا ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇللا ئەلا ھاجى تۈرمىگە تاشلانغانىدى. كىچىكىدىنلا تۈرمۈشنىڭ ئاچچىق-چۈچۈك تەمىنى خېلى ئوبدان تېتىغان ئوبۇلھەسەن جان بېقىش كويىغا چۈشتى. ئۇ قايتا تەربىيىگە بارغاندىن باشلاپ ، ئاشلىق ، رەخت بېلىتى ئېلىپ سېتىپ ئائىلە تۈرمۈشىغا ياردەم بەردى. كېيىن بىر مەزگىل باغ-ئېتىزلارنى كۆتۈرە ئېلىش ، توپ-پارچە سېتىش ، باققالچىلىق قىلىش قاتارلىق تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى ، 1981-يىلىغا كەلگەندە ، ئوبۇلھەسەن شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىغا قاراشلىق 1-دوختۇرخانىنىڭ كېسەللەر ئاشخانىسىغا مال سېتىۋالغۇچى بولۇپ ئورۇنلاشتى. 1985-يىلى ئىدارىسىنىڭ رۇخستى بىلەن رەسمىيەت ئۆتەپ خىزمەتتىن چېكىنىپ چىقىپ ، تىجارەتكە كىرىشتى. ئۇ دەسلەپتە ئازلا دەسمايە بىلەن ئۇششاق تىجارەت باشلىدى. ئۆزىنى بىر ئاز رۇسلىۋالغاندىن كېيىن ئىنىسى مەھەممەت ئىمىنى ئېچكىرىدە ، يەنە بىر ئىنىسى ھەبىبۇللانى غۇلجىدا تۇرغۇزۇپ ، ئۆزى ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ ، پوچتخانا ئارقىلىق پوسۇلكا مال تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ مۇشۇ جەرياندا سەگەكلىك بىلەن بازارنى كۆزىتىپ ، ئۇچۇرغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەچكە ، تاۋار ئوبوروت قانۇنىيىتىنى تېزلا ئىگىلەپ روناق تېپىشقا باشلىدى. ئۇ پەسىللىك ھەتتا بىرلا پەيدا بولۇپ بازار تېپىپ ئارقىدىنلا بازىرى كاسات بولىدىغان ماللارنىڭ ئەھۋالىنى توغرا تەتقىق قىلىپ ، ئوبوروتنى راۋانلاشتۇردى ، ئاز پايدا بىلەن ئوبوروتنى تېزلىتىپ ، ئىقتىسادىي جەھەتتە خېلى چاپسانلا كۆتۈرۈلدى.

ئوبۇلھەسەن 1986-يىلى ئۈرۈمچى ناھىيىلىك تېرە زاۋۇتىنىڭ ئىشتىن توختاپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ، بۇ زاۋۇتنى بىر يىللىق ئىجارىگە ئالدى ۋە تېخنىكا يېڭىلاپ ، زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى جانلاندۇردى ، ئۇ يەنە خۇرۇم چاپاننىڭ مودا بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ ، دەرھال كاسىپ ئىزدەپ پىششىقلانغان تېرە )خۇرۇم) دە ھەرخىل چاپان تىكتۈرۈپ بازارغا سالدى شۇ بىر يىل ئىچىدە ، زاۋۇت سۈپەت ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ ئۆزىنى رۇسلاپ ئالدى. ئوبۇلھەسەنمۇ خېلى كۆپ پايدا بىلەن زاۋۇتتىن چېكىنىپ چىقتى ۋە 1987-يىلى قاراقاش ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى نامراتلارنى بېيىتىش ئىشخانىسى بىلەن ئۈچ يىللىق توختام تۈزۈپ ، كۆن-خۇرۇم زاۋۇتى قۇردى. توختام بويىچە تېخنىكا كىرگۈزۈش ، ماشىنا-ئۈسكۈنە سەپلەش ، تېخنىك-شاگىرت يېتىشتۈرۈش قاتارلىق تۈرلەرگە ئوبۇلھەسەن مەسئۇل بولدى. نەتىجىدە 50 تىن ئارتۇق ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە تېخنىك خادىملار يېتىشتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن زاۋۇت مۇستەقىل تۈردە كۈنىگە 200-300 پارچە خۇرۇم ئىشلەپچىقىرالايدىغان مۇنتىزىم زاۋۇتقا ئايلاندى.

ئوبۇلھەسەن قاراقاش ناھىيلىك تېرە زاۋۇتى بىلەن تۈزگەن توختامنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە پىششىقلانغان تېرە ئېلىپ بېرىپ ساتتى. ئىشتىن توختاپ قالغان غۇلجا شەھەرلىك تېرە زاۋۇتىنى ئۈچ يىللىق ئىجارىگە ئېلىپ، زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمدارلىقىنى ئۆستۈردى. پىششىقلانغان تېرىنى گۇاڭدۇڭغا ئاپىرىپ ساتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىمۇ قوش پايدا ئالدى، زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىشى جانلاندى.

ئوبۇلھەسەن ئىگىلىك تىكلىگەندىن كېيىن ئەجدادلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، جاھان سودىسىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئۇ 1992-يىلى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىدە « جۇڭگو-قىرغىزىستان شېرىكچىلىكىدىكى دوستلۇق ھەسسىدارلىق شىركىتى «قۇردى. بۇ شىركەت كۇنىگە 1000 دانە خۇرۇم ئىشلەپچىقىرىدىغان تېرە زاۋۇتى قۇردى. بۇ زاۋۇتنىڭ ماشىنا-ئۈسكۈنە ، تېخنىك ۋە بارلىق لاۋازىمات ئوبۇلھەسەندىن بولۇپ ، باش دىرېكتورلۇقتىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالدى. يەنە ئالمۇتادا جۇڭگو-قازاقىستان شېرىكچىلىكىدە »يۇلتۇز كىيىم-كېچەك ھەسسىدارلىق شىركىتى» قۇردى. بۇ شىركەتنىڭ بارلىق بىساتىغىمۇ ئوبۇلھەسەن مەسئۇل بولدى. مەزكۇر زاۋۇت تېرە ، خۇرۇم ۋە باشقا رەختلەردىن كىيىم-كېچەك تىكىدۇ. ھازىر ئوبۇلھەسەن تەكلىپ قىلغان شىنجاڭلىق تېخنىكلار ۋە باشقا خادىملار قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاندا ئىش باشلىۋەتتى.

ئوبۇلھەسەن مۇسابايوۋ مۇشۇ بىر قانچە يىل جەريانىدا ئاتا ئىزىدىن مېڭىپ ، ئىلىم-مەرىپەتنى قوللاپ ، »تەڭرىتاغ مۇكاپاتى» ،«غۇنچە مۇكاپاتى» ، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە ئۇرۇمچى ، غۇلجا قاتارلىق جايلاردىكى ھەرقايسى مەكتەپلەرگە ۋە نامرات ئائىلىلەرگە ياردەم بەردى.

بۇ ياش كارخانىچىنىڭ ئەقىل-ئىدراكى ، ياراتقان مۆجىزىلىرى ، ئۈمىد ۋە تىجارەت ئىقتىدارىغا قاراپ بىز يولداش ئوبۇلھەسەن مۇسابايوفنى دىيارىمىزدىكى مۇسابايوۋ سودا كارخانىسىنىڭ ئىز باسارى ، دەپ ھېسابلاشقا ھەقلىقمىز. ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىمۇ جەزمەن سودا تارىخىمىزدىن تېگىشلىك ئورۇن ئالغۇسى.

مەنبە: «ھۆسەينىيە روھى ـ تەكلىماكاندىكى ئويغىنىش» دىن ئازراق قىسقارتىلدى.

# 17-«ئىللەتلىك ئۇيغۇر» ئەپسانىسى ئامېرىكىدا

**ئابدۇۋەلى ئايۇپ**

## 1. ئامېرىكىدا كىم "ئىللەت" لەرنى بوينىغا ئالدۇ؟



ئۇيغۇردىكى "ئىللەتلەر" نى ئوپراتسىيە قىلىش ئەۋج ئالغان چاغلاردا "تەڭرىتاغ" دا ئېلان قىلىنغان ياپونىيە توغرىسىدىكى بىر ساياھەتنامىدىن "ياپونلار تولىمۇ كەمتەركەن. باشقا مىللەت كىشىلىرىنى كۆرگەندە، 'بىزنىڭ نېمە كەمچىلىكىمىز باركەن' دەپ سوراپ تۇرىدىكەن" دېگەن قۇرلارنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە. ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن شۇنچە جىق ياپون بىلەن مۇڭداشتىم، لېكىن بىرسىمۇ مىللىتىنىڭ كەمچىلىكىنى مەندىن سورىمىدى. ئاۋام ياپونلارلا ئەمەس، ئالى مەكتەپلەردە پروفېسسور بولۇپ ئىشلەۋاتقان ياپونىيەلىكلەردىنمۇ " مىللىتىمنىڭ مۇنداق نۇقسانى بار" دېگەن گەپنى ئاڭلىمىدىم. ياپون پروفېسسورلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا ياپونىيەنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە "شەرقى ئاسىيانى تەرەققى قىلدۇرىمىز" دەپ ئىقاپلىنىپ تەيۋەن ۋە شىمالى جۇڭگو خەلقىگە قىلغان ئاسىمىلاتسىيە، قىرغىنچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىقلىرىنى ئاقلاپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلارچە ياپونلار جوڭگوغا زامانىۋىلىق ۋە تەرەققىيات ئېلىپ كەلگەنمىش، ياپون تىلىدا مائارىپ يۈرگۈزۈپ خەنزۇلارنىڭ زامانىۋىي تېخنىكا ئۆگىنىشىگە تۈرتكە بولغانمىش، پەقەت ئەينى دەۋردە خەنزۇ خەلقى قالاق بولغاچقا بۇ ئىلتىپاتنى چۈشەنمەي، تاجاۋۇزچىلىق، مۇستەملىكىچىلىك دەپ ئاتاۋالغانمىش.

”بىزدىكى نۇقسانلار“، ”بىزدىكى ئەبگالىق“ دېگەندەك تېمىلاردىكى ئەسەرلەر بازارلىق بولغان يىللاردا ئۇيغۇردىكى ”ئىللەت“ لەرنى تەنقىد قىلغان بىرەيلەن ”ئامېرىكىلىقلار ‘بەدبەشىرە ئامېرىكىلىقلار’ دېگەن كىتابنى ئەسايدىل ئوقۇيدىكەن، ئەيىپلىرىنى تۈزۈتىشكە دائىم تەييار تۇرىدىكەن، ئاپتۇرنى تولىمۇ ھۆرمەتلەيدىكەن“ دەپ يازغان ئىدى. ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن كىتاپخانىلاردىن ئۇنداق بىر كىتاپنى تاپالمىدىم. ”بەدبەشىرە ئامېرىكىلىقلار“ دېگەن كىتابنى ئوقۇپ باققان بىرمۇ ئامېرىكىلىقنى ئۇچراتمىدىم. مەن ئۇچراتقان ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى باھاسى ئەجابى ئىدى. پەقەت بىر ئۇيغۇرشۇناس پروپېسسور ئۇيغۇر ۋە ئامېرىكىلىق ستۇدېنتلار ھەققىدىكى پاراڭدا تاسادىپىي ”سىلەردىن ئىچكىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا ئاجىزلارغا ئىچ ئاغرىتقاندەك مۇئامىلە قىلىنىپ، ئېتىبار قىلىنىپ مەجروھ قىلىنىدۇ، بىزدىن جوڭگوغا بارغانلار چوڭ كۆرۈلۈپ، چوقۇنۇلۇپ ھاكاۋۇر قىلىۋېتىلىدۇ“ دېدى. يەنە بىر مۇئەللىم دەرس ئارىلىقىدا ئامېرىكىدا ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى تەبئىي چوڭ بولۇش پۇرستىدىن مەھرۇم قويۇۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ سەۋەبكارىنىڭ مائارىپ تىجارەتچىلىرى ئىكەنلىكىنى، ئامېرىكا جەمئىيىتىدە ھەممە نەرسىنىڭ تىجارەتكە ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى سۆزلەپ قويىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئامېرىكىدا سودىگەرلەر پەرزەنت تەربىيىسىگە دائىر نۇرغۇن مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ، ئىنسانىنىڭ پۈتكۈل جانلىقلار دۇنياسىغا ئورتاق بولغان تەبئىي يېتىلىش جەريانىغا سۈنئىي ئارىلىشىۋالىدىكەن. بىر قېتىملىق دالا تامقىدا بىر ئامېرىكىلىق دېھقان دوستۇم، “ بىز ئامېرىكىلىقلار ماشىنىلاشتۇرۇمىز دەپ ئىنسانىنىڭ ئىجاتكار بىر جۈپ قولىنى ناكار قىلدۇق. ھەممە نەرسە زاۋۇتلاشتۇرۇلۇپ تەبئىي مەھسۇلاتلار ئازلاپ كەتتى. ھۆكۈمەت بىزنى قوغدايدۇ دەپ ئۆزىمىزنى قوغداش ھوقۇقىمىزنى ساقچىغا تارتقۇزۇپ قويدۇق. بالىلىرىمىزنى مەكتەپكە، ماشىنىمىزنى رېمونتچىغا تاشلاپ بېرىپ ئىجاتچانلىقىمىز، مەسئۇلىيەتچانلىقىمىز، مۇستەقىللىقىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتىمىز. “ دەپ سۆزلەپ كەتتى. باشقىلار بۇ گەپلەرگە ئانچە قىزىقمىدى. كېيىن ئۇقسام بۇ ئادەمنىڭ ئىكىنزارلىقى تۈگەشكەن بولغاچقا ئاشۇنداق گەپلەرنى قىلىداپ تولا دەيدىكەن. ئامېرىكىدىكى كۈنلىرىمدە شۇنچە دىققەت قىلىپمۇ، سوراشتۇرۇپمۇ ”بىزدە مۇنداق ئىللەتلەر بار“ دەپ بوينىغا ئالغان بىرمۇ ئامېرىكىلىقنى كۆرمىدىم.

ئامېرىكىدا ئوقۇش، ساياھەت قىلىش ۋە يىغىنلارغا قاتنىشىش جەريانىدا نۇرغۇن مىللەتتىن بولغان كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتىم. بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇغۇچىمۇ، مەمۇرمۇ، مۇئەللىممۇ ئىشقىلىپ جەمئىيەتتىكى ھەرساھە كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى ئاساسەن تېپىلىدۇ. ھەيران قالغىنىم ھېچ بىر كىشى ”مىللىتىمدە مۇنداق ئىللەت بار“ دېگەن گەپنى دەپ باقمىدى. مەن بىر قىسىم مىللەتلەردىكى ”ئىللەتلەر“ ھەققىدە بەزىلەردىن ئاڭلىۋالغان ياكى ئوقۇغانلىرىمنى شۇ مىللەت كىشىلىرى ئالدىدا تىلغا ئالغىنىمدا، ”بۇنداق ئىش بىزدەك تارىخى ۋە رىيال قىسمەتكە مۇپتىلا

ھەرقانداق مىللەتتە بار، بۇنى بىر مىللەتكە خاس كەمچىلىك دېيىشكە بولمايدۇ“ دېگەن جاۋاپقا ئېرىشتىم. بايقىشىمچە مۇستەبىت دۆلەت ئىران، سۇرىيە، سەئۇدى قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەنلەردە سىياسىيغا زىيادە سەزگۈلۈك، ئاشقۇن مىللەتچىلىك، تەبىقچىلىك قاتارلىق ”ئىللەت“ لەر كۆپ ئۇچرايدىكەن. رۇسسىيە ۋە بۇرۇنقى سوۋېت ئىمپىرىيىسىگە مەنسۇپ دۆلەتلەردىن كەلگەنلەردە يالغانچىلىق، چېقىمچىلىق، قۇلچىلىق، مۇناپىقلىق، پارىخورلۇق، نەيرەڭۋازلىق، ئېرقچىلىق، چوڭ مىللەتچىلىك قاتارلىق كەيپىياتلار ئومۇمىيكەن. ئامېرىكىدا مەن ئۇچراتقان زىيالىيلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە بۇلارنى شۇ دۆلەتلەردىكى تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ بىر خەلقنىڭ ”ئىللەت“ لىرى ھىساپلانمايدىكەن. غەيۋەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك، مەنمەنچىلىك قاتارلىقلار پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئورتاق پىسخىك مەسىلەر بولۇپ كونكرېت بىر خەلقنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەن. مەن ئامېرىكىدا ”مىللىتىمىزدە ئۇنداق ئىللەت، بۇنداق نۇقسان بار“ دېگەن سۆزلەنمىلەرنى پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ ئاغزىدىنلا ئاڭلىدىم.

## 2. ئۇيغۇرلار نېمشقا ئۆزىنى ئىللەتلىك سانايدۇ؟

مەن ئامېرىكىغا كېلىپ تۇنجى ئۇچراشقان ئۇيغۇرلار ماڭا ئۇيغۇرنىڭ ئىللەتلىرى ھەققىدە دادلاپ بېرىشتى. كېيىن باشقا ئۇيغۇرلاردىن ” ئۇيغۇرلار راستىنلا شۇنداق ئىللەتلىكمىدۇ؟ سىز مىللىتىڭىزدىكى ئىللەتلەر سەۋەبلىك ئامېرىكىدا باشقىلار ئالدىدا قىسىلدىڭىزمۇ؟“ دەپ سوراپ، پاراڭلىشىپ بىلىشىمچە، ئۇيغۇر يۇرتلىرىدىن چىقىپ ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئاق ياقىلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ھېچ قايسىسى ئۇيغۇرنىڭ بىرەر“ مىللىي ئىللىتى“ سەۋەبلىك باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئوڭايسىزلىققا چۈشۈپ قالماپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۇيغۇردا ئىللەتنىڭ كۆپلىكىگە قايىل ئىكەن. ئۇيغۇرلار نېمشقا ئۆزىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىللەتلىك سانايدۇ؟

### *ئىللەت سانالغان پەزىلەت*

بىر كۈنى تاسادىپى ”2011-يىللىق ئامېرىكا ئۇيغۇرلىرىنىڭ نورۇزنى قۇتلاش مەرىكىسى“ نىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىق خەۋىرىگە كۆزۈم چۈشتى. سەۋەبى جامائەتنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن بىر ئۇيغۇر زىيالىيسىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ۋاپاتى نورۇزنى قۇتلاش مەرىكىسىگە توغرا كېلىپ قاپتۇ. شۇ سەۋەپتىن نورۇزنى قۇتلاش سەنئەت كېچىلىكى ئورنىغا نەزىر ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. بۇ خەۋەر چاپلانغان مۇنبەردە بىرەيلەن ھاپلا شاپلا ”زادى بىز ئۇيغۇرلارنىڭ دېموكراتىك ئېڭىمىز يوق. ھىسسىياتىمىزنى

ئەقىلنىڭ ئۈستىگە قويىمىز. بىر كىشىنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋاپات بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇزنى نەزىرگە ئۆزگەرتىپ قويسا بولامدۇ؟" دەپ سوئال تاشلاپ قاقشاپ كېتىپتۇ. بۇ خەۋەرگە ئىككى كىشى مەسلىنى ئۇيغۇرلاردىكى "ئىللەت" كە تارتىپ مولاھىزە قىغاندىن باشقا ھېچ كىم نارازى بولماپتۇ. مەنچە بۇنىڭدا ئەقىل بىلەن ئويلىسا ئۇيغۇرنىڭ ئىللىتى ئەمەس پەزىلىتى ئەكس ئېتىدۇ. چۈنكى بايرام كېلىپ بولغىچە سەھنىگە چىقىپ ئۇسۇل ئويناش بوۋا-مومىلىرىمىزدىن قالغان ئۆدۈم ئەمەس. نەچچە مىڭ يىللىق نورۇز ئەنئەنىمىزدە نورۇز سەھنىگە چىقىپ ئۇسسۇل ئويناش بىلەن ئۆتكۈزۈلگەنمۇ ئەمەس. ھازىر بىزدىكى بايراملارنى سەنئەت كېچىلىكى بىلەن تەبرىكلەش بېيجىڭدا يىلدا بىر تەشكىللىنىدىغان "چاغاننى تەبرىكلەش سەنئەت كېچىلىكى"نىڭ ئېڭىمىزغا سىڭىپ كەتكەن شەكلى. ئامېرىكىدا مەيلى مىلاد بايرىمى، مىننەتدارلىق بايرىمى ياكى دۆلەت بايرىمى بولسۇن ھېچ قايسىسى بايرام تېلېۋىزورلىرىدىكى سەنئەت كۆرىكى بىلەن تەبرىكلەنمەيدۇ. بۇلارنى بىلىپ تۇرۇپ، ئامېرىكىدا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرنىڭ نورۇز سەنئەت كېچىلىكى ئورنىغا نەزىر ئالماشسا ئۇيغۇردىكى "ئىللەت" تىن قاقشاپ كېتىشى مىللەتنى قارا قويۇق ئىنكار قىلىش خاھىشىنىڭ كىشىلىرىمىزنىڭ كاللىسىغا نەقەدەر چوڭقۇر ئورناپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. مەنچە ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بايرام مۇسۇبەتكە توغرا كېلىپ قالغان ۋاقتتا بايرام بولسىلا تاراڭشىتىپ داپ چېلىپ ئۇسۇل ئويناشنى قويۇپ قېرىندىشىنىڭ قايغۇسىغا ھەمدەم بولۇشى، شېھىتلەرنى ياد ئېتىشى پەزىلەتنىڭ ئىپادىسى. ھېيت بايرامدا تۇپراق بېشىنى يوقلاش، شېھىتلارنىڭ روھىغا دۇئا قىلىش، قۇرئان خەتمە قىلىپ ھاياتنىڭ چېكى، قىممىتى، ياراتقۇچىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەققىدىكى سىر ئەسىرلارغا قۇلاق سېلىش ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان مۇبارەك ئەنئەنە. ئەمەئىيەتتە سەنئەت كېچىلىكىنىڭ ئورنىغا نەزىرنىڭ ئالمىشىشى ئەسلى ئۇيغۇر كىملىكىگە يېقىنلاشقانلىقتۇر. بۇ مىسالدىن شۇ نەرسە ئايدىڭكى، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلىرىمىزنىڭ "ئىللەت" دەپ قاقشاپ كېتىۋاتقىنى ئەسلى ئۇيغۇردىكى پەزىلەتتۇر. پەزىلەتنىڭ ئىللەت سانىلىشى زىيالىلىرىمىزنىڭ 1993- يىلدىن كېيىن ئۇيغۇرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىللەت كۆزەينىكىدە كۆزەتكەنلىكىدىن بولغان. نەتىجىدە كىشىلىرىمىز كۆڭلىدە ئۇيغۇرنى ئىللەتلىك مىللەت دەپ مۇقۇملاشتۇرۇۋالغان.

## *خۇدۇكسىرەشنىڭ سەۋەبلىرى*

ۋاشىڭتوندا تۇرىدىغان بىرسىدىن مۇنداق بىر ھىكايىنى ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ بىر دوستى ۋەتەندىن كەپتۇ. ساھىپخان يېقىن ئەتراپتىكى ئۇيغۇرلارنى جاسۇس دەپ خۇدۇك ئالىدىغان بولغاچقا دوستىنى ھېچكىم بىلەن ئۇچراشتۇرماپتۇ. ھەتتا دوستى كەلگەن كۈنلەردە ئۆيىگە مېھمانمۇ چاقىرماپتۇ. بىر مەھەللىدە

بىللە تۇرىدىغان بىر ئۇيغۇر قوشنىسى بار تۇرۇپ، ئۇ ھەقتە بىر ئېغىزمۇ تىنماپتۇ. مەن ئېچكىرىدە تۇرغان چاغلىرىمدا ئۇيغۇرلار بىر بىرىدىن ئوغرىمدۇ، ئاقچىمدۇ...دەپ گۇمان قىلىشتاتتى. مەن ئامېرىكا ۋە تۈركىيەدە ئۇچراشقان ئۇيغۇرلار بىر بىرىدىن "جاسۇسمدۇ" دەپ گۇمان قىلىشىدىكەن. ھەتتا ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار جاسۇسلۇقنى مىللەتنىڭ نۇقسانى دەپ تونۇيدىكەن. ئامېرىكىدەك باشقىلار ھەققىدە ئۇچۇر توپلاش قانۇنغا خىلاپ دۆلەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار جاسۇسلۇققا مەشغۇل دەپ گۇمان قىلغان ۋەتەنداشلىرىنى قانۇنغا تايىنىپ بىر تەرەپ قىلماي توختىماي گۇمان قىلىشىدىكەن.
ئامېرىكىدا بىر ئۇيغۇرنىڭ جاسۇس ئاتىلىپ قېلىشىدىكى پاكىتلار ئاجايىپ ئاددى. بىرسىنىڭ جاسۇس ئاتىلىشىدىكى سەۋەپ ئۇ كىشىنىڭ رەسىم تارتىشقا ئامراقلىقى، ئەمما تارتقان رەسىملەرنى ئېۋەرتىپ بەرمىگىنى ئىكەن، يەنە بىرسىنىڭ بولسا پات-پات ۋەتەنگە بېرىپ كېلىپ تۇرۇشى ئىكەن. ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جاسۇسلۇقنى مىللەتنىڭ ئىللىتى دەپ تونۇشى يېڭىلىق ئەمەس، ئاسماندىن چۈشكەنمۇ ئەمەس. مەن ئون نەچچە يىل بۇرۇن "قەشقەردە بىخەتەرلىك ئورگانلىرى تارقىلىپ كېتىپتۇ، چۈنكى ھەممە ئادەم بىر بىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل ئىكەن" دېگەن گەپنى ئاڭلىغاندىم. بۇنداق بىر بىرىدىن خۇدۇكسىرەيدىغان قىلىقلار ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان سەئۇدىلىقلار، پاكىستانلىقلار، ئىرانلىقلاردىمۇ خېلى يايغىنكەن. بىر كۈنى بىر جۈمەدە خاتىپ مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھاجىرەتتىكى ۋەزىپىلىرى ھەققىدە توختالدى. جۈمەدىن كېيىن بىر پاكىستانلىق خۇتبە ھەققىدىكى قاراشلىرىنى قۇلۇقۇمغا پىچىرلاپ مېنى تولىمۇ بىئارام قىلدى. ئەمەلىيەتتە، ۋەھىمە يىگۈدەك ھېچ بىر گەپ بولۇنمىغان ئېدى. ئۇنداقتا بۇ پاكىستانلىق نېمىشقا قورقىدۇ؟ چۈنكى ئۇ پاكىستاندىن يېڭى كەلگەن، ئامېرىكىدىكى پىكىر ئەركىنلىكىگە كۆنۈپ بولالمىغان ئېدى. مۇستەبىت تۈزۈمدىكى ئەلدە ياشىغان كىشىلەردە ھۆرلۈكتىن خۇدۇكسىرەش، قورقۇش كېسىلى ئومۇميۈزلۈك بولىدىكەن. شۇڭا ئۇلار ئەتراپىدىكى ھەر قانداق ھادىسە ۋە كىشىدىن خۇدۇكسىرىشىدىكەن. يەنە بىر مىسال. 2010-يىلى ئەتىياز ئايلىرىدا مەھەللىمىزدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تاقىلىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر تارقالدى. ئاتا-ئانىلار بۇ ئىشتىن كۆپ ۋايىم يىدۇق. ئاخىرىدا مەھەللىدىكى بىر قانچە كىشى ئاپرېلنىڭ ئاخىرقى ھەپتىسى نارازىلىق نامايىش قىلىش ھەققىدە چاقىرىق ئېلان قىلىشىپتۇ. نامايىش ۋاقتى يېقىنلاشقان كۈنلەردە بۇ ئىشنى باشقا بىر شتاتتا ياشايدىغان بىر ئۇيغۇر ھەمشىرىمىزگە دەپ بەردىم. "نېمە، نامايىشقا قاتنىششقا تىزىملاتتىڭىزمۇ؟ سىزنىڭ نېمە كارىڭىز، خەق نامايىش قىلسا قىلمامدۇ؟ نېمە قىلىسىز ئارتۇق ئىشقا ئارىلىشىپ؟ بىر ئىش چىقىپ قالسا قانداق قىلىسىز؟" . بىر مۇنچە ۋەھىمىلىك ئەسكەرتىشلەردىن كېيىن نامايىشقا قاتناشماسلىققا قارار بەردىم. ھاياتىمدا بىر قېتىم بولسىمۇ نامايىشقا قاتنىشىپ بېقىش ئىستىكىمنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ياكى خەلقى ئەمەس، ئاللىقاچان ئامېرىكا پۇقرالىقىغا ئۆتكەن بىر ئۇيغۇر قېرىندىشىم خۇدۇكسىرەش ۋە قورقۇتۇش ئارقىلىق توسۇپ قويدى.

نامايىشقا قاتنىشىپ كۆنمىگەن، نامايىش ئىمكانىيىتى بولمىغان موھىتتا چوڭ بولغان كىشىلەر نامايىشتىن خۇدۇكسىرەيدۇ. بۇنداق خۇدۇكسىرەشتىن نامايىش مۇتلەق قانۇنلۇق دۆلەتكە كېلىپ ياشاۋېتىپمۇ قۇتۇلالمايدۇ. بۇ بىر دۇنياۋىي ھادىسە بولۇپ ئۇنى بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ مىللىتىدىكى ئىللەت دەپ تونۇش ئىلمىيسىزلىكلا ئەمەس، ئادالەتسىزلىك بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئامېرىكىغا ئەمەس، نەگىلا بارسا ئۆزىنى ئىللەتلىك سانايدۇ. بۇ "ئىللەت" لەرنىڭ بەزىلىرى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرنىڭ پەزىلىتىدۇر، يەنە بەزىلىرى بەلگىلىك دەۋردىكى بەلگىلىك شارائىت كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائى كەيپىيات بولۇپ مىللىتىمىزدىكى "نۇقسان" بىلەن مۇناسىۋەتسىز. كۆزىتىشىمچە ئامېرىكىدا چوڭ بولغان ئىككىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇرلاردا بۇنداق ئۇيغۇرنىڭ "ئىللەت" لىرىدىن كەمسىنىش ۋە گۇناھكارلىق تۇيغۇسى كۆرۈلمەيدىكەن. بەلكىم بۇ ئۇيغۇرنى ئىللەتلىك ساناشنىڭ ئىجتىمائى سەۋەبىنى چۈشىنىشكە ئۈندەيدىغان ئامىل بولۇشى مۇمكىن.

## 3. ئامېرىكىلىقلارنىڭ نەزىرىدە ئۇيغۇرلار ئىللەتلىكمۇ؟

***مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى سەھەرچى مىللەت***

مەن ئامېرىكىغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا مارگارىت ئىسىملىك بىر پروفېسسور بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. بۇ ئايال مۇسۇلمانلاردىكى تەسەۋۋۇپ (سوپىلىق) تەرىقىتىنى تەتقىق قىلىدىكەن. تەتقىقات جەريانىدا دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ياشايدىغان شەھەرلەرنى تولۇق ئايلىنىپ چىقىپتۇ. ئانا تۇپراقلىرىمىزنىڭ قەشقەر، خوتەن، كۇچا ۋە ئارتۇچ قاتارلىق بوستانلىقلاردا بىر قانچە ھەپتە ساياھەتتە بولۇپتۇ. پروفېسسورنىڭ خۇلاسىسى شۇ بولۇپتۇكى دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە ئارتۇچ ئۇيغۇرلىرىنىڭ پاكىزلىقى، كۇچا ئۇيغۇرلىرىنىڭ سىلىقلىقى، خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىخلاسمەنلىكى، قەشقەر ئۇيغۇرلىنىڭ ئىشچانلىقى سېلىشتۇرغۇسىز ئىكەن. مەن ۋەتەندە كۆنگەن خىيالىم بويىچە " ئۇيغۇرلاردا قانداق ئىللەت بار ئىكەن؟ ئۇيغۇرلار قايسى ئىللەتلىرى سەۋەبلىك خاراپ بولۇشى مۇمكىن؟" دەپ سورىدۇم. سوئالىمغا ئۇ تولىمۇ ھەيران قالدى. " ئىللەت دېگەن شەخستە بولىدۇ، مىللەتتە بولمايدۇ، مىللەتنىڭ خاراپ بولۇشىدىكى بىرىنچى ئامىل ئانا تىلدىن مەھرۇم قېلىش" دەپ جاۋاپ بەردى. مەكتىپىمىزدىكى بىر قېتىملىق لېكسىيەدە بۇ ئايال غەرپتە ئىستانبولدىن يولغا چىقىپ پۈتۈن مۇسۇلمان شەھەرلىرىنى ئايلىنىپ دىيارىمىزغىچە كەلگەن كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە توختالدى. پۈتۈن مۇسۇلمان شەھەرلىرىگە سېلىشتۇرغاندا ئۇنى ھەيران قالدۇرغان بىر ئىش، پەقەت ئۇيغۇر شەھەرلىرىدىلا تىرىكچىلىك بامدات بىلەن باشلىنىدىكەن. ئۇيغۇر شەھەرلىرىدە بامداتتىن كېيىن ئاشخانىلاردىن

تاماق، دۇككانلاردىن لازىملىقلارنى سېتىۋالغىلى بولىدىكەن. دۇنيادىكى باشقا مۇسۇلمان شەھەرلىرىدە كۆن نەيزە بويى ئۆرلىمىگىچە كوچىدا ئادەم كۆرۈنمەيدىكەن. ئۇ لېكسىيەسىنى خۇلاسىلاپ"ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى ئەڭ سەھەرچى مىللەت. ئۇلار ھاياتنى ئەڭ قىزغىن سۆيىدۇ. شۇڭا دۇنيادا يورۇق تاڭنى ئەڭ تەقەززالىق بىلەن، ئەڭ بالدۇر كۈتىۋالغۇچى مىللەت ئۇيغۇرلاردۇر" دېدى.

## *مۇشۈكنىڭ ھەققىگىمۇ چاڭ سالمايدىغان مىللەت*

2009 يىلى تومۇزدىن كېيىن ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى خەۋەلەر دۇنيانىڭ قىزىق نوقتىسىغا ئايلاندى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئۇچۇر تارقاتمىغان ئاخبارات قالمىدى. مېنى ئەڭ قىزىقتۇرغىنى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى تەقدىرى ھەققىدىكى دۇنياۋىي بەس مۇنازىرە ئەمەس، ئامېرىكىدىكى بىر تېلقانىلى تارقاتقان "مۈشۈكنىڭ ھەققىگىمۇ چاڭ سالمايدىغان ئۇيغۇرلار" ناملىق خەۋەر بولدى. خەۋەردە دېيىلىشچە ئامېرىكىدىكى بىر شتاتقا بەش ئۇيغۇر ماكانلاشقانىكەن. ئۇلار بىر كۈنى ئىشىك ئالدىدىكى ئەخلەتداندىن بىر قوتۇر مۈشۈكنى تېپىۋاپتۇ. ئىچى ئاغرىپ ئۆيىدە بېقىپتۇ. قوتۇرىنى مايلاپ ساقايتىپتۇ. شۇندىن كېيىن بۇ مۈشۈك بىر قورۇدا ياشايدىغان بەش ئۇيغۇرنىڭ ئالتىنجى دوستىغا ئايلىنىپتۇ. ئامېرىكىلىق مۇخبىر بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئامېرىكىدا ئەڭ قىممەت قوي گۆشىگە ئامراقلىقىنى دەپ كېلىپ " بۇ ئۇيغۇرلار تاماق ئەتسە مۈشۈكنىڭ ھەققىنى قوشۇپ ئالتە كىشىلىك تاماق ئېتىدىكەن، گۆش پۇشۇرسا مۈشۈكنىڭ نىسۋىسىنى قوشۇپ سالىدىكەن" دەپ تونۇشتۇردى. غەرپلىك مۇخبىرنىڭ ھەيران قالغىنى بۇ بەش ئۇيغۇرنىڭ مۈشۈكنى ھايۋانات دوختۇرخانىسىغا ئاپارمايلا ئۆزلىرى داۋالاپ ساقايتىۋەتكىنى بولۇپتۇ. مۇخبىر يەنە بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قوي سويۇش، تاماق ئېتىش، تام قوپۇرۇش، يەر تېرىش قاتارلىق غەرپتە مەخسۇس مەكتەپتە ئۆگىتىلىدىغان ھۈنەرلەردىن خەۋەردارلىقىنى تەئەججۈپ ئىچىدە بايان قىلدى. خەۋەرنىڭ تۈگەنجىسىدە مۇخبىر كۆرۈرمەنلەرگە مۇنداق خىتاب قىلدى، " ئامېرىكىلىقلار قىلىشنى خالىمايدىغان تۆۋەن كىرىملىك، جاپالىق ئىشنى قىلىپ ياشاۋاتقان بۇ ئۇيغۇرلار سىزنىڭ ئەمەس مۈشۈكنىڭمۇ ھەققىنى يەۋالمايدۇ، ئىنسانغا ئەمەس ھايۋانغىمۇ ئازار بەرمەيدۇ، كىشىلەرگە ئەمەس ھەرقانداق جانلىققا باراۋەر مۇئامىلە قىلىدۇ، سىزلەرچە ئۇلارنىڭ نىداسىغا دۇنيانىڭ ئۈنسىز قاراپ تۇرۇشى نېمە ئۈچۈن؟"
ئامېرىكىدا تۇرۇش جەريانىدا مەيلى تەتقىقاتچى زىيالىلار بولسۇن ياكى ئاخباراتچى بولسۇن ھېچ كىمدىن "ئۇيغۇرنىڭ مۇنداق ئىللىتى باركەن" دېگەن گەپنى ئاڭلىمىدىم. ئامېرىكىلىقلاردىنلا ئەمەس جۇڭگودىن كەلمىگەن ھېچ بىر مىللەتتىن ئۇيغۇرنىڭ نۇقسانلىرى ھەققىدە باھالارنى ئاڭلاپ باقمىدىم. پەقەت قارىمايدىن كەلگەن بىر قازاق ئايال مەندىن رەنجىپ يېقىن شتاتتا ياشاۋاتقان بارلىق

ئۇيغۇرلاردىن ئالاقىنى ئۈزدى. بىزنى ئەڭ غەزەپلەندۈرگىنى ”سىلەر ئۇيغۇرلار ناچار خەق بولغاچقا دۆلىتىڭلار يوق!“ دېگىنى بولدى. دېمەك ”ئىللەتلىك ئۇيغۇر“ ئەپسانىسى ئامېرىكىدا ياكى ئامېرىكىلىقلاردا ئەمەس، پەقەت جۇڭگۇدا ۋە جۇڭگۇدىن كەلگەنلەردىلا بازارلىق ئىكەن.

## تۈگەنچە

يۇقارقى ھېكايەتلەردىن مەلۇمكى ئۇيغۇرنىڭ ئىللەتلىك سانىلىشى تاشقى دۇنيادا ھەقىقەت ئەمەس ئەپسانىدۇر. ۋەتەندىكى ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىنى ئىللەتلىك سانىشى ئىككى سەۋەبتىن، بىرى ئايرىۋېتىلگەنلىك ۋە ئارقىدا قالغانلىقنىڭ نەتىجىسى... 

ئايرۇپىلانلىقلار بىلەن ھارۋىلىقلارنىڭ رىقابىتىدىكى مۇقەررەر نەتىجە سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئۇيغۇردىكى مىللىي كەمسىنىش يەنە بىرى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئۇيغۇرنى سۆكۈپ يازغان ناباپ ئەسەرلىرى. ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆزىنى يۇقارقى سەۋەبلەرگە كۆرە ئىللەتلىك سانايدۇ. مۇساپىر ئۇيغۇرنىڭ تېنى يىراق قىرلاردا ياشاۋاتقان بىلەن ھىسسىياتى ۋە تەپەككۇرى يەنىلا چۆچەكچە ۋەيا تۇرپانچە بولىدۇ، يۇرتتىكى كەچۈرمىشلەرنىڭ قەلبىدە قالدۇرغان جاراھەتلىرى چەتئەللەردىكى ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ قىلىقىدا ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتالمىش مىللەتىمىزدىكى ئىللەتلەر ھەققىدىكى تونۇشلىرى ئۇيغۇر دىياردا 1993-يىللاردىن كېيىن شەكىللەنگەن ئىللەتچىلىك ئەدەبىياتىنىڭ مەھسۇلى. ئىللەتچىلىك ئەدەبىياتى گېزىت ژورناللارنى قاپلاپ، ناخشا بولۇپ سەھنىلەردە ئوقۇلۇپ، ئۆلىنىتىسى قىلىنىپ ئۆي-ئۆيلەرگىچە تارقىتىلغاچقا ئۇيغۇرنىڭ قەدىمى نەگە يەتسە ”ئۇيغۇردا ئىللەت كۆپ“ دېگەن ئەپسانە شۇ يەرلەردە ئېقىپ يۈرمەكتە. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ”ئىللەت“ دەپ داتلاۋاتقان ھادىسىلەر ئوخشاش سىياسىي ۋە ئىجتىمائى موھىتتا ياشايدىغان مىللەتلەرگە ئورتاق بولۇپ ئۇيغۇرلۇقنىڭ مەخسۇس ماركىسى ئەمەس.